
ءُ قبل پاراسہ تکہ دائرہ ہیکایلہ ر

# ئەقىل-پاراسەتكە دائىر ھېكايىلەر

## (جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن تاللانما)

تۈزگۈچىلەر: تاڭ چى، ۋېن يا



藏书人早

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## چەت ئەل ھېكايىلىرى

### ياۋروپا


ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان مەھبۇس (گرېتسىيە)............ ( 3 )
تالېس بىلەن سودىگەر (گرېتسىيە) ........................ ( 5 )
"بەتخەج"نىڭ سوت قىلىنىشى (گرېتسىيە).................. ( 7 )
كاززاپ ئۇستا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى (گرېتسىيە).............. ( 10 )
شاھ تاجىنىڭ سىرى (گرېتسىيە) ........................... ( 13 )
ياغاچ ئات ھىيلىسى (گرېتسىيە) ............................ ( 16 )
چوڭ رازۋېتچىكنىڭ "كىچىك ياردەمچىسى" (گرېتسىيە)......... ( 19 )
ئاسما چىراغنىڭ ئىلھامى (ئىتالىيە)......................... ( 22 )
پىسا قىيپاش مۇنارىدىكى سىناق (ئىتالىيە) ................. ( 23 )
تېرمومېترنىڭ دۇنياغا كېلىشى (ئىتالىيە).................... ( 26 )
سائەت بىناسىدىكى زەھەرلىك يىڭنە (ئىتالىيە)............... ( 28 )
ئالتۇن جاۋۇر (ئەنگلىيە) ..................................... ( 32 )
ئۆزىنى سۆزلىتىش (ئەنگلىيە)................................ ( 35 )
سوپۇن ماغزىپىدىكى يېڭىلىق (ئەنگلىيە) ...................... ( 37 )
رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان گۈل (ئەنگلىيە) ................. ( 40 )
ھېكايە توقۇپ، قاتىلنى قورقۇتۇش (ئەنگلىيە) ................ ( 43 )

رازۋېتكا ھېكايىچىسىنىڭ ئوغرىغا ئۇچراپ قېلىشى (ئەنگلىيە)
............................................................ (46)
كەلكۈندىكى يالغۇن (ئەنگلىيە)............................ (48)
باي ئەردىن قالغان تول ئايالنىڭ ئۆلۈمى (ئەنگلىيە) ......... (51)
چاشقاننىڭ ئەنزە پاش قىلىشى (ئەنگلىيە)....................... (53)
مەخپىي لەخمە (گوللاندىيە)........................................ (56)
قىزىقارلىق ئەخلەت ساندۇقى (گوللاندىيە)......................... (58)
سىگۇچى كىچىك باتۇر (بېلگىيە)..................................... (61)
ئۆلگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى قىممەتلىق نان (فرانسىيە)........... (63)
ئىككى ھەيكەل (فرانسىيە) ............................................ (66)
بىرىنچى كونسېرۋا (فرانسىيە) ......................................... (68)
ناپولېئوننىڭ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشى (فرانسىيە)
............................................................ (71)
چاق ئىزى (فرانسىيە) .................................................. (74)
پاكار قوناق ۋە كالمېت ـ گۆھەرنى ۋاكسىنىسى (فرانسىيە) ....... (76)
قورقۇنچلۇق غەلىتە ھايۋان (فرانسىيە) ............................ (79)
لىڭگىلىتاختاق ۋە تىڭشىغۇچ (فرانسىيە) ............................ (81)
بىر سومكا زىننەت بۇيۇمى (فرانسىيە) ............................ (83)
ئانىنانىڭ كارامىتى (فرانسىيە) ..................................... (86)
كەم چىققان بەتتىكى مەخپىيەتلىك (فرانسىيە)...................... (88)
دېھقانلارنىڭ دەرەخ كېسىشى (گېرمانىيە) ........................ (91)
گۇمبەز ئۈستىدىكى پارس مۈشۈكى (گېرمانىيە)...................... (93)
تاماكا ۋە قاتىل (ئاۋستىرىيە) ........................................ (96)
سىرلىق "گۇۋاھچى" (ئاۋستىرىيە) .................................. (98)

سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ساندۇقتىكى قارا بىرلىيانت
(شۋېتسارىيە)........................................ (101)
قارلىغاچىنىڭ بارار يېرى (شۋېتسارىيە) ........................ (104)
سائەت تەكشۈرۈپ ئوغرىنى تۇتۇش (پولشا)........................ (107)
دېھقان بىلەن سودىگەر (سابىق چېخ ۋە سلوۋاكىيە)................. (109)
سېكىللارنىڭ قىزى (ۋېنگرىيە)................................ (112)
مەسلىھەتچى مىنالى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى).................. (116)
ئىنەكنىڭ ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)...... (119)
تەگرى لەشكەرلىرى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)................... (122)
دون دەرياسى كۆۋرۈكىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىگىلەش
(سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)........................................ (125)
شىر تەنلىك، ئادەم باشلىق تاش ھەيكەلنى "داۋالاش"
(سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)........................................ (127)
مەلىكە دىدوننىڭ ئەپچىللىكى ...................................... (130)
ھايات ـ مامات چېكى ................................................ (133)
پادشاھ بىلەن پادىچى بالا........................................... (135)
ئاز ئۇچرايدىغان چاپقۇر ئات ....................................... (137)
ئورىدىكى بالا ........................................................ (139)
سەھنىدىكى چاقچاق ................................................. (141)
ئۇخلاش كېيىمى ...................................................... (143)
خان تاجىسىدىكى يوغان بىرلىيانت .................................. (146)
پاسىبنى خېنىمنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئوغرىلىق ئەنزىسى
........................................................................ (148)
بوتۇن ئائىلىسىدىكى قاتىللىق ئەنزىسى ............................. (151)

ئۆلۈم قەلئەسى ........................................ (153)

## ئاسيا

كىچىك يىشىيۇنىڭ چوڭ گېنراللىنى ھەم بىلەن جايلىشى
(ياپونىيە) ........................................ (159)
ئاۋازسىز سىگنال (ياپونىيە)........................................ (164)
ئاجايىپ ساندۇق (ياپونىيە) ........................................ (166)
ساياھەتچى (ياپونىيە) ........................................ (169)
يانچۇقتىكى يول باشلىغۇچى (ياپونىيە)........................................ (172)
غەلىتە ئېلان (ياپونىيە) ........................................ (174)
مەخپىي تىڭشىغۇچ (ياپونىيە) ........................................ (176)
ئۆزگەرتىلگەن چىراي (ياپونىيە)........................................ (180)
غەلىتە ئوغرى (ياپونىيە) ........................................ (183)
يىللىقچىنىڭ پاراستى (چاۋشيەن)........................................ (186)
قىممەت توختىغان ھېكايە (چاۋشيەن) ........................................ (189)
ئەلەنۇ بىلەن دېڭىز قاراقچىسى (كامبودژا)........................................ (193)
ئالتۇن مېۋە (بىرما) ........................................ (197)
سېھرىي پىچاق (بىرما) ........................................ (199)
كېۋەز مېۋىسىدىن چىققان ياشلار (بىرما)........................................ (203)
دېھقاننىڭ خوراز تەقسىم قىلىشى (بىرما) ........................................ (205)
ئالتۇن تاۋلاش ھۈنىرى (تايلاند) ........................................ (208)
ئىككى ئاي بولغاندا قەرز قايتۇرۇش (تايلاند)........................................ (210)
پادىشاھ بىلەن مالاي (فىلىپپىن) ........................................ (214)
ئۇچىتىن بىر (ھىندونېزىيە) ........................................ (215)

سۇ كالىسىنىڭ غەلىبىسى (ھىندونېزىيە) ........................ (218)
شاھمات تاختىسىدىكى بۇغداي (ھىندىستان) ........................ (220)
ئىككى كاچات (ھىندىستان) ........................ (223)
بېربا بىلەن پادىشاھ (ھىندىستان)........................ (226)
ئەقىل ـ پاراسەتىنىڭ مۇھىملىقى (ھىندىستان)........................ (227)
پادىشاھ بىلەن مۇنەججىم (ھىندىستان) ........................ (229)
موماينىڭ ئوغرى تۇتۇشى (ھىندىستان)........................ (231)
جاۋاب بېرىش تەس تۆت سوئال (ھىندىستان) ........................ (233)
دەرەخنى گۇۋاھچى قىلىش (ھىندىستان) ........................ (236)
بىر قاچا سۈت (ھىندىستان)........................ (240)
گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار(ھىندىستان) ........................ (242)
بۇئەلىنىڭ كېسەل داۋالىشى (ئىران) ........................ (246)
"سايە سودىسى" (تۈركىيە) ........................ (249)
ئات ئىزدەش ھۈنىرى (تۈركىيە)........................ (252)
سەكسەن تىللا (سەئۇدى ئەرەبىستان)........................ (253)
كوزىدىكى تىللا (ئەرەب)........................ (258)
ساراڭنى ساقايتىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى (ئەرەب)........................ (261)
بېدۇئىنلارنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى (ئەرەب)........................ (264)

## ئافرىقا

ئۈچ ئۈزۈك (مىسىر) ........................ (267)
پادىشاھنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىشى (مالى)........................ (270)
گالۇۋاڭ ئەر بىلەن چېچەن خوتۇن (ئېفىئوپىيە) ........................ (274)
"ھوي" بىلەن "ۋاي"........................ (278)

## شىمالىي ئامېرىكا


ئىسسىق جەسەت (ئامېرىكا) ........................... (280)
بىر بولاق تېزەك (ئامېرىكا)........................... (283)
ئاينىڭ يورۇقى گۇۋاھ بولسۇن (ئامېرىكا)...................... (284)
نەق مەيداندا ئاياغ ئىزى قالمىغان قاتىللىق ئەنزىسى
(ئامېرىكا) ........................................ (287)
يورۇقلۇق يىغقۇچى ئادەم (ئامېرىكا)......................... (290)
تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان ئادەم (ئامېرىكا) ................ (292)
ژېنىنىڭ ساقچىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشى (ئامېرىكا) ............ (294)
گۆرۈگە ئادەم تۇتۇپ كەتكەن كىم (ئامېرىكا) .................... (297)
ئاجايىپ توي سوۋغىسى (ئامېرىكا) ........................ (298)
يەرگە تاشلاقلىق مىس تاختا (ئامېرىكا) ...................... (301)
كىسەللەرگە پۇل بېرىدىغان داۋالاش پونكىتى (ئامېرىكا) ...... (303)
چاتقاللىقتىكى ئەر كىشىنىڭ جەسىتى (ئامېرىكا)................ (306)
زىراپىنىڭ كىشىنىشى (ئامېرىكا)............................ (308)


## جەنۇبىي ئامېرىكا


ئۆمۈچۈك ئەسكەرلەر (كولومبىيە) ............................ (311)
ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈش (كولومبىيە)........................ (312)

# جۇڭگو ھېكايىلىرى

## چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرى

ئوتۇنچىلارنىڭ دۈشمەننى دامغا چۈشۈرۈشى ............... (319)
كۈيچى جىلغىسىدىن پەم بىلەن ئۆتۈش .................. (322)
بىرلا غەيرەت قىلىش .................................. (326)
جۇ جىۋۇنىڭ چىن سۇلالىسى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈشى ........ (329)
يۇ مېڭنىڭ ئاتقا يىغلىشى.................................. (332)
زىرائەتنىڭ بەدىلىگە كالىنى تارتىۋېلىش .................. (334)
يەنزىنىڭ چۇ بەگلىكىگە ئەلچى بولۇپ بېرىشى.............. (337)
مۇھاپىزەتچىنىڭ ئەپچىل تەكلىپى .......................... (340)
بيەن جۇاڭزىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرۈشى.......................... (343)
سۇ پەرىشتىسىنىڭ ئۆيلىنىشى ................................ (344)
تيەن جىنىڭ ئات مۇسابىقىسى .............................. (348
ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش......... (351)
ئوچاقنى ئازايتىپ، دۈشمەننى ئالداش ...................... (354)
ئۆلۈش ئالدىدا ئېيتىپ بەرگەن تەدبىر ئارقىلىق قاتىلنى
تۇتۇش ............................................... (358)
نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ ئات ئۇستىخىنىنى سېتىۋېلىش ........ (362)
12 ياشلىق دىپلومات ....................................... (364)

## چىن، خەن، ئۈچ پادىشاھلىق، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى


يۈ جەننىڭ چىن پادىشاھىغا ئۈچ قېتىم نەسىھەت قىلىشى ........................................ (369)

چېنساڭغا يوشۇرۇن بېرىش ............................ (371)

بوتۇلكىنى سال قىلىپ، قوشۇننى دەريادىن ئۆتكۈزۈش ...... (374)

بەيدىڭ تېغىدا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش .............. (377)

خې ۋۇنىڭ شەمشەرگە ھۆكۈم قىلىشى ...................... (381)

كرېست شەكىللىك مەشئەل ............................ (383)

شۇي تۇڭنىڭ دەرەخنى ساقلاپ قېلىشى........................ (386)

خۇا تونىڭ ئۇستاز تۇتۇشى.................................. (388)

جۇگې لياڭنىڭ ئۇستازىغا ئەپچىللىك بىلەن جاۋاب بېرىشى ........................................ (389)

ساۋ چۇڭنىڭ ئامبار بېگىنى قۇتۇلدۇرۇشى .................... (393)

ياڭ شيۇنىڭ سىرنى ئېچىشى.................................. (396)

شەھەرنى قۇرۇقداپ قويۇش ھىيلىسى........................ (399)

يەتتە قەدەمدە شېئىر پۈتتۈرۈش ............................ (402)

سۇن لياڭنىڭ چاشقان مايىقىنى پەرق قىلىشى .................. (404)

چوشقىنى كۆيدۈرۈپ ئادەم ئۆلۈكىنى تەكشۈرۈش ............ (407)

يول بويىدىكى ئاچچىق ئامۇت ............................ (410)

قامچىنى قالدۇرۇش.......................................... (411)

لى چۇڭنىڭ بالىنى قايتۇرغۇزۇپ بېرىشى ...................... (415)

قوي تېرىسىنى كالتەكلەش ............................ (416)

## تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، بەش سۇلالە دەۋرى

تىبەتلىكلەر پادىشاھىنىڭ يالۋاچ ۋەزىرى ...................... (419)
سۇ ۋۇمىڭنىڭ قەبرە قېزىشى .............................. (421)
ئەمەن ياغىچىنى ئوق قىلىپ ئېتىش ھىيلىسى .................. (424)
لەگلەك ئارقىلىق ياردەم سوراش ........................... (427)
ۋالىينىڭ كۇمۇشنى سۇزۇپ چىقىشى.......................... (430)
ئېشەكنى قويۇپ بېرىپ توقۇمىنى تېپىش ..................... (432)
ئالتۇن ئەنزىسى ..................................... (434)
يۈي خاۋنىڭ مۇنار ياسىشى ............................ (436)

## سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى

چىرايلىق گەپ بىلەن ئارقا ئىشىكنى ئېتىش .................. (440)
ئىككى قېتىملىق كالا ئەنزىسى ........................... (443)
ئوت قويۇپ بەرگۈچى ئىككى جىنايەتچى ...................... (446)
پەيتكە توغرىلاپ، ئاسىيلارنى جايلاش ........................ (449)
كۆنلۈن ئېغىزىنى تۇيدۇرماي ئېلىش .......................... (452)
راھىبنىڭ تۆمۈر كالىنى سۇزۇپ ئېلىشى........................ (454)
كىشىنىڭ بالىسىنى ئوغلۇم دەۋېلىش ئەنزىسى ................. (457)
پۇرچاق ھىيلىسى ..................................... (459)
قالقانلىق قوشۇننىڭ تۆمۈر مۇنار قوشۇنىنى بەربات قىلىشى
(461) ..................................................
لەن جىيېنىڭ ئوغرى تۇتۇشى ............................. (463)
ئىككى يىپكى خەت ..................................... (467)

ۋاڭ مىيەننىڭ تېپىشماق تېپىشى ........................ (469)
"گۆەنسەي كېسىلى" ........................................ (471)
جامنى تىقىۋېلىپ، خائىننى ئۆجۇقتۇرۇش .................. (473)
يەن ۋەزىرنىڭ مەكتەپ سېلىشى ........................... (477)
ئوغرىنىڭ دوختۇر بولۇۋېلىشى ........................... (479)

## چىلىڭ سۇلالىسى دەۋرى

كۆنجۈت چېچىپ، جەسەت سىزىش ........................... (483)
جېڭ بەنچياۋنىڭ مەنسەپكە چىقىشى ....................... (486)
سىرنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنىشى ............................. (490)
ئۈچ ئەرنىڭ بىر قىزنى ئالىشىپ قېلىشى .................. (492)
چوشقا ئوغۇرلىغان كىم .................................. (496)
دادىنىڭ بالا ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى ..................... (498)
بىر گەپ بىلەنلا سىرنى ئاشكارىلاش ...................... (501)
تۇل ئايالنىڭ ۋارىس بېكىتىشى ........................... (504)
سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە چىرايىنى بايقاش ..................... (508)
قارىخۇنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى ......................... (512)
خەت يېزىلمىغان ئەرزنامە ................................ (515)
ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ، ئوغرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ......... (518)
ئىككى تۇرنا ............................................. (521)
رەسسامنىڭ سىشى تەيخۇنى تىللىشى ........................ (523)
بېخىل بىلەن ئۈچ قېتىم ئېلىشىش ......................... (526)
مەيخانىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان خالتا ........................ (529)
دەللال بىلەن ئامبال ..................................... (532)

بكارلىق نەرسە يېيىشلىك بولمايدۇ........................ (534)
كۆمۈش ھالقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىش .................. (537)
بىر مىڭ سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى يالغان گەپ .............. (539)
تيەن شېنىڭ................................................. (542)

## ئاز سانلىق مىللەتلەر ھېكايىلىرى

ئوتانا .................................................... (546)
"ئالتۇن بۆلغۇن"نىڭ قۇيرۇقى ................................ (549)
مۇلاۋىيېنىڭ ئازگال قازدۇرۇشى ............................... (551)
ياسىرنىڭ ئات سېتىشى ...................................... (554)
ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان ئېسىل نەرسە .......................... (557)
نەرسىلەر قانداق بولغاندا پاكىز ھېسابلىنىدۇ.................... (560)
ئوۋ مىلتىقىنى كىمگە بېرىش كېرەك ........................... (563)
سېھىرگەرنى ئېزدەش ......................................... (565)
ماخاساتا بىلەن جاۋ مېڭ ..................................... (568)
جۇلاپوتىنىڭ قىيىن سوئالغا جاۋاب بېرىشى .................... (570)
ئايشا........................................................ (573)
بىر تاۋاق ئالتۇن ........................................... (576)
ئەپەندى بىلەن ئاخۇن ....................................... (579)
ئەپەندىنىڭ ئېشكى ......................................... (582)

# چەت ئەل هیکایلری

# ياۋروپا

## ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان مەھبۇس

قەدىمكى يۇنانىنىڭ بىر شاھى بىر توپ مەھبۇسنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. ئۇ چاغدا مەھبۇسلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ئىكەن: بىر خىلى، باش ئېلىش، يەنە بىر خىلى، دارغا ئېسىش. تۇرۇپ بۇ شاھنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر خىيال كەپتۇ: "بۇ مەھبۇسلارغا بىر چاقچاق قىلىپ كۆرەي. توغرا، قانداق ئۆلۈشنى ئۇلار ئۆزلىرى تاللىسۇن، قېنى ئۇلار نېمە دەيدىكىن. بۇ چوقۇم تازا قىزىق ئىش بولىدىغان بولدى."

شاھنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، جاللاتلىرى ئارقىلىق مەھبۇسلارغا جاكارلاپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرىدىن پەرمان — قانداق ئۆلۈشنى ئۆزۈڭلار تاللايسىلەر، بىر ئېغىزدىن خالىغان گېپىڭلارنى قىلىسىلەر، قىلغان گېپىڭلار راست بولسا، دارغا ئېسىلىسىلەر، قىلغان گېپىڭلار يالغان بولسا، كاللاڭلار ئېلىنىدۇ.

بۇ راستىنلا غەلىتە پەرمان ئىدى. نېمە ئامال، مەھبۇسلارنىڭ جېنى شاھنىڭ قولىدا بەرىبىر ئۆلىدۇ، شۇڭا ئۇلار كۆپ ئويلاپ ئولتۇرماي، بىر ئېغىزدىن ئاغزىغا كەلگەن گەپنى قىلىپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە، مەھبۇسلارنىڭ بىرمۇنچىسى راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىلىپتۇ، يەنە بىرمۇنچىسى يالغان گەپ قىلغانلىقى

ئۇچۇن كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. ياكى قىلغان گېپىنىڭ راست ـ يالغان- لىقىنى دەرھال ئايرىغىلى بولمىغانلىقتىن، يالغان گەپ قىلدى دەپ قارىلىپ، كاللىسى كېسىلىپتۇ، ياكى بولمىسا ئاغزىدىن گەپ چىقىرال- مىسا، راست گەپ قىلدى دەپ قارىلىپ، دارغا ئېسىلىپتۇ.

بۇلارنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شاھنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىپتۇ.

مەھبۇسلارنىڭ ئىچىدە بەك ئەقىللىق بىرسى بار ئىكەن. قانداق ئۆلۈشنى تاللاش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن شاھقا بىر دىنلا:

— سىلەر كاللامنى ئالماقچىسىلەر، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان شاھ قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ: راستىنلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان گېپى راست گەپ بولۇپ چىقىدۇ ـ دە، راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دارغا ئېسىش كېرەك بولىدۇ؛ ئەگەردە دارغا ئاسىدىغان بولسا، ئۇنىڭ "كاللامنى ئالماقچى" دېگەن گېپى يالغان گەپ بولۇپ چىقىدۇ ـ دە، يالغان گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن كاللىسىنى ئېلىش لازىم بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ قىلغان گېپى يالغان گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ گېپىنى راست دېگىلىمۇ، يالغان دېگىلىمۇ بولمىغاچقا، ئۇنى دارغا ئاسقىلىمۇ، كاللىسى- نى ئالغىلىمۇ بولمايدۇ.

ئامالسىز قالغان شاھ جاللاتلىرىغا:

— بولدى ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، كۆنىنى ئالسۇن، — دەپتۇ قولىنى شىلتىپ.

شاھنىڭ ھېلىقى غەلىتە پەرمانى دەرھال بىكار قىلىنىپتۇ ـ دە، ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ.

# تالېس بىلەن سودىگەر

قەدىمكى يۇنانلىق مەشھۇر ئالىم، پەيلاسوپ، سىياسىيون تالېس (مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 — 6 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن) مىلېتتا ھۆكۈمەرانلىق قىلغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سىياسىي ئورنى بەك يۇقىرى، تولىمۇ پۇلدار ئادەم ئىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ساياھەت ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن شەرقتىكى مىسىرغا بېرىپتۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۈرلۈك پەنلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، بىلىم ھاسىل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتا- ئانىسىدىن قالغان مال- مۈلۈكنى تۈگىتەي دەپ قاپتۇ.

بىركۈنى كەچتە، تالېس ئاسماندىن كۆزىنى ئالماي مەيدان تەرەپكە قاراپ ئۇدۇل مېڭىپتۇ. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ كېتىۋاتقاچقا، دىققەتسىزلىكتىن ئالدىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىر سودىگەر ئۇنى كۆرۈپ كەپتۇ- دە، ئۇنىڭغا:

— سىز ئاسماندىكى نەرسىلەرنى بىلسەمەن دەۋاتاتتىڭىز، پۈتىڭىزنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى بىلمەي قاپسىزغۇ. ئىلىم تەتقىقاتىدىن راستتىنلا چوڭ نەپ ئاپسىز، ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشىڭىزمۇ بىلىمىنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن پايدىسى، — دەپتۇ.

تالېس ئازگالدىن چىقىپ، تەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا:

— ئېگىزدە تۇرالىغان ئادەمدىلا ئېگىزدىن ئازگالغا چۈشۈش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بولىدۇ. سىزگە ئوخشاش قارا قورساق ئادەملەر بۇنداق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. بىلمىسىز

ئادەملەرنىڭ ئىشى خۇددى ئازگالدىن قوپماي ياتقانغا ئوخشاش تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۇستىدىن ئازگالغا چۈشەلسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇنىڭ چېچەنلىك بىلەن بەرگەن بۇ رەددىيىسى ھېلىقى سودىگەرنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئەمما، سودىگەرمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇ يەنە تالېسنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— سىزدىكى مول بىلىم زادى سىزگە نېمە ئېلىپ كەلدى، ئالتۇن ئېلىپ كەلدىمۇ، بولكىمۇ؟ — دەپتۇ.

— كېيىن كۆرەرمىز، — دەپتۇ تالېس.

ئۇ مول ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەن بىلىملىرىنى تەتبىق قىلىش ئارقىلىق، تازا ئەتراپلىق مۆلچەرلەپ ۋە ھېسابلاپ، ئىككىنچى يىلى زەيتۇن مېۋىسىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىپتۇ ـ دە، قولىدا بار مال ـ مۈلۈكىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، ئەتراپتىكى زەيتۇن مېيى چىقىرىدىغان ماشىنىلارنى ئەرزان باھادا قويماي ئىجارىگە ئاپتۇ. ئىككىنچى يىلى، راست دېگەندەك زەيتۇن مېۋىسىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ، كىشىلەر زەيتۇن مېيى چىقىرىدىغان ماشىنىلارنى تالىشىپ ئىجارىگە ئالغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا تالېس قولىدىكى ماي چىقىرىش ماشىنىلىرىنى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە بېرىپتۇ.

بىركۈنى تالېسنى زاڭلىق قىلغان ھېلىقى سودىگەرمۇ ماي چىقىرىش ماشىنىسىنى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، تالېس ئۇنىڭغا:

— ھۆرمەتلىك باي، كۆردىڭىزمۇ؟ بۇ ماي چىقىرىش ماشىنىلىرى بىلىمنىڭ شارапىتىدىن مېنىڭ قولۇمغا ئۆتۈپ قالدى. شۇڭا سىزدەك

بايلارمۇ ئالدىمغا كېلىشكە مەجبۇر. مەن بۇ ئىشنى پۇلنى دەپ قىلغىنىم يوق، بىلىمنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىغا بولغان زور پايدىسىنى، بىلىمنىڭ بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىلدىم، — دەپتۇ.

## "بەتخەج"نىڭ سوت قىلىنىشى

قەدىمكى يۇنانلىق پەيلاسوپ دېموكرېت ناھايىتى پۇلدار ئادەم ئىكەن. لېكىن ئۇ ئاتىسىدىن مىراس قالغان دەپىي دۇنيانىڭ ھەممىسىنى مىسىر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سەرپ قىپتۇ، ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرىنى يېرىپ كۆرۈپ، «ئالەمنىڭ چوڭ سىستېمىسى» دېگەن كاتتا ئەسەرنى يېزىشقا تەييارلىق قىپتۇ. ئۇ چاغدا، ئابدالا شەھىرىنىڭ بىر قانۇنى بولۇپ، ئاتىسىدىن قالغان مىراسقا ئوبدان ئىگىدارچىلىق قىلماي بۇزۇپ چاچقانلار قاتتىق جازالىنىدىكەن، بۇ جازادا قولىدا قالغان مال-مۈلكى باشقا تۇغقانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا بەتخەج دېگەن يامان نام بېرىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن ھەتتا جەسىتىنىمۇ ئاتا-بوۋىسى ياتقان زاراتگاھلىققا قويغىلى قويمايدىكەن.

دېموكرېتنىڭ بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە ئىگە بولۇۋېلىشنى خىيال قىلىپ، يۇقىرىدىكى قانۇنغا ئاساسەن دېموكرېتنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىپتۇ. دېموكرېتنىڭ خوشنىسى تەييارلىق قىلىپ قويۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى

ئەرز ئىشلىرى ئۈچۈن ئىسراپ قىلىشنى خالىماي، كۈن بويى يەنىلا ئۆزىنىڭ تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوشنىسى ئۇنىڭ نېرۋىسى چاتاق بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئاتايىن بېرىپ دوختۇر چاقىرىپ كەپتۇ.

چاقىرتىلغان دوختۇر كەپتۇ، قارىسا دېموكرىت ھە دەپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يېرىپ، بىر تەرەپتىن، ھايۋانىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يېزىۋاتقۇدەك.

— قاراڭ، — دەپتۇ خوشنىسى دوختۇرغا قاراپ، — ئۇنى قانداقمۇ نورمال ئادەم دېگىلى بولىدۇ، پۈتۈنلەي جىن چاپلاشقان ساراڭنىڭ ئۆزى.

گېپىنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا، ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن يوغان بىر تاشپاقا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، باش-كۆزىنى قان قىلىپ، ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ:

— قۇش ئالىي ئىلاھ زېئۇسنىڭ خەۋەرچىسى، دېموكرىتنىڭ خوشنىسى چوقۇم ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغان، زېئۇس بولسا دېموكرىتنى ياقتۇرىدۇ، شۇڭا زېئۇس قۇش ئەۋەتىپ، ئاسماندىن تاشپاقا تاشلاتقۇزۇپ ئۇنى جازالىغان گەپ، — دېيىشىپتۇ.

دوختۇر بىلەن دېموكرىت دەرھال ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي دېموكرىت سوتقا چاقىرتىلىپتۇ. سوتچى ئۇنىڭدىن:

— بۇ دېيىلگەن گەپلەر ئەمەلىيەتمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇغقىنىم مېنى ئاتىسىدىن قالغان دۇنيانى خەجلەپ تۈگەتتى، دەپتۇ، توغرا، بۇ ئەمەلىيەت. لېكىن مەن پۈتكۈل ئالەمنى تەتقىق

قىلدىغان بىلىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، ھازىر «ئالەمنىڭ چوڭ سىستېمىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىۋاتىمەن. بۇ ئەسەر پەلسەپە، لوگىكا، ماتېماتىكا، ئالەمشۇناسلىق، فىزىكا، بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئېتىكا، پېداگوگىكا، سىمانتىكا ۋە سەنئەت، تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ، — دەپتۇ دىموكرىت ئۆزىنى ئاقلاپ.

— سىز ئېيتقان بىلىملەر ئىچىدە نېمىشقا ئىلاھشۇناسلىق يوق؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى.

— ئۇ ئىلاھقا ئىشەنمەيدۇ، قانۇن بويىچە ئۇنىڭغا دەرھال ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك، — دەپتۇ ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان ھېلىقى توغقىنى.

— سوتچى ئەپەندىم، — دەپتۇ دىموكرىت چاقىقانلىق بىلەن، — سىز ئىلاھقا ھەممىدىن بەك ئېتىقاد قىلىسىز، بۇ قىلغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى. بەلكى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، خوشنام مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دېگەندى، ئۇنىڭ بېشىغا ئاسماندىن تاشپاقا چۈشۈپ، بېشىنى يېرىۋەتتى، بۇ ئىشتىن ئىلاھنىڭ كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى سىز ماڭا قانچىلىك ئېغىر جازا بەرسىڭىز بېرىۋېرىڭ، بەربىر ماڭا ئالىي ئىلاھ زېئۇس ئىگە بولىدۇ. قارىسام ئۇ ئەۋەتكەن قۇش بىز تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ.

خۇراپىي سوتچى قورققىنىدىن ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۇنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىپتۇ ـ دە، دىموكرىتنىڭ ھېلىقى تۇغقىنىنى تۆھمەت چاپلىغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن جازالاپتۇ.

دىموكرىت سوتتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، دوختۇر ئۇنىڭدىن:

— سىز ئىلاھقا ئىشەنمەيتتىڭىزغۇ؟ نېمىشقا ئەمدى سوتتا زېئۇس-

نىڭ جازا بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەقىقەت دېگەننى پەقەت ھەقىقەتكە ئىشىنىدىغان، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ئادەملەرگىلا سۆزلەش كېرەك، بۇنداق چاكىنا ئادەملەرنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن بابىلاش كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىموكرىت.

## كاززاپ ئۇستا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى

پروتاگرا قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئاتاقلىق كاززاپلىق ئېقىمىدىكى پەيلاسوپى ئىكەن. بىركۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېۋاتېر ئىسىملىك بىر ياش كەپتۇ-دە، پروتاگرانى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئەرز-شىكايەت قىلىش ۋە ئاقلاش ھۈنىرىنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پروتاگرا بۇ ياش بىلەن بىرمەھەل پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە ئۆتكۈر ئىكەنلىكى، كېيىنچە ئۇنىڭدىن چوقۇم ئىش چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ، بىراق ئاغزىدا ئۇنى ئۆزىدىن قاچۇرغاندەك قىلىپ:

— مېنىڭ شاگىرتلارغا قويىدىغان تەلىپىم بەك يۇقىرى، ئېھتىمال سەن گېپىمگە كىرمەي قالارسەنمىكىن، — دەپتۇ.

ئېۋاتېر ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلى ئۇچۇن چوقراق بىرلەرسە ئۇندۇرۇۋېلىش خىيالىدا بولىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، راست گەپنى قىلىپ، ئۇنىڭغا:

— مېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىدىغانلا بولسىڭىز، گېپىڭىزنى جەزمەن ئاڭلايمەن. ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئادۋوكات بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق سوتتا ئۇتۇپ چىقسام، سىزگە كۆپ پۇل بېرى-

مەن، ــ دەپتۇ.

پروتاگرا ئۇنىڭ مۇنداق دېيىشىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىكەن، شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى مۇشۇ يەرگىلا توغرىلاپتۇ:

ــ ئۇنداقتا، باياتىن قىلغان گېپىڭ بويىچە توختام تۈزىلى.

ئېۋاتېر دەرھال ماقۇل بوپتۇ ـ دە، ئىككىيلەن توختام تۈزۈشۈپتۇ.

ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئېۋاتېر ھەركۈنى ئۇستازىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن كاززاپلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئېۋاتېرنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بوپتۇ. گەپكە شۇنداق ئۇستا بوپتىكى، بەزىدە ئىككىيلەن مۇنازىرىلىشىپ قالغاندا، ئۇستازىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەپتۇ.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پروتاگرا ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆگىتىشكە ئامالسىز قاپتۇ، چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان ئۇستازىدىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. پروتاگرا شاگىرتىغا قاراپ:

ــ ئېۋاتېر، سەن ئەمدى ئۆگىنىشنى تۈگەتتىڭ، ئادۋوكات بولساڭ بولىدۇ، ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كېرەككى، ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن ماڭا كۆپ پۇل بېرىسەن، ــ دەپتۇ.

ــ ھەممە ئىش توختام بويىچە بولىدۇ، ــ دەپتۇ ئېۋاتېر، ــ توختامدا مەن ئادۋوكات بولۇپ بىرىنچى قېتىملىق سوتتا ئۇتۇپ چىقسام، سىزگە كۆپ پۇل بېرىدىغانلىقىم ئېيتىلغان. شۇڭا مەن ھازىر سىزگە ئوقۇش راسخوتى تۆلىيەلمەيمەن.

ئېۋاتېر بۇ پۇلدىن تېنىۋېلىش خىيالىدا، باشقىلارنىڭ دەۋاسىغا ئارىلىشىشنى قەستەن ئارقىغا سوزۇپ، پروتاگرانىڭ ئىزدەپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

پروتاگرا ئوقۇش پۇلىنى ئەكىلىپ بېرەرمىكىن دەپ ئېۋاتېرنى

شۇنچە كۆتسىمۇ، ئېۋاتېر زادى كۆرۈنمەپتۇ. بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالمىغان پروتاگرا سوتقا بېرىپ، ئېۋاتېرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ.

سوتقا بارغاندا، پروتاگرا شاگىرتىغا قاراپ:

— ئەگەر بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇشۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىدىغان بولساڭ، توختام بويىچە ماڭا ئوقۇش پۇلى تۆلەيسەن؛ دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان بولساڭ، سوتنىڭ ھۆكمى بويىچە يەنە ماڭا ئوقۇش پۇلى تۆلەيسەن. قىسقىسى، دەۋادا ئۇتۇپ چىقساڭمۇ، ئۇتتۇرۇپ قويساڭمۇ، بەربىر ماڭا ئوقۇش پۇلى تۆلەيسەن، — دەپتۇ.

ئېۋاتېر ئۇستازىنىڭ بۇنداق دەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەندىكەن. شۇڭا ئۇستازىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، كاززاپلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، قايتۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— دەۋادا ئۇتۇپ چىقىدىغان بولسام، سوتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئەلۋەتتە ئوقۇش پۇلى تۆلىمەيمەن؛ دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويسام‌مۇ، توختامىمىز بويىچە يەنىلا ئوقۇش پۇلى تۆلىمەيمەن، چۈنكى، توختامدا بىرىنچى قېتىملىق سوتتا ئۇتۇپ چىقسام، ئاندىن ئوقۇش پۇلى تۆلەيدىغانلىقىم ئېيتىلغان. شۇڭا، دەۋادا ئۇتسام‌مۇ، ئۇتتۇرسام‌مۇ، مەن ئۈچۈن ئوقۇش پۇلى تۆلەش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

پروتاگرا كاززاپلىق ھۈنىرىدە شاگىرتىغا تەڭ كېلەلمىگەچكە، ئاچچىقىنىڭ كەلگىنىدىن گەپ قىلالماي قاپتۇ.

سوتچى پروتاگرانىڭ كونا دوستى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاگىرت دېگەن ئۇستازىغا ئوقۇش پۇلى تۆلىشى كېرەك، شۇڭا ئۇ پروتاگراغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ ناھايىتى كۆپ باش

قاتۇرۇپ، ئاخىرى ئىشنى مۇنداق توغرىلاپتۇ:

ئالدى بىلەن، پروتاگورانىڭ بىرىنچى سوتتىكى ئەرزىنى بىكار قىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەرز قىلىشىغا رۇخسەت قىپتۇ؛ ئاندىن، سوتچى پروتاگورانىڭ بۇ سوتتا ئۇتۇپ چىققانلىقىنى جاكار- لاپتۇ. نەتىجىدە ئېۋاتىر بىرىنچى قېتىملىق سوتتا ئۇتۇپ چىققان بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق سوتتا ئۇتتۇرغان بولۇپ چىقىپتۇ. شۇڭا، مەيلى توختام بويىچە بولسۇن، ياكى ھۆكۈم بويىچە بولسۇن، ئېۋاتىر ئۇستازىغا ئوقۇش پۇلى تۆلىشى لازىم بوپتۇ.

ئېۋاتىر مەيۇسلىكتىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ سوتتىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، سوتچى مەنىدىنمۇ ئەقىللىق ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ.

## شاھ تاجىنىڭ سىرى

قەدىمكى يۇناننىڭ ئاتاقلىق ئالىمى ئارخىمېد (مىلادىدىن بۇرۇنقى 212 — 287 - يىللىرى) يۇيۇنۇش ئۈچۈن ۋاننىغا يېرىمدىن جىقراق ئىسسىق سۇ توشقۇزۇپ، ئەمدى تېخى سۇغا چىلىنىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىردىنلا ئۆزى يەڭگىللەپ، سۇدا لەيلەپ قالغاندەك بوپتۇ - دە، ئىسسىق سۇ ۋاننىدىن تېشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ "سۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ" دېگەن خىيال بىلەن ئورنىدىن تۇرغان- كەن، ۋاننىنىڭ سۈيى شۇ ھامان ئازلاپتۇ. ئۇ كىچىك بالىلارچە قىلىق قىلىپ، يەنە ۋاننىدا ئولتۇرۇپ بېقىپتىكەن، سۇ كۆتۈرۈلۈپ، ۋاننىدىن تېشىپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ - دە، ۋاننىدىن سەكرەپ

چۈشكەن پېتى قىپ يالىڭاچ كوچىغا چىقىپ، ”ئەمدى بىلدىم، ئەمدى بىلدىم!“ دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ بوۋاي سارالڭ بولۇپ قالغانمىدۇ؟ قاراڭلار، ئۇچىسىدا ھېچنېمە يوق، پۈتۈن ئەزايى ئوچۇق.

ئەمەلىيەتتە، ئارخىمېد سارالڭ ئەمەس، ئۇ مۇھىم بىر سىرنى يەشكەنلىكى ئۈچۈن، بىرمەھەل ھەممىنى ئۇنتۇغان.

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدىكى سىراكۇزى خانلىقىنىڭ شاھى زەرگەر ئۇستامنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ساپ ئالتۇندىن چىرايلىق بىر تاج ياساتقۇزۇپتۇ. ئەمما ۋەزىرلەر بىر ـ بىرىگە كۇسۇلداپ ”ساپ ئالتۇنمۇ، ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش تەس“ دېيىشىپتۇ.

شاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئادەملىرىنى چاقىرىپ، تاجنى ئۆلچىتىپتۇ، قارىسا، تاجنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن زەرگەرگە بەرگەن ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا بىرنەرسە ئارىلاش-تۇرغان، ئارىلاشتۇرمىغانلىقىنى ئايرىغىلى بولماپتۇ. شۇڭا شاھ ئەقىل-لىق ئارخىمېدنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ.

ئەمدى ئارخىمېد يۇيۇنۇۋېتىپ، بىرنەرسىدىن ئىلھام ئاپتۇ ـ دە، شاھ تاجىنىڭ سىرىنى دەرھال ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئارخىمېد كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئېڭىشىپ ئۆزىگە قاراپ، يالىڭاچ تۇرغانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىنىپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇ شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ مۇنداق بىر نەرسىنى تەجرىبە قىپتۇ — ئېغىرلىقى ئالتۇن تاج بىلەن تەڭ كېلىدىغان بىر پارچە ئالتۇن كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش كېلىدىغان ئىككى ئىدىش ۋە ئىككى تەخسە ئەكەلدۈرۈپتۇ - دە، ئالتۇن تاج بىلەن ھېلقى ئالتۇننى ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۇ توشقۇزۇلغان ھېلىقى ئىدىشلارغا سېپتۇ. ئىدىشتىن سۇ چىقىپ كېتىشكە باشلىغاندا، ھەر ئىككىسىدىكى چىقىپ كەتكەن سۇنى ئوخشاش تەخسىگە چۈشۈرۈۋاپتۇ. كېيىن تەخسىگە چۈشۈرۈۋالغان سۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۆلچەپ كۆرۈپتىكەن، تېشىپ چىققان سۇنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئوخشاش چىقماپتۇ.

ئارخىمېد شاھقا دەپتۇ:

— ئەمدى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ شاھ تاجىغا باشقا مېتال ئارىلاشتۇرۇلغان.

— نېمە ئۈچۈن؟ — سوراپتۇ شاھ ئۇنىڭدىن.

— شاھ تاجى بىلەن ساپ ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش، ئەگەردە شاھ تاجى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان بولسا، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكمۇ ئوخشاش بولغان بولسا، ئىدىشتىن تېشىپ چىققان سۇنىڭ ئاز - كۆپلۈكىمۇ ئوخشاش بولغان بولسا بولاتتى. مانا شاھ تاجىنى سالغان ئىدىشتىن تېشىپ چىققان سۇ كۆپ بولۇپ چىقتى، بۇ شاھ تاجىنىڭ ساپ ئالتۇنغا قارىغاندا چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، شاھ تاجى ساپ ئالتۇندىن ياسالغان ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شاھ ئەۋەتكەن ئادەملەر دەرھال زەرگەرنى تۇتۇپ كەپتۇ، زەرگەردىن سوراپتىكەن، راست دېگەندەك شاھ تاجىنى مىس بىلەن

ياسـغانـلىقى ئېنىقـلـىنىپـتۇ. شاھ تاجـىنىڭ سىرى مانا مۇشۇنداق ئاشـكارىلانغانىكەن.

## ياغاچ ئات ھېلىسى

بۇنىڭدىن ئۈزاق يىللار بۇرۇن، كىـچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدىكى تروييا قورغان دۆلىتىـنىڭ شاھـزادىـسى يۇنانـنىڭ گۈزەل قىزى — قۇدرەتلىك سپارتانىڭ پادىشاھى مونېلائوسنىڭ خوتۇنى ھايىـرۇنىنى ئالداپ ئېپقېچىپتۇ. بۇ ئىش پۈتۈن يۇنانلىقـنىڭ غەزىپىنى قوزغاپتۇ. شۇڭا ئۇلار يۇنان بىرلەشمە قوشۇنى تەشكىللەپ، تروياغا ئاتلىنىپتۇ.

ئۇلار ئون يىل ئۇرۇش قىلىپمۇ بىر-بىرىنى يېڭەلمەپتۇ.

يۇنانلىق كاركاس باتۇرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا:

— تۈنۈگۈن بىر قۇشـنىڭ بىر كەپتەرنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، قارىسام ھېلقى كەپتەر چاققانـلىق بىلەن ئۇچۇپ بېرىپ بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋالدى. قۇش ئۆڭـكۈرنىڭ ئۈستىـدە ئولتۇرۇپ كەپتەرنى ئۇزاق ساقلىغان بولسـىمۇ، كەپـتەر ئۆڭـكۈردىن چىقمىدى. قۇش ئاخىرى ئۆڭكۈر يېنىدىكى بىر ئورمانغا كىرىپ مۆكۈپ تۇرغانـدى، كەپتەر ئەمـدى ئـش پۈتـتى دەپ قىلـچە گۇمان قىلـماستىن ئۆڭكۈردىـن ئۇچۇپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن قۇش ئورماندىن چىقىپلا بىر قاماق سېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. بىزمۇ ئاشۇ قۇشنى ئۆلگە قىلىپ، تروياغا قاراتـقان ھۇجۇمـنى توختىـتىپ، باشـقىچە ئامال تېپىشـىمىز لازىم، — دەپتۇ.

يۇنان بىرلەشمە قوشۇنىدىكى ئېدىشۇس ئاخىرى ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ تېپـىپـتۇ. ئۇ يۇنانـلىقـلارغا ناھايـىتى چوڭ بىر ياغاچ ئات

ياسىتىپتۇ. ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقى كاۋاك بولۇپ، ئىچىگە بىرمۇنچە قورقماس باتۇر ئەزىمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى يۇنانلىقلارنىڭ ئىستىھكامىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ-دە، ئاندىن شىنۇن ئىسىملىك بىر ياشنى ياغاچ ئاتنىڭ ئاستى تەرىپىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ. ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۇنانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق چېدىر-بارگاھلىرى ۋە مال-مۈلكىگە ئوت قويۇۋېتىپ، ھېلىقى چوڭ ياغاچ ئات بىلەن شىنۇننى قالدۇرۇپ، ئالمان-تالمان چېكىنىپ كېتىپتۇ.

شەھەرنى ساقلاۋاتقان ترويالىقلار ئۇزاق ئۆتمەي دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس-تۈتەكنى ۋە كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ قېلىپ، پوتەيىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دىققەت بىلەن قاراپتىكەن، يۇنان كېمىلىرىنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قالغانلىقىنى بايقاپ-تۇ. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ دېڭىز ياقىسىغا كېلىپ قارىسا، يوغان بىر ياغاچ ئات تۇرغۇدەك. ئۇلار ياغاچ ئاتنى قورشىۋېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىشىپتۇ. قارىسا ياغاچ ئاتنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ، كۆزلىرى پارقىراپ تۇرغان، تۈكلىرى شۇنداق ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇل-غانكەنكى، كىشىگە خۇددى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدى-كەن، ئىتتىك قارىغاندا خۇددى مېڭىشقا تەييار تۇرغان راست ئاتنىڭ ئۆزى، دەسلەپتە ئۇلار غايەت زور بۇ سەنئەت بۇيۇمىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قاپتۇ، ئەمدى ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بەزىلەر ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىپ، غالىبىيەت خاتىرىسى سۈپىتىدە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ قويۇشنى تەشەببۇس قىپتۇ؛ بەزىلەر دۈشمەن قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ غەلىتە نەرسىگە ئىشەنمەي، ئۇنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋېتىش

ياكى كۆيدۈرۈۋېتىشنى تەشەببۇس قىپتۇ.

بۇ چاغدا، ياغاچ ئاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان شىنۇن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تروياللىقلارغا:

— ھۆرمەتلىك تروياﺋەزىمەتلىرى، ئەگەردە مەندەك بىر يۇنانلىق قاچقۇننىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسەڭلار، مەن سىلەرگە راست گەپنى دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

تروياللىقلار بۇ "خاسىيەتلىك ياغاچ ئات"نىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىككە ماقۇل بوپتۇ. شىنۇن ئۇلارغا:

— بۇ غايەت زور ياغاچ ئات يۇنانلىقلارنىڭ ئەقىللىق ئايال ئافىناغا قىلغان سوغىتى. مۇبادا سىلەر ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ بارىدىغان بولساڭلار، يۇنانلىقلارنىڭ ئورنىدا ئافىنانىڭ شاراپىتى ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولىسىلەر. ئەگەردە مەيلى قايسى ئۇسۇل بىلەن بولسۇن، بۇ خاسىيەتلىك ياغاچ ئاتقا زىيان كەلتۈرىدىغان بولساڭلار، ئافىنا سىلەرنىڭ شەھىرىڭلەرنى ئوت قويۇپ كويدۇرۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

تروياللىقلار شىنۇننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ياغاچ ئاتنى ئاۋايلاپ ئىتتىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. سېپىلنى تېشىپ ياغاچ ئات پاتقىدەك بىر كاما چىقىرىپتۇ. ياغاچ ئاتنىڭ پۇتىغا غالتەك ئورنىتىپ، چوڭ ئارقان بىلەن بوينىدىن باغلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار غايەت زور بۇ ياغاچ ئاتنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپتۇ، شىنۇنمۇ بىللە كىرىپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، تروياللىقلار كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپتۇ. ئۇلار زىياپەت ھارىقىنى شۇنداق قاتتىق ئىچىپتىكى، مەستچىلىكتە لايدەك يېتىپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، شىنۇن مەشئەل يېقىپ، ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ

پۇلاڭشتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يۇنان كېمىلىرى ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ ـ دە، ترويالىقلار ياغاچ ئاتنى كىرگۈزىمىز دەپ ئاچقان كامادىن ئەسكەرلەر شەھەرگە كىرىپتۇ. ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇپ قويغان يۇنانلىق ئەسكەرلەرمۇ ئاللىبۇرۇن شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانىكەن. ئۇلار ئىچى، تېشىدىن ماسلىشىپ، ھەمـ ھۇ دېگۈچە ترويا شەھىرىنى قانغا بوياپتۇ، گۈزەل ئايال ھايرۇننى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. ئون يىل داۋام قىلغان ترويا ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ.

## چوڭ رازۋېتچىكنىڭ "كىچىك ياردەمچىسى"

1978 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىركۈنى ئاخشىمى، گرېتسىيىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدىكى كەمپۇت زاۋۇتى ئامبىرىنىڭ ئىشىك قۇلۇپـ لىرى بۇزۇلۇپ، ئامباردىكى كۈنجۈتلەر ئوغۇرلىنىپتۇ، قىممىتى بىر مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن. ھېلىگەر ئوغرى نەق مەيداندا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغاچقا، ساقچىلار ئون نەچچە كۈن تەكشۈرۈپمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالماپتۇ. جىنايەتچىلەرنىڭ مىڭنىچىۋالا كۆپ كۈنجۈتنى ئوغۇرلاشتىن مەقسىتى ئۇنى سېتىپ پۇل قىلىش، شۇڭا ساقچى ئىدارىسى پورت، ۋوگزال ۋە سودا بازارلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپتۇ، لېكىن يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ.

زاۋۇت خوجايىنى ئاخىرى شەخسىي رازۋېتچىك پىكدىېدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پىكدې زاۋۇت خوجايىنىغا

تېلېفون بېرىپ:
— تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدىم، ئوغۇرلانغان كونجۇت مەلۇم كەنتتىكى يەر ئاستى ئامبىرىدا، ساقچىغا خەۋەر قىلىڭ، ئادەم ئەۋەتىپ بىر تەرەپ قىلسۇن، — دەپتۇ.
ساقچى باشلىقى ساقچىلاردىن بىرنەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ، پىكدىڭ ئېيتىپ بەرگەن كەنتكە بارغانىكەن، راست دېگەندەك بىر دېھاننىڭ ياغىچ ساقلايدىغان ئامبىرىدىن نۇرغۇن كونجۇت تېپىلىپتۇ.
سوراقتىن كېيىن، ھېلىقى ئامبارنىڭ ئىگىسى باشقا ئۈچ ئادەم بىلەن بىرلىكتە كونجۇت ئوغۇرلىغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن-نىڭ بىرسى كەمپۈت زاۋۇتىنىڭ ئادىمى ئىكەن. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئىچى-تېشىدىن ماسلىشىپ ئوغۇرلۇق قىلغانىكەن.
بۇ ئەنزىنىڭ قانداق پاش بولغانلىقىغا قىزىققان ساقچى باشلىقى پىكدىڭنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭدىن:
— بۇ ئوغۇرلانغان نەرسىلەرنى قانداق تەكشۈرۈپ تاپتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ ياردەمچىلىرىمنىڭ تۆھپىسى، — دەپتۇ پىكدىڭ كۆرەڭلىك بىلەن، — بىراق، مەن بۇ ياردەمچىلەرنى پۇل خەجلەپ ياللىغان ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىكىدىن ماڭا ياردەمچى بولغان.
— مۇشۇنداق ئىشمۇ بارمۇ؟ ئۇلار كىم؟
— ئۇلارنىڭ ئىسمى چۈمۈلە، — دەپتۇ پىكدىڭ، ئاندىن ساقچى باشلىقىنىڭ چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈ-ۋاتقىنىمدا، كەنتنىڭ ئاغزىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىدا قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەرگە كۆزۈم چۈشتى، قارىسام چۈمۈلىلەرنىڭ ھەربىرى بىر تالدىن كونجۇت ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇلارنىڭ كېلىۋاتقان

تەرىپىدىكى ئىزنى بويلاپ ماڭدىم ــ دە، كۆنجۈتنىڭ كەنت ئىچىدىن
توشۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئىتتىك بېرىپ كەنت ئاھالىسىدىن
سۈرۈشتە قىلسام، بۇ يەردە زادىلا كۆنجۈت تېرىلىپ باققان ئەمەس-
كەن. مۇشۇلارغا قاراپ، بۇ كۆنجۈتلەرنىڭ كەمپۈت زاۋۇتىدىن
ئوغۇرلانغان كۆنجۈتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، جىنايەتچىلەرنىڭ
مۇشۇ كەنتتە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى سەزدىم. ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ
بارسام، چۈمۈلىلەر كۆنجۈتنى بىر دېھقان ئائىلىسىدىن ئېلىپ
چىقىۋېتىپتۇ، ئۇقۇشۇپ كۆرسەم، ئۇ دېھقاننىڭ بىر يەر ئاستى ئامبىرى
بار ئىكەن... ئېيتىپ بېقىڭا، چۈمۈلە ياردەم قىپتىمۇ؟

ئەسلىدە چۈمۈلىلەر بىر-بىرىگە خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ئۇلار
ھەرىكەت قىلغاندا، بىر-بىرىنى پۇراش ئارقىلىق ئۆزئارا ئالا-
قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر جەمەتكە تەۋە چۈمۈلىلەردە شۇ
جەمەتكە خاس بىر خىل پۇراق بولۇپ، خەۋەر يەتكۈزگۈچى بىرىنچى
چۈمۈلە ئۇۋىسىغا قايتىپ ماڭغاندا، يول بويى بىر خىل پۇراق
قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. بۇ چۈمۈلە يول باشلاپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ،
ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى پۇراق بويىچە
خاتالاشماي ئۇدۇل بېرىپ ئوزۇقلۇق تاپالايدۇ. بۇ ئەنزىدىكى
چۈمۈلىلەرنىڭ قاتارلىشىپ مېڭىپ كۆنجۈت يۆتكىشىدىكى سەۋەب،
ئامباردىكى كۆنجۈت تاغارلىرىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان.

چوڭ رازۋېتچىك پىكدې مۇشۇنچىلىك بىئولوگىيە بىلىمىگە ئىگە
بولمىغان، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلمىغان بولسا، بۇ "كىچىك
ياردەمچىلەر"نىڭ ياردىمىگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى، شۇنداق
ئەمەسمۇ؟

# ئاسما چىراغىنىڭ ئىلھامى

گالىلېي (1564 — 1642) ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى، ئۇ ياش چېغىدا كاتولىك دىنى مۇرىتى ئىكەن.

گالىلېي بىركۈنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن پىسا چېركاۋىغا بېرىپتۇ. ھەيۋەتلىك، ئازادە بۇ چېركاۋدا ئەر، ئايال كاتولىك مۇرىتلىرى يەردە يۈكۈنۈشۈپ ئولتۇرۇپ، بىردەم پوپنىڭ ئىنجىل تەپسىرىنى ئاڭلىسا، بىردەم دۇئا-تەگبىر قىلىشىپ، مۇناجات ئوقۇشۇپتۇ. 19 ياشلىق گالىلېي ئاستا-ئاستا بۇ ئىشلارنىڭ قىلچە مەنىسى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ-دە، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ھالدا تۆت ئەتراپىغا قارىغىلى تۇرۇپتۇ. چېركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان مىس ئاسما چىراغ بىردىنلا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئۇ بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، ئاسما چىراغنىڭ ئىشكىنىڭ تۆشۈكىدىن كىرگەن شامالدا لىڭشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى — ئاسما چىراغنىڭ لىڭشىش دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئىشىكتىن يەنە شامال كىرىپتىكەن، ئاسما چىراغ تازا بەك لىڭشى-غىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ گالىلېي ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ سانىغىلى باشلاپتۇ: بىر، ئىككى، ئۈچ... ئاسما چىراغنىڭ لىڭشىشى ئۇ ياقتىن بۇ ياققا جەمئىي 20 قېتىم داۋاملىشىپتۇ. ئاسما چىراغنىڭ لىڭشىش دەرىجىسى كىچىكلىگىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ

تومۇرىنى تۇتۇپ يەنە ساناپتىكەن، ھەر قېتىمقى لىڭشىش يەنىلا 20 قېتىمغا يېتىپتۇ. "ئەسلىدە ئاسما چىراغنىڭ ھەربىر لىڭشىشىغا كېتىدىغان ۋاقىت ئوخشاش بولىدىكەن-دە" دەپ ئويلاپتۇ ئۇ چىدە.

گاللىي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ھېلىقى ئۇ ياقتىن بۇ ياققا لىڭشىپ تۇرغان ئاسما چىراغ ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەپتۇ.

ئۇ بىر تال شوينىغا ئېغىر بىرنەرسىنى ئېسىپ لىڭشىتىپ كۆرۈپتىكەن، مۇنداق بىر ھادىسىنى بايقاپتۇ: بىر قېتىملىق لىڭشىشقا كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئېسىلغان نەرسىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئالاقىسى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت لىڭشىش ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇ قايتا-قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى تەۋرەشنىڭ تەڭ ۋاقىتچانلىقى قانۇنىنى كەشىپ قىپتۇ.

كېيىن گوللاندىيىلىك ئالىم ھېيلىستىن ھېيگىنىس مۇشۇ قانۇنغا ئاساسەن، توغرا ماڭىدىغان مېخانىكىلىق سائەتلەرنى كەشپ قىپتۇ.

## پىسا قىيپاش مۇنارىدىكى سىناق

1590-يىلى بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى 25 ياشلىق ئىتالىيە ئالىمى گاللىي مەزمۇت قەدەملەر بىلەن 50 مېتر ئېگىزلىكتىكى پىسا مۇنارىغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇڭ قولىغا ئون قاداق ئېغىرلىقتىكى بىر تۆمۈر شارىكچىنى، سول قولىغا بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى بىر تۆمۈر شارىكچىنى ئېلىپ، قىيپاش مۇناردىن جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈشىنى سىناق قىلىپ، مەشھۇر قەدىمكى يۇنان ئالىمى ئارىستوتېلنىڭ مەلۇم بىر نەزەرىيىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ.

ئارىستوتېلنىڭ بۇ نەزەرىيىسى —
جىسىم قانچە ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ چۈشۈشى شۇنچە تېز بولىدۇ، جىسىملارنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى جىسىملارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. مەسىلەن، ئون قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شارىكچە بىلەن بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شارىكچىنى بىر لاۋاقتىتا ئېگىزدىن تۆۋەنگە تاشلىغاندا، ئون قاداق ئېغىرلىقتىكى شارىكچە چوقۇم بالدۇر يەرگە چۈشىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ سۈرئىتى بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى شارىكچىغا قارىغاندا ئون ھەسسە تېز بولىدۇ.

گاللىي بۇ نەزەرىيىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىپ يۈرگەن ئىكەندۇق. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەردە ئارىستوتېلنىڭ بۇ نەزەرىيىسى توغرا بولىدىغان بولسا، مۇشۇ بويىچە يەكۈن چىقارغاندا، يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شارىكچىنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى بىر قاداق تۆمۈر شارىكچىنىڭكىدىن يۈز ھەسسە تېز بولغان بولىدۇ، لېكىن رېئال تۇرمۇشتا ئەھۋال بۇنداق ئەمەس.

— نېمە دېدىڭىز، — دەپتۇ بىرەيلەن ھەيران بولغان ھالدا ئۇنى ئەيىبلەپ، — سىز ئارىستوتېلغا ھەممىدىن بەك چوقۇنىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىزغۇ؟ ئەمدى نېمىشقا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلىسىز؟

— راست ئېيتىسىز، مەن ئارىستوتېلغا چوقۇنىمەن، ئۇنىڭ مول بىلىمگە قايىلمەن، ئۇنىڭ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا دادىل ئىزدىنىدىغان ئىلمىي، ئالغا بېسىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. لېكىن ئۇلۇغ ئادەملەردىمۇ چەكلىمىلىك بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە گېپى ھەقىقەت بولۇۋەرمەيدۇ. ھازىر مەن ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيىسىنى،

يەنى يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شاركچە بىلەن بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شاركچىنى بىرلا ۋاقىتتا ئېگىزدىن يەرگە تاشلىغاندا، يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچە بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىغا قارىغاندا تېز چۈشىدۇ دېگەن نەزەرىيىسىنى رەت قىلىشقا ھەقلىق. ئەگەردە يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر شاركچە بىلەن بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىنى بىر-بىرىگە چېتىپ، ئېگىزدىن تۆۋەنگە تاشلايدىغان بولساق، ئارىستوتېلنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا، مۇنداق ئىككى يەكۈن چىقىدۇ: بىرسى، بۇ ئىككى شاركچىنى بىر-بىرىگە چاتقاندا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىغا قارىغاندا بىر قاداق ئېغىر بولىدۇ، شۇڭا، بۇنىڭ يەرگە چۈشۈشى يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىغا قارىغاندا تېز بولۇشى كېرەك؛ يەنە بىرسى، بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىنى يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچە بىلەن چېتىپ يەرگە تاشلايدىغان بولساق، بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچە يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىغا قارىغاندا ئاستا چۈشكەنلىكتىن، بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى جەزمەن يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىنىڭ چۈشۈش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ قويىدۇ، نەتىجىدە، بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇلغان ئىككى شاركچە يۈز قاداق ئېغىرلىقتىكى شاركچىدىن كېيىن يەرگە چۈشۈشى كېرەك. بۇ ئىككى خىل تەھلىل ئارىستوتېلنىڭ نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغىنى بىر-بىرىگە زىت بولغان ئىككى خىل يەكۈن. بىر نەزەرىيىدىن چىقىدىغان يەكۈنلەر ئۆزئارا زىت بولىدىكەن، ئۇ نەزەرىيە چوقۇم خاتا بولغان بولىدۇ، — دەپتۇ گالىلېي.

ۋاھالەنكى، بىرمۇنچە ئىلاھىشۇناسلار، پەيلاسوپلار ۋە فىزىكلار گالىلېينى ئەيىبلەپ، "تەلۋە" دېيىشىپتۇ، شۇنىڭدەك

"دانىشمەنلەردىن گۇمانلىنىش ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولىدۇ"...
دەپتۇ.

گالىلېي بۇنىڭغا تىز پۈكمەپتۇ، شۇڭا ئۇ پىسا مۇنارىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئەمەلىيەت بىلەن ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ. مۇنارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە نەچچە مىڭ كىشى ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

مىڭلىغان كۆزلەر تىكىلىپ تۇرغاندا، گالىلېي چوڭقۇر بىر تىنىۋې-لىپ، قولىدىكى ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۆمۈر شارچىنى بىرلا ۋاقىتتا تۆۋەنگە قارىتىپ ئىتتىرىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۇنىنى چىقارماي، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

— ئاللا كارامەت، ئىككى شارچە يەرگە تەڭ چۈشتى.

— ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان جىسىملارنىڭ چۈشۈش سۈرئىتى ئوخشاش بولۇپ چىقتى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىستوتېلنىڭ چۈشكەن جىسىم توغرىسىدىكى يەكۈنى بىردىنلا ئاغدۇرۇلۇپتۇ.

گالىلېي پىسا مۇنارىدىن چۈشكەندە، قىزغىنلىقتا چۆمگەن ياش ئوقۇغۇچىلار ئۇنى كۆتۈرىۋاپتۇ-دە، بىرلىكتە يېڭى نەزەرىيىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىپتۇ.

## تېرمومېتىرنىڭ دۇنياغا كېلىشى

گالىلېي ۋېنىېتسىيەدىكى بىر داشۆدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ بىركۈنى ئوقۇغۇچىلارغا تەجرىبە دەرسى ئۆتىۋاتقاندا،

تەجرىبە قىلغاچ ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:

— سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىگەندە، بولۇپمۇ سېلسىيە يۈز گرادۇس ئەتراپىغا چىققاندا، نېمىشقا قاچىدىكى سۇ ئۆرلەيدۇ؟

— چۈنكى بۇ چاغدا سۇنىڭ ھەجمى ئارتىپ، ئىسسىقتىن كېڭىيىدۇ-دە، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوقۇغۇچىلار.

— سۇ سوۋۇغاندىن كېيىنچۇ؟

— سۇ سوۋۇغاندا ھەجمى تارىيىدۇ-دە، ئاندىن تۆۋەنلەيدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابىنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق ئىدى. بۇ چاغدا گالىلېينىڭ كاللىسىغا بىر ئىش كەپتۇ. بىر قېتىم بىر دوختۇر ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ: "گالىلېي ئەپەندىم، كېسەللەرنىڭ تېمپېرا-تۇرىسى ھامان ئۆرلەپ تۇرىدۇ، تېمپېراتۇرىنى توغرا ئۆلچەپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بەرگىلى بولارمۇ؟" دېگەنىكەن.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ قېتىمقى جاۋابى ئۇنىڭغا ئىلھام بوپتۇ. ئۇ: "سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ ھەجمىمۇ ئۆزگىرىدى-كەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، سۇ ھەجمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن نەملىكنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ تەكشۈرۈپ چىققىلى بولامدۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ.

گالىلېي تەجرىبىخانىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن دەرھاللا ئىسسىق-تىن كېڭىيىش، سوغۇقتىن تارىيىش قائىدىسىگە ئاساسەن، كۆكۈل قويۇپ سىناق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ قولى بىلەن نەيچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى تۇتۇپ، نەيچىدىكى ھاۋانى ئاستا-ئاستا ئىسسىتىپتۇ، ئاندىن تەجرىبە نەيچىسىنى سوغۇق سۇغا سېلىپ، قولىنى قويۇۋېتىپ قارىسا،

تەجرىبە نەيچىسىدىكى سۇ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ، نەيچىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن بولسا، نەيچىدىكى سۇ ئاستا ـ ئاستا بېسىلغىلى تۇرۇپتۇ. سۇنىڭ ئۆرلەش ۋە تۆۋەنلىشىگە قاراپ، نەيچە ئىچى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرىۋالغىلى بولىدىكەن، بىراق بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ دەرىجىسىنى كۆرىۋالغىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تال نەيچە بىلەن بىر قاچا سۇنى ئىشلەتكەندە، ئىش بەك مۇرەككەپ بولۇپ كېتىدىكەن.

بۇ كۈنى گالىلېي ئىنچىكە بىر تال نەيچىگە ئازراق سۇ قاچىلاپ، ئىچىدىكى هاۋانى چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن نەيچىنىڭ ئاغزىنى چىڭ بېكىتىپتۇ ـ دە، ئۈستىگە بەلگە قويۇپ چىقىپتۇ.

دوختۇر كەلگەندىكەن، ئۇ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىغان بۇ نەيچىنى كېسەلنىڭ قولتۇقىغا قىستۇرغۇزۇپتۇ. قارىسا نەيچىنىڭ ئىچىدىكى سۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ ـ دە، ئادەم بەدىنىنىڭ نورمال تېمپېراتۇرىسىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، يەنە ئۆرلىگىلى تۇرۇپتۇ...

ئىش نەتىجىلىك بوپتۇ، گالىلېينىڭ چىرايىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە ئىپادىلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، تۇنجى تېرمومېتىر ئاخىر دۇنياغا كەپتۇ.

## سائەت بىناسىدىكى زەھەرلىك يىگنە

گالىلېينىڭ مارىيە ئىسىملىك ئامراق قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر مۇناستىردا مۇناخ بولۇپ ئىشلەيدىكەن. گالىلېي قىزىنى كۆرگىلى بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن.

بىركۈنى مارىيە گالىلېيغا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. خەتتە مۇنداق

يېزىلغان:

— تۇنۇگۇن سەھەردە، مۇناخ سوفىيە ئىگىز سائەت بىناسىنىڭ بالكونىدا ئۆلۈك يېتىپتۇ. ئوق كۆزى ئۈزۈنلۈقى تەخمىنەن بەش سانتىمېتر كېلىدىغان ناھايىتى ئىنچىكە بىر تال زەھەرلىك يىڭنە بىلەن زەخمىلەنگەن. قان يۇقى بۇ زەھەرلىك يىڭنە ئۇنىڭ جەسىتى يېنىدا تۇرۇپتۇ. بەزىلەر ئۆزى بۇ زەھەرلىك يىڭنىنى تارتىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆلگەن دېيىشۋاتىدۇ. سائەت بىناسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىشىكى تاقالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، شامال ئىشىكنى ئېچىۋەتمەسۇن دەپ، سوفىيە بىناغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئۆزى ئېتىپ قويغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا، قاتىلنىڭ بىناغا كىرەلىشى زادى مۇمكىن ئەمەس. بالكون سائەت بىناسىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە، جەنۇبقا قاراپ تۇرىدۇ، يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 15 مېتر كېلىدۇ. تۆۋىنى دەريا بولۇپ، قىرغاقىچە بولغان ئارىلىقى 40 مېتر كېلىدۇ. تۇنۇگۇن شامال قاتتىق چىققان، قاتىلنىڭ قىرغاقتا تۇرۇپ زەھەرلىك يىڭنىنى سوفىيىنىڭ كۆزىنى چەللەپ ئېتىپ تەگكۈزەلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. باش مۇناخ سوفىيە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دەۋاتىدۇ. ئەمما، ساداقەتمەن سوفىيىنىڭ دىنىي قائىدىگە خىلاپ ھالدا مۇشۇنداق غەلىتە ئۇسۇل بىلەن ئۆلۈۋېلىشى مۇمكىنمۇ؟...

گالىلى خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، قىزىنى يوقلاش ئۈچۈن مۇناستىرغا بېرىپتۇ.

— مانا مۇشۇ سائەت بىناسى، بالكوننى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ مارىيە مۇناستىرنىڭ ئارقا ھويلىسىدا سائەت بىناسىدىكى بالكوننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

سائەت بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرى بەك تىك بولغاچقا، گاللىي بىناغا چىقالماي، تۆۋەندە تۇرۇپ بالكوننىڭ ئىگىزلىكى بىلەن دەريا-نىڭ قىرغىقىغىچە بولغان ئارىلىقنى كۆز چېنىدە ئۆلچەپ كۆرۈپ، قاتىلنىڭ قىرغاقتا تۇرۇپ زەھەرلىك يىڭنىنى ئېتىپ تەگكۈزەلىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىپتۇ.

— خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپتۇ مارىيە، — ئۇ سىزنىڭ يەر ھەرىكىتى تەلىماتىڭىزغا بەك قىزىقىدىكەن، ھېلىقى چەكلەنگەن «ئاسترونومىيە توغرىسىدا سوئال -جاۋاب» دېگەن كىتابىڭىزنىمۇ ئوغرىلىقچە كۆرگەنىكەن. ئەگەردە باش مۇناخ كۆرۈپ قالغان بولسا، مۇناستىردىن قوغلانغان بولاتتىكەندۇق. ئۇ ئۆگىنىشكە تولىمۇ قىزىقات-تى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باتۇر قىز ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ چوقۇم يۇلتۇزلارغا ۋە ئايغا قاراش ئۈچۈن سائەت بىناسىغا چىققان بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟ يەنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلار بارمۇ، يوق؟

— سوفىيە ناھايىتى باي ئائىلىنىڭ قىزى. ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا بىر ئىنىسى بار ئىدى، بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە، سوفىيە ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسىنىڭ ھەممىسنى مۇناستىرغا ھەدىيە قىلماقچى بولدى. ئەمما ھېلىقى ئانا باشقا ئىنىسى بۇنىڭغا قارشى تۇردى، ھەتتا ئۇنى قورقۇتۇپ، مۇشۇنداق قىلسەمەن دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولساڭ، ئەرز قىلىپ ۋارىسلىق ھوقۇقۇڭدىن مەھرۇم قىلىۋېتىمەن، دېدى. ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئىنىسى ئۇنىڭغا كىچىك بىر خالتا ئەۋەتىپتىكەن، ئېھتىمال ئۇ

ناھايىتى مۇھىم ياكى تولىمۇ قىممەتلىك نەرسە بولسا كېرەك. بۇگۇن ئۇنىڭ ئۆيىنى يۇغۇشتۇرۇپ قارىساق، ھېلىقى كىچىك خالتا يوق. قاتىل ئۇنىڭدىكى مۇشۇ كىچىك خالتىنى ئوغۇرلاش ئۇچۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ، قانداق؟

گالىلې سائەت بىناسىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەرياغا قاراپ، ئويلىدى:

— دەريانى ئاختۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئېھتىمال ئۇ يەردىن بىر دۇربۇن تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دەپ پىچىرلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، مارىيە يۇگۇرگەن پېتى ئالدىراپ كېلىپ، گالىلېغا:

— ئاتا، تاپتۇق. مۇشۇ شۇمۇ؟ — دەپتۇ-دە، 47 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان بىر دۇربۇننى چىقىرىپتۇ، — ئىشىك باققۇچى سۇ ئاستىدىن تېپىپ چىقتى، بۇنى چوقۇم ئىنىسى سوفىيىگە ئەكىلىپ بەرگەن، چۈنكى بۇرۇن ئۇنىڭدا بۇنداق بىر دۇربۇننىڭ بارلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن. بىراق، بۇنىڭ قاتىل بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

گالىلې دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ، تازا زەڭ سېلىپ قارىغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— راست دېگەندەك ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى. سوفىيەنىڭ ئىنىسى دۇربۇننىڭ كۆرىدىغان تۆشۈكىگە زەھەرلىك يىڭنە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىغان. شۇ كۈنى كەچتە، سىلەر ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، سوفىيە تۇيدۇرماي سائەت بىناسىنىڭ بالكونىغا چىققان-دە، مۇشۇ دۇربۇن بىلەن يۇلتۇزلارنى كۆزەتمەكچى بولغان. ئۇ كۆزىنى دۇربۇننىڭ تۆشۈكىگە توغرىلاپ بولغاندىن كېيىن، دۇربۇننىڭ

پوكسنى توغرىلاش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەڭشىگۈچنى تەڭشى-گەن. بۇ چاغدا، پورژىنا زەھەرلىك يىڭنىنى ئىتتىرگەن-دە، يىڭنە كۆزنى زەخملەندۈرگەن. سوفيىە قاتتىق چۆچۈگەنلىكتىن، دۈربۈن قولىدىن سىرىلىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن. سوفيىە كۆزىنىڭ ئاغرى-غىنىغا قارىماي، كۆزىدىكى يىڭنىنى تارتىپ ئالغان.

— ئۇ نېمىشقا باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرمايدۇ؟

— ئۇ مېنىڭ ھېلىقى «ئاسترونومىيە توغرىسىدا سوئال-جاۋاب» دېگەن چەكلەنگەن كىتابىمنى كۆرگەندىن كېيىن، يەر ھەرىكىتى تەلىماتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزەتمەكچى بولغان. بۇ ئىشنى باش مۇناخ بىلىپ قالسا ھەرگىز بولمايتتى، شۇڭا ئۇ باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرمىغان. ئۇ زەھەرلىك يىڭنىنى تارتىپ چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يارىسىنى داۋالىماقچى بولغاندۇ. ئەمما زەھەر تېز تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئامال بولمىغان.

كېيىن ئەمەلىيەت سوفيىەنىڭ ئىنىسىنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

## ئالتۇن جاۋۇر

بۇرۇنىسىدا، ئەنگلىيىدە بىر دېھقان تۇرمىگە قامىلىپتۇ.

ئەمما ئۇ ئەسكى ئادەم ئەمەسكەن، قىلغان ھېچقانداق يامان ئىشمۇ يوقكەن. ئۇنىڭ قامىلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، شۇ چاغدا پادىشاھ ئۇرۇشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەۋەسىدىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىگە پۇل چاچقانىكەن. ئۇ دېھقانىنىڭ بەرگۈدەك ھېچنەرسىسى بولمىغاچقا، پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كەلگەندە دېھقان ئۇلارغا:

— مەندە بىر تىيىن پۇلمۇ يوق، كەمبەغەللىكنىڭ دەستىدىن تاماق يېيەلمەي قورساقلىرىم كوركىراپ كەتتى، — دەپتۇ.

— سېنى بەك باي دېيىشىدۇ، سەندە بىر ئالتۇن جاۋۇر بار ئىكەن، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى كۈلۈشۈپ كېتىپ. ئۇلار ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئاقتۇرۇپتۇ، لېكىن پۇلغا يارىغۇدەك ھېچنەرسە تاپالماپتۇ. شۇڭا ئۇلار دېھقاننى قولغا ئېلىپ، تۇرمىگە قاماپ قويۇپتۇ. ئۇلار دېھقانغا:

— ئالتۇن جاۋۇرنى تاپشۇرماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن دەپ ئويلىما، — دەپتۇ.

بىچارە دېھقان ئەكمۇ قايغۇرۇپتۇ، ئۆزى تۇرمىدە بولغان بىلەن، ئېتىزدىكى زىرائەتلىرىدىن ئەنسىرەپتۇ، چۈنكى ئائىلىسىدە بىرلا خوتۇنىدىن باشقا ئەمگەك كۈچى بولمىغاچقا، يەرلىرىنى تېرىيدىغانغا ئادەم يوق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ خوتۇنىدىن خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ، خەتتە مۇنداق يېزىلغانىكەن:

— ئەتىياز كېلەي دەپ قالدى، تېرىمچىلىق ئىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

دېھقان ئىنتايىن مەيۈسلەنگەن ھالدا خەتنى ئوقۇپتۇ-دە، ئويلاپتۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ كېيىن ئۇ ئوبدان بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا يەرلەرنى ئاغدۇرماسلىق توغرىسىدا خەت يېزىپتۇ. خەت مۇنداق يېزىلىپتۇ:

— مېنىڭ ئالتۇن جاۋۇرۇم ئېتىزغا كۆمۈلگەن، مەن ئۇقتۇرۇش قىلماستىن بۇرۇن، ياڭيۇ تېرىماي تۇرۇڭلار.

دېھقان خەتنى گۈندىپايغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— بۇ خەتنى خوتۇنۇمغا بېرىپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

گۇندىپايىلارنىڭ جىنايەتچىلەرگە كېلىپ ۋە جىنايەتچىلەردىن چىقىپ تۇرىدىغان خەت - چەكلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كۆرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇلار دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ ئېرىگە يازغان خېتىنى ئوقۇغانىكەن، ئەمدى دېھقاننىڭ خوتۇنىغا يازغان جاۋاب خېتىنى كۆرۈپتۇ - دە، خۇشاللىقىدىن:

— قارىغاندا، بۇ دېھقان راست باي ئىكەن، ئالتۇن جاۋۇرنىڭ ئېتىزغا كۆمۈلگەنلىكىنى ئوچۇق يېزىپتۇ، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

— بىراق ئۇنىڭ قايسى ئېتىزغا كۆمۈلگەنلىكىنى دېمەپتۇ، — دەپتۇ باشقا بىر گۇندىپاي، — بۇ دېھقاننىڭ يېرى شۇنچە كۆپ تۇرسا.

— چاتاق يوق، — دەپتۇ بىرىنچى گۇندىپاي، — ئۇنىڭ ئالتۇن جاۋۇرنىڭ ئېتىزغا كۆمۈلگەنلىكىنى بىلگەندىكىن بولدى.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، دېھقان خوتۇنىدىن ئىككىنچى پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ، خەتتە مۇنداق دېيىلىپتۇ:

— غەلىتە ئىش بولدى — بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن بەلچە كۆتۈرۈشۋالغان ئون ئادەم كېلىپ يەرلەرنى چاناپ، پۇتۇنلەي بىر قېتىمدىن ئاغدۇرۇپ چىقىپ، ئاندىن كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قالدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇقالمىدىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرنەرسە ئىزدىگەندەك تۇرىدۇ، قانداق قىلىمىز؟

دېھقان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئاندىن دەرھال خوتۇنىغا جاۋاب خەت يېزىپتۇ:

— ئۇ ئادەملەر يېرىمىزنى ئاغدۇرۇپ بېرىپتۇ، ئەمدى ياڭيۇنى تېرىساڭلار بولىدۇ.

# ئۆزىنى سۆزلىتىش

ئەنگلىيىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن:

بىركۈنى بىر كەمبەغەل ئاتلىق سىرتقا چىقىپتۇ. چۈش مەزگىلى بولغاندا ئۇساپ تاماقلىرى قۇرۇپ، قورسىقى ئېچىپتۇ، ئۇ ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا بىر باي كېلىپ، ئۇمۇ ئېتىنى شۇ دەرەخكە باغلاپتۇ.

— ئېتىڭىزنى ئۇ دەرەخكە باغلىماڭ، مېنىڭ ئېتىم كۆنمىگەن شاشراق ئات، ئېتىڭىزنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، — دەپتۇ ھېلىقى كەمبەغەل ئادەم.

— ئېتىمنى قەيەرگە باغلىغۇم كەلسە، شۇ يەرگە باغلايمەن، — دەپتۇ ھېلىقى باي. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ ئېتىنى ئاشۇ دەرەخكە باغلاپتۇ-دە، ئولتۇرۇپ غىزالانغىلى تۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئاتلارنىڭ قورقۇنچلۇق كىشنەشلىرىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئىككى ئاتنىڭ تېپىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ، بىراق ئۈلگۈرەلمەپتۇ، قارىسا ھېلىقى باينىڭ ئېتى ئۆلۈپ بولغانىكەن.

— ئېتىڭىزنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆردۈڭمۇ، ئەمدى ماڭا بىر ئات تۆلەپ بېرىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ باي ھېلىقى كەمبەغەلنى سوتقا سۆرەپ.

— ئېتىڭ راستتىن ئۇنىڭ ئېتىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويدىمۇ؟ — سوراپتۇ سوتچى كەمبەغەلدىن.

كەمبەغەل جاۋاپ بەرمەپتۇ. سوتچى كەمبەغەلدىن يەنە بىرمۇنچە

نەرسىلەرنى سوراپتىكەن، كەمبەغەل لام-جىم دېمەي تۇرۇۋاپتۇ.

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئامال، ئۇ گەپ قىلالمايدىغان گاچا بىرنېمىكەن، — دەپتۇ سوتچى ئىلاج قىلالماي.

— مەن باياتىن ئۇنى كۆرگىنىمدە، ئۇ ماڭا گەپ قىلغانىدى، — دەپتۇ ھېلىقى باي ھەيران بولغان ھالدا.

— راستتىن گەپ قىلغانمۇ؟ ئۇ نېمە دېگەن؟

— ئەلۋەتتە راست، ئۇ، ئېتىم باغلانغان دەرەخكە ئېتىڭىزنى باغلىماڭ، مېنىڭ ئېتىم تېخى كۆندۈرۈلمىگەن شاش ئات، ئۇ يەرگە باغلايدىغان بولسىڭىز، ئېتىڭىزنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، دېگەن.

— ماۋۇ گەپنى قاراڭ! — دەپتۇ سوتچى، — مۇشۇ بويىچە بولغاندا، سىزنىڭ دەۋا قىلىشىڭىز يولسىزلىق بوپتۇ، چۈنكى ئىشتىن بۇرۇن ئۇ سىزنى ئاگاھلاندۇرغانىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ سىزگە ئات تۆلەپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇ چاغداسوتچى كەمبەغەلگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن سورالغان گەپلەرگە جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى سورىغانىكەن، كەمبەغەل مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىزنىڭ بايلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدىغانلىقىڭىزنى، كەمبەغەلنىڭ بىر ئېغىز گېپىگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. بۇ بىر سەۋەب. يەنە بىر سەۋەب، ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇ ئۆزى سۆزلىسۇن دەپ جىم تۇرۇۋالدىم. مانا قاراڭ، كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشمىدىمۇ؟!

## سوپۇن ماغزىپىدىكى يېڭىلىق

نيۇتوننىڭ بەلچە كۆتۈرىۋالغان دادىسى پۈتۈن دىققىتى بىلەن مامىكاپ غولىدا سوپۇن ماغزىپىنى پۈۋلەپ ئوينىۋاتقان ئوغلىغا دەپتۇ:

— ئوغلۇم، تېزرەك بېرىپ پۈرچاقنىڭ ئوتلىرىنى ئوتىۋەتكىن، چوپ-چوڭ ئادەم بولۇپ قالغاندا، كىچىك بالىلاردەك ئوينىسا بولامدىكەن.

— دادا، بۇنىڭغا قاراڭ، سوپۇن ماغزاپلىرى قوياش نۇرىدا ئالا-يېشىل كۆرۈنىدىكەن، ئۇنىڭدا رەڭلەرنىڭ ھەممە خىلى بار.

— بۇنىڭ ھەيران بولغىچىلىك نېمىسى بار، ماغزاپ دېگەن ئۆزى شۇنداق نەرسە.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇنىڭ داۋلىسى بار، بۇ قوياش نۇرىنىڭ بىرلا خىل رەڭدە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— سوپۇن ماغزىپىنىڭ قوياش نۇرى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟ قوياش نۇرىنىڭ ئاق ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ سارائىلىق قىلماي ئىشىڭغا بارغىن بالام.

— مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، بۇنى تازا ئويبىدان تەتقىق قىلىپ كۆرمىسەم بولمايدۇ.

كىچىكىدىن تارتىپ ئىشتىن باش تارتمايدىغان نيۇتون بىرەر ئىشنى چۈشەنمەي قالغاندا، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئېنىقنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلمىغىچە، زادىلا ئۇ ئىشتىن قول ئۈزمەيتتى.

شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا كامبرىگىي داشۆسىنى پۈتتۈرگەنىدى، ئەمما ئۆتكۈر يۇقۇملۇق ۋابا لوندوننى قاپلاپ كەتكەچكە، يۇرتىغا قايتىپ

كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئىككىنچى كۈنى، ھاۋا يەنە شۇنداق ئوچۇق، قوياش نۇرى يەنىلا شۇنداق ئىللىق. نيۇتون كېچىچە ئويلاپ چىقتى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قوياش نۇرى كارۋىتىنىڭ بېشىغا چۈشكەنىدە، ئۇ ئاق قوياش نۇرىنىڭ سىرىنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىشقا بەل باغلاپتۇ-دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كارۋاتتىن چۈشۈپ، لازىملىق نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ، يېڭى تەجرىبىنى باشلاپتۇ.

ئۇ يىغىۋالغان تەجرىبە ئەسۋابلىرى ئىچىدە دانە-دانە ئەينەك پارچىلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن، چۈنكى، نيۇتون سوپۇن ماغزىپىمۇ ئىچى كاۋاك ئەينەك شارىكچىنىڭ ئۆزى، سوپۇن ماغزىپى قوياش نۇرىدا نەچچە خىل رەڭلىك بولۇپ كۆرۈنگەن يەردە، قوياش نۇرى چۈشۈرۈلگەن ئەينەك پارچىدىمۇ نەچچە خىل رەڭ كۆرۈنۈشى كېرەك دەپ قارايدىكەن.

نيۇتون دەرىزە ئالدىدا تۇرۇپ سوپۇن ماغزىپىنى پۈۋلىگەچ، قولىدىكى ئەينەك پارچىسىنى دەرىزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىپتۇ. لېكىن ئۇ ئەينەك پارچىسىدىن بىرنەچچىسىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن زادىلا ھەر خىل رەڭ كۆرۈنمەپتۇ. قوياش نۇرى ئاستىدىكى سوپۇن ماغزىپىدىن بولسا، ئالا-يېشىل رەڭلەر كۆرۈنۈپتۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەجەبا، مېنىڭ ھۆكمۈم خاتا بولدىمۇ؟ نيۇتون ئۆزىگە سوئال قويغىلى تۇرۇپتۇ.

نيۇتون بىر ئاز تاقەتسىزلىنىپ تۇرغاندا، قانداقتۇ قولىغا بىر پارچە ئۈچ قىرلىق ئەينەك چىقىپ قاپتۇ، ئۇ بۇ ئەينەكنى قوياش نۇرىغا تۇتۇپ ئۇ يان-بۇ يان مىدىراتقان ئىكەن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۆجىزە

پەيدا بوپتۇ: ھېلىقى ئۈچ قىرلىق ئەينەكتە سوپۇن ماغزىپىدا كۆرۈنگەنگە ئوخشاش مەنزىرە كۆرۈنۈپتۇ. ھەتتا بۇنىڭدا كۆرۈنگەن رەڭلەر قوياش نۇرى ئاستىدىكى ماغزاپتا كۆرۈنگەنگە قارىغاندا تۇراقلىق ۋە تېخىمۇ ئېنىق چىقىپتۇ. نيۇتون ئالدىراپ ئۇنىڭدىكى رەڭنى سانىغىلى باشلاپتۇ:

— پاھ! مانا قىزىل، پو رەڭ، سېرىق، يېشىل، كۆك، نىل رەڭ، سۆسۈن جەمئىي يەتتە خىل رەڭ. شۇنداق، قوياش نۇرىدا يەتتە خىل رەڭ بار ئىكەن.

نيۇتون ئۆزىنىڭ تاپقان بۇ يېڭىلىقىدىن خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىپتۇ. لېكىن يەنىمۇ ئوبدانىراق ئويلىنىپ قاپتۇ. ئاق نۇر يەتتە خىل رەڭگە تارقالغان يەردە، يەتتە خىل رەڭنى بىر يەرگە يىغسا، بۇنىڭدىن ئاق نۇر پەيدا بولماسمۇ؟

ئۇ يەنە ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپتۇ-دە، بىر دانە كۆپۈنكى لىنزىنى ئۈچ قىرلىق ئەينەك پارچىسى بىلەن ئاق قەغەز ئارىسىغا قويغانىكەن، شۇ ھامان ئۇ كۆزلىگەن ئۈنۈم كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى ئۈچ قىرلىق ئەينەكتە پارچىلىنىپ كۆرۈنگەن يەتتە خىل رەڭدىكى نۇر بىر يەرگە يىغىلىپ، ئاق قەغەز ئۈستىدە بىر ئاق نۇر بەلبېغى پەيدا بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، نيۇتون ئەڭ ئاددىي سوپۇن ماغزىپى ئۈستىدە ھارماي-تالماي ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى ئوپتىك فىزىكىدىكى ئىنتايىن موھىم بىر قائىدىنى — نۇرنىڭ رەڭلەرگە ئاجرىلىشى ۋە يىغىلىشى قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ.

## رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان گۈل

دادىسى دارۋىننى كۆپ ئىزدەپتۇ، ئۇنىڭ بۇ قوزىچىقى زادىلا ئۆيدە جىم ئولتۇرالمايدىكەن. ھازىر ئۇنىڭ نەلەردە سەكرەپ يۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

مانا، ئۇ ھازىر دەرەخكە چىقىۋېلىپ، ھاشارات تۇتقىلى تۇرۇپتۇ.

— دادا، تېزرەك كېلىڭ، قاراڭ بۇنىڭغا، ئاجايىپ قۇرۇت ئىكەن، — دەپتۇ دارۋىن دەرەختە تۇرۇپ ۋارقىراپ. ئۇ راستتىن ئادەتتە كەم ئۇچرايدىغان ئىككى قۇرۇتنى ئۇچراتقان ئىكەن، ئۇ ئالدىراپ بېرىپ ئىككى قولدا ئىككى قۇرۇتنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا تېخىمۇ ئاجايىپ بىر قۇرۇت ئۇچۇپ كەپتىكەن، ئۇ شۇ ئان ئوڭ قولىدىكى قۇرۇتنى ئاغزىغا سېلىپ، قولىنى بوشۇتۇپتۇ-دە، بۇ قولى بىلەن ھېلىقى ئۇچۇپ كەلگەن قۇرۇتنى تۇتۇۋاپتۇ. ھېلىقى قۇرۇت ئۇنىڭ ئاغزىدا جىم تۇرماي ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا سەكرىسىمۇ، ھەتتا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاچچىق سېيىۋەتسىمۇ، ئاغزىنى زادىلا ئاچماپتۇ.

— تېز قايتىپ چۈش، يىقىلىپ چۈشىسەن، — دەپتۇ دادىسى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ.

بالا دارۋىن بۇ ئاجايىپ قۇرۇتلارنى بىر قۇر تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، باغچىغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى گۈل-گىياھلارنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: تەبىئەتنى دەرسخانا قىلىمەن، كەلگۈسىدە ئالىم بولىمەن. ئالىم بولۇش ئۈچۈن قۇرۇت-قوڭغۇزلار، گۈل-گىياھلار-نى "تەتقىق" قىلىپ كۆرۈشۈم كېرەك، دەپتۇ.

قىش ئۆتۈپ باھار كەپتۇ. ئۇنىڭ باغچىسىدىكى گۈل-گىياھلار يوپيۇرماق چىقىرىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ "تەتقىقات" نەزىرى باغچىدىكى ئېچىلىپ كەتكەن ئاق، سېرىق ئاق چېچەك (باھار ئەلچىسى)لەرگە تاشلىنىپتۇ. ئۇ دادىسىدىن ئاق چېچەك ئاق، سېرىق ئىككى خىل رەڭدە بولىدۇ، دەپ ئاڭلاپتىكەن. شۇڭا ئۇ ئىچىدە: بۇ گۈل بىرنەچچە خىل رەڭدە ئېچىلسا، نېمىدېگەن ياخشى ئىش بولغان بولاتتى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ باغچىغا كىرىپ، ئىللىق قوياش نۇرىغا قاخلىنىپ ياتقىنىكەن، كۆز ئالدىدىن ئاجايىپ خىياللار ئۆتۈشكە باشلاپتۇ: باغچىدىكى ئاق چېچەك بىردەم ئاق، بىردەم قىزىل، بىردەم كۆك، بىردەم سېرىق، بىردەم سۆسۈن، بىردەم قارا... كۆرۈنگىلى تۇرۇپتىكەن، ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ كېتىپتۇ-دە، باغچىدا گۈللەرنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— دادا، مەن گۈللەرنى قايسى رەڭدە ئېچىل دېسە، شۇ رەڭدە ئېچىلىدىغان قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ھەي، خىيالپەرەس ئوغلۇم، بۇ خىيالىڭغۇ بولىدىكەن، بىراق تەبىئەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنىيىتى بولىدۇ، سەن قانداق قىلىپ ئۇ گۈلنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلەيسەن؟ — دەپتۇ دادىسى ئۇنىڭ بۇرنىغا چېكىپ قويۇپ.

— مەن ناھايىتى ياخشى، بەكمۇ ئوبدان بىر ئامال ئويلاپ قويدۇم، — دەپتۇ بالا دارۋىن رەسمى ھالدا، — مەن چوقۇم ئاق چېچەكنى قىزىل رەڭدە ئېچىلدۇرىمەن، بۇ دېگەنلىرىم راست.

— بولىدۇ، سەن ئۇنى ئۆزگەرت، راست ئۆزگەرتەلىسەڭ، ئۇ ئەنگىلىيىدە كۆرۈلگەن تۇنجى قىزىل رەڭلىك ئاق چېچەك بولىدۇ،

بۇ تولىمۇ ئېسىل ئىش بولىدۇ، ــ دەپتۇ دادىسى.

ئىككىنچى كۈنى، دادىسى باغچىدا گۈللەرنى تۈزەشتۈرۈۋاتقاندا، بالا دارۋىن راست دېگەندەك قىزىل رەڭلىك بىر ئاق چېچەكنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

ــ هوي! سەن بۇ ئاق چېچەكنى قانداق قىلىپ قىزىل رەڭگە ئۆزگەرتتىڭ؟

ــ ئەمەلىيەتتە، ــ دەپتۇ خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان بالا دارۋىن، ــ مەن بۇنى سىزدىن ئۆگەنگەن، سىز هەمىشە، گۈللەر يىلتىزى ئارقىلىق سۇ ئىچىدۇ، ئاندىن بۇ سۇنى غولى ئارقىلىق هەممە يەرگە تارىتىدۇ، دەيتتىڭىز. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئاق چېچەككە ئازراق قىزىل رەڭ ئىچكۈزسەم، رەڭ ئۇنىڭ غولى ئارقىلىق غۇنچىسىغا بارسا، گۈلى قىزىل ئېچىلامدىكىن دەپ ئۇنىڭغا قىزىل رەڭ ئىچكۈزۈشنى ئويلىدىم-دە، تۈنۈگۈن ئاق رەڭلىك ئاق چېچەكتىن بىر تال ئۈزۈپ، قىزىل رەڭ شىشىسىگە چىلاپ قويىدۇم، قارىسام بۈگۈن راستتىن ئۇنىڭ رەڭگى قىزىلغا ئۆزگىرىپتۇ.

دادىسى هەيران بولغان هالدا "تەتقىقات"نى ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىغا قاراپ، خۇشاللانغان هالدا ھېلىقى رەڭگى ئۆزگەرگەن ئاق چېچەكنى قولىغا ئېلىپ:

ــ بۈگۈن باغچىمىزدا ئاق چېچەكنىڭ يېڭى بىر سورتى پەيدا بولدى، بىزنىڭ ئەنگلىيىدە قىزىل ئاق چېچەك مەيدانغا كەلدى، ــ دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

كېيىن ئەنگلىيىدە يەنە بىر ئۇلۇغ ئالىم مەيدانغا كەپتۇ، ئۇ چارلىس لوبىي دارۋىن (1809 ــ 1882) ئىكەن.

## ھېكايە توقۇپ، قاتىلنى قورقۇتۇش

ئالىكس ئەنگىلىيىلىك ياش ئايال ئىدى. بىركۈنى ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇشغا ياردەملىشىۋاتقاندا، ئېرىنىڭ ئىش ئۈستىلى تارتمىسىدىن گېزىتلەردىن كېسىپ يۆگەپ قويغان بىرنەرسە ئۇنىڭ قولىغا چىقىپ قاپتۇ. قارىسا ئۇنىڭدا چارلېس رامېت ئىسىملىك بىر جىنايەتچىنىڭ ئەھۋالى خەۋەر قىلىنغانىكەن، ئۇ جىنايەتچى ساپلا پۇلدار ئاياللارنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن توي قىلىدىكەن-دە، ئاندىن ئامال قىلىپ خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا ئۆزى ئىگە بولىۋالىدىكەن. سوت ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تولۇق ئاساس تاپالمىغاچقا، ئۇنى قاماقتا ھۆكۈم قىلىپ، تۈرمىگە تاشلاپتىكەن. كېيىن ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئالىكس گېزىتتە خەۋەر قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ رەسىمنى ۋە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن جىنايەت ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بېشى ئايلىنىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپتۇ. ئەسلىدە بۇ جىنايەتچى ئۇنىڭ يېڭى توي قىلغان ئېرى گېلارت ماك ئىكەن.

دەل شۇ چاغدا، ئالىكس دېرىزىنىڭ سىرتىدىن بىرسىنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ، قارىسا ئېرى تۆمۈر گۈرجەك تۇتقان ھالدا سىرتتىن كىرىۋېتىپتۇ. ئالىكس ئېھتىمال ئۇ بۈگۈن مېنى ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ، ئەمما ئېرىنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ خىيالىدىن يېنىپتۇ-دە، ئېرى ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ، تېلېفوننى ئېلىپ ھاپىلا-شاپىلا يېقىن دوستى

دىكقا ۋەقە مەلۇم قىلىش تېلېفونى بېرىپتۇ.

تېلېفوننى بېرىپ بولۇپ، ھېچنەرسە بولمىغاندەك بىر قىياپەتتە قەھۋە دەملەپ، ئۇنى ئەمدىلا ئۆيگە كىرگەن ئېرىگە تۇتۇپتۇ.

— قەھۋىگە شىكەر سالمىغانمۇ؟ نېمە دېگەن قېرىق، بولدى ئىچمەيمەن، يۇرۇڭ، ئامبارغا چۇشۇپ ئۇ يەرنى رەتلەپ قويايلى، — دەپتۇ ئېرى قەھۋىنى بىر - ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن.

ئالىكس ئېرىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، كۆچىنىڭ بېرىچە ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىۋاپتۇ. بىراق ئۆزىنىڭ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىمۇ كۆزى يېتىپ، چاققانلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— گېلارت، توختاپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە پۇشايمانىمنى ئېيتىپ بېرەي، — ئۇ شۇ ھامان بىر ھېكايە توقۇپ، دوستى دىك كەلگۈچە ئۇنى بىردەم كولدۇرلىتىپ تۇرماقچى بوپتۇ.

— نېمىگە پۇشايمان قىلدىڭىز؟ — سوراپتۇ گېلارت بەكمۇ قىزىقسىنىپ.

— مەن سىزدىن ئىككى ئىشنى يوشۇرغان، — دەپتۇ ئالىكس سۆزىنى باشلاپ، — بىرسى، 22 ياش ۋاقتىمدا باي بىر ئەر بىلەن توي قىلغانىدىم. كېيىن چىرايلىق، شېرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنى كۆندۇرۇپ، ئۆمۈر سىتراخوۋانىيىسىگە قاتناشتۇردۇم. مەن ئۇ چاغدا بىر دوختۇرخانىنىڭ دورىخانىسىدا ئىشلەيتتىم. بىرمۇنچە ئاز ئۇچرايدىغان زەھەرلىك دورىلار مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتەتتى. مىگدىۋانىسە ئىشقارى دېگەن زەھەرلىك دورىنى ئاڭلىغان بولغىدىڭىز؟ بۇنداق زەھەرلىك دورىنى باشتا تونۇۋالغىلى بولىدۇ، زەھىرى تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئادەم بەدىنىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بۇ دورىدىن بىزە ئوغۇرلىۋالغانىدىم. ئېرىمگە

يالغاندىن ياخشىچاق بولۇۋالدىم، ئەتراپىمدىكى خوشنا ـ خولۇملارمۇ مېنى ياخشى خوتۇن دەپ بىلىشەتتى. كۆڭلىكى كەچتە ئېرىمگە قەھۋە دەملەپ بېرەتتىم. بىركۈنى ئاخشىمى ھېلىقى زەھەرلىك دورىنى ئوغۇرلۇقچە ئۇنىڭ قەھۋىسىگە سېلىپ قويدۇم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئورۇندۇققا يىقىلدى ـ دە، ئىككىنچى ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنى ئۇشتۇمتۇت كېسەللىك قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى دەپ يالغان مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ 2000 فوند ستېرلىڭ ئۆمۈر ستراخوۋانىيىسى پۇلىغا ۋە بارلىق مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولدۇم. بىرىنچى قېتىم بولغان ئىش يەنە بولماي قالمايدىكەن. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇ ز قولۇم بىلەن دەملەپ بەرگەن قەھۋىگە زەھەر سېلىپ، 4000 فوند ستېرلىڭ ئۆمۈر ستراخوۋانىيىسى پۇلىغا ئىگە بولدۇم. ئەمدى ئۈچىنچى قېتىملىقى سىزگە كەلدى، — دەپتۇ ئالىكس ئۈستەلدە تۇرغان قەھۋىنى كۆرسىتىپ.

قىلىنىۋاتقان گەپنى ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گېلارتىنىڭ يۈزى تامدەك ئاقىرىشقا باشلاپتۇ ـ دە، قولى بىلەن گېلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قەھۋە، قەھۋە شۇڭا ئاچچىقكەندە، — دەپ ساراڭلارچە ۋارقىراپ، ئالىكسقا ئېتىلىپتۇ.

ئەسلىدە ئالىكستا زەھەرلىك دورا يوقكەن، بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەم قانخور ئالۋاستى بولغاچقا، ئۇنىڭغا راست گەپ قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى. ئالىكس ئارقىسىغا داجىپ تۇرۇپ، قەتئىي ھالدا:

— راست دېدىڭ، قەھۋىگە زەھەر سالدىم، مانا ئەمدى زەھەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىراق، سەن ئانچە كۆپ ئىچمىدىڭ، دەرھال

ئۆلمەسلىكلىك مۇمكىن. ئالدىرىما، ھازىر سېنى جايلايدىغان ئادەم كېلىدۇ. ئورۇندۇقتىن بىر قەدەم ئايرىلسەن دەپ ئاۋارە بولما، — دەپتۇ.

گېلارتىنىڭ نېرۋىسى بۇ ئېغىر زەربىگە چىداشلىق بېرەلمەي، بىر دىنلا تۇگىشىپتۇ - دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئالكىنىڭ دوستى دىك ساقچىلارنى باشلاپ كىرىپ كەپتۇ...

## رازۋېتكا ھېكايىچىسىنىڭ ئوغرىغا ئۇچراپ قېلىشى

ئاجايىپ قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتكەن تۇغۇلغان كۈن كەچلىك زىياپىتى كەچ سائەت ئىككىدە ئاخىرلاشتى.

— يېرىم كېچە بولۇپ قالدى، ئۆزىڭىز يالغۇز كەتسىڭىز بىز خاتىرجەم بولالمايمىز. بولمىسا بىز سىزنى ئاپىرىپ قويايلى، — دېيىشىپتۇ ئاگاسا كرىستىنىڭ ئەر - ئايال دوستلىرى ماشىنا چاقىرىشىپ.

— رەھمەت، سىلەرمۇ چارچىدىڭلار، ئۆزۈم كېتىۋېرەي. مەن دېگەن رازۋېتكا ھېكايىچىسى تۇرسام، ئوغرىدىنمۇ قورقامدىمەن، — دەپتۇ ئاگاسام كرىست دوستلىرىنى توسۇپ، ئۇ ئالدىراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەنگىيىلىك بۇ ئايال يازغۇچى بىرنەچچە ئون رازۋېتكا رومانى يازغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە «شەرق تېز پويىزىدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىسى»، «نىل دەرياسىدىكى پاجىئە» قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە ئاتاقلىق رازۋېتچىك ھورمۇسقا ئوخشاشلا دۇنيادا داڭ چىقارغان چوڭ رازۋېتچىك پورلونىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. بىراق، كەمىنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن، راست دېگەندەك ئۇ بۈگۈن ئاخشام بۇلاڭچىغا

ئۇچراپ قاپتۇ.

ئۇ ئۆزى يالغۇز ئادەم قالمىغان ئۇزۇن بىر كوچىدا كېتىۋاتقاندا، چوڭ بىر بىنانىڭ كۆلەڭگۈسىدىن ئۇشتۇمتۇت يوغان بىر ئەر كىشى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك چوڭ بىر خەنجەرنى كۆتۈرۈپ ئاگاسا كرىستقا ئېتىلىپتۇ. كرىست ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇ ئادەم كەلگۈچە جايىدا مىدىرلىماي تۇرۇپتۇ.

— سىزگە نېمە كېرەك — سوراپتۇ ئاگاسا كرىست قورققان هالدا.

— قولاقتىكى هالقىنى چىقار، — دەپتۇ ئوغرى ئويلاپ تۇرمايلا.

ئوغرىنىڭ هالقا دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئاگاسا كرىست يەلكىسىنى سەل تۈزەشتۈرۈپ، بىر قولىدا پەلتوسىنىڭ ياقىسى بىلەن بوينىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن قولىقىدىكى هالقىسىنى چىقىرىپ يەرگە تاشلاپ:

— ئەنە، ئېلىڭ، ئەمدى كەتسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئوغرى كرىستنىڭ هالقىسىغا ئۇنچە ۋاي قىلىپ كەتمەي، ھە دەپ ياقىسى بىلەن بوينىنى توسۇۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بوينىدا چوقۇم پۇلغا يارايدىغان ئېسىل مىداليون بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، يەردىكى هالقىنى ئالماي، كرىستقا قايتا بۇيرۇق قىپتۇ:

— بوينۇڭدىكى مىداليوننى چىقار.

— ئەپەندىم، ئۇ تازا دېگەندەك پۇلغا يارىمايدۇ، بۇنى ئۆزۈمگە قالدۇرسىڭىز.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، چىقار دېگەندىكىن، تېز چىقار.

ئاگاسا كرىست قولى تىترىگەن هالدا ناھايىتى تەستە بوينىدىكى مىداليوننى چىقىرىپ بېرىپتۇ.

ئوغرى مىداليۇننى ئاپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا قارىماي تىكىۋېتىپتۇ.

ئوغرى يىراقلىشىپ كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ئاگاسا كرىست چوڭقۇر بىر تىنىۋاپتۇ ـ دە، خۇشاللانغان هالدا يەردىكى هالقىسىنى قولىغا ئاپتۇ.

ئەسلىدە ئاگاسا كرىستىنىڭ مىداليۇنىنى يوشۇرغىنى يالغان، هالقىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولغىنى راست ئىكەن. ئۇ باياتىنقى ئويۇننى ئوغرىنىڭ دىققىتىنى هالقىدىن مىداليۇنغا يۆتكەش ئۈچۈنلا ئوينىغانىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ بىرلىيانت كۆزلۈك هالقىسىنىڭ قىممىتى 480 فوند ستېرلىڭ بولسا، ئوغرى ئېلىپ قاچقان مىداليون ئەينەكتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، قىممىتى ئاران ئالتە فوند ستېرلىڭ ئون شىللىڭ ئىكەن.

## كەلكۈندىكى يالقۇن

بۇ تېمىنى كۆرگەندە كىتابخانلار ئېهتىمال كەلكۈن دېگەندە يالقۇن نېمە قىلىدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ ئەپسانە ئەمەس، 1940 ـ يىلى يازدا، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى نېمىس قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا بولغان ھەقىقىي ئىش.

ئۇ چاغدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى دىنكېركتىن چېكىنىپ چىقىش پىلانىنى يولغا قويغان ئىكەن. چېكىنىپ چىقىشتىن بۇرۇن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىدىكى قوماندانلار بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىپتۇ.

ـــ ئارقىمىزدىن مىڭلاپ تانكا قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ تانكىلارنى ئۇجۇقتۇرماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن ساق چېكىنىپ چىقىش مۇمكىن

ئەمەس.

مانا بۇ ئەنگلىيە-فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان قىيىن مەسىلە ئىكەن. شۇ چاغدىكى قورال-ياراقلار بىلەن بۇزغىلى بولمايدىغان بۇ "تاشپاقا قېپى"نى ئۇجۇقتۇرۇش مۇمكىن بولمايتتى.

— كەلكۈن بىلەن ئۇلارنى توسۇش كېرەك، — دەپتۇ بىر قوماندان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بىراق، — دەپتۇ يەنە بىر قوماندان ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، — كەلكۈن ئۆزىمىزنى توسۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا ئارقى-مىزدىن قوغلاپ كېلىدۇ.

ئۈچىنچى قوماندان ئۈستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ئەگەردە كەلكۈنگە قوشۇپ لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن پەيدا قىلىۋەتسەكچۇ؟ — دەپتۇ.

كۆپچىلىك بۇ تۇترۇقسىز گەپنى ئاڭلاپ، كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ:

— ئوتنى سۇ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ، قانداقمۇ كەلكۈندە ئوت پەيدا قىلغىلى بولسۇن؟ — دېيىشىپتۇ.

ھېلىقى ئۈستەل مۇشتلىغان قوماندان "شارت"لا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل غۇنچىسى — "ئىجادىيەت" ئۇچقۇنى، ھەممە گەپ ئىجاد قىلىشتا، مەن چوقۇم كەلكۈن ئىچىدە بۇلۇتقا تاقاشقىدەك يالقۇن پەيدا قىلىمەن...، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىدىن كېيىن، راست دېگەندەك ئۇرۇش

تارىخىدىكى تۇنجى مۆجىزە مەيدانغا كەپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى دېنكېركتىن چېكىنىپ چىقىش پىلانىنى يولغا قويۇپتۇ. نېمىس قوشۇنىنىڭ تانكىلىرى قوغلاپ كەلگىلى تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەكمۇ يامان. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى دېنكېرك بىلەن كالى ئوتتۇرىسىدىكى توغانىنى پۇتۇنلەي ئېچىۋېتىپ-تىكەن، بىردەمنىڭ ئىچىدە نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدا چوڭ كەلكۈن پەيدا بوپتۇ، تانكىلار ئىلاجىسىز ئېگىز دۆڭلەرگە چىقىپ ۋاقتىنچە توختاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەلكۈن بىرئاز پەسىيىپتىكەن، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ تانكىلىرى كەلكۈن تاشقان ئېتىزلارغا كىرىپ، ئېھتىيات بىلەن ماڭغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى "گۇم، گۇم" قىلىپ بىرنەچچە پاي توپ ئېتىپتىكەن، بىردەمدىلا دالىنىڭ ئىچى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ تانكىلىرىغا ئوت كېتىپتۇ، بەزىلىرى ئىلگىرىلىيەلمەي توختاپ قالغان يېرىدە كۆيۈپ كېتىپتۇ، تانكىلار بىرمۇنچىسى كەينىدىن ئىس چىقىرىپ قاناللىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ....

ئەسلىدە ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ھېلىقى قوماندانىنىڭ پىلانى بويىچە "ئىسپىرت ئۇرۇشى" ئېلىپ بارغانىكەن. ئۇلار سۇغا نەچچە مىڭ گاللون (بىر گاللون تۆت پۇتۇن مىڭدە 546 قاداقچا باراۋەر. ت) ئىسپىرت چاچقان ئىكەن، توپنىڭ ئېتىلىشى بىلەن ئىسپىرت ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كۆيۈپتۇ، نېمىس تانكىلىرى ئوت ئىچىدە ئۇجۇقۇپتۇ.

# باي ئەردىن قالغان تۇل ئايالنىڭ ئۆلۈمى

ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قاتتىق بوران چىقىپ، دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئۆركەشلەر خۇددى كۆندۈرۈلمىگەن ياۋا ئاتلاردەك قالايمىقان سەكرەشكىلى تۇرۇپتۇ، ئەنگلىيىگە قاراپ يولغا چىققان پاراخوت ئۇ ياققا بىر، بۇ ياققا بىر ئىغاڭلاپ، تەستە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىكەن.

سالامەتلىكى شۇنداق ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقان ساقچى باشلىقى جورجمۇ بىزە بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ:

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق ھاۋا، — دەپتۇ.

— تازىمۇ كۆڭۈلسىز ئىش بولدى، — دېيىشىپتۇ پاراخوتتىكى باشقىلارمۇ.

دەل شۇ چاغدا پاراخوت خادىمىدىن بىرسى كېلىپ دوكلات قىپتۇ:

— ساقچى باشلىقى، پاراخوتتا ئۆلۈم ئەنزىسى تۇغۇلدى.

جورج ئالدىراپ ھېلىقى خادىم بىلەن بىللە پاراخوتنىڭ بىر بۆلۈمىگە كەپتۇ. قارىسا بىر ئايال ئۆلۈك ياتقان، بۇ باي ئەردىن قالغان تۇل ئايال تېرىس خېنىم ئىكەن، كۆكسىگە بىر پاي ئوق تەگكەن، بۆلۈمدىكى پولات ساندۇق بۇزۇلغان، بۆلۈمدە بىر ئەر كىشى ئۆرە تۇرۇپتۇ.

— سەن نېمە ئادەم؟ — سوراپتۇ ساقچى باشلىقى جورج.

— ئىسمىم گرېت، — دەپتۇ ھېلىقى ئەر جاۋاب بېرىپ، — تېرىس خېنىمنىڭ شەخسى كاتىبى بولىمەن. باياتىن بۆلۈمىمدە بىرنەرسە

يېزىۋاتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىتتىك چىقسام، گويا بىر قارا كۆلەڭگۈ زالدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدى، كىرسەم تېرىس خېنىم ئۆلۈك يېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى جورج، — سىزنىڭ بۆلۈمىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

ساقچى باشلىقى جورج گرېتنىڭ بۆلۈمىگە كىرىپتۇ، قارىسا ئۈستەل ئۈستىگە بىرمۇنچە كىتاب قويۇلغان، كىتابلار يېنىدىكى خاتىرە قالدۇرۇش دەپتىرىگە بىرنەچچە قۇر رەتلىك، چىرايلىق خەت يېزىلغان.

— باياتىن سىز بۆلۈمىڭىزدە مۇشۇلارنى يازغانمۇ؟ — سوراپتۇ جورج گرېتتىن.

— شۇنداق، — جاۋاب بېرىپتۇ گرېت.

— يالغان ئېيتتىڭىز، — دەپتۇ جورج ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ.

گرېتنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

— باياتىنمۇ هازىرقىغا ئوخشاش پاراخوت قاتتىق سىلكىنىپ تۇرغان تۇرسا، بۇنداق رەتلىك خەت يېزىش هېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بولدى، ئۆزىڭىزنى ئاقلىماڭ، بولمىسا بىرقانچە قۇر خەت يېزىپ بېقىڭ، كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى جورج.

گرېتنىڭ بېشى چۆشۈپ كېتىپتۇ، بۇ قاتىل ساقچى باشلىقى جورجنىڭ ئالدىدا ئىلاجىسىز قاپتۇ.

## چاشقاننىڭ ئەنزە پاش قىلىشى

"پاڭ! پاڭ!" ئەنگلىيىنىڭ S شەھىرى ئېلېكتر شىركىتى باش جىڭلىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپتىكەن، مۇھاپىزەت ئىشىغا مەسئۇل ئىككى نەپەر خادىم شۇ ئان يۈگۈرگەن پېتى باش جىڭلىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ قارىسا، بېشى بىلەن سول كۆكسىگە ئوق تەگكەن روبىسون بولېر ئۆلۈك يېتىپتۇ.

ھېلىقى ئىككى مۇھاپىزەتچى دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ سىرتقا قاراپتىكەن، ئوتتۇرا ياشلىق ناتونۇش بىر ئەر كىشىنىڭ شىركەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن سىرتقا قاراپ قېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشىدىكى ھودۇقۇشىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەمنىڭ ئەنزە تۇغدۇرغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ ئىككەيلەن ۋەقەنى مەلۇم قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، بىنادىن چۈشۈپلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار قوغلاپ سانجاق ـ سانجاق ئادەم بىلەن تولغان ۋوگزالغا كەلگەندە، قوغلىغان ئادەمنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئەمدى ئۆزى يالغۇز بۇ قاتىلنى تۇتالماي- دىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ساقچى ئىدارىسىغا مەلۇم قىپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋوگزالنىڭ كىرىش ـ چىقىش ئىشىكلىرىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، ۋوگزالغا ئىككى ساقچى ماشىنىسى كەلگەن- نىكەن، ھېلىقى ئىككەيلەن كەلگەنلەرگە قاتىلنىڭ بوي ـ تۇرقى ۋە كىيىنىشلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىپتۇ. ساقچىلار بۆلۈنۈپ ئاما ئىچىگە

كىرىپ كېتىپتۇ.

— ئەپەندىم، بىز بىلەن بىللە مېڭىڭ! — دەپتۇ ئۇ ئىككى ساقچى ئامما ئارىسىدىكى جىم-يىلىق كىينئۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىرسىگە سوغۇق كۆلۈپ قويۇپ.

ساقچىلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىدىن كىچىك بىر تاپانچا تېپىۋاپتۇ، قارىسا ئىچىدىكى ئوقتىن ئىككى تال كەم، ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىدىكى ئوق بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپتىكەن، بۇ ئادەمگە تەگكەن ئوق تاپانچىدىكى ئوق بىلەن ئوپ-ئوخشاش چىقىپتۇ. سوراق نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ياشلىق بۇ ئادەمنىڭ راست قاتىل ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ. جىنايەتچىنىڭ تاپشۇرۇشىچە، ئۇ باشقا بىر شىركەتنىڭ ياللىشى بىلەن مۇشۇ قاتىللىق ئىشىنى قىلغانىكەن.

ساقچىلارنىڭ بۇ ئەنزىنى شۇنچە تېز پاش قىلغانلىقى ئېلېكتر شىركىتىنىڭ ھېلىقى ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

— بۇ ئەنزىنى تېز پاش قىلالىشىمىزدىكى نەتىجە ھەممىدىن بۇرۇن بىزنىڭ "پراكتىكانت ساقچى"مىزغا مەنسۇپ، — دەپتۇ ساقچىلار.

— پراكتىكانت ساقچى؟ — ئېلېكتر شىركىتىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەپتۇ. تېخىمۇ ھەيران قالىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار كۆرگەن "پراكتىكانت ساقچى" ئادەم بولماستىن، بەلكى بىر چاشقان ئىكەن.

— بۇ، — دەپتۇ ساقچى، — يېقىندا ئالىملار يېتىشتۈرگەن "ساقچى".

چاشقاننىڭ پۇراش شىللىق پەردىسى تەرەققىي قىلغان، پۇراش شىللىق پەردىسى ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان پۇراش نېرۋىسى ئۇچى ۋە ناھايىتى كۆپ قان تومۇرلار بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ پۇراش سېزىمى

بەك ئۆتكۈر بولىدۇ. شۇڭا ئالىملار مۇشۇنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنى "ساقچى" قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغان.

— سىلەر ئۇنى قانداق مەشىق قىلدۇردۇڭلار؟

— چاشقاننى قەپەزگە سولاپ، ئۇنى ئىككى-ئۈچ ئاي مەشىق قىلدۇردۇق. ئالدى بىلەن ئۇنى قورقمايدىغان قىلدۇق. تەجرىبە قىلغۇچىلار چاشقانغا ئوزۇق بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئادەملەرگە يېقىنلىشىدىغان قىلدى. ئاندىن ئۇنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، قاتناش قوراللىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىغا ئوخشاش تەقلىدىي ئاۋازلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى كەلگۈسىدىكى خىزمەت شارائىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا تۈرلۈك پارتلايدىغان نەرسىلەر ۋە ئوق دورىسىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىتىپ، ئاندىن توك تايىقى بىلەن ئۇرۇپ تۇردى. ھەر قېتىم ئاز-تولا پۇراق پۇرىغاندا، ئۇلارنى توك تايىقى بىلەن ئۇرۇپ، سەكرەيدىغان ۋە چىقىراپ كېتىدىغان قىلىپ كۆندۈردى. ئۇلاردا بۇ شەرتلىك رېفلېكىس شەكىللەنگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئاشۇنداق پارتلايدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئوق دورىسىنى پۇرىغاندا، توك تايىقى بىلەن ئۇرمىسىمۇ، ئۆزى سەكرەيدىغان ۋە چىرقىرايدىغان بولدى. شىركىتىڭلارنىڭ باش جىڭلىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل كىچىك تاپانچا ئىشلەتكەنىكەن. چاشقان ئۇ ئادەمگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭدىكى ئوق دورىسىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىدى-دە، سەكرەپ، چىرقىراپ كەتتى، مۇشۇنىڭغا قاراپ بىز ئۇنى تۇتتۇق.

— بۇ بەك قالتىس كەشپىيات ئىكەن. بىراق، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنى "پراكتىكانت ساقچى" دەپ ئاتىدىڭلار.

— سەۋەب، مەشىق قىلدۇرۇلغان بۇ چاشقان بىز بىلەن بىللە

ۋەزىپە ئۆتەشكە بىرىنچى قېتىم چىقتى، بۇمۇ بىزنىڭ بىرىنچى قېتىم ۋەزىپە ئۆتىگەن چېغىمىزدىكى "پراكتىكانت"لىق ۋاقتىغا ئوخشايدۇ.

## مەخپىي لەخمە

گوللاندىيە ماي بوياق رەسساملىقىنىڭ ئۇستازى گوھ (1853 — 1890) ياش چېغىدا گوللاندىيىنىڭ ھۇگۇ شەھىرىدىكى گۈزەل سەنئەت شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن.

بىركۈنى شىركەتنىڭ جىگىلىسى بىر پارچە رەسىمنى ئۇنىڭدىن مۆتىۋەر بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. بۇ مۆتىۋەر كىشى غەلىتە مىجەزلىك ئادەم بولۇپ، يالغۇز ياشاپ كەلگەنىكەن. ئۆتكەن ئايدا گوھ ئۇنىڭغا دېھقان رەسسام ملللېرنىڭ «ئېكىنچى» دېگەن رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئاپىرىپ بەرگەنىكەن.

گوھ ھېلىقى مۆتىۋەرنىڭ ئۆيىگە كەلسە، دەرۋازا ئوچۇق تۇرغانىكەن، ئۇ گەپ قىلمايلا ئۆيگە كىرىپتۇ. كىرىپ قۇلاق سالسا، مېھمانخانا ئۆيدىن ۋاي-ۋايلاپ نالە قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتىكەن، ئۇسسۇپلا ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۆينىڭ ئىچىدە خەنجەر بىلەن زەخىملەندۈرۈلگەن بىر ساقچى ياتقان، ھېلىقى مۆتىۋەر ھېچنەدە يوق.

— مەخپىي... لەخمە... قاچتى...، — دەپتۇ ھېلىقى يەردە ياتقان ساقچى كۆچىنىڭ بىر چە كارىۋاتنىڭ ئاستىنى كۆرسىتىپ. گوھ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قارىسا، قاپقاقتەك بىرنەرسە تۇرۇپتۇ. مۇشۇنىڭغا قاراپ ئۇ ھېلىقى مۆتىۋەر مۇشۇ يەردىن قاچقان ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىپتۇ.

— قاپقاقنىڭ ئاچقۇچى... مىللىر...، — دەپتۇ-دە، ساقچى مەڭگۈگە كۆز يۇمۇپتۇ. گوھ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ، قاپقاقنى ئاچماقچى بولغانىكەن، قاپقاقنى زادىلا مىدىرلىتالماپتۇ.

ساقچى مىللىر دېدىغۇ؟ بۇ يەردىكى مىللىر ھېلىقى رەسىمنى كۆرسەتسە كېرەك، بۇ دەل ئۆتكەن ئاي ئەكىلىپ بەرگەن «ئېكىنچى» دېگەن رەسىمنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى، بۇنىڭ قاپقاق بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ گوھ بۇ رەسىمنى قولىغا ئاپتۇ-دە، رەسىمنىڭ رامكىسى ۋە رەسىم تۇرغان يەردىكى تامغا سىنچىلاپ قاراپتۇ، ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ.

گوھ قاپقاقنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىش ئۈچۈن، ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر رېيالنىڭ ئەتراپىغا قارا-ۋاتقاندا، بىردىنلا نوتا ئېسىگە كېپقاپتۇ. مىللىرنىڭ رەسىمنىڭ ئاچقۇچ بىلەن ئالاقىسى چىقمىدى. ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى "مىللىر" باشقا نەرسىمىدۇ يە. نوتىدىكى 3 بىلەن 2 بەلگىسى بۇ يەردىكى "م" بىلەن "ل" نى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالمىسۇن، سىناپ كۆرۈش كېرەك. گوھ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، رېيالدىكى 3 بىلەن 2 نى بىلدۈرىدىغان كونۇپكىنى باسقانىكەن، كارامەت ئاشكارا بوپتۇ، قاپقاقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپتۇ. ئەسلى قاپقاقنىڭ ئاستى لەخمە بولۇپ، مۆتىۋەر ئادەم ساقچىنى زەخىملەندۈرگەندىن كېيىن، مۇشۇ لەخمە ئارقىلىق يەر ئاستى سۇ يولىغا چۈشۈپ، شۇ يەردىن قېچىپ كەتكەنىكەن.

گوھ بۇ مەخپىي لەخمىنىڭ سىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن ساقچىغا خەۋەر قىپتۇ.

# قىزىقارلىق ئەخلەت ساندۇقى

بىركۈنى، مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ باشلىقى گوللاندىيىنىڭ بىر شەھىرىنى زىيارەت قىپتۇ. زىيارەت ئاخىرلاشقاندا، بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى ئەزىز مېھمانلارنى ئۇزىتىپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ، زىياپەت ئارىلىقىدا شەھەر باشلىقى مېھمانغا سەممىي ھالدا:

— زۇڭتۇڭ جانابلىرى، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان شەھىرىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى زىيارەت قىلدىڭىز، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە باشقا جەھەتلەردە ساقلانغان نۇرغۇن نۇقسانلارنى بايقىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. جانابىڭىزنىڭ بايقىغانلىرىڭىزنى قالدۇرماي تولۇق ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز، — دەپتۇ.

بۇ ئەسلىدە شۇنداقلا بىر دەپ قويغان تەكەللۇپ سۆزى بولۇپ، زۇڭتۇڭ ئەپەندىمنى راستتىن سۆزلەپ قالار دەپ ھېچكىم ئويلىمىغانىكەن. ئۇ تارتىنىپ تۇرمايلا سۆز باشلاپتۇ:

— جانابىي شەھەر باشلىقى، مەن ئۆز ۋاقتىدا گوللاندىيىنى گۈلگە پۈركەنگەن دۆلەت، مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك ئەل دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، شەھىرىڭىزلەرنى زىيارەت قىلىپ بارغان جايلىرىمنىڭ ھەممىسىدە گۈلدىن كۆرە ئەخلەت كۆپ ئىكەن.

چەتئەل زۇڭتۇڭىنىڭ بۇ سۆزى زىياپەتتە ئولتۇرغان مۇخبىرلارنى قاتتىق كۈلدۈرۈپتۇ.

شەھەر باشلىقى شۇنداق رەسۋا بوپتىكى، ئىززا تارتقىنىدىن يۈز-كۆزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قالايمىقان ئەخلەت تاشلاش مەسىلىسىنى

هەل قىلىشتىن ئىبارەت شەھەرنىڭ موھىت تازىلىقى مەسىلىسى شەھەر دائىرىلىرىنىڭ ھەممىدىن موھىم خىزمىتىگە ئايلىنىپتۇ. شەھەر باشلىقى بۇ خىزمەتنى شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ كونكرېت ئىشلىشىگە ئۆزى بىۋاستە تاپشۇرۇپتۇ.

سەھىيە ئىدارىسىنىڭ قوللانغان بىرىنچى ئۇسۇلى قالايمىقان ئەخلەت تۆككەنلەرگە 25 يۈەندىن جەرىمانە قويۇش بوپتۇ. لېكىن، بىرمۇنچە ئائىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك پۇل ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئەخلەتلەر بۇرۇنقىدەكلا كەلسە-كەلمەس دۆۋىلىنىۋېرىپتۇ. شەھەر دائىرىلىرى جەرىمانە سوممىسىنى 50 يۈەنگە كۆتۈرۈپتۇ. بەزىلەر بۇنىڭغىمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇلار كۈندۈزى جەرىمانە تۆلەشتىن قورقۇپ، ئەخلەتنى كېچىسى ئوغۇرلۇقچە تۆكۈپتۇ.

سەھىيە ئورۇنلىرى مەسىلىنىڭ جەرىمانە قويۇش بىلەن ھەل بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، باشقىچە يول تۇتۇپتۇ، يەنى چارلىغۇچىلارنى كۆپەيتىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، كىشىلەرنى ئەخلەتنى ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكۈشكە مەجبۇر قىپتۇ. ئەمما، كوچىلارنىڭ دائىرىسى كەڭ، تازىلىق چارلىغۇچىلىرىنىڭ سانى چەكلىك بولغاچقا، ئاڭسىز شەھەر ئاھالىسى چارلىغۇچىلار بىلەن مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناپتۇ. چارلىغۇچىلار شەرقىي كوچىنى چارلىسا، ئۇلار غەربىي كوچىنى ئەخلەتكە تولدۇرۇپتۇ؛ غەربىي كوچىنى چارلىسا، شەرقىي كوچىغا ئەخلەت تۆكۈپتۇ. قىسقىسى، مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بۇ تەدبىرمۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمەپتۇ.

— ئەخلەت دېگەن بۇ بالايى ئاپەتنى زادى قانداق قىلغاندا قۇرۇتقىلى بولىدۇ؟

بۇ شەھەرنىڭ تازىلىق خادىملىرى شۇنچە باش قاتۇرۇپتۇ، باشقا چارىلەرنىمۇ قوللىنىپ يېقىپتۇ، ھېچقايسىسى كارغا كەلمەپتۇ. نەتىجىدە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى غەمگە پېتىپتۇ.

— ئىدارە باشلىقى، مېنىڭ بىر ئامالىم بار، بۇنىڭ بىلەن ئەخلەت مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ سەھىيە ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن سالاپەتلىك بىر ياش، ئۇ مەخسۇس بۇ ھەقتە ئويلىغان چارە - ئاماللارنى ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

— ئۇنداق بولسا ئېيتىپ بېقىڭ، — دەپتۇ ئىدارە باشلىقى ياشنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ياش ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر تەسەۋۋۇرىنى ئىدارە باشلىقىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ...

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەر ئاھالىلىرى ئاجايىپ بىر ئىشنى — بۇ شەھەردىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ سۆزلىيەلەيدىغانلىقى، ھەتتا ناھايىتى قىزىق ھېكايىلارنى ئېيتالايدىغانلىقىنى بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپتۇ.

بۇ خەۋەر گويا قانات ياساپ ئۇچقاندەك، بىردەمنىڭ ئىچىدە شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تاراپتۇ. ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەيدىغان بىرمۇنچە ئادەملەر بۇ ئىشقا قىزىقىپ، جىقراق يول مېڭىشقا رازى بوپتىكى، ئەخلەتنى كۆرگەنلا يەرگە تۆكمەيدىغان بوپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم ئەخلەت تۆككەندە، ئەخلەت ساندۇقى سۆزلەپ بەرگەن قىزىق گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاغزىلىرىنى يۇمۇشالماي قېلىشىدىغان بوپتۇ. ئۆيگە قايتقاندا بۇلارنى ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىكەن.

ئەسلىدە ھېلىقى ياشنىڭ ئامالى مۇنداق بولغانىكەن: ئۇ توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئەخلەت ساندۇقىنى لايىھەلەپ، ئۇنىڭغا سېزىش ئەسۋابىدىن بىرنى ئورنىتىپتۇ، ھەر قېتىم ئەخلەت تۆكۈلگەندە، سېزىش ئەسۋابى ئۈنئالغۇنى قوزغايدىكەن-دە، ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىكى قىزىق چاقچاقلار ئاڭلىنىشقا باشلايدىكەن، چاقچاق ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخلەت ساندۇقلىرىدىكى چاقچاقلارمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ قىزىقارلىق ئەخلەت ساندۇقى بۇ شەھەردىكى ئاھالىنىڭ ئەخلەتلەرنى قالايمىقان تۆكۈش كېسىلىنى تۇيدۇرماي ساقايتىۋېتىپتۇ.

## سىيگۈچى كىچىك باتۇر

بۇنىڭدىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى مەلۇم بىر ئاخشىمى بېلگىيىنىڭ پايتەختى بريۇسسېلدىكى مەركىزىي مەيداندا رەڭگارەڭ چىراغلار يېقىلىپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان مەنزىرە شەكىللىنىپتۇ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى بۇ يەرگە جەم بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى تەبرىكلىشىپتۇ. قوڭغۇراق ۋە ساليۇت ئاۋازلىرى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتكۈل پايتەخت ئاسمىنىدا ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ مىنۇتلار تاجاۋۇزچىلىق ۋە قۇللۇقنىڭ دەرد-ئەلىمىنى تارتىدىغان كۈنلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ.

خەلق غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەن مۇشۇ پەيتتە، قالدۇق دۈشمەنلەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، بۇزۇق بىر

ئەبلەخنى شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئەۋەتىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بوپتۇ.

بۇ يەر ئاستى ئۆيىدە ناھايىتى نۇرغۇن پارتىلىغۇچ دورا بار ئىكەن. بىر تال ئوت ئۇچقۇنى تېگىپلا قالسا، غايەت زور پارتىلاش يۈز بېرىپ، پۈتۈن شەھەر مەمۇرىيىتى مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىنالارنى تۈپ-تۈز قىلىۋېتىدىكەن-دە، غەلىبە تەنتەنىسى قىلىۋاتقانلارمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا جېنىدىن ئايرىلىدىكەن. دۈشمەننىڭ سۈيىقەستى نېمىدېگەن زەھەرلىك-ھە!

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بۇزۇق ئەبلەخ پارتىلىغۇچ دورىلارنى دۆۋىلەپ، پىلتىسىنى تاكى قورۇغىچە تۇتاشتۇرۇپ بوپتۇ، ئۇ ئوتنى يېقىپلا ئۆزى تىكىۋېتىپتۇ.

ئوت تۇتاشتۇرۇلغان پارتىلاش پىلتىسى "ۋىژ-ۋىژ" قىلىپ يەر ئاستى ئۆيىگە قاراپ ماڭغىلى تۇرۇپتۇ، بۇ خەتەرلىك ئوتتىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن، چوڭ بىر بالايى ئاپەت مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا قاپتۇ.

دەل مۇشۇ جىددىي پەيتتە، خۇددى بىرسى چاقىرىپ قويغاندەك، يوررەن ئىسىملىك بىر كىچىك بالا بۇ قوروغا ئوينىغىلى كىرىپتۇ. قارىسا تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئوت كۆيۈۋاتقان پارتىلاش پىلتىسى ئالغا قاراپ كۆيۈپ مېڭىۋاتقىدەك. ئۇ بالا يەر ئاستى ئۆيىدە پارتىلىغۇچ دورىنىڭ بارلىقىنى، پىلتىگە ئوت تۇتاشسا، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىكەن. ئۇ سۇ قۇيۇپ ھېلىقى كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بوپتۇ، ئەمما بۇ يەردە سۇ يوق ئىكەن، يىراقتىن ئېلىپ كېلەي دېسە، ئۈلگۈرمەيدۇ، ئادەم چاقىراي دېسىمۇ ئەپلەشمەيدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ياخشى بىر ئامال كەپتۇ:

يۇگۇرگەن پېتى تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ، كۆيۈۋاتقان پارتلاش پىلتىسىگە سىيىپتىكەن، ئوت بىردىنلا ئۆچۈپتۇ.

چوڭ ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنىپتۇ، بىرىۇسىل خەلقى پارتلاش پىلتىسىگە سىيىگەن بۇ كىچىك باتۇرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەنتەنە قىلىشىپتۇ.

بىرەيلەن تەكلىپ بېرىپتۇ:

— بۇ كىچىك باتۇر ئۈچۈن مىس ھەيكەل تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

بۇ تەكلىپنى ھەممەيلەن بىردەك ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئۇلار مەملىكەت بويىچە داڭلىق ھەيكەلتاراشلارنى تەكلىپ قىلىپ، يالىڭاچ بالىنىڭ سىيىۋاتقان مىس ھەيكىلىنى ياساپ، ئۇنى پايتەختنىڭ بىر كوچىسىغا داغدۇغا بىلەن ئورنىتىپتۇ.

## ئۆلگەن ئادەمنىڭ قولىدىكى قىممىتى نان

بىركۈنى، فرانسىيىنىڭ ماتېماتىكا ئالىمى گروئا (1811 — 1832) قەدىناس دوستى روبونى يوقلاپ بېرىپتۇ.

روبو د.رووۋېئېر كوچىسىدىكى تۆت قەۋەتلىك بىنادا ئولتۇراتتى، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ توققۇزىنچى ئۆيىدە تۇراتتى. گروئا ئىشىكنى ئېچىپلا ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، ھەيران قاپتۇ، چۈنكى ئۆي ئىچى قۇپ-قۇرۇق بولۇپ، ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.

— روبو ئەپەندىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە يېرىم ئاي بولۇپ قالدى، — دەپتۇ ئىشىككە قارايدىغان ئايال خىزمەتچى، — بىر سى ئۇنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپ، تېخى يېقىندا ئاتا-ئانىسىدىن كەل-

گەن پۇلىنىمۇ ئوغۇرلاپ قېچىپتۇ.

— جىنايەتچى تۇتۇلدىمۇ؟

— بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. روبو مەن بىلەن بىر يۇرتتىن، شۇڭا ھەر قېتىم گۆش نان پىشۇرغاندا ئۇنىڭغا بىرئاز بېرەتتىم. ۋەقە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئالما قىيمىسى سېلىپ پىشۇرغان نان كىرگۈزۈپ بەرسەم، ئۇ بەك خۇشال بولغانىدى. ئۇنىڭ قولىدا شۇ نانني تۇتقان پېتى ئۆلۈپ كېتىشىنى زادىلا ئويلىماپتىكەن-مەن. ساقچىلارمۇ بۇ ئىشنى چۈشەنمەي كەتتى. كۆكسىگە پىچاق يەپ ئېغىر يارىلىنىپ، ئۆلەر ھالەتتە تۇرغان ئادەم يەنە نېمىشقا قولىدىكى ناننى تاشلىمايدۇ؟

— جىنايەتچى توغرىسىدا بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلدىمۇ؟

— ئاستىراق سۆزلەڭ، جىنايەتچى چوقۇم مۇشۇ بىنادا. ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە، مەن دىجورنى ئۆيىدىن چىقمىدىم، بىناغا بىرەر ئادەمنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ئۇزۇپ ئېيتالاي-مەنكى، بۇ ئىشنى چوقۇم مۇشۇ بىنادىكىلەر قىلغان. بىراق، بىنادا بىرنەچچە ئون ئېغىز ئۆي، يۈزگە يېقىن ئادەم بار، شۇڭا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ كەتتى.

— ئۇچىنچى قەۋەتتە قانچە ئۆي بار؟ — سورىدى گروئا.

— ھەممە قەۋەتنىڭ ئۆيلىرى بىرىنچىدىن 15-گىچە.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا مېنى باشلاپ بېرىڭ، كۆرۈپ باقايلى. — گروئا ھېلىقى ئىشككە قارايدىغان ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقىپتۇ. ئۇچىنچى قەۋەت كارىدورىنىڭ ئۇ چېتىگە يېقىنلاشاي دېگەندە، گروئا ھېلىقى ئايالدىن سوراپتۇ:

— بۇ ئۆيدە كىم بار؟

— بۇ ئۆيدىكى ئادەمنىڭ ئىسمى مەسەير، ئۆزى قىمارغا ئامراق، هاراق دېسە جېنىنى بېرىدۇ، ئەمما نان بىلەن ئۇنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تونۇغۇن بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتتى.

— مۇشۇ ئەبلەخ قاتىلنىڭ دەل ئۆزى، — دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ گرونا، — ئۆلگۈچىنىڭ قولىدىكى ئالما قىيمىسىدا پىشۇرۇلغان نان بىر خىل مەخپىي بەلگە، يەنى جىنايەتچى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يىپ ئۇچى. بۇ نان ئېنگلىزچىدە "PIE" دېيىلىدۇ، "PIE" بولسا گرېك تىلىدا π بولىدۇ، "π" دېگىنىمىز چەمبەر تۇراقلىقىغا ۋەكىل قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ...3.1416 ۋە چەكسىز سوزۇلغان سانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە 3.14 بىلەن هېساب قىلىنىدۇ. قىيمىلىق نان ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن مەخپىي بەلگە قاتىل 3-قەۋەت 14-ئۆيدە دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. روبو ماتېماتىكىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا قاتىل توغرۇلۇق پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر يىپ ئۇچى قالدۇرماقچى بولغان. شۇڭا ئۇ قولىدىكى تېخى يەپ تۈگەتمىگەن ناننى ئېسىگە ئالغان-دە، مۇشۇنىڭ بىلەن ئىما قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى تاشلىۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالغان.

مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، هېلىقى مەسەير ئىسىملىك قاتىل ئاخىرى قولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ قىماردا ئۇتتۇرۇپ گاڭگىسا-جىسا بولۇپ تۇرغاندا، بىرسىنىڭ روبوغا پۇل ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، پۇل ئۈچۈن ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلغانىكەن.

# ئىككى ھەيكەل

فرانسىيىلىك كاتتا ھەيكەلتىراش رودىن (1840 — 1917) بىر كۈنى چوڭ بىر سەنئەت مۇزېيىغا كىرىپتىكەن، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزى مۇزېيدا تۇرغان بىر ھەيكەلگە چۈشۈپتۇ.

بۇ ھەيكەل 13 - ئەسىردىكى بىر تارىخىي ۋەقەگە ئاساسەن ئىشلەنگەنىكەن. يەنى: ئىتالىيىنىڭ پىسا پادىشاھى ئوگلىنو بەكمۇ ۋەھشىي ئادەم بولغاچقا، خەلق ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ئاخىرى تەختتىن چۈشۈرۈپتۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭغىمۇ ئاچارچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ قاقاس بىر تاغدىكى ئېگىز مۇنارنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇپ، يەيدىغان، ئىچىدىغانغا ھېچنەرسە بەرمەپتۇ، ئاخىرى ئۇلار ئاچلىقنىڭ دەردىدىن مۇنارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قاپتۇ.

18 - ئەسىردە فرانسىيىلىك مەشھۇر ھەيكەلتىراش كالبو ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇشۇ ھەيكەلنى ئىشلىگەنىكەن. ئۇ بۇ ھەيكەلدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوگلىنونىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈش ۋاقتىدىكى يىرگىنىشلىك ھالىتىنى سۈرەتلىگەن: ئوگلىنونىڭ ئىككى ئوغلى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان، ئوگلىنونىڭ بولسا ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن، ئۇ بىر قولى بىلەن قورسىقىنى چىڭ بېسىپ، يەنە بىر قولىنى جىنىنىڭ بېرىچە پۇلاڭلىتىپ، كىملەردىن ياردەم تىلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈشتە تۇرغان.

رودىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن،

ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ، ئۆز-ئۆزىگە: "ھەي! ئۇستاز كالبو كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ماتېرىيالنى بۇزۇپ قويۇپتۇ" دەپتۇ.

— مۇئەللىم، — دەپتۇ رودىننىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىسى، — بۇ ماتېرىيالنى قانداق بىر تەرەپ قىلغاندا، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىلى بولاتتى؟

— مەن بۇ ھەيكەلنى قايتىدىن ئىشلەش قارارىغا كەلدىم، — دەپتۇ رودىن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

كېيىن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر ھەيكەل پەيدا بوپتۇ.

ئوگلىنونىڭ بىر ئوغلىنىڭ تېخى ئەمدىلا جېنى چىققان، يەنە بىر ئوغلى ھە دەپ جان تالاشماقتا، ئۇ بىر قولىدا جېنىنىڭ بېرىچە دادىسىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىۋالغان، بېشى تىك، گويا قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە چىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئوگىلىنونىڭ بولسا بۇ چىرقىراشلار بىلەن كارى يوق، ئۇ ئېڭىشىپ، ئۆلۈپ بولغان ئوغلىنىڭ ئۇستىگە يېتىۋالغان بولۇپ، ئۆلگەن ئوغلىنىڭ گۆشى بىلەن ئاچ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا ھازىرلانغانۇ، چىشلەپ يېيىشكە ئاغزى بارمىغان. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزلىرى تارتىشىپ كەتكەن بولۇپ، گويا كۆڭلىدە جىددىي كۈرەش، يەنى ئۇنىڭ ھايۋانلىق تەبىئىتى بىلەن ئىنسانلىق تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدىغان بۇ ياۋۇز ئادەم ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلغان، ئۆلگەن ئوغلىنىڭ تېخى سوۋۇمىغان جەسىتىنى يەپ قورساق تويغۇزۇش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بەرىبىر ئادەم، ئۇنىڭدا ئاز-تولا ئادەملىك تەبىئىتى بار، جەسەتنى چىشلەشكە ئاغزىنى

ئاپىرىشتىن بۇرۇن بىرئاز ئويلىنىپ قالغانلىقىمۇ كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغىدۇ.

رودىننىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۇستازىنىڭ يېڭى ئەسىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى كالبونىڭ ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باھالاپ:

— توغرا، رودىن مۇئەللىمنىڭ ئەسىرى ھەقىقەتەن كالبونىڭ ئەسىرىدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ، كالبو قىسمەن چىنلىقنى ئىپچىپ بەرگەن بولسا، رودىن مۇئەللىم زالىم ئۇگىلىنودەك مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئاشۇنداق بىر ئالاھىدە موھىتتا ئاچ قالغانلىقىدىن ئىبارەت چىنلىقنى سۈرەتلەپ بەرگەن. شۇڭا بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇر-غىدەك بەدىئىي تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان، — دەپتۇ.

## بىرىنچى كونسېرۋا

19 - ئەسىرنىڭ باشلىرى مەلۇم بىركۈنى، فرانسىيە كوچىلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە كىمكى يېڭى كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ئۇزاق ساقلاشقا، يىراققا توشۇشقا بولىدىغان بىرەر خىل ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىپ چىقسا، 12 مىڭ فرانك ئىنئام قىلىنىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئېلان چاپلىنىپ كېتىپتۇ.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغانىكەن: فرانسىيە قوشۇنىنىڭ باشلىقى ناپولېئون داۋاملىق قوشۇننى باشلاپ يىراققا يۈرۈش قىلىدىكەن، يېڭى يېمەكلىكلەر يىراقتىكى ئالدىنقى سەپكە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا سېسىپ كېتىدىكەن. قىسىملار ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ماددىسى مول بولغان گۆش، مېۋە، كۆكتاتلار نېمە دېگەن زۆرۈر - ھە!

بۇ ئېلاننى كۆرگەن ئاپىتو ئىسىملىك فرانسۇز يىگىت بۇ ئىش

ھەتتقىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن خوتۇنىغا:

— سۆيۈملۈكۈم، ئەتە كۆكتاتنى كۆپرەك ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

— كۆپ ئېلىپ كەلسەك بۇزۇلۇپ قالامدۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— كۆپرەك ئېلىپ كېلىۋېرىڭ، مەن بىر ئىش ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بارماقچى.

— ياھ، — دەپتۇ خوتۇنى كۈلۈپ كېتىپ، — كەشپىياتچى، ئېيتىپ بېقىڭا، نېمە كەشپ قىلماقچى؟

ئاپېتو ئېلاندا كۆرگەنلىرىنى خوتۇنىغا بىر قۇر ئېيتىپ بېرىپ، رەسمىي ھالدا:

— يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇشى ئېھتىمال كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مىكرو جانلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كۆكتاتنى كۆپ چۆشىمەيدىغان يەرگە قويۇپ كۆرۈپ باقاي دەۋاتىمەن، شۇنداق قىلسام ياخشىراق تۇرۇشى مۇمكىن.

ئەتىسى خوتۇنى بازاردىن بىرنەچچە خىل سەي ئېلىپ كېلىپ، ئېرىگە ياردەملىشىپ ئۇنى كۆپ چۆشىمەيدىغان جايغا قويۇپتۇ، لېكىن بىرنەچچە كۈندىلا كۆكتاتنىڭ ھەممىسى بۇزۇلۇپ بوپتۇ.

— يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، — دەپتۇ ئاپېتو خوتۇنىغا، — ئۇنىڭغا پاسكىنا نەرسىلەر ئارىلىشىپ، مىكروبلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ، مېنىڭچە، يېمەكلىكلەرنى چىڭ ئوراپ كۆرۈپ باقايلى.

ئۇلار بىرمۇنچە مېۋە، كۆكتاتنى ناھايىتى چىڭ ئوراپ

قويۇپتۇ، نەتىجىدە ساقلىنىش ۋاقتى ئالدىنقىدىن بىزە ئۇزاقىراق بولغان بولسىمۇ، يىراققا ئېلىپ بارغىچە سېسىماسلىق تەلپىگە يەنىلا يېتەلمەپتۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئاپتو ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋېتىپتۇ، خوتۇنى شۇ كۈنى ئېشىپ قالغان سەينى يېگىباشتىن بىر قېتىم قىزىتىۋېتىپ قويۇپ قويۇپتۇ-دە، مۇشۇنداق قىلساق ئىككىنچى كۈنى بۇزۇلمايدۇ، دەپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ ئاپتونىڭ كۆڭلى يورۇپ كېتىپتۇ: يېمەك-لىكلەرنى قاينىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن پېچەتلەپ قويۇپ قويسا، ئۇنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۇزارمامدۇ؟

ئۇ كىتابنى قويۇپ، يېمەكلىكنى شېشىگە سېلىپ، ئاغزىنى ئوچۇق قويۇپ قاينىتىپتۇ، قاينىغاندىن كېيىن، موملانغان پورۇپكا بىلەن شېشىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىپ، سىم بىلەن چىڭ باغلاپ، ئاندىن سۇغا سېلىپ يەنە بىردەم قاينىتىپتۇ، شېشە سوۋۇغاندىن كېيىن بۇنى لاتا بىلەن بىر قەۋەت، بىر قەۋەت قىلىپ ئوراپتۇ. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئاپتو شېشىنى نورمال تېمپېرا-تورىدا قويۇپ ساقلاپتۇ.

ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتو ھېلىقى شېشىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى يېمەكلىكنى پۇراپ كۆرۈپتىكەن، باشقىچە پۇراق پۇرىماپتۇ، ئاندىن ئۇ خوتۇنى بىلەن تېتىپ كۆرۈپتىكەن، شۇنداق ياخشى تۇرۇپتۇكى، تەمى ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ.

ئاپتو خوتۇننى قۇچاقلاپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ، ئۇ غەلىبە قىپتۇ.

دۇنيادىكى بىرىنچى كونسېرۋا مانا مۇشۇنداق مەيدانغا

كەلگەنىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئاپىتو ناپولېئوننىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىپتۇ. بىز بۇگۈن كونسېرۋا يېيىشكەن چېغىمىزدا ئاپىتونى ئونتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.

## ناپولېئوننىڭ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشى

1800-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى ۋېنا خۇشاللىقتا چۆمگەن، ئوردا ئىچى ئالا-يېشىل چىراغلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، خۇشاللىق تەنتەنىسى نامايان بولماقتا ئىكەن.

— پادىشاھ بۇيرۇق قىلدى، قوشۇنىمىزنىڭ مارونكا ئۇرۇشىدىكى زور غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئوردا ۋەزىرلىرىگە كاتتا زىياپەت بېرىلىدۇ.

— باش قوماندان مېللاس راستتىن قالتىس ئادەم ئىكەن، ھە دېگەندىلا فرانسىيە قوشۇنىدىن ئون مىڭ ئادەمنى يوقاتتى، ئەمدى ناپولېئوننىڭ كۆرەڭلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

...

كىشىلەر بىر-بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ، ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپتۇ، سالىيوتلارنى ھەددى-ھېسابسىز ئېتىپ، ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ئويلىمىغان يەردىن، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بىر ئاتلىق ئەسكەر شەھەر سىرتىدىن چاپقىنىچە ئۇدۇل ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ.

— نېمە؟ فرانسىيە قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئىتالىيە قولدىن كەتتى؟ بۇ... بۇ زادى نېمە ئىش؟ بۇ نېمە بولغىنى؟

ئاۋسترىيە پادىشاھى ئاخىرى ھېلىقى ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ خەۋەرچىسىدىن ئالدىنقى سەپتىكى يېڭى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، بۇ ئۆزشتۇمتۇت ئۆزگىرىشتىن پۇت ـ قولىدا جان قالماي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

پۇتكۈل ۋېنانىڭ كەيپىياتى گويا قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە، فرانسىيىنىڭ پادىشاھى ناپولېئون 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەھەردە ئاۋسترىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن مارونگا ئۇرۇشنى قوزغىغان ئىكەن.

— جەڭچىلەر، بىز فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غالىب قوشۇنى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك. ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى مېللاسنى جەزمەن تىرىك تۇتۇشىمىز لازىم، — ناپولېئون ئۇرۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن جەڭچىلىرىگە مۇشۇ سۆز بىلەن تەربىيە بەرگەنىكەن.

بىراق، ئىش ئويلىغان يەردىن چىقماپتۇ. سەھەردە ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا فرانسىيە قوشۇنلىرى ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، قاتتىق زەربە يەپتۇ. بۇنداق بولۇشىنى ناپولېئون زادىلا ئويلاپ باقمىغانىكەن.

— ھاھ، ھاھ... ناپالېئون مەغلۇپ بولمايدۇ، دېگەن ئەپسانىنىڭ ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتتى. پەرماننى پەتكۈز، سەن دەرھال ئوردىغا بېرىپ، قوشۇنىمىزنىڭ غەلىبىسىنى خانغا مەلۇم قىل.

ئاۋسترىيە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى مېللاس خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقاتقاندى.

ئىش ئەپلەشمەپتۇ، خەۋەرچىنىڭ يولغا چىقىپ تۇرۇشىغا

توساتتىن فرانسيه قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ دۇمبىقى ياڭراپ، ھەممە ياقنى قاپلاپ كېتىپتۇ، بەلكى بۇ سادا كەينى ـ كەينىدىن توختىماي چىقىپ، بارغانسېرى يېقىنلاشقاندەك ئاڭلىنىپتۇ.

ــ چاتاق بولدى، فرانسيه قىسىملىرىنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ــ جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئۈشتۇمتۇت ئاڭلانغان بۇ ئاۋازى مېللاسنى گاڭگىرىتىپ قويغانىكەن، مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ، بۇنى راست دەپ بىلىپتۇ ۋە ئالدىراپ ـ سالدىراپ قوشۇنلىرىغا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ چېكىنىش بۇيرۇقى يەتكۈزۈلۈش بىلەنلا، تېخى باياتىن ئارقىغا چېكىنگەن فرانسيه قوشۇنلىرى ئاتتا قىلىچلىرىنى ئويىنىتىپ، ئاكوپلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئاۋستريه قوشۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كەپتۇ.

ئاۋستريه قوشۇنلىرى چېكىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاچقا، ئۇرۇش قىلمايلا مەغلۇپ بوپتۇ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يېڭىلگەن قوشۇن پىتىراپ كېتىپتۇ. فرانسيه قوشۇنلىرى غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەپ، ھايت ـ ھۇيت دېگىچە ئاۋستريىگە قاراشلىق ئىتالىيىنى بېسىۋاپتۇ.

بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئاۋستريىنىڭ پايتەختى ۋېنادا بولغان ۋەقە مانا مۇشۇنىڭدىن باشلانغانىكەن.

ئەسلىدە، ناپولېئون فرانسيه قوشۇنلىرىنىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى مەغلۇبىيىتى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا ھولۇقۇپ كەتمەي، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى تەھلىل قىپتۇ، دۇربۇن ئارقىلىق ئاۋستريه

قوشۇنىنىڭ خۇشاللىق تەلتەلىسى ئىچىدىكى ئەھۋالىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا، تىرە تاراقشىتىپ، ساختا كۆرۈنۈش پەيدا قىلسام، دۈشمەن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرەلەمدىمەن، يوق؟ دېگەن جىن كىرىپتۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن جەڭ دۈمبىقىنى بولۇشىغا چېلىپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش پۇرسىتىنى يېڭىباشتىن قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيا ھەربىي ئىشلار تارىخىدا مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشتەك مەشھۇر جەڭ سەھىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپتۇ.

## چاق ئىزى

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، فرانسىيىنىڭ مەشھۇر فىزىكا ۋە خىمىيە ئالىمى كيۇرى خانىم كوچىغا ۋېلسىپىتلىق چىقىپتۇ.

ئازراق يامغۇر يېغىپ توختىغان، ھاۋا شۇنداق سالقىنكى، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، كوچا جىمجىت، ئانچە ئادەم يوق. كيۇرى خانىم ۋېلسىپىتلىق كېتىۋېتىپ، بىر ساقچىنىڭ يولنىڭ بويىدا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، قارىسا كۆكرىكى يارىلانغان، ھاياتى قىلنىڭ ئۇستىدە قالغانىكەن. كيۇرى خانىم ئىتتىك بويىندىكى شارپىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يارىسىنى ئېتىپتۇ.

ساقچى يارىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي قاتتىق ئىڭرىماقتا ئىكەن، ئۇ كيۇرى خانىمغا قاراپ يېرىمى بار، يېرىمى يوق گەپ بىلەن بۇنىڭدىن بەش، ئالتە مىنوت بۇرۇن بىر ياشنى سوراق قىلغانلىقىنى، ئۇ ياشنىڭ يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تىقىپ، ئاندىن ۋېلسىپىتنى مىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ،

ساقچى سوزلەۋېتىپ جىنايەتچى قاچقان تەرەپنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ-دە، جان ئۈزۈپتۇ.

كىيۈرى خانىم يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنى چاقىرىپ، ھېلىقى ساقچىنى قاراپ قويۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى ساقچى كۆرسەتكەن تەرەپ بىلەن ھېلىقى جىنايەتچىنى قوغلاپ كېتىپتۇ. لېكىن ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. قاتىل قايسى تەرەپكە قاچقان بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ ئىككى تەرەپتىكى يولغا كۆز سالغاندا، قارىسا ھەر ئىككىسى ئانچە ئېگىز كەلمىگەن دۆڭ يول ئىكەن. ئاچالغا 40 مېتر كېلىدىغان جايدا ھەر ئىككى يولغا بىر قەۋەتتىن سېرىق قۇم تۆكۈلگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتىكى يولنى كۆزىتىپتۇ، بۇ يولغا تۆكۈلگەن بىر قەۋەت سېرىق قۇمدا ۋېلسىپىت چاقىنىڭ يەڭگىل باسقان ئىزى تۇرۇپتىكەن، ئۇ قاتىل مۇشۇ يول بىلەن قاچقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق دەرھال سول تەرەپتىكى يولنىڭ سېرىق قۇم تۆكۈلگەن يېرىدە خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىزنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۇ ھەر ئىككى تەرەپتىكى ۋېلسىپىت ئىزىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرۈپتۇ: ئوڭ تەرەپ يولدىكى ئىزدا ئالدى چاق بىلەن كەينى چاقنىڭ قۇمغا پېتىش دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش، سول تەرەپ يولدىكى ئىزدا بولسا، كەينى چاق قۇمغا بەكرەك پاتقان، ئالدى چاق ئانچە پاتمىغان. ئۇ ئويلاپ قاراپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ.

بۇ چاغدا يەنە بىر ساقچى ۋېلسىپىتلىك يېتىپ كەپتۇ. كىيۈرى خانىم ئۇنىڭغا:

— قاتىل ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن قاچقان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەتتە ۋېلسىپىت مىنگەنلەرنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى كەينى

چاقتا چۈشىدۇ، شۇڭا تۈز يولدا ماڭغاندا ياكى دۆڭدىن چۈشكەندە، ئالدى چاقنىڭ ئىزى چوڭقۇر بولمايدۇ، كەينى چاقنىڭ ئىزى چوڭقۇر بولىدۇ. دۆڭگە چىققاندا، ۋېلسىپىت مىنگۈچى ئالدىغا ئېڭىشىپ، ئېغىرلىقنى رولغا چۈشۈرۈپ ماڭىدىغان بولغاچقا، كەينى چاق بىلەن ئالدى چاقنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ئىككى يولنىڭ ھەممىسى دۆڭگە ماڭىدىكەن، قاتىل مىنگەن ۋېلسىپىتنىڭ كەينى چاقى بىلەن ئالدى چاقنىڭ ئىزى ئوخشاش بولۇشى كېرەك، ئولا تەرەپ يولدىكى ئىز دەل مۇشۇنداق، شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قاتىل ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن قاچقان. سول تەرەپ يولدىكى ئىز دۆڭدىن چۈشكەندىكى ئىز، بۇنى قاتىلنىڭ ئىزى دېيىشكە بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ساقچى بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ـ دە، دەرھال قوغلاپ مېڭىپتۇ. راست دېگەندەك، قاتىل مۇشۇ يولدىن چىقىپتۇ.

## پاكار قوناق ۋە كالمېت ـ گۆېرىن ۋاكسىنىسى

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى فرانسىيىلىك باكتېرىئولوگىيە ئالىمى كالمېت بىلەن گۆېرىن سىل تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ سۈنئىي ۋاكسىنىسىنى سىناق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن، بۇنىڭ نامى كالمېت ـ گۆېرىن ۋاكسىنىسى دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار ياۋۇز دۈشمەنگە — سىل تاياقچە باكتېرىيىسىگە قارشى تۇرالايدىغان قۇدرەتلىك قورالغا ئىگە بوپتۇ. كالمېت بىلەن گۆېرىننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا قىزىق بىر ھېكايە بار، بۇ ھېكايە بىر پارچە يەردىكى پاكار قوناق بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

قوياش نۇرى سالقىن شامال بىلەن قوشۇلۇپ كىشىگە تازا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرى چۈشتىن كېيىن، پارىژ ئەتراپىدىكى مارپوتېر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى مار-پوتېر ئەپەندى ئۆزىنىڭ بىر پارچە قوناق ئېتىزى ئەتراپىدا خاپا ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپتىكەن، ئۇدۇل تەرەپتىن بىر ئېگىز، بىر پاكار ئىككى ئادەم كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار نېمىلەرنىدۇ مۇھاكىمە قىلىشىۋاتقاندەك بىر-بىرى بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىكەن:

— ژېننا چېچەك ۋاكسىنىسىنى كالىغا ئەملەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يەردە، سىل باكتېرىيىسىنى باشقا ھايۋانلارغا ئەملەشكىمۇ بولىدۇشى كېرەك ئىدى، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىككى قوچقارغا قىلغان تەجرىبىمىز دېگەن يەردىن چىقمايدۇ؟

— ئۇكا، ئالدىرىماڭ، ئېھتىمال بىزنىڭ ئايرىۋالغان سىل باكتېرىيىسىدە مەسىلە بولسا كېرەك.

— بەلكى شۇنداق بولغاندۇ، بىراق مەن بۇنىڭغا تازا دېگەندەك قايىل ئەمەس.

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ مەيدان خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېپقاپتۇ. قارىسا قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزدا بويلىرى پاكار، باشلىرى كىچىك-كىچىك قوناق تۇرۇپتۇ، سۇسىزلىقىنىڭ دەستىدىن قوناقلار شاخلىرى سارغىيىپ سولىشىپ كەتكەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ يىلقى ھوسۇل تازا ياخشى بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ قوناقىنىڭ ئۆسۈشى تازا ياخشى ئەمەستەك تۇرىدۇ، ئوغۇت يېتىشمىگەنمۇ، قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم مەيدان خوجايىنىدىن.

— ئۇنداق ئەمەس ئەپەندىم، بۇ خىل قوناق بىزگە كەلگىلى

ئون نەچچە يىل بولدى، ئەمدى بىرئاز چېكىنىپ قالغان بولسا كېرەك، — دەپتۇ مەيدان خوجايىنى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە، نېمە دېدىڭىز؟ — سوراپتۇ ھېلىقى پاكار بىرسى ھەيران بولغان ھالدا.

— چېكىنگەن، ئۇرۇق ياخشى ئەمەس، — تەكرارلاپتۇ مەيدان خوجايىنى.

— مۇشۇنداق ئىشمۇ بارمۇ؟ — ھېلىقى ئېگىز بىرسىمۇ قىزىقىپ سوراپتۇ.

بۇ ئىككەيلەن گويا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال ھالدا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئالدىراپ كېتىپ قاپتۇ.

— ئۇرۇق چېكىنسە بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار، كۆپنى كۆرمىگەن ئادەم ئانچىكى ئىشلارغا ھەيران قاپتۇ دېگەن مۇشۇ-دە! — دەپ ھەيران بوپتۇ مەيدان خوجايىنى ۋە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاپتۇ.

ھېلىقى بىرى پاكار، بىرى ئېگىز ئىككىيلەن كالتەيت بىلەن گۆھېرىن ئىكەن. ئۇلار قوناقنىڭ چېكىنىشىنى دەرھال ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپتۇ: زەھەرى كۈچلۈك بولغان سىل تاياقچە باكتېرىيەسىنى نىشانىنى بەلگىلەپ بىر ئەۋلاد-بىر ئەۋلادتىن يېتىشتۈرىدىغان بولساق، بۇنىڭ زەھىرىمۇ چېكىنەمدۇ؟ مۇشۇ خىل زەھىرى چېكىنگەن سىل تاياقچە باكتېرىيەسىنى ئادەم بەدىنىگە سالساق، ئادەم بەدىنىگە زىيان قىلىشىنىڭ ئورنىغا، بەدەندە ئىممۇ-نىتېت ھاسىل قىلامدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ساق 13 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 230-ئەۋلاد كۆندۈرۈلگەن سىل تاياقچە باكتېرىيەسىنىڭ سۇنئىي 13

ۋاكسىنىسىنى يېتىشتۇرۇپ، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ.

ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىم كالمېت بىلەن گۆبرىننىڭ ئەمگىكىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ ۋاكسىنىنىڭ نامىنى "كالمېت ـ گۆيرىن ۋاكسىنىسى" دەپ ئاتاپتۇ.

## قورقۇنچلۇق غەلىتە ھايۋان

فرانسىيىلىك چوڭ بىئولوگىيە ئالىمى كوۋىيېر ئوقۇغۇچىلارغا بەكمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدىكەن، شۇڭا كەپسىز ئوقۇغۇچىلار ھەمىشە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يامان گېپىنى قىلىپ يۈرىدىكەن.

بىركۈنى، ئادەتتە قىلىقسىز ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرنەچچىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇئەللىمنى تازا بىر ئەخمەق قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ.

ــ مېنىڭ تەكلىپىم، بۇ ئىشنى قىلمايدىغان بولساق، بولدى قىلايلى، قىلىدىغان بولساق، بوۋايىنى بىرنەچچە كۈن قوپالمايدىغان قىلىۋېتەيلى، ــ دەپتۇ چاتاقچىلارنىڭ باشلامچىسى كۆك، ئۇ بۇنداق ئىشلارنى پىلانلاشتا بوش كەلمەيدىكەن.

ــ مەن بۇ تەكلىپنى قوللايمەن، ــ دەپتۇ چاتاقچىلارنىڭ ئاتارمىنى بېتا دەرھال، ــ بوۋايىنى ياتقۇزۇپ قويىدىغان بولساق، بىرنەچچە كۈن تازا ئويناۋالىمىز.

ژېم، كارل قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ ئادەم ئەخمەق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا ئانچە كەينىدە تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇلۇپتۇ.

ئەمدى ئۇلار ھەرىكەت لايىھىسى ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ لايىھىنى كۆك ئاللىبۇرۇن ئويلاپ قويغانىكەن. كۆك لايىھىنى ئېلان قىپتىكەن، ھەرقايسى "باتۇر"لار ئۇنىڭغا بىردەك قوشۇلۇپتۇ. ۋەزىپە تەقسىم قىلىنىپ، ھەركىم ئايرىم-ئايرىم تەييارلىق قىلىدىغان بوپتۇ. ھەرىكەت ئەتىسى چۈشتىن كېيىن باشلىنىدىغان بوپتۇ.

ئايرىلىش ئالدىدا، "باتۇرلار" قوللىرىنى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇشۇپ، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلاش توغرىسىدا تەڭرىنىڭ نامىدىن قەسەم ئىچىشىپتۇ.

ئەتىسى، كۆۋىر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كارىۋاتقا چىقىپ يانپاش-لاپ يېتىپ كىتاب ئوقۇشقا باشلاپتىكەن، كۆزى يۇمۇلۇپ بىردەمدىلا ئۇيقىغا كېتىپتۇ.

تۇيۇقسىز "تاراق" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دېرىزە ئېچىلىپتۇ.

كۆۋىر ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، دېرىزە تەرەپكە قارىغا-نىكەن، دېرىزىدىن يۈزىنىڭ ھەممە يېرى تۈك، ئاغزى قىپقىزىل قان، بېشىدا مۈڭگۈزى بار قورقۇنچلۇق غەلىتە بىر ھايۋان كۆرۈنۈپ-تۇ. بۇ ھايۋان خىرىس قىلغان ھالدا ئىككى پۇتىنى دېرىزىدىن كىرگۈزۈپ، گويا كۆۋىرغا ئېتىلىپ، ئۇنى يەپ چاينىۋېتىدىغاندەك بىر قىياپەتتە تۇرۇپتۇ.

بىراق، بوۋاي بۇ غەلىتە ھايۋانغا بىرلا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي ئۇيقىسىنى ئۇخلاۋېرىپتۇ.

— خاھ، خاھ، خاھ، — ھېلقى "غەلىتە ھايۋان" بىر سىلكىنىپتىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا كۆك بىلەن بېتا پەيدا بوپتۇ، دېرىزىدىنمۇ ژېم قاتارلىق بەش، ئالتە بالىنىڭ بېشى كۆرۈنۈپتۇ.

— ھە، چاتاقچىلار، چۈش ۋاقتىدا ئۇخلىماي جىندەك يامىنىپ

نېمە قىلىپ يۈرۈسلەر؟ — دەپتۇ كۈۋېر. ئۇ بۇ بىرنەچچە چاتاقچى ئوقۇغۇچىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا قىزىقىپ قاراپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، كۈلگىسى كەپتۇ.

— مۇئەللىم، بىزنىڭ بۇ غەلىتە ھايۋان بولۇپ ياسىنىۋالغىنىمىزنى بىلمەيسىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشكە قورقۇپمۇ قويمايسىز؟ — سوراپتۇ كارل تاقەتسىزلىك بىلەن. باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ مۇئەللىمنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

— دەرستە بۇ نەرسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىمغۇ، مۈڭگۈزى بار، تۇياقلىق ھايۋانلار ئوت-چۆپ يەيدىغان ھايۋانلار بولۇپ، ئۇلار گۆش يېمەيدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كۈۋېر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، راست ئەمەسمۇ، — دېيىشىپتۇ ئوقۇغۇچىلار بىردىنلا ھوشىنى تېپىپ. بۇ غەلىتە ھايۋاننى ياسىغانلار ۋە شۇ رولنى ئويناپ چىققانلار شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىككىنچى بۇنداق ئىشنى قىلمايدىغان بوپتۇ.

## لىڭگىلتاختاق ۋە تىڭشىغۇچ

1816-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھرىدىكى ناك دوختۇرخانىسىدىن بوي-تۇرقى كېلىشكەن ئېگىز بىر دوختۇر چىقىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى لېرناك (1781 — 1826) بولۇپ، قاپىقى تۈرۈلگەن ھالدا نېمىلەرنىدۇ ئويلاۋاتقانىكەن.

باياتىن، باي ئاقسۆڭەك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بىر خېنىم كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن دوختۇرغا كەپتۇ. كېسەل كۆكسىنىڭ

ئەتراپىنى كۆرستىپ، شۇ جاينىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېرناك بۇ خېنىمىنىڭ يۈرەك كېسىلى بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىپ، قۇلىقىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە يېقىپ، يۈرەكىنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلاپ باقماقچى بوپتۇ.

— بۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ خېنىم يۈزى قىزارغان هالدا.

خېنىم كەتكەندىن كېيىن، لېرناك بىر خىل ئەسۋاب كەشىپ قىلىپ، كېسەلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ۋە نەپەس ئېلىش ئاۋازىنى ئاشۇ ئەسۋاب بىلەن ئاڭلاشنى ئويلاپ يۈرۈپتۇ.

بىركۈنى لېرناك كىچىك قىزىنى ئېلىپ، سەيلى ئۈچۈن باغچىغا كىرىپتۇ، باغچىدا كېتىۋېتىپ كۆزى بىردىنلا لىڭگىلىتاختاق ئوينىۋاتقان ئىككى بالىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ بىرسى لىڭگىلىتاختاقنىڭ بىر بېشىدا قۇلىقىنى ئۇنىڭ تاختىسىغا مەھكەم يېقىپ تۇرۇپتۇ؛ يەنە بىرسى بولسا، يەنە بىر بېشىدا تۇرۇپ، قولىدىكى مىخ بىلەن تاختايىنى ئاستا سىزىپ، "ئاڭلىدىڭمۇ؟" دەپتۇ، قۇلىقىنى يېقىپ تۇرغىنى "ئاڭلىدىم، شۇنداق ئېنىق ئاڭلىدىم" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

لېرناك بۇ ئىشقا قىزىقىپ، بۇ ئىككى بالا كەتكەندىن كېيىن، قۇلىقىنى لىڭگىلىتاختاقنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاختايغا چىڭ يېقىپ، قىزىنىڭ قولىغا ئاچقۇچىنى بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىكى تاختايىنى ئاستا سىزىشقا بۇيرۇپتۇ. قىزى ئاچقۇچ بىلەن سىزغانىكەن، راست دېگەندەك "تىڭ، تىڭ" قىلغان ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىنىپتۇ.

ئۇ بۇنىڭدىن ئىلهام ئېلىپ بۇنداق بىر داۋلىنى چۈشىنىپتۇ: ئاۋاز هاۋا ئارقىلىق تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىدۇ، ئارىلىق يىراق بولسا،

ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، ئەگەردە ئاۋازنى ياغاچ نەيچە ياكى باشقا نەيچە بىلەن يەتكۈزگەنــدە، ئاۋاز تەرەپ ـ تەرەپــكە تارقىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈســتىگە ياغاچ قاتارلىق جىسىم ئارقىلىق ئاۋاز يەتكۈزگەندە، بۇنىڭ ئىقتىدارى ھاۋاغا قارىغاندا يۇقىــرى بولــىدۇ، زىيانــمۇ كۆپ بولمايدۇ، ئارىلىق يىراقراق بولغان تەقــدىردىمۇ ئىككىنــچى تەرەپتە تۇرۇپ ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلاشقا بولىدۇ.

دوختۇرخانىغا قايتىپ بارغانــدىن كېــيىن، لېرناك بىر تال ئۇزۇن تاياقنى تېپىپ، بىر ئۇچىنى كېسەلــنىڭ كۆكســىگە قويۇپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا تىقىپتىكەن، راست دېــگەنــدەك كېسەلنىڭ يۈرىكىنىڭ سوققان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپــتۇ. كېــيىن لېــرناك ياغاچ نەيچىنىڭ تاياقتا قارىغاندا ياخشى بولىدىــغانلىقــىنى بايــقاپــتۇ ـ دە، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياغاچ نەيچە ئىشلىتىدىغان بوپتۇ.

دوختۇرلار ئىشلىتىۋاتقان تىڭشىغۇچ شۇنىڭدىن كەلگەنىكەن.

## بىر سومكا زىننەت بۇيۇمى

فرانــســيــنىڭ پارىژ شەھــرىــدىــكى ھەشەمەتــلىك كاتــتا بىر مېھمانخانا.

بىركۈنى ئەتــىگەنلىكى مېھمانخانىنىڭ جىگىلــىسى ساقچى ئىدارى-سىغا مېھمىنــىمىز سانا خېــنىمــنىڭ نۇرغۇن قىمــمەت باھالىق زىننەت بۇيۇمى سېلىنغان سومكىسنى ئوغرى ئالدى، دەپ مەلۇم قىپتۇ.

بىرنەچچە مىنوتتىن كېــيىن، ساقــچى باشــلــىقى خارگېن يېــتىپ كەپــتۇ. ئۇ ئەتراپــنى بىرقۇر تەكــشۈرۈپ كۆرگەنــدىن كېيىن، سانا خېنىمنى چاقىرتىپ ئەنزىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

سانا خېنىم شىركەتكە ۋەكىل بولۇپ بىر خەلقئارا كۆرگەزمىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا مۇشۇ مېھمانخانىغا كەپتۇ، ئۇنىڭ قول سومكىسىدا نۇرغۇن ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرى بار ئىكەن. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئايال كۈتكۈچىسى ئۇنىڭ قولىدىن سومكىنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى ئىشكاپقا سېلىپ قويغانىكەن.

— خېنىم، نېمە لازىم بولسا تاپشۇرۇۋېرىڭ، — دەپتۇ ئايال كۈتكۈچى ئىنتايىن سەممىي هالدا.

— باشقا ئىشىم يوق، ئەته ئەتىگەندە بىر قاچا ئىسسىق سۈت ئەكىرىپ بېرىڭ، — دەپتۇ سانا خېنىم.

ئۇخلاشتىن بۇرۇن سانا خېنىم زىننەت بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپتىكەن، ھەممىسى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كونۇپكىنى بېسىپ، ئايال كۈتكۈچىنىڭ سۈت ئەكىرىپ بېرىشىنى ئوقتۇرۇپتۇ-دە، ئۆزى يۈز يۇيۇدىغان ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. چىشىنى چوتكىلاپ بولۇپ، يۈزىنى يۇياي دەپ تۇرۇشىغا ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتىكەن، كۈتكۈچى ئايال سۈت ئەكىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. يۈزىنى سوپۇنلاپ بولۇپ، چايقاي دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن "ۋاي" دەپ چىقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ "گۈلدۈر" قىلغان بىر تاۋۇش ئاڭلىنىپتۇ. سانا خېنىم يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسا ئايال كۈتكۈچى ھوشسىز يەردە ياتقان، پېشانىسىدىن قان ئېقىۋېتىپتۇ. كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى ئىشكاپقا قاراپتىكەن، قول سومكىسى كۆرۈنمەپتۇ، ئۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ قېتىپلا قاپتۇ...

ساقچى باشلىقى خارگېن سانا خېنىمنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى

ئاڭلاپ بولۇپ، ھوشىغا كەلگەن ئايال كۈتكۈچىنى يوقلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا باياتىنقى ئەھۋاللارنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

— باياتىن، — دەپتۇ بېشى بىزە يارىلانغان ئايال كۈتكۈچى ناھايىتى قىينالغان ھالدا، — سانا خېنىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر قاچا سۈت ئەكىرگەنىدىم. بىراق ئىشىكتىن كىرىشىمگە كەينىمدىن سوغۇق شامال ئۇرۇلغاندەك قىلدى، مەن ئۆرۈلۈپ بولغىچە ئارقامدىن بىر ئەر كىشى كەلدى-دە، ماڭا ئېتىلىپ بىر مۇشت سالدى، مەن دەرھال يەرگە يىقىلدىم، بېشىم ئايلىنىپ ياتقاندا ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ قاچقاندەك قىلغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلدىم.

— ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى قانداق ئىكەن؟ — سوراپتۇ ساقچى باشلىقى.

— ئېنىق كۆرەلمىدىم.

ساقچى باشلىقى سوئالنى توختىتىپ، كارىۋات بېشىدىكى ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىسسىق سۈتنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— سانا خېنىم، سۈتىڭىزنى تېخى ئىچمەپسىزغۇ، — دەپتۇ.

— توغرا، دېمىسىڭىز، ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن.

— خېنىم، سوۋۇپ قالغاندۇ، مەن چىقىپ ئىسسىتىپ ئەكىرىپ بېرەي، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال كۈتكۈچى سەمىمىي ھالدا.

— كۈتكۈچى خېنىم، بولدى ئويۇنىڭىزنى ئەمدى ئاخىرلاشتۇرۇڭ، شېرىكىڭىزنىڭ كىملىكىنى تاپشۇرۇڭ، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى مەسخىرە ئاھاڭىدا.

— ساقچى باشلىقى، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئايال كۈتكۈچىنىڭ چىرايىدا بىردىنلا قان قالماپتۇ.

— سىز باياتىن، ئىشىكتىن كىرىشىمگە ئارقامدىن بىر ئەر كىشى چىقىپ بىر مۇشت قويغانىدى، ئىشىك ئالدىغا يىقىلدىم، دېدىڭىز، بىراق بۇ لىق قاچا سۈت يەرگە تۆكۈلۈشىنىڭ ئورنىغا كارىۋات بېشىدىكى ئىشكاپقا چىقىپ قاپتۇ، بۇ بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟

ئايال كۈتكۈچىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ھېچ نەرسە دېيەلمەي قاپتۇ.

ئەسلىدە، ئۇ باياتىن ئۆيگە كىرگەندە، سۈتنى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بولۇپ، سومكىنى ئېلىپ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۆزى كېلىشىپ قويغان ئوغرىغا بېرىپتۇ، ئاندىن ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، قەستەن ھېلىقى ئوغرىغا بىر مۇشت ئۇرغۇزۇپتۇ.

ساقچى باشلىقىنىڭ سۈرۈشتۈرۈشى بىلەن ئايال كۈتكۈچى ئاخىرى ئۆزىنىڭ شېرىكى ۋە قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇمى سېلىنغان سومكىنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

## ئاننىنىڭ كارامىتى

توكيونىڭ مەلۇم بىر يېرىدىكى يەر ئاستى تۆمۈريولىدا پويىز ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ كەپتىكەن، فرانسىيە مۇخبىرى ئاننا خېنىم قىستاپ يۈرۈپ بىرىنچى بولۇپ پويىزدىن چىقىپتۇ-دە، ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن ساقچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— پورتمىلىمنى ئوغرى ئېلىۋالدى، ئاقتۇرۇشۇپ بەرسەڭلار، — دەپتۇ.

ساقچىلار خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك كەينى-كەينىدىن چىقىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قاراپ، قاپقىنى تۈرۈپ، قولىنى سىلكىپ ئىلاج قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

— خېنىم، كەچۇرۇڭ، بۇنچىۋالا يولۇچىنىڭ ھەممىسنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرالمايمىز، — دەپتۇ.

— يېنىىنى ئاختۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەرلەرنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ، پۇتىنىڭ دۇمبىسىگە قارىساقلا، ئوغرىنى تاپقىلى بولىدۇ، — دەپتۇ ئاننا.

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— مەن ئوغرىنىڭ پۇتىنىڭ دۇمبىسىگە قاتتىق بىرنى دەسسىۋەتكەن، پۇتىنىڭ دۇمبىسىدە چوقۇم ئايىغىمىنىڭ پاشىنىسىنىڭ ئىزى قالغان بولۇشى مۇمكىن.

باياتىن ئاننا پويىزنىڭ ئۆتۈشىدىغان يېرىدە قىستىلىپ يۈرگەندە، بۇرنىغا تاماكا پۇرىقى پۇراپتۇ، دەل شۇ چاغدا كەينى تەرەپتىن بىر ئەر كېلىپ قولىنى ئاننانىڭ كۆكسىگە ئۇزىتىپتۇ. ئاننا توكيونىڭ لۈكچەكلىرى، يانچۇقچىلىرى ھەممىشە يەر ئاستى پويىزدا ئەنزە تۇغدۇرىدىكەن، كىمكى شۇ مەيداندا ۋارقىرىسا، پىچاق يەيدىكەن دەپ ئاڭلىغانىكەن. شۇڭا ئاننا ۋارقىرىيالماي، ئالدىدىكى ئادەم ئىتتىرىۋەتكەندەك بولۇۋېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ پۇتىغا قاتتىق بىرنى دەسسىۋەتكەنىكەن...

ساقچىلار ئاننانىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، چىقىش ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ بىر-بىرلەپ ئەرلەرنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ تەكشۈرۈپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك بىر ئەر كىشىنىڭ سول پۇتىنىڭ دۇمبىسىدە قىزىل ئىششىق كۆرۈنۈپتۇ، بۇ ئىز ئاننانىڭ ئايىغىنىڭ پاشىنىسىنىڭ ئىزى بىلەن ئوخشاش چىقىپتۇ. ساقچىلار ئۇ ئادەمنى دىجۇرنىلار ئۆيىگە ئاپىرىپ ئاختۇرۇپتىكەن، ئاننانىڭ پورتمىلى چىقىپتۇ. ئەسلىدە، بۇ يانچۇقچى باياتىنقى قىستاڭچىلىقتا ئاننانىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋې-

لىپ، ئالدىن ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلىپ دىققەتنى بۆلگەندىن كېيىن، ئاندىن پورتمىلىنى ئوغۇرلىغانىكەن.

كېيىن باشقىلار ئاننادىن سوراپتۇ:

— ئۇ چاغدا سىز ئارقىڭىزدا تۇرغان ئەرنىڭ پۇتىغا دەسسەپسىز، ئۇنىڭ باشقا ئادەم بولماي، دەل سىزنىڭ پورتمىلىڭىزنى ئوغۇرلىغان ئوغرى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئەگەر، — دەپتۇ ئاننا كۆزىدىن قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈلكىسىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپ، — باشقا ئادەمنىڭ پۇتىغا دەسسىگەن بولسام، ئۇ ئادەم ۋارقىراپ پويىزنى بېشىغا كىيىپ، مېنى ئەيىبلىگەن بولاتتى. لېكىن مەن پۇتىغا دەسسىگەن ئادەم غىڭ قىلالماي قالدى، بۇ ئۇنىڭ پورتمىلىمنى ئوغۇرلىغان ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەسكىلىكىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۈن چىقىرالمىغان.

— يارايسىز، سىز جىنايەتچىنىڭ پسىخىك ھالىتىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىپسىز. ئوغرىنىڭ پۇتىغا كېلىشتۈرۈپ دەسسىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، مۇشۇ دەسسەشنى ئاننانىڭ كارامىتى دېسەك بولىدىكەن، — دېيىشىپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ.

## كەم چىققان بەتتىكى مەخپىيەتلىك

رودىن كۇتۇپخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى گالى خىزمەتىنى تولىمۇ ئىنچىكە ئىشلەيدىغان قىز ئىدى. بىركۈنى ياشانغان بىر ئايال «مانئۇرا نېمىگە ئېرىشتى» دېگەن كىتابنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەپتۇ. گالى قىز كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ 41 ـ، 42 ـ بەتلىرىنىڭ

كەم تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ.

مەن ئارىيەت ئالغانىدا ئاشۇ بەتلىرى يوقىكەن، بۇنى ئالدىن سىزگە ئېيتىپ قويماپتىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال چۈشەندۈرۈپ.

— كىتابنىڭ كەم بېتى سىز كىتابنى ماڭا قايتۇرۇۋاتقاندا بىلىندى، شۇڭا بەلگىلىمە بويىچە تۆلەپ بېرىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ گالى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھېلىقى ياشانغان ئايال بەلگىلىمە بويىچە تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنى تاپشۇرۇپتۇ.

گالى قىز بۇ ئايالنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن كىتابنى قولغا ئېلىپ ئۇ يان، بۇ يان ۋاراقلاپ كۆرۈپتۇ-دە، 43-بەتنىڭ بىرقانچە يېرىدە ناھايىتى ئىنچىكە سىزىق ئىزىنى كۆرۈپ قاپتۇ، قارىسا بۇ گويا ئويمىكەشلەرنىڭ پىچىقىغا ئوخشاش ئىتتىك بىرنەرسە بىلەن سىزغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ دەسلەپ كىتابنىڭ ئاشۇ بېتىنى زەڭ قويۇپ ئوقۇپتۇ ۋە قېرىنداش بىلەن ھېلىقى سىزىلغان ئىزنى يېشىلاپ-تۇ، يېشىلاش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ سىزىقلىرى مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ سىزىق ئىزىنىڭ ھەممىسىنى يېشىلاپ بولغاندىن كېيىن، شۇنى بايقاپتىكى، بۇ سىزىقلار خەتلەرنىڭ ئەتراپىدىلا بولماستىن، بىر قىسمى خەتنىڭ ئەتراپىدا، يەنە بىر قىسمى خېتى يوق ئاق يەردە، بەزىلىرى بولسا پۈتۈنلەي ئاق يەردىلا ئىكەن. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتسىز بەت بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، ھەقىقىي مەخپىيەتنىڭ كەم چىققان بەتتە ئىكەنلىكىنى، 43-بەتتىكى ئىزلارنىڭ ئالدىنقى بەتتىن ئۆتكەن ئىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئۇ بىر كىتابخانىغا بېرىپ «مانۇرا نېمىگە ئېرىشتى» دېگەن كىتابتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ 41-، 42-بەت-

لىرىنى كېسىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئەسلىدىكى كىتابنىڭ 44 ـ بېتىنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاستى ـ ئۈستىنى توغرىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ۋاراقنىڭ ئارىسىغا بىرۋاراق قارا قەغەز قويۇپ، 43 ـ بەتتە بار سىزىقلارنى بىر قۇر يېڭىلاپ چىقىپتۇ. يېڭىلاپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ۋاراقنى سۇغۇرۇۋېلىپ، خۇشاللىق بىلەن ئەتراپتىكى سىزىقتا ئويۇلغان خەتلەرگە دىققەت قىپتۇ:

داۋالاش ئېلىپ كېلىڭ ساقلاش بەك يامان بالا ئارزۇلۇق كەتكەن يۈەن ئۇ سالامەتلىك سىز ئەللىك جاۋاب تۇمەن.

قىز بۇلارنى كۆرۈپ بىرئاز ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق ئىكەن. بۇنى مەلۇم بىر ئادەم ئوينىشىپ شۇنداقلا سىزىپ قويغان بىر بەلگە دېيىشكە بولامدۇ؟

ئۇ يەنە كىتابنىڭ 41 ـ بېتى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈ ـ زۈپ، ئاخىرى بۇ ئىزنىڭ ھەربىر تاق خەتنىڭ ئەتراپىغا ئويۇلغان رام ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە بىرسىنىڭ 41 ـ بەتتىكى خەتلەرنى ئويۇپ ئالغاندا، ئىزنىڭ 43 ـ بەتكە چىققانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ ئەمدى ھوشىنى تېپىپتۇ: بۇ خەتلەرنى بىردىن ـ بىردىن ئويۇپ ئالغانىكەن، ئۇنى قانداق تىزىمەن دېسە، شۇنداق تىزغىلى بولىدۇ. بۇ خەتلەرنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ كۆرسە، نەتىجە قانداق بولۇپ چىقار؟

ئۇ خەتلەرنىڭ تەرتىپىنى بىرقانچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپتىـ كەن، ئاخىرى مۇنداق بىر جۈملە مەنىلىك سۆز بولۇپ چىقىپتۇ:

ئارزۇلۇق بالىڭىزنىڭ سالامەتلىكى بەك ناچار، ئەللىك (ياكى ئون بەش)تۇمەن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى داۋالىتىڭ، جاۋاب كۈتىمىز.

گالى قىز بىردىنلا «ئارزۇلۇق بالا» ۋە «ئەللىك تۇمەن» دېگەن سۆزلەرگە دىققەت قىپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سالغىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ چوقۇم بىر باغلاپ تۇتۇۋېلىش ئەنزىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، بۇلاڭچى پوچۇركىسىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، كىتابىتىن خەتنى ئويۇۋېلىپ، ئۇنى بىر جۈملە سۆز قىلىپ تۈزۈپ، "ئارزۇلۇق بالا" نىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن "ئەللىك تۈمەن" ياكى "ئون بەش تۈمەن" تەلەپ قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھۆكمىنى دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىپتۇ.

ساقچى باشلىقى بېئىرگالى قىزغا مۇشۇ ئىشتىن بۇرۇن كىتاب ئارىيەت ئالغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى يازدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى تەكشۈرۈپتىكەن، راست دېگەندەك بىر گۇمانلىق ئۇنسۇر ئېنىقلىنىپ، باغلاپ تۇتۇپ كېتىش ئەنزىسىدىن بىرى پاش بوپتۇ.

## دېھقانلارنىڭ دەرەخ كېسىشى

گېرمانىيىنىڭ ۋېتىدىن ھاۋسىن دېگەن يېرىدىكى ۋېرنىكېن دەريا-سىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى كەنتنىڭ ئارقا تەرىپى قېلىن ئورمان-لىق بولۇپ، يېنىدا تۈگمەنگە سۇ بارىدىغان بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن، ئالدى تەرىپىدىكى ئانچە ئۇزاق بولمىغان جاي ئوبېندوف ئىكەن. بۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق يىللار بۇرۇن، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ئەقىللىق ۋە چىۋەر ئىكەنلىكىنى يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىكەن. كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرىدىغىنى بۇ دېھقانلار-نىڭ چاقچاقچى ۋە تەۋەككۇلچى ئىكەنلىكى ئىكەن.

بىركۈنى دېھقانلار گراف جوناس فون چىمموبېنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كەنت ئالدىدىكى چوڭ يولدا پۈت-

لىرىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇشۇپ، دۆگلەك بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قالايمىقان ۋارقىراپ، جارقىراپ، ئۆزئارا دە ـ تالاش قىلغىلى تۇرۇپتۇ، گراف ئېتىنى توختىتىپ، ئۇلاردىن نېمە تالىشىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. دېھقانلار ئۆزىنىڭ پۈتىنى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزئارا دە ـ تالاش قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، گرافتىن ھەربىر دېھقاننىڭ پۈتىنى تېپىۋې-لىشىغا ياردەم قىلىشىنى سوراپتۇ، ئەگەر گراف مۇشۇ ئىشتا ئۇتۇپ چىقىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر خالتا ئاشلىق بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

جونناس بۇ ئىشقا قىزىقىپ ئېتىدىن چۈشۈپتۇ ـ دە، قولىغا كال-تەكتىن بىرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پاچىقىغا تازا ئۇرۇۋېتىكەن، كالتەك كىمنىڭ پۈتىغا تەگسە، شۇ دەرھال ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ. دېھقانلار جونناسنىڭ ئۇتۇپ چىققانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر خالتا ئاشلىق بېرىدىغان بوپتۇ.

جونناس ئەپەندى ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئادەملىرىگە ھەم يوغان، ھەم ئۇزۇن خالتىدىن بىرنى تىككۈزۈپتۇ، بۇ خالتىغا بىر ماشىنا ئاشلىقنى قويسىمۇ تولمايدىكەن. بۇ خالتىنى كۆرگەندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. بۇ خالتىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئاشلىق كېتەر؟! بىراق خەتتە بىر خالتا ئاشلىق دەپ ئېنىق يېزىلغان، لەۋزى چىشلەپ بولسىمۇ خالتىنى تولدۇرماقتىن باشقا ئامال يوق.

دېھقانلار بۇ ئىشتا زىيان تارتقاندىن كېيىن، زىياننى تۆلىتىۋېلىش قارارىغا كەپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دېھقانلار بىر قانچە كىشىنى ۋەكىل سايلاپ، جونناس ئەپەندىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئورمانلىقىدىن ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئازراق ياغاچ كېسىۋېلىشىنى

ئۆلتەماس قىلغانىكەن، جونناس ئەپەندى بۇنىڭغا دەرھال ماقۇل بوپتۇ.

دېھقانلار جونناسنىڭ ئورمانلىقىنىڭ ئۇ قېتىدىن چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى كېسىپتۇ ـ دە، ئاندىن جونناسنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەقەت بىر تۈپلا دەرەخ كەسكەنلىكى، لېكىن دەرەخ بەك يوغان بولغانلىقتىن، يۆتكەشكە ئەپسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، دەرەخنى شۇ پېتى يۆتكىۋېلىش ئۈچۈن، ئورماندىن يول ئېلىشقا ماقۇل بولۇشنى، شۇنىڭدەك يول بويىدىكى ياغاچنى ئېلىپ مېڭىشقا پۇتلاشقان دەرەخلەرنىمۇ كېسىپ بىللە ئېلىپ مېڭىشقا قوشۇلۇشنى ئۆلتەماس قىپتۇ. جونناس دېھقانلارنى نادان دەپ بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

دېھقانلار ياغاچنى ئادەتتىكىدەك ئۆزۈنىغا ئېلىپ ماڭماي، توغرىسىغا قويۇپ، ئىككى ماشىنا بىلەن ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ دەرەخ ھەم يوغان، ھەم ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇنىڭ شاخلىرى ئىككى تەرەپتىن خېلى يىراققا سوزۇلۇپتۇ. ئۇلار ياغاچنى ئېلىپ ئورماندىن چىقىش جەريانىدا، بۇ چوڭ دەرەخنىڭ شېخى تەككەنلىكى دەرەخنى قويماي كېسىپ، كەنتكە ئېلىپ كەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆتكەندىكى زېمىننى تۆلىتىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر مۇنچە پايدا ئاپتۇ. جونناس شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ يەردىكى دېھقانلارنى سەل چاغلىمايدىغان بوپتۇ.

## گۇمبەز ئۈستىدىكى پارس مۈشۈكى

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى.

بىركۈنى، كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر نېمىس كوماندىرى دۇربۇننى قولىغا ئېلىپ، ئالدى تەرەپتىكى فرانسىيە قوشۇنىنىڭ بازىسىغا قاراپ، بىر پارس مۈشۈكىنىڭ يىراقتىكى گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— قىزىق ئىش، بۇ مۈشۈك خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 — 9لاردا ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئاپتاپ سىنىدۇ، بۇ ئىشنىڭ داۋاملاشقىنىغا 4 — 5 كۈن بولۇپ قالدى. بۇ ئىش زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ — سوراپتۇ ھېلىقى نېمىس كوماندىرى يېنىدا تۇرغان بۇرۇتلۇق كوماندىردىن.

— بەلكى بۇ بىر ياۋا مۈشۈك بولسا كېرەك، — دەپتۇ ھېلىقى بۇرۇتلۇق.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ياۋا مۈشۈك كۈندۈزى چىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توپ ئاۋازى گۈمبۈرلەپ تۇرغان بۇنداق ئۇرۇش مەيدانىغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. قاراپ بېقىڭ، بۇ ناھايىتى چىرايلىق بىر پارس مۈشۈكى ئىكەن، — دەپتۇ كۆزەينەكلىك كوماندىر ھېلىقى بۇرۇتلۇققا دۇربۇننى سۇنۇپ بېرىپ.

بۇرۇتلۇق دۇربۇن بىلەن قاراپتىكەن، راست دېگەندەك تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان، كۆزلىرى خۇددى كەھرىۋادەك يالتىراپ تۇرغان پارس مۈشۈكى ئەمەسمۇ...

— ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇنداق قىممەت باھالىق مۈشۈكنى بۇنداق يەرگە ئەكىلىپ ئويناش ھەرگىزمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلار مۈشۈك ئويناشنى خالىمايدۇ، باشلىقلىرىمۇ ئۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ، — دەپتۇ كۆزەينەكلىك نېمىس كوماندىرى، — شۇڭا، مەن شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمەنكى، ئاشۇ

گۇمبەزنىڭ ئەتراپىدا فرانسىيە قوشۇنىنىڭ يەر ئاستى قوماندانلىق شتابى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ مۇشۇ گەپنى دەپتۇ ـ دە، دەرھال نېمىس قوشۇنىنىڭ ئىستىھكام ئالىي قوماندانىغا ئەھۋالنى دوكلات قىپتۇ.

ئالىي قوماندان "كۆزەينەك"نىڭ ھۆكمىگە قوشۇلۇپ، ئىستىھكامدىكى 6 توپچىلار قىسمىغا ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ گۇمبەزنى ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

دەھشەتلىك بوراندەك كەلگەن شىددەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن، فرانسىيە قوشۇنىنىڭ گۇمبەز ئەتراپىدىكى بىر قوماندانلىق شتابى تارمار قىلىنىپتۇ، فرانسىيە قوشۇنىنىڭ بۇ قىسمى قوماندانلىقتىن ئايرىلىپ قېلىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، ھە دېگۈچە نېمىس قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپتۇ.

ھېلىقى چىرايلىق پارس مۈشۈكىنىڭ تەقدىرىمۇ ئىگىسىنىڭكىگە ئوخشاش بوپتۇ.

## تاماكا ۋە قاتىل

بىركۈنى، ئاۋستىرىيىنىڭ پسىخولوگىيە ئالىمى فلوئىدېر كوچىدا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ۋېنا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۆلېر بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئەنزىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

ــ بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن، شەھەر سىرتىدا ئۆلتۈرۈشلۈك بىر ئادەمنىڭ چىرايلىق خوتۇنى ئۆلتۈرۈلدى. ئەنزە سادىر بولغان

ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن ئىككى يېرىمغىچە بولغان ۋاقىت-
قا توغرا كېلىدۇ... — ساقچى باشلىقى فلۇئىدېرغا بىر تال تاماكا
تۇتۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى ۋېنا سىمفونىيە
ئوركېستىر ئانسامبىلىنىڭ پىئانىنوچىسى ئىدى، ۋەقە يۈز بەرگەندە
ئۇ كونتۇرلۇق ئويۇنغا قاتنىشۋاتقانىكەن. ھازىر بىز ئىككى كىشىدىن
گۇمانلىنىۋاتىمىز، لېكىن قولىمىزدا كۈچلۈك ئاساس يوق، ھەقىقىي
قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بېكىتىش قىيىن بولىۋاتىدۇ.
— نەق مەيداندا قاتىلنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىلىرىمۇ بار-
مىكەن، — سوراپتۇ فلوئىدېر تاماكىنى بىر شورىۋېتىپ.
— دەرۋازا ئالدىدا تېخى بىر-ئىككى شوراپلا تاشلىۋەتكەن
تاماكىنى تېپىۋالدۇق، بۇ تاماكىنىڭ ماركىسى سىز چېكىۋاتقان تاماكى-
نىڭ ماركىسىغا ئوخشايدۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت بىر ئەتراپىدا
ئۆلگۈچى ئالدى ھويلىنى سۈپۈرۈپتىكەن، بۇنى دەل شۇ چاغدا
يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پوچتالىئون كۆرۈپتىكەن. دەرۋازا ئالدى-
دىكى ھېلىقى تاماكا قالدۇقى جەزمەن قاتىل تەرىپىدىن تاشلانغان،
تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر-ئىككىنى دەسسىۋېتىپتۇ.
— ھېلىقى گۇمانلىق ئىككى ئادەم تاماكا چېكەمدىكەن؟
— شۇنداق، يەنە كېلىپ ئۇلار ئاشۇنداق ماركىلىقىنى ياخشى
كۆرىدىكەن، شۇڭا ھۆكۈم قىلىش تەس بولىۋاتىدۇ. بۇ ئىككىيلەن-
نىڭ بىرسى ئۆلگۈچىنىڭ ياش ئاشنىسى بولۇپ، مۇزىكا مەكتىپىنىڭ
ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئېرى سىرتقا ئويۇن قويغىلى
كېتىپ، كۆپ چاغلاردا ئۆيدە بولالمىغاچقا، ئۆيدە يالغۇز قېلىپ
زېرىكىدىكەن، ھېلىقى ئوقۇغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ بەك
يېقىن ئىكەن، تېخى ئۇ ئايال ھەمىشە ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى ئۆيىگە

ئاپىرارمىش.

— ئۇ ئۇقۇغۇچىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى بارمۇ؟ — سوراپتۇ فلوئىدېر.

— يېقىندا ئۇ باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىنى رەسمىي جاكارلاپتىكەن، بۇنى ئاڭلاپ ئۆلگۈچىنىڭ تازىمۇ كۆندەشلىكى كەپتۇ، شۇڭا ھېلىقى ياش بىلەن دائىم جىدەللىشىدىغان بولۇپ قاپتىكەن.

— گۇمانلىق ئادەمنىڭ يەنە بىرسىچۇ؟

— ئۇ ئاشۇ رايوندىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ساتىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ دائىم ئۆيىدە يالغۇز قالىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، شېرىن گەپلەر بىلەن ئايالنى ئالدايدىكەن.

— ئايالدىن دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئىزاغا چىدىماي، ئۆچمەنلىك بىلەن ئايالنى ئۆلتۈرۈپتۇ — بۇنداق ئېھتىمال يوق ئەمەستۇ؟

— شۇنداقمۇ دەيلى، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يېرى پاكىتىنىڭ تولۇق بولماسلىقى بولىۋاتىدۇ.

فلوئىدېر ئاغزىدىكى تاماكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ساتىدىغان ئادەم قاتىلنىڭ ئۆزى شۇ.

— بۇنىڭغا نىمە ئاساسىڭىز بار؟

— ئەگەر قاتىل ھېلىقى ئايالنىڭ ياش ئاشنىسى بولىدىغان بولسا، تېخى ئەمدىلا بىر-ئىككى شورىغان تاماكىسنى ئىشىك ئالدىغا

تاشلىۋەتمەيتتى، ئۇ ھەردائىم ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئاغزىدا تاماكا چىشلىگەن پېتى بۇ ئائىلىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈش ئۈنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىكەن. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ساتقۇچى ئادەم بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. ئۇ قولىدىكى مالنى سېتىش ئۈچۈن، ناتو-نۇش ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن بىرەر ئائىلىگە كىرىشتىن بۇرۇن، ھەممىشە دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى تاشلاپ، ئۇستىگە دەسسەۋېتىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆلگۈچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئالاھىدە ئەدەپلىك بولۇپ كۆرۈنگەن ئادەم چوقۇم مال ساتقۇچى بولۇشى كېرەك.

ساقچى باشلىقى بۇلېر بۇ گەپنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ، تەكشۈرۈپ سوراق قىپتىكەن، راست دېگەندەك قاتىل ھېلىقى مال ساتقۇچى بولۇپ چىقىپتۇ.

## سىرلىق "گۇۋاھچى"

ياۋرۇنىڭ بىركۈنى چۈش مەزگىلى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئاۋستىرىيىنىڭ پايتەختى ۋېنادىكى ساقچى ئىدارىسىغا ئۇسسۇپ كىرىپ، ئېرىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن ۋىكتور ئىسىملىك بىر دوستى بىلەن ساياھەت ئۈچۈن سىرتقا كەت-كەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ.

ساقچى باشلىقى ۋىكتوردىن سوراپتىكەن، ۋىكتور جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىز دوناي دەرياسىنى بويلاپ ساياھەت قىلغانىدۇق، بۇنىڭ-

دىن ئۈچ كۈن بۇرۇن بىر مېھمان كۈتۈشكە چۈشۈپ، ئىككىمىز بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇق، ئۇ ئازراق ئىشلىرىم بار، سىرتقا چىقىپ پۈتتۈرۈپ كېرەي دېگەنىدى، كىم بىلسۇن، مانا ئۈچ كۈن بولدى، تېخىچە مېھمانخانىغا قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

ساقچى باشلىقى ۋېكتور ئېيتىپ بەرگەن نام بويىچە دەرھال شۇ مېھمانخانىغا تېلېفون بېرىپتۇ. مېھمانخانىدىن جاۋاب كەپتۇ:

— ۋېكتور مېھمانخانىدىن تۈنۈگۈن ئايرىلدى، ۋېكتور بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان ساياھەتچى مېھمانخانىدىن ئايرىلىش رەسمىيىتىنى تېخى ئۆتىمىدى، ئۆزىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ساقچى ئىدارىسى بىرنەچچە ئون ساقچىنى تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتىپ، يوقاپ كەتكۈچىنىڭ خوتۇنى بەرگەن سۈرەت بويىچە ئىزدەپتۇ، بىراق، بىرنەچچە كۈن ئىزدەپمۇ ھېچيەردىن دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ساقچى تەرەپ ئەنزىنى مەلۇم قىلغۇچىنىڭ ئېرى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئەنزىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى تېپىش كېرەك، دېگەن يەرگە كەپتۇ. شۇڭا، ساقچى تەرەپ تىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتىپ، ئەتراپتىكى تاغ ئورمانلىقلىرىنى تەكشۈرۈپتۇ، ماتورلۇق كېمە بىلەن دوناي دەرياسىنى ئاقتۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەتىجە چىقماپتۇ.

ئاخىرى ساقچى تەرەپ مۇنداق ھۆكۈم قىپتۇ: ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى تولىمۇ چەت بىر جايغا تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەم ئېلىشقا بارغانلار ئۇنداق چەت جايغا ئۆزى يالغۇز بارمايدۇ، ئۇنى چوقۇم بىر يېقىن دوستى ئاپارغان گەپ. ۋېكتور مۇشۇ ئەنزىدىكى

ئەڭ مۇھىم ئاساسلىق ئادەم. بىراق ۋىكتور بۇ ئەنزە بىلەن ھېچقان-داق مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ، بۇ ئەنزىدە يا ئىقرار يوق، يا پاكىت يوق، شۇڭا ساقچى تەرەپ ۋىكتورنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇش قارارىغا كەپتۇ.

ساقچى باشلىقىنىڭ بىر يېقىن ئاغىنىسى داڭلىق بىئولوگىيە ئالىمى ئىكەن، ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پاش قىلىشقا ياردەم-لىشىشكە ماقۇل بوپتۇ.

بىئولوگىيە ئالىمى بىرنەچچە كۈن ئالدىراش ئىشلىگەندىن كېيىن ساقچى باشلىقىغا:

— ئاغىنە، ئۆلگۈچىنىڭ جەستى ۋېنانىڭ جەنۇبىدىكى ئورمانلىقتا بولۇشى مۇمكىن، تېزراق ئادەم ئېلىپ بېرىپ ئاختۇرۇڭ، — دەپتۇ.

ساقچى باشلىقى ساقچىلارنى باشلاپ، جەنۇبتىكى ئورمانلىقتا كېلىپ ئاختۇرۇپتىكەن، راست دېگەندەك بىر ساسلىقتىن بىر ئەرك-شىنىڭ جەستىنى تېپىپتۇ، تەكشۈرۈپ قارىسا، يوقاپ كەتكەن ئادەم دەل شۇ ئىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ بويىنىدا بىرنەچچە يول قىزغۇچ ئىز تۇرۇپتۇ، قاتىل ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن.

سوراق باشلىنىپتۇ. ساقچى باشلىقى قاتتىق ئاۋاز بىلەن سوراپتۇ:

— ۋىكتور، كىشىلەر سېنى دوستىنى ۋېنانىڭ جەنۇبىدىكى ئورمانغا ئالداپ ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرگەن دەۋاتىدۇ، جىنايىتىڭنى تېز تاپشۇر.

— گۇۋاھچىنى ئەكىرىڭ، مەن بىلەن يۈزلەشسۇن، — دەپتۇ ۋىكتور سوغۇق كۈلۈپ.

— گۇۋاھچى ئەنە ئاۋۇ يەردە دەپتۇ، — بىئولوگىيە ئالىمى گۇۋاھچى ئورنىغا قويۇلغان كىچىك شىشىنى كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭ ئىچىگە گۈل چېچىكى قاچىلانغان.

— گۈل چېچىكى؟ ئۇ قانداق قىلىپ مېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلى-
كىمگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ...

— ئۇ ئايغىچىدىكى لايدىن ئېلىنغان، — دەپتۇ بىئولوگىيە ئالىمى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — گۈل چېچىكى يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈك بىلەن يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكنىڭ كۆپىيىش ھۆجەيرىسى بولۇپ، ئۆزى بەك كىچىك، ئۇنى پەقەت مىكروسكوپ بىلەنلا كۆرگىلى بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل چېچىكىنىڭ شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىز ئايغىچىدىكى لايدىن ئېلىنغان گۈل چېچىكىنى تەجرىبە قىلىپ كۆردۇق، قارىساق ئۇ ئاسماق ئالنۇس، قارىغاي ۋە 30 — 40 مىلىيون يىللار بۇرۇنقى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل چېچىكىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئالاھىدە گۈل چاڭلىرى ۋېنانىڭ جەنۇبىدىكى ئادەم بارمايدىغان زەيلىك رايوندا بولىدۇ. ئۇ سىزنىڭ دوستۇڭىزنى ئالداپ ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرگەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ.

ئەسلىدە، ۋېكتورنىڭ دوستى بۇ قېتىمقى ساياھەت ئۈچۈن بىر مۇنچە ئامېرىكا دوللىرى ئېلىۋالغانىكەن، پۇلنى كۆرۈپ يامان نىيەتكە كەلگەن ۋېكتور دوستىنى ئالداپ مۇشۇ ئورمانلىققا ئەكىلىپ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ئاشۇ سازلىققا تاشلاپ كەتكەنىكەن.

## سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ساندۇقتىكى قارا بىرلىيانت

ۋەقە 18 - ئەسىردە بولغان. شۋېتسارىيىنىڭ كىچىك بىر بازىرى-دىكى ئۈنچە - مەرۋايىت دۇكىنىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئاز ئۇچرايدىغان

قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مەرۋايىت ساقلانغانىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ پۇلغا يارايدىغىنى سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ساندۇقتىكى قارا بىرلىيانىت ئىكەن. بۇ قارا بىرلىيانىت ئالدىنقى ئەسىردە ئۆتكەن مەلۇم بىر پادىشاھنىڭ تاجىسىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، كېيىن پادىشاھ ئوردىسىدىن ئوغۇرلانغانىمىش.

بىركۈنى، بۇ ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىغا ئۈچ مۆتىۋەر ئادەم كەپتۇ ـ دە، ھېلىقى قارا بىرلىيانىتنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. بۇ ئۈچ مۆتىۋەرنىڭ بىرسى ئاياغ كىيىم سودىگىرى، يەنە بىرسى كېيمە زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى، يېشى چوڭراق كەلگەن ئۈچىنچىسى بىرسى ئاتاقلىق ئالىم ئىكەن.

ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىنىڭ خوجايىنى بېيىر بۇ ئۈچ مېھماننى ساقلاش ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، نەرسىلەرنى تىزىپ قويىدىغان ئوچۇق ئىشكاپتىن توق بېغىر رەڭدىكى سەندەل ياغىچىدىن ئىشلەن- گەن بىر ساندۇقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى قارا بىرلىيانىتنى ئاۋايلاپ ئاپتۇ. بۇ ئۈچ مېھمان قارا بىرلىيانىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىشىپتۇ ـ دە، ئاغىزى بېسىلماي ماختىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بېيىر كۆرەڭلىگەن ھالدا:

ـــ قانداق، پۈتۈن شىۋېتسارىيىدە يەنە بىرسى يوققۇ دەيـ- مەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ بۇ قارا بىرلىيانىتنىڭ بۇ دۇكانغا قانداق كەلگەنلىكىنى بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ ـــ دەپ سوراپتۇ ياشانغان ئالىم.

بېيىر بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، قارا بىرلىيانىتنى ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، شىلىم سۈرتۈلگەن قەغەزنى چاپلاپ ئۇنى پېچەتلەپتۇ ـ دە، ئاندىن ئۇلارنى ئازادە بىر

مېهمانخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ. بېير قارا بىرلىيانتنىڭ قانداق كەلگەنلىكى توغرىسىدا سۆز باشلاۋېتىپ، بۇ ئۈچ مېهماننىڭ ئوڭ بارمىقىدا ئازراق يارا تۇرغانلىقىنى، ئۈچەيلەننىڭ ئوخشاشلا يود سۈركەۋالغانلىقىنى بايقاپتۇ.

سۆھبەت جەريانىدا بۇ ئۈچ مېهمان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ هاجەتخانىغا چىقىپتۇيۇ، قايتىپ كىرىپ يەنە داۋاملىق بۇ قىزىق پاراڭغا داخىل بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بېيرنىڭ دوستى مەشهۇر خىمىيە دوكتورى هېۋېي ئەپەندىمۇ دوستىنى يوقلاپ كەپتۇ-دە، قارا بىرلىيانتنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. بېير هېلىقى ئۈچ مېهمانغا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى هېۋېي ئەپەندىنى باشلاپ ساقلاش ئۆيىگە كىرىپتۇ.

بېير پېچەتنى يىرتىپ، سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇقنى ئېچىپ قاراپ، هاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ: ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى قارا بىرلىيانت يوق.

— بۇنىڭدىن يېرىم سائەت بۇرۇن، قارا بىرلىيانت تېخى مۇشۇ ساندۇقتا بار ئىدىغۇ! — دەپتۇ بېير يىغلامسىراپ، — توغرا، هېلىقى ئۈچ مېهمان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ هاجەتخانىغا چىققان، پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىلا ساقلاش ئۆيىگە كىرگىلى بولىدۇ...

بېير بىلەن هېۋېي ئەپەندى مېهمانخانا ئۆيىگە چىقىپ، قارا بىرلىيانتنىڭ ئوغۇرلانغانلىقىنى هېلىقى ئۈچ مېهمانغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، هېۋېي ئەپەندى ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى ياشانغان ئالىمنىڭ بارمىقىغا چۈشكەندە ئۇ تۇرالماي قاپتۇ-دە، سەكرەپ بېرىپ ياشانغان ئالىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— قارا بىرلىيانتنى ئوغۇرلىغان سەن، قارا بىرلىيانتنى تاپشۇر، — دەپتۇ.

ئالىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ:

— مەن بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، مېنىڭ قولۇمدىن قانداقمۇ ئوغۇرلۇق قىلىش كەلسۇن؟ — دەپتۇ.

— ئەگەردە سەن خىمىيە ئوقۇغان بولساڭ، — دەپتۇ ھېۋىي ئەپەندى، — شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، يود شىلىم بىلەن ئۇچراشقاندا، قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. بىير ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوچۇقلار-نىڭ ئوڭ قولىغا يود سۇۋالغان، پەقەت سېنىڭ ئوڭ قولۇڭدىكى يودلا قارا رەڭگە ئۆزگەرگەن. شۇڭا، ناھايىتى ئېنىقكى، قارا بىرلىيانتنى ئوغۇرلىغان سەن.

ياشانغان ئالىم ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ-دە، ئىلاجىسىز قويۇن يانچۇقىدىن ھېلىقى قارا بىرلىيانتنى چىقىرىپ بېرىپتۇ.

## قارلىغاچنىڭ بارار يېرى

بۇ ۋەقە 18-ئەسىردە شۋېتسارىيىنىڭ شىمالىدىكى بازېل شەھىرىدە بولغان.

بۇ شەھەردە بىر ياماقچى بار ئىكەن، ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەپە تىكىۋېلىپ، شۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئايىغىنى ياماش بىلەن بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇنىڭ كەپىسىنىڭ بالاۋېشىدا ناھايىتى ئەپچىل قارلىغاچ ئۇۋىسى بار ئىكەن. قارلىغاچلار كۈنلىكى ئۇۋىسىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ،

ياماقچى بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ. بىراق، قارلىغاچ-لار ھەريىلى كۈز پەسلى ئاخىرلاشقاندا، يىراق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىپ، ئىككىنچى يىلى باھاردا قايتىپ كېلىدىكەن.

"قارلىغاچ زادى نەگە بارىدۇ؟"بىريىلى كەچ كۈز كىرىشكە يېقىن-لاشقان چاغدا، ياماقچى ئۆزىگە يېقىن بىر جايدا تۇرۇشلۇق پېشقە-دەم بىر ئالىمدىن بۇ مەسىلىنى سوراپتۇ.

پېشقەدەم ئالىم ئەستايىدىللىق بىلەن ياماقچىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ بىر يۈز يىل بۇرۇن قەدىمىي يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل مۇنداق يەكۈن چىقارغان: ئۆي قارلىغىچى قىشنى سازلىق جايدىكى مۇزنىڭ ئاستىدا ئۆتكۈزىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان كىشىلەر بۇ يەكۈننى ھەقىقەت دەپ قاراپ كەلگەندى. لېكىن بىز ياشاۋاتقان دەۋرگە كەلگەندە، بوففون دېگەن بىر پەن خادىمى قارلىغاچتىن بەشنى تۇتۇۋېلىپ مۇزنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويغانىكەن، نەتىجىدە ھەممىسى توڭلاپ ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارىستوتېلنىڭ يەكۈنىگە قارىتا گۇمان پەيدا بولدى.

— ئەپەندىم، بىر تاغار سۆزلىدىڭىز، بىراق مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز، قارلىغاچ زادى قەيەرگە بېرىپ قىشلايدۇ؟ — دەپتۇ ياماقچى.

— مېنىڭ جاۋابىم بىر جۈملە سۆز — بارىدىغان يېرى ئېنىق ئەمەس، — دەپتۇ ھېلىقى پېشقەدەم ئالىم مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ.

ياماقچى ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ، بىراق قارلىغاچ قەيەرگە بېرىپ قىشلايدۇ دېگەن مەسىلە ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئويلاپتۇ: قارلىغاچ ھەريىلى دېگەن ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يارىدىغان يېرىمۇ بىرقەدەر مۇقىم بولۇشى كېرەكقۇ؟

ئۇ كاللىسىنى ئىشلىتىپ مۇنداق بىر باغاقچە، يەنى — قارلىغاچ، سەن شۇنچىلىك سادىق، شۇڭا ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، سەن نەدە قىشلايسەن؟ دەپ يېزىپ، ئۇنى قارلىغاچنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ياماقچى كەپىدىن چىقىپ ھېلىقى سۆيۈملۈك قارلىغاچنى ئاق بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئۇزىتىپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، قارلىغاچ قايتىپ كەلمەپتۇ.

ياماقچى كۈتە-كۈتە شۇنچە ئىنتىزارلىق ئىچىدە قىشنى ئۇزىتىپ، باھارنى كۈتىۋاپتۇ.

بىركۈنى ھېلىقى قارلىغاچ قاناتلىرىنى كېرىپ خۇشال ھالدا قايتىپ كەپتۇ، قارىسا پۇتىدا باشقا بىر باغاقچە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا: "ئۇ ئافرىقادىكى ئانتوۋانىنىڭ ئۆيىدە قىشلايدۇ، سىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى زىغىرلاپ سورايسىز؟"دەپ يېزىلغانىكەن.

ياماقچى بۇ باغاقچىنى ھېلىقى پېشقەدەم ئالىمغا كۆرسىتىپتىكەن، ئۇ باغاقچىنى خېلى ئۇزاق كۆرگەندىن كېيىن، خىجىل بولغان ھالدا:

— مەن بىر ياماقچىچىلىكمۇ يەتمەيدىكەنمەن، — دەپتۇ ۋە ياماقچىنىڭ دۈمبىسىگە قېقىپ تۇرۇپ — سىزنىڭ بۇ ئامالىڭىز راست قالتىس ئىكەن، — دەپتۇ.

كېيىن ئۇ بۇ ۋەقەنى ئۆزىنىڭ يازغان كىتابىغا كىرگۈزۈپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر قارلىغاچقا بەلگە ئېسىپ قويۇپ بېرىپ، تەدرىجىي ھالدا قارلىغاچنىڭ كۆچۈش قانۇنىيىتى ۋە يولىنى بىلىۋاپتۇ.

# سائەت تەكشۈرۈپ ئوغرىنى تۇتۇش

"جىرىڭ، جىرىڭ..."

قاق سەھەردە، پولشىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدىكى ساقچى ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپتۇ.

ساقچى ۋېرىنىي دەرھال قولىغا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ سوراپتۇ:

— ياخشىمۇسىز، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

قارشى تەرەپتىن ناھايىتى جىددىيلەشكەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— مەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۈنچە-مەرۋايىت دۇكىنىدىن بولىمەن، ئىسمىم چۇگى، دۇكىنىمىزدىكى قىممەت باھالىق بىر بويۇنلۇق مەرۋايىت مىدالىيون ئوغۇرلاندى، تېز ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئەنزىنى پاش قىلىشىپ بەرسەڭلار.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ساقچى ۋېرىنىي ئۈنچە-مەرۋايىت دۇكىنىغا كەپتۇ.

دۇكان خوجايىنى چۇگى ساقچىلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ: دۇكاندا تىجارەت توختىغىنىغا ئۈچ كۈن بولغانىكەن، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن دۇكاننى ئېچىپ تىجارەت باشلاپ تۇرغاندا بىر خېرىدار كەپتۇ. ئۇ ئىشكاپنى ئاچقۇزۇپ ئىچىدىكى سائەتلەرنى كۆرمەكچى بوپتۇ. چۇگى شكاپنى ئېچىپ، تاللاشنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپتۇ. خېرىدار سائەتنى قولغا ئېلىپ بۇراپ كۆرۈپ بېقىپ، باھاسىنى سورىغاندىن كېيىن، ئويلىنىپ باقاي دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىنلا قاراپ باقسا، ئىشكاپنىڭ ئىشىك تەرىپىدە بىر بويۇن قىممەت باھالىق

مەرۋايىت مىدالىيونىنىڭ يوق تۇرغانلىقى بايقىلىپتۇ...

— ئۇ ئادەمنىڭ چىراي شەكلى — ، — سوراپتۇ ساقچى ۋېرېنىي.

چۇگى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— بويى ئېگىز، كۆزىگە قوڭۇر رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالغان، كىيىنىشلىرى ناھايىتى ئالىپتە، بىراق چىرايىنى تازا ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ چوقۇم ئادەتلەنگەن ئوغرى، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ناھايىتى تېز ھەرىكەتلىنىدىكەن، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى مەنمۇ كۆرەلمەي قالدىم.

— ئەگەر دە، — دەپتۇ ۋېرېنىي، — ئۇ ئادەتلەنگەن ئوغرى بولسا، ئارخىپتا ئۇنىڭ بارماق ئىزى ساقلانغان، بۇ ئانكىتكىمۇ چۈشكەن بولاتتى.

— مەن ئۇنىڭ سائەتنى قويۇپلا، قولىغا قولقاپ كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم.

— ئۇنداقتا، سائەتتە چوقۇم ئۇنىڭ بارماق ئىزى قالغان بولىدۇ.

— بىراق بىزنىڭ دۇكاندا بىر يۈزنەچچە سائەت ئېسىغلىق تۇرىدۇ، سائەت ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇراپ باقىدۇ. قايسى سائەتتە ئۇلارنىڭ بارماق ئىزى قالغان دېگىلى بولىدۇ؟

ۋېرېنىي بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئادەم بۇرىغان سائەتنى تاپەمەن، — دەپتۇ-دە، قىسقۇچ بىلەن بىر سائەتنى قىسىپ ئاپتۇ.

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ چۇگى گۇمانلانغان ھالدا.

— دۇكىنىڭلارنىڭ تىجارەت توختاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدىمۇ؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئادەم دۇكىنىڭلارغا كەلگەن بىردىنبىر خېرىدار، شۇنداق ئىكەن، ئۇ بۇراپ كۆرگەن سائەت تېخى مېڭىۋاتقان بولىدۇ. قالغان سائەتلەر تىجارەت توختىتىشتىن بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن بۇرالغان بولىسمۇ، ئۈچ كۈنگىچە ئاللىقاچان توختاپ قالغان بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

چۈگى تازا ئىنچىكىلەپ قاراپتىكەن، بۇ سائەت مېڭىۋېتىپتۇ، قالغان سائەتلەر توختاپ قالغانىكەن، شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ۋېرنىي تېزلىك بىلەن ھېلىقى سائەتتىكى بارماق ئىزىغا ئاساسەن، جىنايەتچىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قولغا ئاپتۇ.

## دېھقان بىلەن سودىگەر

چېخ ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان مەلۇم بىر شەھەردە، ئاكا-ئۇكا ئۈچ ياش سودىگەر ياشايدىكەن. ئۇلار سودا-سېتىق ئىشلىرىنى بىللە قىلىپ، پايدىسىنى تەڭ بۆلۈشىدىكەن، پۇل تېپىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىكەن.

بىر قېتىم، بۇ ئۈچ سودىگەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن يىراق جايغا بارماقچى بوپتۇ. ئۆيدىكى پۇلنى قانداق قىلىش كېرەك؟

— مەن تونۇيدىغان بىر دېھقان بار، — دەپتۇ كىچىك ئىنىسى، — ئۆزى كەمبەغەل، بىراق بەك سادىق، ئائىلىسى شەھەرگە ئانچە يىراق ئەمەس. ئۇنى چاقىرتىپ، پۇلنى ئۇنىڭغا ساقلىغىلى بېرەيلى، كەلگەندە ئالساق بولىدۇ. قانداق؟

چوڭ ۋە ئوتتۇرانجى ئاكىسى بۇ پىكىرگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئۇلار پۇلنى دېھقانغا بېرىپ، دېھقانغا: ئاكا ـ ئۇكا ئۇچىمىز بىللە كەلگەندىلا، پۇلنى بىزگە تاپشۇرىسىز، دەپ تاپىلاپتۇ.

بۇ ئۈچ سودىگەر خاتىرجەم بولۇپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كۆپ جايغا بېرىپ، نۇرغۇن سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى قىلىپ، جىق پۇل تېپىپ، ئائىلىسىگە قايتىشىپتۇ ـ دە، ئالدى بىلەن ھېلىقى پۇلنى ساقلىغىلى بەرگەن دېھقاننىڭ يېزىسىغا كەپتۇ.

— بۇ دېھقان بىز ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، ئۇنىڭغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشىمىز كېرەك؟ — دەپتۇ چوڭ ئاكىسى.

— ئەتە يەكشەنبە، — دەپتۇ ئەڭ كىچىك ئىنىسى، — مەن ئۇ دېھقاننىڭ ھەر يەكشەنبىنى قولدىن بەرمەي دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كوچىغا قارايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەتە ئەتىگەندە ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەيلى، دەل دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۆكىمىزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قىلايلى ـ دە، ئاندىن بېرىپ پۇلنى ئالايلى.

ئىككى ئاكىسى بۇ چارىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ، چۈنكى بۇنىڭدا بىر ياماقمۇ چىقىم بولمايدىكەن.

كىچىك ئۇكىسى ئاللىقاچان كۆڭلىدە چوت سوقۇپ قويغانىكەن. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئاكا ـ ئۇكا ئۈچۈيلەن مۇشۇ ئەتراپتىن بىرئاز يەر ئالىدىغان بولدۇق، ئەتە يەرنىڭ پۇلنى تۆلەيدىكەنمىز، ئاكىلىرىم ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن مېنى سىزگە ئەۋەتتى، پۇلنى ماڭا بەرسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزنى ئالدىمايمەن، بىز ئاكا ـ ئۇكا ئۈچۈيلەن ئەتە دېرىزىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۆكىمىزنى ئېلىپ، ئېگىلىپ سىزگە تازىم قىلىپ بۇ ئىشنى ئىسپاتلىماقچى، ئاندىن مەن سىزگە كېلىپ

پۇلنى ئېلىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، دېھقان دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنى كۈتۈپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن راست دېگەندەك بۇ ئۈچ سودىگەر ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۆكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم قىپتۇ. ئاندىن ئۈچەيلەن ھەرقايسى ئۆزىنىڭ ئىشىغا كېتىشىپتۇ. ئايرىلىشتىن بۇرۇن، چۈشتە بىللە تاماقخانىغا كىرىپ تاماق يەپ، تاماقتىن كېيىن پۇلنى ئالغىلى بېرىشقا پۈتۈشۈپتۇ.

ئايرىلىشقاندىن كېيىن، كىچىك ئۇكىسى ئىتتىكلا دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. دېھقان راست بۇنى ئاكىلىرى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. كىچىك ئۇكىسى پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، بۇ شەھەردە تۇرماي تىكىۋېتىپتۇ.

ئىككى ئاكىسى تاماقخانىدا ئولتۇرۇپ كۈتۈپتۇ، بىراق شۇنچە كۈتسىمۇ ئۇكىسى كۆرۈنمەيتۇ. ئۇلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇكىسىنى سوراپ، ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، دېھقاننى تىللاپتۇ-دە، ئاندىن دېھقاننىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىپتۇ. سوتچى پۇلنى دېھقاننىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىپ، پۇلنى بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئورنىغا بارلىق مۈلكىنى بېرىشنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ دېھقاننىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش بوپتۇ.

— قورقماڭ، — دەپتۇ دېھقاننىڭ بىر قوشنىسى، — سوتقا بېرىپ مەن سىز ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولىمەن.

سودىگەرلەرمۇ ئاتاقلىق كەسپىي ئادۋوكاتتىن بىرنى ياللاپتۇ. دېھقان بىلەن سودىگەر ھەرقايسى ئۆزىنىڭ ئاقلىغۇچىسىنى بىللە

ئېلىپ سوتقا كەپتۇ، سودىگەرلەرنىڭ ئاقلىغۇچىسى ناھايىتى گەپتان ئادەم بولۇپ، گەپ دېگەن ئاغزىدىن خۇددى پىلىموتتەك چىقىدىكەن. ئۇ ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ، ھېلىقى دېھقاننى گويا چوڭ بىر جىنا-يەتچىدەك كۆرسىتىۋېتىپتۇ.

دېھقاننىڭ ئاقلىغۇچىسى سۆز قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— سوتچى ئەپەندىم، — دەپتۇ ئۇ، — ھېلىقى ئاقلىغۇچىنىڭ باياتىن قىلغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى بىر تېيىنگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گەپ، سودىگەرلەرنىڭ پۇلى دېھقاننىڭ يانچۇقىدا، ئۇنى ھازىرلا ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاكا-ئۇكا ئۈچىيلەن بىللە كەلگەندىلا، ئاندىن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، دېگەن كېلىشىم بار. شۇڭا ئىش مۇنداق بولسۇن، ئاكا-ئۇكا ئۈچىيلەن بىللە كەلگەندە، دېھقان پۇلنى دەرھال ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرسۇن.

سوتچى چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرانچى ئاكىسىنى ئۇكىسىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، ئۇكىسىنىڭ بولسا ئۆزى توگۇل سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى سودىگەر ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

## سېكىللارنىڭ قىزى

ۋېنگىرىيىدە ماگاش ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ مۇلازىمىنى چوڭ يولنىڭ بويىغا توغرا قويۇلغان چوڭ تاش-نىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ:

— يولدا ماڭغانلارنىڭ ھەممىسىنى توختىتىپ، ئاشۇ تاشنىڭ

تېرىسىنى سويدۇرسەن، بۇنى كۆپچىلىككە پادىشاھنىڭ ئەمرى دەپ ئۇقتۇرسەن، — دەپتۇ.

مۇلازىم پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، چوڭ يولدا كېتىۋاتقان نۇرغۇن ئادەمنى توسۇپتىكەن، ئۇلار مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ:

— خۇدايا توۋا، تاش دېگەننىڭ تېرىسىنى قانداق سويالايمىز؟ — دېيىشىپتۇ.

بۇ چاغدا، سېكىللاردىن بىرسى قىزىنى ئېلىپ يولدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. قىز ئامالسىز قالغان دادىسىغا قاراپ:

— دادا، سىز بېرىپ پادىشاھ ماگاشقا ئېيتىڭ، ئۇ ئالدى بىلەن تاشقا قان بەرسۇن، ئاندىن بىز ئۇنىڭ تېرىسىنى سويايلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماگاش بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سېكىللاردىن بولغان ھېلىقى ئادەمگە ئىككى تال كەندىر ياغىچىنى بېرىپ، قىزىغا ئۇردۇدىكى ھەممە ئادەمگە بىردىن قالپاق تىكىپ بېرىشنى ئېيتىشنى تاپىلاپتۇ.

قىز يەردىن ئىككى تال تارىشىنى ئېلىپ، دادىسىغا:

— دادا، بۇنى پادىشاھقا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ ياغاچتىن رەخت توقۇيدىغان دۇكان، موكا ۋە ناچا ياساپ بېرىشنى ئېيتىڭ، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن قالپاق تىكىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

سېكىللاردىن بولغان ھېلىقى ئادەم ئىككى تال تارىشىنى پادىشاھ ماگاشقا بەرگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— قىزىڭىز كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، بىراق يولدىن ماڭمىسۇن، يولدىن ماڭمايمۇ كەلمىسۇن؛ كىيىم كىيمىسۇن، كىيمەيمۇ قالمىسۇن؛ ئۇ ماڭا سوۋغات ھېسابلانمايدىغان سوۋغىدىن بىرنى ئەكەلسۇن: ئۇ ماڭا سالام بەرسۇن، بىراق ئەھۋال سورىمىسۇن، —

دەپتۇ.

قىز پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پادىشاھقا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، بىر قۇشقاچ تۇتۇپ كەپتۇ-دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇنى قويۇپ بېرىشنى؛ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئېگىلىپ تازىم قىلىش، بىراق گەپ-سۆز قىلماسلىقنى؛ دادىسىنىڭ بېلىق تۇتىدىغان تورىنى ئۈچىسىغا يېپىنىپ بېرىشنى كۆڭلىگە سېلىپ قويۇپتۇ. دادىسىنىڭ بىر ئېشىكى بار ئىكەن، ئۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، ناھايىتى ئاۋايلاپ ئېشەكنىڭ ئىزىغا دەسسەپ ماڭماقچى بوپتۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئوردىغا چوڭ يول بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېشەكنىڭ ئىزى بىلەن كەلگەن بولىدىكەن.

مۇلازىم بۇ قىزنى پادىشاھ ماگاشنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. قىز پادىشاھقا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ-دە، قۇشقاچنى سوۋغا سۈپىتىدە پادىشاھقا كۆرسىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ. پادىشاھ ماگاش بۇ قىزنىڭ بۇنداق ئەقىللىق ۋە گۈزەل قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىپتۇ.

بىركۈنى بۇ شەھەردە ناھايىتى چوڭ بازار بوپتۇ. كوچىلاردا ئادەم شۇنداق مىغىلداپ كېتىپتىكى، قىستاڭچىلىقنىڭ دەستىدىن تۇرغىلى بولماي قاپتۇ. مۇشۇنداق قىستاڭچىلىقتا، بازارغا كەلگەن بىر كەمبەغەلنىڭ بايتىلى باشقا بىر ئادەمنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ بىر تايچاق تۇغۇپ قويۇپتۇ، ھېلىقى كەمبەغەل ھارۋىنىڭ ئاستىدىن تايچاقنى ئالماقچى بوپتۇ. بىراق ھارۋىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭغا ئۇنىماي، بۇ تايچاقنى مېنىڭ ھارۋام تۇغقان دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بۇ ئىككىيلەن جېدەللەشكەن پېتى پادىشاھ ماگاشنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشا بۇ دەۋاغا ھۆكۈم قىلىپ، تايچاق ھارۋىنىڭ ئاستىدا

تۇغۇلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنى بايىتال تۇغقان ئەمەس، بەلكى هارۋا تۇغقان، دەپتۇ. كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى قاتتىق رەنجىپتۇ، بىراق نېمە ئامال، ئۇ خانشىنىڭ پادىشاھتىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتىكەن، شۇڭا خانشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

خانىش ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ:

— هازىر بېرىپ بېلىق تۇتىدىغان قارماقنىڭ ياغىچى بىلەن تورنى قۇملۇقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، خۇددى بېلىق تۇتۇۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇرۇڭ.

كەمبەغەل خانىشنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن پادىشاھ ماگاش ئۇنى كۆرۈپ، دېھقاننى ساراڭ بولدۇمۇ، قۇمنىڭ ئۈستىدە بېلىق نېمە قىلىدۇ، دەپ تىللاپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ كەمبەغەل، — قۇملۇقتا بېلىق بولمايدۇ، هارۋىنىڭ قورسىقىدىمۇ تايچاق بولمايدۇ.

— شۇنداقمۇ، بۇنى ساڭا چوقۇم خوتۇنۇم ئۆگەتكەن، بوپتۇ مەيلى، تايچاق سېنىڭ بولسۇن.

پادىشاھ قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ، خوتۇنىغا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئوردىدىن كەت دەپتۇ. خانىش ئۇنىڭغا:

— هازىرلا كېتىمەن، سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەمنى بىللە ئېلىپ كېتىشكە ماقۇل بولامسىز؟ — دەپتۇ.

— چاتاق يوق، — دەپتۇ پادىشاھ.

خانىش ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ داۋاملىق يوتقان-كۆرپە سېلىنغان ئورۇندا ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، شۇڭا، كەچتە قاۋۇل تۆت يىگىتنى ئېرىنىڭ ياتاق ئۆيىگە تۇيدۇرماستىن كىرگۈزۈپ،

ئۇلارغا كۆرپىنىڭ تۆت تەرىپىدىن تەك تۇتۇپ، ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتقان پادىشاھنى ئۇ ئۆزى كۆچۈپ كىرگەن دېرىزىلىرى مەھ- كەم تاقالغان كىچىك ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىشنى ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنى پادىشاھ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

— ۋاي خۇدا، مەن نەگە كېپقالدىم...

خانىش ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەمنى بىللە ئېلىپ كېتىشىمگە ماقۇل بولغانتىڭىز، شۇڭا مەن سىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.

ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپتۇ، شۇندىن ئېتىبا- رەن ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلماي بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

## مەسلىھەتچى مىنالى

تۈركمەنىستاندا مۇنداق بىر رىۋايەت بار ئىكەن:

بىركۈنى، ئاتاقلىق شائىر مىنالى (1441 — 1501) بىر چارۋىدار- دىن سېمىز قويدىن 100 نى قەرز ئېلىپ، ئۇنى پايتەختنىڭ بازىرىغا ھەيدەپ بېرىپتۇ-دە، كىشىلەرگە قاراپ:

— قوي ئالىمەن دەپ كەلگەن خېرىدارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن قوينى نىسى سېتىپ بېرىمەن، پۇلىنى پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن يىغىۋالىمەن، — دەپتۇ.

كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ نىسىگە قوي سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭ-

لاپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ قويىنى ئېلىپ بوپتۇ.
بازارنى باشقۇرغۇچىلار بۇ خەۋەرنى ئېقىتماي، تېـمىتماي پادىشاھ سۇلتان سەيىۇغا مەلۇم قىپتۇ.
سۇلتان سەيىۇ دەرھال مىنالىـنى چاقىرتـىپ كېلىـپ، ئۇنىڭـدىن سوراپتۇ:
ــ ھەي سودىـگەرنىڭ ئەسكىـسى، سەن نېمىـشقا نىسـىگە قوي ساتتىڭ؟ يەنە تېخى پۇلنى پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ئالىمەن دەپ-سەنـا؟ سەن ھازىرلا ئاللادىن مېنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈشـمنى تىلەپ-سىنا، مەن ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلغان؟
ــ شاھ ئالىيلىرى، ــ دەپتۇ مىنالى، ــ ئاڭلىـغانلىرىڭىزنىڭ ھەمـمىسى راست، مەن 100 قوي سېتىپ، پۇلنى سىز ئۆلگەنـدىن كېيىن ئالماقچى بولدۇم. بىراق، مەن يالغۇز بىرلا ئادەم ئاللادىن سىزنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈشىڭىزنى تىلىـسەم، ھېلىقى مەنـدىن قوي ئالغان 100 ئادەم ئاللادىن سىزنىڭ ئۇزاقـراق ئۆمۈر كـۆرۈشـىڭىزنى تىلەيـدۇ، ئەمدى سىز ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭ، ئالـلا بىر ئادەمـنىڭ تىلىكـنى ئادا قىلامدۇ، ياكى 100 ئادەمنىڭ تىلىكىنىمۇ؟
سۇلتان سەيىۇ مىنالىنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن ناھايـىتى بەك رازى بوپتۇ-دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپتۇ.
بىـركۈنى، سۇلتان سەيىـۇنىڭ مەسلىھەتچىلـىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، مىنالىنى بىرمۇنچە يامانلاپ بېرىپتۇ، سۇلتان سەيىۇ بۇ گەپ-لەرنى ئاڭلاپ، مىنالىنى زىندانغا تاشلاپتۇ.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىـن، سۇلـتان سەيـىۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ، زېرىكىشكە باشلاپتۇ، ھېچكىم بىلەن مۇڭداشماپتۇ.
ــ شاھ ئالىيـلىرى، نېمىشقا مۇنـداق قايـغۇرىدىـلا؟ ــ سوراپـتۇ

مەسلىھەتچىلەر.

— مەن مىنالىدىن ئايرىلالمايمەن، — دەپتۇ سۇلتان سەيىيۇ، — چۈنكى ئاشۇ مىنالىلا گەپ - سۆز بىلەن مېنى غەمدىن خالاس قىلاتتى.

— بىزمۇ مىنالىدىن قېلىشمايمىز! — دەپتۇ مەسلىھەتچىلەر.

سۇلتان سەيىيۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا مەن سىلەرنى سىناپ كۆرەي، سىلەر چىقىپ بىر ئېغىز سۆز تېپىپ كېلىڭلار، بۇ سۆز ھەم كۆڭۈلۈمنى ئەمىن قىلسۇن، شۇنداقلا مېنى يەنە غەم - قايغۇغا سالسۇن. سىلەرگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمەن، ئەگەردە مۇشۇ مۆھلەت ئىچىدە بۇ سۆزنى ئويلاپ تاپالمىساڭلار، ھەممىڭلارنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

مەسلىھەتچىلەر بىر يەرگە يىغىلىشىپ، باش قاتۇرۇپ ئۈچ كۈن ئويلاپمۇ ھېچقانداق گەپ تاپالماپتۇ - دە، ئاخىرى زىندانغا كىرىپ مىنالىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ.

مىنالى ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر بېرىپ پادشاھقا دەڭلار: ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكى تۈگەيدۇ، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكى تۈگەيدۇ، دېگىنىڭلار شاھنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزغىنىڭلار بولىدۇ. بىراق سىلەر يەنە "...ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ" دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويساڭلار، ئۇ غەمگە پاتىدۇ، چۈنكى سىلەر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆلىدىلا، دېمەكچى بولىسىلەر.

ئەتىسى، مەسلىھەتچىلەر ئوردىغا كىرىپ، غەم ئىچىدە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان سۇلتان سەيىيۇغا ھېلىقى گەپنى دەپتۇ.

— بۇ سۆزنى ئۆزۈڭلار ئويلاپ تاپتىڭلارمۇ؟ — سوراپتۇ سۇلتان سەيىۇ.

— شاھ ئالىيلىرى، بۇ گەپنى مىنالى بىزگە ئۆگەتتى، — دەپتۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ سەركەردىسى.

سۇلتان سەيىۇ ئۇلارغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن بىرقۇر قاراپ چىقىپتۇ-دە، بۇيرۇق بېرىپتۇ:

— دەرھال زىندانغا كىرىپ مىنالىنى ئېلىپ چىقىڭلار، ئوردىغا كەلگىچە ھەممىڭلار نۆۋەت بىلەن ئۇنى يۈدۈپ كېلىڭلار.

شۇنداق قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىنالى زىنداندىن ئازاد قىلىنىپتۇ.

## ئىنەكنىڭ ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مەلۇم بىر پارتىزان ئەترىتى دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم بىر كۆۋرۈكنى پارتىلىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ.

كۆۋرۈك كۆرۈنۈپلا تۇرىدىكەن، بىراق ئۇنىڭغا يېقىنلاشماق بەكمۇ قىيىن ئىكەن. چۈنكى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە پوست ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاستىدا چارلىغۇچى ئەسكەر چارلاپ يۈرۈشىدىكەن، قىسقىسى، نېمىس قوشۇنلىرى كۆۋرۈكنى ناھايىتىمۇ قاتتىق ساقلايدىكەن.

ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنغان پارتىزان ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تەقەززالىقتىن ئىچى تىت-تىت بولۇپ كېتىپتۇ.

پارتىزان ۋئودوۋ ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ، ئاخىرى نېمىس

قوشۇنلىرى گازارمىسىنىڭ يېنىدا بىر كالا فېرمىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭدا بىرنەچچە ئۇن ئىنەك بار ئىكەن. ئۇ شۇ ھامان كۆڭلىگە بىرنەرسىنى پۈكۈپتۇ-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە ئىنەكلەرنى ئۇرۇشقا يارەملەشتۈرسەك بولىدىغاندەك تۇردۇ، — دەپتۇ.

— ئىنەكنى ئۇرۇشقا ياردەملەشتۈرسەك؟ — ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان پارتىزانلار ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ قاپتۇ، — ئىنەك دېگەن سېنىڭ قوماندانلىقىڭنى ئاڭلامدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئىنەك بىلەن كۆۋرۈك پارتلىتىشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— ئەزىمەتلەر، ئۆپكەڭلەرنى بېسىۋېلىڭلار، — دەپتۇ ۋىئودوۋ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرماي، ئۇدۇل ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەپتىكەن، ئەترەت باشلىقى باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ۋىئودوۋ ئورمانلىقنى بويلاپ، كالا فېرمىسى تەرەپكە قاراپ يۈگرەپ كېتىپتۇ.

ۋىئودوۋ ئورمانلىقتىن چىقىپ، يەر بېغىرلاپ ئۆمىلىگەن پېتى كالا فېرمىسىغا كىرىپتۇ-دە، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. بۇ جايدا دۈشمەنلەر ئۇنى كۆرەلمەيدىكەن، بىراق، ئىنەكلەر بۇ ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ سالام بەرگەندەك قىپتۇ.

ئىنەكلەر بىردىنلا بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ قوينىدىن بىر قىزىل بايراقنى چىقارغانلىقىنى، تېخى توختىماي پۇلاڭلاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تېخى باياتىن ئۆز جايىدا جىم تۇرۇشقان ئىنەكلەر ئەمدىلىكتە خۇددى جىنغا يولۇقۇپ قالغاندەك، فېرمىدىن چىقىپ تەرەپ-تەرەپكە قاچقىلى تۇرۇپتۇ.

ئۇلار يول تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ.
ئۇلار تاغ تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ.
ئۇلار كۆۋرۈككە قاراپ قېچىپتۇ...

كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقان نېمىس قوشۇنلىرى نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي، ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ، ئىنەكلەرنى قوغلاپ توسۇش بىلەن بوپتۇ-دە، ئەسكىرىي كۈچى بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ھەممىسى ئاپتومات بىلەن قوراللانغان سابىق سوۋېت پارتىزانلىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەن كۆۋرۈككە يېتىپ كەپتۇ.

ئۇلار كۆۋرۈكنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغان بىرنەچچىلا نېمىس ئەسكىرىنى يوقىتىپ، پارتىلىتىش دورىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپتۇ، "گۇمبۇر" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتۈن كۆۋرۈكنىڭ ۋەتۈەرىكى چىقىپتۇ.

نېمىس قوشۇنلىرى ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئارقىغا يېنىپ قايتىپ كەپتىكەن، ئۇلارغا دەرياغا قاراپ ھەسرەتلىنىشتىن باشقا ئامال بولماپتۇ.

پارتىزانلار غەلىبە بىلەن قايتىپ كەپتۇ. كۆپچىلىك ۋىتودوۋنىڭ ئىنەكلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا ياردەم قىلغۇزغانلىقىدىكى كارامەتنى چۈشىنىپتۇ: قىزىل رەڭ كالىنىڭ نېرۋىسىغا تەسىر قىلىدىكەن، شۇڭا قىزىل بايراق ئۇلارنى خۇدىنى بىلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىغانىكەن. كالا سوقۇشتۇرۇش مەيدانىدىكى ئەزىمەتلەرمۇ قىزىل لاتىنى پۇلاڭلىتىپ يۇرۇپ بۇقىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟

# تەگرى لەشكەرلىرى

بەلگىسى: "قاتتىق شامال" ھەرىكىتى.

ۋاقتى: 10 ـ ئاي.

نىشان: موسكۋا.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، باشتىن ـ ئاخىر "چاقماق ئۇرۇشى"نى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى قىلغان گېرمانىيىنىڭ فاشىست ئارمىيىسى مەلۇم بىر يىلىنىڭ ياز پەسلىدە كىيىۋنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە غالىجىرلىق بىلەن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، پەيلىنى يامان قىلىپ، "قاتتىق شامال" ئۇرۇشىنى قوزغاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پايتەختى موسكۋانى ئىشغال قىلىۋالماقچى بولىدۇ. ئەقىلدىن ئاداشقان گېتلېر رادىئو ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا:

— روژدېستۋو بايرىمىنى موسكۋادا ئوينايمىز، — دەپ ۋالاقلايدۇ.

كەلگۈن سۇ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدىغان بۇ نېمىس قاراقچىلىرىنىڭ بۇ كۆرەڭلىكىنى قانداق توسۇش كېرەك؟ پايتەختنىڭ ئامانلىقىنى قانداق قوغداش لازىم؟... بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر سابىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى گېنېراللارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ.

— مېنىڭچە، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بەكمۇ قۇدرەتلىك، بىرەر شەھەرنى دەپ قوشۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزگىچە، ۋاقتىنچە چېكىنىپ تۇرغىنىمىز تۈزۈك.

— بولمايدۇ، پايتەختتىن چېقىپ كېتىش زادى مۇمكىن

ئەمەس، پايتەخت قولىدىن كەتسە، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى جەم بولمايدۇ، بۇنىڭدىن نېمە ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىغا ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

— مېنىڭچە، بىردىنبىر ئامال ھەرقايسى يول ئارمىيىلىرىنى توپلاپ، موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشىش....

قوماندانلىق شتابىنىڭ مەجلىسخانىسى تاماكا ئىسىغا تولۇپ كېتىدۇ. گېنېراللار ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ، كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن بولىدۇ. ئۇ يان تالىشىپ، بۇ يان تالىشىپ، ئۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەر بولىدۇ، بىراق ھېچكىمنىڭ پىكرى كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمەيدۇ. بۇ چاغدا، بەزىلەرنىڭ دىققىتى ئاخباراتنى ۋاراقلاپ، خەرىتە كۆرۈپ، گەپ قىلماي كۈلۈپ ئولتۇرغان بىر گېنېرالغا چۈشىدۇ.

— گېنېرال ۋاسىلىي، سىزنىڭ پىكىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقايلى، — دەيدۇ بىرسى ئۇنى سۆزگە تارتىپ.

— مېنىڭ ئۇرۇش لايىھەمنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىشقا بولىدۇ، يەنى: تەگرى لەشكەرلىرىدىن پايدىلىنىش. جۇڭگودا "تەگرى لەشكەرلىرى" دېگەن بىر قەدىمىي سۆز بار ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ قېتىم پايدىلانماقچى بولغان تەگرى لەشكەرلىرى...

گېنېرال ۋاسىلىي ئۆزىنىڭ پىلانىنى تازا قىزىپ سۆزلەۋېتىپ، كۆپچىلىك ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە باشلاپتۇ، گۇمانلىنىپ قاراپ ئولتۇرغانلارمۇ بوپتۇ. بىراق، ۋاقىت مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، بۇنىڭدىن باشقا ئويلىنىدىغان ئامالمۇ يوق ئىكەن.

— بولىدۇ، سىزنىڭ لايىھىڭىز بويىچە بولسۇن، — قوماندانلىق

شتاپ ئاخىرى بىر قارارغا كەپتۇ.

10-ئاينىڭ 2-كۈنى، نېمىس قوشۇنى توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ موسكۋاغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. گېنېرال ۋاسىلىي مۆلچەرلىگەن "تەڭرى لەشكەرلىرى"مۇ رەسمىي ئۇرۇشقا قاتنىشىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ياردەملەشتۈرمەكچى بولغان "تەڭرى لەشكەرلىرى" موسكۋانىڭ قىش كۈنىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان قاتتىق سوغۇقى ئىكەن. ئۇ بۇ قېتىمقى مەخپىي ئاخباراتنى ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ ھاۋا رايى توغرىسىدا بەرگەن ئومۇمىي ئاخباراتىدىن ئالغانىكەن.

سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ "ئاجايىپ-غارايىپ قوشۇنى" بولغان بۇ قاتتىق سوغۇق كېلىش بىلەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ مېيىپ بولغىنى مېيىپ بوپتۇ، ئاغرىغىنى ئاغرىپتۇ، ئۆلگىنى ئۆلۈپتۇ. قاتتىق سوغۇق دۈشمەن تانكىلىرىنى ماڭالمايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ، توپ-زەمبىرەكلەرنىڭ نىشان توغرىلىغۇچىنى كېرەكتىن چىقىرىپتۇ، مىلتىقلار توڭلىغانىنىڭ دەستىدىن ئېتىلماپتۇ. نېمىس قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭگىۋارلىقىدىن ئايرىلىپتۇ. سابىق سوۋېت ئارمىيىسى بولسا، سوغۇقتا مەشىق قىلىپ چېنىققان سىبىرىيە قوشۇنىنى ھۇجۇم قىلىشقا ساپتىكەن، نېمىس قاراقچىلىرى ھە دېگەندىلا تۈگىشىپ كېتىپتۇ.

10-ئاينىڭ بېشىدىكى نۆلدىن تۆۋەن سەككىز گرادۇستىن 11-ئايدىكى نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقتىن ئىبارەت "بۇ تەڭرى لەشكەرلىرى" ئالدىدا نېمىس قوشۇنىنىڭ 110 مىڭدىن كۆپ ئادىمى توڭلاپ قاپتۇ ۋە ئۈششۈپ يارىلىنىپتۇ، سوغۇق سابىق سوۋېت ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دۈشمەننىڭ بىر مىليوندىن جىق ئەسكىرىنى چېكىندۈرۈپتۇ.

ھەممە ئىش خۇددى گېنېرال ۋاسىلىنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك بوپتۇ.

سوغۇققا نىسبەتەن ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان، كۆرەڭلەپ خۇددىنى يوقاتقان فاشىست نېمىس ئارمىيىسىنىڭ "قاتتىق شامال ھەرىكىتى" سابىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ "تەڭرى لەشكەرلىرى"دىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشى ئارقىسىدا ئۇزۇل-كېسىل توگىشىپتۇ.

## دون دەرياسى كۆۋرۈكىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىگىلەش

— نېمىس قوشۇنلىرى دون دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىنمەكچى، بىز چوقۇم دۈشمەنلەر چوڭقۇرلاپ كىرگەن كاراچ ئەتراپىدىكى دون دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر كۆۋرۈكنى ئىگىلىشىمىز كېرەك، — سابىق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 26-تانكا جۇنىنىڭ جۇنجاڭى روگىن شاۋجياڭ ئۇرۇش توغرىسىدا ئېچىلغان يىغىندا جەڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلى بولۇپ، 1942-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى ئىكەن. شۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن، سابىق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ستالىنگراد ئەتراپىدا ئومۇمىي سەپ بويىچە قايتۇرما ھۇجۇمنى باشلاپتۇ. ھازىر پۈتۈن سەپ بويىچە نېمىس قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بەرمەكچى ئىكەن، بەلكى بۇ ھۇجۇمدا دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ 330 مىڭ قاچاق دۈشمەنلەرنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ نېمە دېگەن جاپالىق ۋەزىپە-ھە!

بۇ چاغدا روگىن شاۋجياڭ يىغىن قاتناشچىلىرىغا بىرنۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، كوماندىرلارغا مۇنداق دەپتۇ:

بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە قاتتىق ئېلىشماسلىق، دون دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى ئالغىلى بولمايدۇ، پىسخىك جەھەتتىكى ئالداش ھۈنە- رىنى ئىشلىتىپ، كۆۋرۈكنى پەم بىلەن ئېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى جۇڭگودىكى چۇ بىلەن خەن بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا خەن بەگلىكىنىڭ سەر- كەردىسى جاڭ لياڭ "ھەممە تەرەپتە چۇ بەگلىكىنىڭ ناخشىسىنى ياڭرى- تىپ"، روھىي ھۇجۇم ئارقىلىق، چۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ كۆڭلىنى بۆلۈۋەتكەن، بۇ پىسخىك جەھەتتىكى ئالداش ھۈنىرىنى ئىشلىتىشنىڭ تىپىك مىسالى. بۈگۈن بىزمۇ باشقىچىرەك يول تۇتۇپ، دۈشمەنلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشىمىز لازىم...

11-ئاينىڭ 22-كۈنى سەھەر ۋاقتى سائەت ئۈچ، يۇلتۇزلار تېخى تارقىمىغان، تاڭ يورۇمىغانىدى. سابىق سوۋېت ئارمىيىسى 26-تانكا جۇنىنىڭ ئاۋانگارت قىسمىدىكى يۈزچە تانكا چىراغلىرىنى يورۇتۇپ، بىر يول بولۇپ قاتار تىزىلىپ، ئۇستىرۇۋۇتىن كاراچىقا بارىدىغان تاش يولنى بويلاپ، نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ بىرنەچچە ئون كىلومېتىر مۇداپىئە لىنىيىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل دون دەرياسى كۆۋرۈكىگە كىرىپ كەپتۇ.

نېمىس قوشۇنلىرى سوۋېت ئارمىيىسى تانكىلىرىنىڭ كېچىسى چى- راقلىرىنى بولۇشىغا يورۇتۇپ قويۇپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق قىلغاندا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، تاكتىكىغا دىققەت قىلماي، قاتار تىزىلىپ مېڭىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئوق چىقارماي، توپ-زەمبىرەك ئاتماي ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى يوق گەپ، دەپ قاراپتۇ-دە، قىلچە گۇمانلانماستىن بۇ قوشۇننى ئۆزىمىزنىڭ قوشۇنى دەپ بىلىپ، تەكشۈرۈپمۇ قويماستىن، تانكىلارنىڭ كۆۋرۈككە

بىمالال كېلىشكە يول قويۇپتۇ.
دون دەرياسى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە يەتتە تال رەڭلىك سالىيوت كۆتۈرۈلۈپتۇ، تاڭ مەزگىلدە كۆتۈرۈلگەن بۇ سالىيوت كۆكتە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك پارقىراپتۇ، ئاسماندىكى ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا رەڭلەردىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ، كىشىلەرنى ھاياجانغا سالپتۇ...

## شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق تاش ھەيكەلنى "داۋالاش"

مىسىردىكى ئەلئىھرامنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنلۇقى 57 مېتر، ئېگىزلىكى 20 مېتر كېلىدىغان شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق بىر ھەيكەل بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى مىسىرنىڭ توتىنچى خاندانلىقىنىڭ فرائونى كوفلۇن ئۆز ئوبرازىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سەلتەنەتكە، كۈچ ـ قۇدرەتكە سىمۋول بولالايدىغان بىر تاش ھەيكەل ياساشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئاتاقلىق بىر تاشچى ناھايىتى قاتتىق بىر تاشنى يونۇپ، ئۇنىڭدىن بىر شىرنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ھەيكەلنىڭ بېشىنى كوفلۇننىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ ياساپتۇ. ھەيكەل پۈتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەلئىھرامنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنىڭدىكى ئادەم بېشى قۇياش چىققان تەرەپكە قاراپ تۇرىدىكەن، بۇ قەدىمىي مىسىرلىقلارنىڭ قوياش ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. كېيىن مىسىرلىقلار كەينى ـ كەينىدىن نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق تاش ھەيكەل ياساپتۇ.
1843 ـ يىلى روسىيە چارپادىشاھى مىسىردىن بىر قىسىم شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق تاش ھەيكەللەرنى ئېپقېچىپ كېلىپ، ئۆزى

ھۇزۇرلىنىش ئۇچۇن ئۇلارنى ئوردىغا قويغۇزۇپتۇ.

ئارىدىن ساقمۇساق يۈز يىل ئۆتتى، ئەمدى ھېكايىمىزنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئورنى ئەلئېھرامدىن، چارپادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگرات مۇزېيىغا يۆتكەلدى.

بۇ ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى قەدىمى مىسىرنىڭ تۆتىنچى خاندانلىقىنىڭ فرائونى كوفلۇن ئەمەس، روسىيىنىڭ چارپادىشاھمۇ ئەمەس، بەلكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پېشقەدەم بىر ئارخېئولوگ.

بۇ پېشقەدەم ئالىم بىركۈنى لېنىنگراتتىكى مۇزېيغا كېلىپ، شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق بىر تاش ھەيكەلنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ چەقىقاندىن كېيىن، ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ شىر تەنلىك، ئادەم باشلىق ھەيكەلنىڭ "ئورۇقلاش كېسىلى"گە گىرىپتار بولۇشنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان مۇزېي خىزمەتچىسى كۈلۈپ تۇرۇپ ئالىمدىن سوراپتۇ:

— ئۇنى "ئورۇقلاپتۇ" دېدىڭىزمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە ئاساسىڭىز بار؟

— مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق ھەيكەلنىڭ ئارخېپىنى كۆرگەن، ئۇنىڭدا بۇ ھەيكەلنىڭ بويىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئېگىزلىكى، بەل ۋە بويۇن ئايلانمىسى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. ھازىر ئۇنىڭغا قارىغاندا جىق ئورۇقلاپ كېتىپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ مۇزېي خىزمەتچىسى، — بىزمۇ تاش ھەيكەلنىڭ چۆرىسىدىكى يەردە توزۇندىلارنىڭ ئۈستى-ئۈستىلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق، بۇ ئەھۋال قىش كۈنلىرى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

تۇزۇندىلارنىڭ ئارىسىدا ئاز-تولا قۇممۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئەپەندىم، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

— بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھاۋا رايىنى مىسىرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، — دەپتۇ پېشقەدەم ئالىم، "ئورۇقلاش"نىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلەيمىز. بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى مىسىرنىڭكىگە قارىغاندا نەم، نەم ھاۋادا نۇرغۇن سۇ تەركىبى بولىدۇ. سۇ ئوكسىگېن ۋە كاربونات كىسلاتاسى بىلەن قوشۇلۇپ، تاش ھەيكەلگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن تاشنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسىم نەرسىلەر پارچىلىنىپ، بەزى نەرسىلەردە خىمىيەۋى رېئاكسىيە پەيدا قىلغان، بۇنىڭ بىلەن تاش ھەيكەلنىڭ قۇرۇلمىسى بارغانسېرى بوشىشىپ كەتكەن.

پېشقەدەم ئالىم شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق بۇ ھەيكەلنى سىلىغانىكەن، قولىغا بىرمۇنچە توزۇندا يۇقۇپتۇ. ئۇ قولى بىلەن تاش ھەيكەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئەسلىدە تاش ھەيكەلنىڭ بەدىنىدە سانسىز چاكلار بولىدۇ، بىزنىڭ لېنىنگراتنىڭ قىش كۈنى مىسىردىكىگە قارىغاندا جىق سوغۇق. مۇشۇنداق سوغۇقتا تاش ھەيكەلنىڭ چاكلىرىدىكى سۇ سانسىز مۇز پارچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. سۇ مۇزغا ئايلانغاندا، ئۇنىڭ ھەجمى ئوندىن بىر قىسىم ئاشىدۇ. شۇڭا ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە ئۆز بەدىنىنى سىرتقا كېڭەيتىدۇ. بۇ كېڭىيىش كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، بارماقچىلىك جايى 5000 جىڭدەك كۈچنىڭ بېسىمىغا ئۇچرايدۇ-دە، تاش ھەيكەلنىڭ چېكىنى چوڭايتىدۇ، نەتىجىدە ئۇنىڭدىن توزۇندا ئايرىلىپ چۈشۈشكە باشلايدۇ.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ مۇزېي خىزمەتچىسى خۇشال بولغان

ھالدا، — تاش ھەيكەلنىڭ "ئورۇقلاش كېسىلى"نىڭ يىلتىزىنى تاپتىڭىز، ئەمدى بۇنىڭغا بىر "رېتسىپ" يېزىپ بەرسىڭىز.

— تاش ھەيكەلنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ماي بىلەن مايلاپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى چاكلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار، ماۋا بىلەن سۇ ئۇنىڭغا ئىككىنچى ھۇجۇم قىلالمايدۇ.

مۇزېيى خىزمەتچىسى پېشقەدەم ئالىمنىڭ سۆزىنى باشلىقىغا دوكلات قىلىپ، ئالىم كۆرسەتكەن ئاشۇ "رېتسىپ" بويىچە تاش ھەيكەلنىڭ "كېسىلى"نى داۋالاپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ شىرتەنلىك، ئادەم باشلىق تاش ھەيكەل راستىنلا ئىككىنچى "ئورۇق"لىماپتۇ.

## مەلىكە دىدونىڭ ئەپچىللىكى

بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار بۇرۇن، ياۋروپادىكى مەلۇم بىر پادىشاھ-لىق دۆلەت باشقا بىر دۆلەت تەرىپىدىن يوقىتىلىپتىكەن، بۇ دۆلەت-نىڭ پادىشاھى بىلەن خانىش ۋە شاھزادە تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، پەقەت شاھنىڭ كىچىك مەلىكىسى دىدولا بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ، قېيىققا ئولتۇرۇپ، دېڭىزدا ئۇزاق ۋاقىت يۈرۈپ، مىڭبىر جاپا بىلەن ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ كەپتۇ.

بۇ قىرغاقتا ئافرىقىدىكى بىر قەبىلە ياشايدىكەن، قەبىلە باشلىقى ياۋروپالىقنىڭ قىرغاققا چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

— سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن بىر ۋەكىل كەلسە بولىدۇ، باشقىلارنىڭ قىرغاققا چىقىشىغا رۇخسەت يوق.

مەلىكە دىدو ئاز ـ تولا ئالتۇن ۋە تىللالارنى ئېلىپ قىرغاققا چىقىپ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى قەبىلە باشلىقىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— ھۆرمەتلىك قەبىلە باشلىقى، بىزدەك ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان مۇساپىرلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنىڭىزدىن بىر پارچە يەر ئېلىپ، مۇشۇ يەردە ياشاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلغايسىز، — دەپتۇ.

قەبىلە باشلىقى مەلىكە دىدونىڭ بىرنەچچىلا تىللاسى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا:

— مۇشۇ بىرنەچچە تىللا بىلەن تېخى بىزدىن يەر ئالامسىلەر؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ مەلىكە دىدو بىرئاز خىجىل بولغاندەك قىلىپ، — بىزدە تىللا راستتىن كۆپ ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قەبىلە باشلىقى زاڭلىق قىلغاندەك قىلىپ، — ياۋا كالا تېرىسىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭدا شوينا ئېشىپ، ئاشۇ شويندا قانچىلىك يەر ئورالسا، شۇنچىلىك يەر ئېلىڭ، — دەپتۇ.

مەلىكە دىدو تىللالارنى قويۇپ، ئۆزى قېيىققا قايتىپ بېرىپتۇ. قېيىقتىكىلەر سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاپ، ئۈمىدسىزلىنىپ باشلىرى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ، ئۇلار قەبىلە باشلىقىنىڭ بەرگەن يېرى ئاز تۇرسا، كۈنىمىزنى قانداق ئالارمىز دەپ ئەندىشە قىپتۇ.

— ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار، — دەپتۇ دىدو، — مەيۇسلەنمەڭ-لار، بىر پارچە كالا تېرىسىدا ئىشلەنگەن شوينا بىلەن چوڭ بىر پارچە يەرگە ئىگە بولۇشنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

— يەرنى قانداق دائىرىگە ئالىمىز؟ — سوراپتۇ ئەتراپتىكىلەر

تەقەززالىق بىلەن.

— ئەتراپى بىكىتىلگەن كۆرۈنۈشلەر ئىچىدە، — دەپتۇ مەلىكە دىدو، — چەمبەر شەكلىنىڭ يۈزى ھەممىسىدىن چوڭ. شۇڭا، چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرغان بولساق، زىيان تارتمايمىز، — ئۇ دېڭىز قىرغىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئەگەردە دېڭىزنىڭ قىرغىقىنى چەمبەرنىڭ دىئامېترى قىلىدىغان بولساق، كالا تېرىسىدە قىلىنغان شوينىدىنمۇ بىرمۇنچە ئىقتىساد قىلىپ قالىمىز. ئۇ چاغدا، يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى يەرنىڭ يۈزى چەمبەر شەكلىدىكى يەرنىڭ يۈزىدىن چوڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— توغرا، — كۆپچىلىك خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىپتۇ.

دىدو بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن، قەبىلە باشلىقىدىن بىر پارچە ياۋا كالا تېرىسىنى سېتىۋاپتۇ، ئاندىن بەكە بىلەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئىنچىكە تاسما تىلىپ، ئۇنى ئۇلاپ شوينا ياساپتۇ ـ دە، تۇپ تۈز دېڭىز ئۇستىدىن بىر جاينى چەمبەر مەركىزى قىلىپ تاللاپ، دېڭىز قىرغىقىنى دىئامېتر قىلىپ بەلگىلەپ، ھېلقى شوينا بىلەن قۇرۇقلۇقتىن يېرىم چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ ئوراپ چىقىپتۇ.

ئەتىسى، ھېلقى قەبىلە باشلىقى بۇ يەرگە كېلىپ قاراپتىكەن، قەبىلە زېمىنىنىڭ يېرىمى دىدونىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۆز ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بۇ قەبىلە باشلىقى ئىلاجسىز دىدو ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مۇشۇ يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى زېمىندا خاتىرجەم ياشاپ قېلىشىغا ماقۇل بوپتۇ.

# ھايات-مامات چېكى

ئوتتۇرا ئەسىر مەزگىلى، غەربىي ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەت مۇنداق بىر ئاجايىپ قانۇن بەلگىلەپتۇ: جىنايەتچىلەرگە ھۆكۈم ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، سوتچى ئىككى دانە چەك يازىدىكەن، بۇ چەكنىڭ بىرىگە "ھاياتلىق"، يەنە بىرىگە "ئۆلۈم" دېگەن خەت يېزىلىپ، ئاندىن شېشىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىكەن. ھۆكۈم قىلىنغۇچى خەلقى ئالەم ئالدىدا، شېشىدىن ئۆزى خالىغان بىر چەكنى ئالىدىكەن، "ھاياتلىق" دېگەن چەكنى ئالغانلار شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا قويۇپ بېرىلىدىكەن، "ئۆلۈم" دېگەن چەكنى ئالغانلارغا شۇ ھامان ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىكەن. سوتچى يەنە بۇنداق ھۆكۈم "ئىلاھنىڭ ھۆكمى" ھېسابلىنىدۇ، بۇ بەك-بەك ئادىل، دەيدىكەن.

بەزىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ قانۇنغا قارشى چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ ھايات-ماماتىنى چەك تاشلاش يولى بەلگىلەش ئادىللىق بولمايدىكەن، ھامان بىر قىسىم ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئادەملەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەن. بۇ قانۇنغا قارشى چىقىشقا باشلامچىلىق قىلغۇچىنىڭ ئىسمى ئالىيە بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ دىنغا قارشى تۇرۇپ كەلگەنىكەن.

شەرىئەتچىلەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالىيەنى قولغا ئاپتۇ-دە، ئىلاج قىلىپ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى، ئالىيە ئۈستىدە ئوچۇق سوت بوپتۇ. ئالىيە بەكمۇ

نامدار ئادەم بولغاچ، ئۇنى كۆرگەلى كەلگەنلەر سوتنىڭ ئىچىگە تولۇپ كېتىپتۇ.

هۆكۈم قوشۇمچە قىلىنغاندىن كېيىن، سوتچى ئەسلى بېكىتىلگەن قانۇن بويىچە هۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ-دە، يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئىككى دانە چەكنى شىشىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئالىيەنى چەك ئېلىشقا بويرۇپتۇ.

باش سوتچى يامان غەرەز بىلەن ئالىيەگە بىرقۇر قاراپ چىقىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: ئالىيە بۈگۈن چوقۇم ئۆلىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئەسلىدە شەرىئەتتىكىلەر بىلەن هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئالىقاچان تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىككى چەكنىڭ هەر ئىككىسىگە "ئۆلۈم" دېگەن خەتنى يېزىشنى بەلگىلىگەنىكەن. ئالىيە مەيلى قايسى چەكنى ئالسۇن، ئۇنىڭغا هايات يولى يوق ئىكەن.

بىراق، ئالىيەنىڭ بىر دوستى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سوتچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كېچىلەپ ئالىيەنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىر ئامال قىلىشنى ئېيتىپتۇ.

جەددىي پەيت يېتىپ كەپتۇ، سوت ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئەجەل قۇشى ئالىيەگە تىكىلىپتۇ، ئالىيە شىشىدىكى چەكتىن بىرنىلا ئالسا، ئۇ دەرهال ئالىيەنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىكەن.

ئالىيە سوتنىڭ تۆت ئەتراپىغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، قىلچە تەپ تارتماستىن شىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چەكتىن بىرنى ئاپتۇ-دە، قېتىنى ئاچمايلا ئاغزىغا سېلىپ يۇتىۋېتىپتۇ.

كۆپچىلىك ئالىيە ئالغان چەكتىكى خەتنىڭ "هاياتلىق"مۇ ياكى "ئۆلۈم"مۇ، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئادەتتىكى قائىدە بويىچە،

بۇنىڭ بىر دىنبىر ئامالى شىپىشىدە قىپىقالغان چەكىنى ئېلىپ كۆرۈپ بېقىش ئىكەن. كۆپچىلىكنىڭ قىستىشى بىلەن باش سوتچى شىپىشىدە قالغان چەكنى ئېلىپ ئېچىپ كۆرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ، بۇنىڭدىكى خەتنىڭ "ئۆلۈم" دەپ يېزىلغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. ئۇنداقتا، "قانۇن"دىكى بەلگىلىمە بويىچە ھۆكۈم قىلىنغاندا، يەنە بىر چەك جەزمەن "ھاياتلىق" دېگەن خەت يېزىلغان چەك بولۇپ چىقىدۇ-دە، ئالىيە ئەركىنلىككە چىققان بولىدۇ.

— ئالىيە ھۆرلۈككە چىقتى، — كۆپچىلىك خۇشال ھالدا ۋارقىرىشىپ، ئالىيەنى ئۇتتۇرىغا ئېلىپ سوتتىن چىقىشىپتۇ.

## پادىشاھ بىلەن پادىچى بالا

بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ غەلىتە سوئاللارنى سوراشقا ئامراق ئىكەن، ئۇ سورىغان سوئاللارغا ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلانغان ۋەزىرلىرىمۇ جاۋاب بېرەلمىگەچكە، پادىشاھنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.

بىركۈنى، پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن بىللە يايلاققا ئويۇنغىلى چىقىپ، بىر پادىچى بالىنىڭ مال بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى پادىچى بالىنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئۈچ سوئالىم بار، جاۋاب بېرەلەمسەن؟

— سوراۋېرىڭ، ھەرقانداق سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ پادىچى بالا.

پادىشاھ سوئال سوراشنى باشلاپتۇ:

— دىققەت قىل، بىرىنچى سوئال كەتتى — دېڭىزدا قانچە تامچە سۇ بار؟

— شاھ ئالىيلىرى، — دەپ جاۋابنى باشلاپتۇ پادىچى بالا، — بۇ راست قىيىن سوئال ئىكەن. بوپتۇ، بۇنىڭغىمۇ مەيلى، دېڭىزنىڭ چوڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بارلىق دەريالارنى توسىۋېتىڭ، شۇ چاغدا مەن سىز ئۈچۈن دېڭىز سۈيىنى ئۆلچەپ بېرەي.

— تولىمۇ ياخشى، — دەپتۇ پادىشاھ كۆڭلى ئېچىلغان ھالدا، ئاندىن ئىككىنچى سوئالنى سوراپتۇ:

— ئىككىنچى سوئال — ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ سانى قانچە؟

پادىچى بالا يېنىدىن ئۈچ خالتا كۆكنار ئۇرۇقىنى ئېلىپ، ئوتلاققا سېپىۋېتىپ دەپتۇ:

— ئاسماندىكى يولتۇزنىڭ سانى ئوتلاققا چېچىلغان كۆكنار ئۇرۇقىنىڭ سانى بىلەن تەڭ كېلىدۇ، يالغان بولسا، ئۆزىڭىز سانىۋېلىڭ.

پادىشاھ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاخىرقى سوئالنى سوراپتۇ:

— ناھايىتى ياخشى، ئەمدى سەن ماڭا جەزمەن ئېيتىپ بەرگىن، مەڭگۈ قانچە دەقىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؟

پادىچى بالا ئويلىنىپ تۇرماستىنلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، يەر شارىنىڭ ئەڭ چېتىدە بىر ئالماس تاغ بار ئىكەن، ئېگىزلىكى ئۈچۈن بىر سائەت، چوڭقۇرلۇقى ئۈچۈن بىر سائەت، كەڭلىكى ئۈچۈن بىر سائەت يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ھەر يۈز يىلدا بىر قۇش بۇ تاغقا كېلىپ تۇمشۇقىنى سۈركەيدىكەن. بۇ قۇش ئاغزىنى سۈركەپ بۇ تاغنى تۈپ تۈز قىلىۋەتكەندە، مەڭگۈ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرىنچى دەقىقە ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شاھ ئالىيلىرى، بىز نېمە ئۈچۈن بىردەم كۈتۈپ تۇرۇپ، مەڭگۈ ئۆز ئىچىگە ئالغان دەقىقىنى ساناپ كۆرمەيمىز؟

— ۋەزىرلىرىمنىڭ بىرسىمۇ سىپنىڭچىلىك ئەقىللىق ئەمەس، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ئاز ئۇچرايدىغان چاپقۇر ئات

ۋەقە بۇنىڭدىن 1900 يىل بۇرۇن، بىرىنچى ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى غەربتە بولغان.

"ئا" قەبىلىسى ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ۋەكىلىنى "ب" قەبىلىسىنىڭ باشلىقىغا ئەۋەتىپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئاتاقلىق باتۇرىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆلتىماس قىپتۇ.

"ب" قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تازا ئېغىر شەرتتىن بىرنى قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ، لېكىن باتۇر ماڭا ئادەملەر ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدىغان بىر چاپقۇر ئات تېپىپ بەرسۇن، ئۇ مۇشۇ شەرتنى ئورۇندىغاندىلا، ئۇنى قويۇپ بېرىپ قەبىلەڭلەرگە ئەۋەتىپ بېرىمەن.

— ئاز ئۇچرايدىغان چاپقۇر ئات زادى قانداق ئات؟ — سوراپتۇ ۋەكىللەر.

"ب" قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتنىڭ رەڭگى ئاقمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، قوڭۇرمۇ ئەمەس، تورۇقمۇ ئەمەس بولۇشى كېرەك، ئالا بولسا، تېخىمۇ بولمايدۇ. يەنە بۇ ئات ئايغىرمۇ بولمىسۇن، بايتالمۇ بولمىسۇن، كىشنەيدىغان، ئوت يەيدىغان بولمىسۇن. ئەگەردە باتۇر مۇشۇنداق ئاتنى تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، قاچان بېرىدىغان ۋاقتىنى ئېيتىپ بېرىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ھازىرلا قويۇپ بېرىمەن.

ۋەكىللەر سولاقتا ياتقان باتۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ.

باتۇر يالغۇز باتۇر بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك ئىكەن. ئۇ ئويلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بولىدۇ، مەن جەزمەن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئات تېپىپ بېرەي، بۇنداق ئات چوڭ ئەۋلىيانىڭ قېشىدا بولىدۇ، ئۆز ماھارىتىمگە تايىنىپ بۇ ئاتنى قولغا كەلتۈرىمەن. قەبىلە باشلىقىغا ئېيتىڭلار، ئاتنى كېلەر ئاينىڭ 30 - كۈنى بىزنىڭ قەبىلىدىن ئالسۇن.

ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، "ب" قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ، بىراق ئامال قانچە. باتۇر ئېيتقان كېلەر ئاينىڭ 30 - كۈنى 2 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بولىدىكەن. نەدىمۇ بۇنداق كۈن بولسۇن؟ غەربتىكى رىم ھۆكۈمدارى دۇللىي كەيسانىڭ مىلادىدىن 46 يىل بۇرۇن تۈزگەن كالىندار قائىدىسىدە، 2 - ئاي 29 كۈن بولىدۇ، كەبىسە يىلىلا 30 كۈن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىكەن، ھاكىمىيەت ئۇنىڭ جىيەنىنىڭ قولىغا قالغاندا بولسا، قايتىدىن 2 - ئاي 28 كۈن بولىدۇ، كەبىسە يىلىلا 29 كۈن بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىكەن. شۇڭا، مىلادىدىن 9 يىل بۇرۇن باشلاپ غەرب كالىندار قائىدىسىدە 2 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بولمايدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا "ب" قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئېيتقاندەك ئاتمۇ يوق ئىكەن، شۇڭا باتۇرمۇ كالىنداردا بولمىغان ئاشۇنداق كۈننى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ - دە، ئانداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىپتۇ.

# ئورىدىكى بالا

ۋەقە چەت ئەلنىڭ مەلۇم بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا بولغان. بىر كۈنى، ياش ئانا تېخى ئەمدىلا 22 ئايلىق بولغان ئوغلى كېرىسنى ئېلىپ، ئايلىنىپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. چىقىپ تۇرۇشىغا ئۆيدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىپتىكەن، ئوغلىنى شۇ يەردە قويۇپلا تېلېفوننى ئالغىلى كېتىپتۇ.

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، سىرتقا چىقىپ قاراپتىكەن، تېخى ئەمدى ماڭالايدىغان بولغان كېرىس كۆرۈنمەپتۇ. ئەتراپنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپتىكەن، ئوغلىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئايال قورقۇپ كېتىپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپتۇ:

— كېرىس، كېرىس قېنى سەن؟ سەن نەدە؟

ئوتلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدە كېرىسنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بوپتۇ يۇ، بىراق بۇ ئاۋاز خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازغا ئوخشايدىكەن. ئۇ ئايال ناھايىتى تېزلا يەر ئۈستىدە دىئامېترى بىر ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئورا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئورا ئىچىدىن: ئانا، ئانا! دېگەن ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بۇرۇن مۇشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تۇپراق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە نۇرغۇن ئورا كولانغانىكەن. تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن، ئورىلارنىڭ ھەممىسى تىندۇرۇۋېتىلگەندەك قىلغانىكەن، بۇ تىندۇرۇلمىغان ئورا نەدە قالغان بولغىدى؟

ئانا ئۇچقاندەك ئۆيگە كىرىپ قول چىرىغىنى ئېلىپ چىقىپ، ئورىنىڭ ئىچىگە قاراپتىكەن، قورققىنىدىن چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ

كېتىپتۇ: تەخمىنەن 12 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان چوڭقۇرلۇقتا كېرىسنىڭ بېشى ۋە كۆتۈرىۋالغان ئىككى قولىلا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئورىغا چىڭ چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، خۇددى ئامبۇر بىلەن قىسىپ قويغانغا ئوخشايدىكەن. ئانا ئوغلىنى قانداق قۇتقۇلدۇرۇشنى بىلمەي قاپتۇ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، بىرنەچچە ساقچى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىدىن بىر تال تانا ئېلىپ ئورىغا تاشلاپ ۋارقىراپتۇ:

— تانىنى تۇت كېرىس، تېز بول تانىنى تۇتۇۋال! — كېرىس كىچىك قوللىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم تانىنى تۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، زادىلا تۇتالماپتۇ، نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇ تېخى ئىككى ياشقا تولمىغان بالىدە!

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىكەن، بالا ئورىدا بىر سېكۇنت كۆپرەك تۇرۇدىغان بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ بىر ھەسسە قوشۇلىدىكەن. بىراق قارامىلىق بىلەن ئىش قىلىشقىمۇ بولمايدىكەن، دىققەت قىلىنمىسا، ئورىنىڭ ئاغزى ۋە يېنى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، بالىنى كۆمۈۋېتىدىكەن.

كۆپچىلىك جىلى بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، ئىككىنچى تۈركۈم ساقچىلار بىلەن بىللە كەلگەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بىر ئەپچىل چارە ئويلاپتۇ —

ناھايىتى تېزلىك بىلەن، كېرىس چۈشۈپ كەتكەن ئورىدىن بىرنەچچە چى يىراقتا يەنە بىر ئورا كولاپتۇ، كولاش جەريانىدا توپىنى چىڭدىۋېتىش ماشىنىسىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپتۇ. يەنە قۇتقۇزۇش ئورىسىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، ياغاچلارنى ئېپكېلىپ تىرەك قىلىپ قويۇپتۇ. ئورا بىرنەچچە چى چوڭقۇرلۇقتا كولانغاندىن

كېيىن، قول بىلەن ئىككى ئورنىنى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان توغرا تۆشۈك تېشىپتۇ. ئاندىن كېرىسىنى توغرا تۆشۈك ئارقىلىق يېڭى كولانغان دىئامېتىرى چوڭ ئورىغا ئېلىپ چىقىۋېلىپ قۇتۇلدۇ ـ رۇپتۇ. بۇ چاغدا ۋەقەنى كۆزىتىپ تۇرغان نۇرغۇن ئادەملەر قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ. بۇ چاغدا كېرىسىنىڭ ئىككى قولى كۆكىرىپ كەتكەنىكەن، بىراق قولى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ هايات قاپتۇ.

## سەھنىدىكى چاقچاق

سەھنىدە ئويۇن قويۇش ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇلىدىغان ئىش، بۇنىڭدا: سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن ئارتىسلار كۆڭۈل قويۇپ رەپتىس قىلىپ، ئەسەردىكى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى بويىچە، ئويۇننى باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ئويناپ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. سەھنىدە قالايمىقان چاقچاق قىلىش راستتىن كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس.

بۇ يەردە سۆزلەنمەكچى بولغىنى كىشىنى يىغلاشنىمۇ، كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان سەھنىدىكى چاقچاق توغرىسىدىكى هېكايە.

ئويۇن ئوتتۇرىلىشىپ قاپتۇ، بۇ كۆرۈنۈشتە ئىككىلا پېرسوناژ بار ئىكەن، "ئا" تۇرمىكەش، "ب" جىنايەتچى ئىكەن.

"ئا" بىر پارچە خەتنى "ب"غا بېرىپ، ئۇنىڭ خەتتە نېمە بولسا، شۇنى ئوقۇشنى ئېيتىپتۇ. بۇرۇنقى ئويۇنلاردا، "ب" ئوقۇماقچى بولغان بۇ خەتنىڭ تېكستى ماشىنكىدا ئورۇلغانىكەن، لېكىن بۇ قېتىم "ئا" ئارتىس "ب" ئارتىسكە چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر

قۇسۇر تېپىشنى قەستلەپ، بىر پارچە خېتى يوق ئاق قەغەزنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

"ب" خەتنى قولغا ئېلىپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئېھتىمال "ئا" سەھنىگە چىقىشتىن بۇرۇن خەتنى خاتا ئالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن سوراپ باقماقچى بوپتۇيۇ، يەنە توختاپ قاپتۇ، چۈنكى بۇ دېگەن سەھنە، ئاغزىغا كەلگەننى سوراپ يۈرۈشكە بولمايدۇ-دە! ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەپتۇ: "ئا" دېگەن ئارتىس ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بەك چاقچاقچى، ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ، چاقچاقنى سەھنىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى ئىكەندە؟ "ب" ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، باشقا گەپنى قويۇپ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئاق قەغەزنى "ئا"غا بېرىپ دەپتۇ:

— ھۆرمەتلىك تۇرمىكەش ئەپەندىم، ئىككى كۈندىن بۇيان كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بەكمۇ ناچارلىشىپ كەتتى، تېخى سىزگە ئېيتىپ كۆزۈمنى داۋالىتاي دەپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرگە تازا ئوبدان يورۇق چۈشمەيدۇ، كۆزۈم ساق بولغان تەقدىردىمۇ ئېنىق كۆرەلمەيمەن. شۇڭا، خەتنى مەن ئۈچۈن ئوقۇپ بەرسىڭىز، تېزراق ئاڭلىسام، شۇنداق قىلسىڭىز سىزدىن بەك خۇرسەن بولاتتىم، — دەپتۇ-دە، خېتى يوق قەغەزنى "ئا"نىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

بۇ گەپ تازىمۇ جايىغا چۈشۈپتۇ، تۇرمىكەش رولىدىكى "ئا" ئەپەندىمۇ خەتنىڭ تولۇق تېكىستىنى يادلىيالمايدىكەن، شۇڭا پۈتۈن بەدىنىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ. بىراق ئۇمۇ پىشقان ئارتىستە، شۇڭا "خەت"نى "ب"غا قايتۇرۇپ بەرمەي، "ب"نىڭ گېپىگە ئۇلاپ

مۇنداق دەپتۇ:

— توغرا، توغرا، باياتىن ئېيتقىنىڭىزدەك ئۆي قاراڭغۇ، خەت بەك كىچىك بولىدىغان بولسا، مەن بىرسىپ قول چىرىغىم بىلەن كۆزەيىنىكىمنى ئېلىپ كېلەي، بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭ، هازىرلا كېلىمەن.

ئۇ گەپنى تۈگىتىپتۇ-دە، سەھنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن، "ئا" قول چىرىغنى ئېلىپ، كۆزىگە كۆزەينەك تاقاپ سەھنىگە چىقىپتۇ. بىر قولىدا خەتنى كۆتىرىپ، بىر قولىدا قول چىرىغنى يېقىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جىنايەتچى ئۇچۇن، ھېلىقى خەتنى دېكلىماتسىيە قىلىپ ئوقۇپتۇ.

"ب"ئارتىس ھەيران قاپتۇ: "ئا" ئارتىسنىڭ خاتىرىسى نېمە دېگەن ياخشى؟ ئۇنىڭ قولىدىكىسى خېتى يوق بىر پارچە ئاق قەغەز تۇرسا...

ئەسلىدە، "ئا" ئارتىس قول چىرىغنى ئالغىلى چىققاندا، ئاق قەغەزنى ئەسلىدىكى ماشىنكا بىلەن بېسىلغان خەتكە ئالماشتۇرۇۋالغان ئىكەن.

## ئۆخلاش كېيىمى

مەلۇم بىر دۆلەتتە بىر قەدىمىي يادىكارلىقلار سودىگىرى بار ئىكەن. بۈگۈن ئاخشام ئۇ ئۆيىدە يېڭى تونۇشقان بىر دوستىنى كۈتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ يېڭى دوستىنىڭ ئىسمى سىمىت بولۇپ، قەدىمىي يادىكارلىقلارغا باھا بەرگۈچى ئىكەن.

بىرمۇنچە دەتالاشتىن كېيىن، قەدىمىي يادىكارلىقلار سودىگىرى يېقىندا قولغا كىرگۈزگەن يۇقىرى باھالىق قەدىمىي يادىكارلىقنى سىمتنىڭ كۆرۈشىگە بېرىپتۇ. سىمت ئۇلارنى قولغا ئېلىپ تازا ماختاپ-تۇ. ئۇ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، قەدىمىي يادىكارلىقلار سودىگىرى بۇ نەرسىلەرنى بىر كىچىك ئۆيگە سولاپ، ئۇينى قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ-دە، ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا يوغان بىر بۆرە ئىتنى ئىشىككە قارىغىلى قويۇپتۇ.

بۇ كۈنى كەچتە سىمت قەدىمىي يادىكارلىقلار سودىگىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا، سىمت ئورنىدىن قوپۇپ ھېلىقى قەدىمىي يادىكارلىقتىن بىرنەچچىنى ئوغۇرلاپتىكەن، قەدىمىي يادىكارلىقلار سودىگىرى تۇيۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپتۇ-دە، ئىككىسى ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلسۇن، سودىگەرنىڭ ئىشىك ساقلاپ ياتقان ئىتى ئوغرىنى قويۇپ، ئىگىسىنى چىشلەپ يارىلاندۇرۇپتۇ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن سىمت ئوغۇرلىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ تىكىۋېتىپتۇ.

سودىگەر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ساقچى ئىدارىسىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، ساقچى باشلىقى ئىككى ساقچىنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. مال-مۈلۈك سۇغۇرتا شىركىتىمۇ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەگەردە نەرسىلەر راستتىن يوقالغان بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى بەلگىلىمە بويىچە سودىگەرگە پۇل تۆلەيدىكەن.

نەق مەيداندىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سودىگەر ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ قىممەت باھالىق يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى راست، ئەمما، ئادەمنى گۇمانغا سالىدىغان يېرى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىتى

ئۇنىڭ ئۆزىنى چىشلەيدۇ؟ بۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق بولغانلىقىنى سودىگەرنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىكەن.

— بۇ ئىش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، — دەپتۇ ستراخوۋانىيە شىركىتىدىن كەلگەن ئادەم، — ئۆگىتىلگەن بۆرى ئىتنىڭ ئوغرىنى چىشلىمەي، ئىگىسىنى چىشلىگەن ئىش زادى بولۇپ باقىقان ئەمەس. بۇ ئىشقا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، بىز بۇنىڭغا تۆلەم بېرەلمەيمىز.

ئىت چىشلەپ تىتماكاتالىق قىلىۋەتكەن ئۇخلاش كىيىمىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتنىڭ ئاشۇ كىيىمنى ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىغا قاراپ، ساقچى باشلىقىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ سودىگەردىن سوراپتۇ:

— سودىگەر ئەپەندىم، بۇ كىيىمگە تازا ئوبدان قاراپ بېقىڭ، بۇ ئۇخلاش كىيىمى زادى سىزنىڭمۇ، ئەمەسمۇ؟

سودىگەر كىيىمنى قولىغا ئېلىپ، بىردەم تازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ياق ئەمەس، بۇ مېنىڭ كىيىمىم ئەمەس، مېنىڭ ئۇخلاش كىيىمىمنىڭ ئىككى يېڭىگە قىزىل ئوياپ گۈل ئىشلەپ قويغان.

— ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى، — سىلەر قاراڭغۇدا ئېلىشقان، ئىت پەقەت كىيىمىدىكى پۇراق بويىچە ئادەم چىشلىگەن، ھېلىقى سىمىت ئەپەندى نەرسىلەرنى ئوغۇرلاشتىن بۇرۇن كىيىمنى سىزگە تۇيدۇرماي ئالماشتۇرۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئىشتىن بۇرۇن پىلانلىغان. شۇڭا، ئېنىق ئۇيىتمەنكى، ئەنزىنىڭ مۇشۇنداقلىقىدا گۇمان يوق.

ھېلىقى "قەدىمىي يادىكارلىقلارنى باھالىغۇچى" سىمىت ئاخىرى

قولغا ئېلىنىپتۇ، ئەسلىدە ئۇ ئاشۇنداق قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئوغۇرلاپ ساتىدىغان كونا ئوغرى ئىكەن.

## خان تاجىسىدىكى يوغان برىلليانت

مەلۇم بىر شەھەرنىڭ مۇزېيىدىكى ئوتتۇرا ئەسىردە تېپىلغان خان تاجىسىغا ئۇستىلىق بىلەن قوندۇرۇلغان ناھايىتى يوغان بىر برىلليانت ئوغرىلىنىپتىكەن، ساقچى باترووۋ بۇيرۇق بويىچە ئەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ. مۇزېي خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى دوكلات قىپتۇ: مەلۇم قىلىش سىگنالىدىن ئاۋاز چىقمىدى، تاج قويۇلغان ئىشكاپ ۋە مۇزېي ئىچىدىكى ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى ساق، بۇزۇلغان ئىز يوق، پەقەت كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇدىغان خان تاجىسىدىكى ئاشۇ برىلليانتلا يوق.

باترووۋمۇ ھەيران قاپتۇ: تاج قويۇلغان ئىشكاپ تولىمۇ نازۇك ۋە مۇستەھكەم ھەم كۆرۈنۈپ تۇرۇدىغان قىلىپ ئىشلەنگەن، بۆلەكلىرى ـ نىڭ تۇتۇشىدىغان يېرىدە قارىمۇ قارشى تۆشۈكلەر بولۇپ، ئارىلىقى بەك تار، چاشقان ئۆتەلىشى مۇمكىن، ھەرقانچە قىلغان بىلەن جىنا ـ يەتچىنىڭ قولى بۇ يەردىن پاتمايدۇ. ساقچىنىڭ كۆزى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ ــ ئۇ تاج قويۇلغان ئىشكاپنىڭ يېنىدىن خۇددى چاچقا ئوخشايدىغان بىر تال تۈك تېپىۋاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، باترووۋ گېزىتتە بىر خەۋەر ئېلان قىپتۇ:

ــ خان تاجىسىدىكى برىلليانتنى ئوغۇرلىغان ئوغرى قولغا ئېلىن ـ دى، ھازىر سوراق ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ــ ئۇ گېزىتتە يەنە "جىنايەتچى"نىڭ رەسىمىنىمۇ چىقىرىپتۇ.

يېرىم ئاي ئۆتكەنـدىن كېـيىن، باترووۋ باشـقا بىر ئـــسىم بىلەن گېزىتكە بىر ئېلان چىقىرىپتۇ:

ــ ئېھتىياتسىزلىقىمدىن شۆپىتسارىيىدە ئىشلەنگەن قىممەت باھالىق ئالتۇن سائىتىم 25 قەۋەتلىك بىنانىڭ يەر ئاستى سۇيى يولىغا چۈشۈپ كەتتى. قولىدىن كېلىدىغانلاردىن بىنا قۇرۇلۇشىغا زەخمە يەتكۈزمەي سائىتىمنى ئېلىپ چىقىپ بېرىدىغان بولسا، ئالـتۇن سائەتـنىڭ يېرىم باھاسى بويىچە سۆيۈنچە بېرىپ، ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئېلان چىقىرىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېـيىن، باترووۋنىڭ ياردەمچىسى ئۇنىڭغا دوكلات قىپتۇ:

ــ بىرنەچـچەيلەن كەلدى، سىناپ كۆرەيلى دەۋاتـىدۇ، بىراق بىنانىڭ قۇرۇلۇشىغا زەخمە يەتكۈزمەسلىككە ھېچكىم ھۆددە قىلالماي-دىكەن. دوختۇر سىياقىدىكى بىر ئادەم كەپتۇ، ئۇ، مېنىڭ كۆندۈرگەن بىر ئاق چاشقىنىم بار، بۇ ۋەزىپىنى ئاشۇ چاشـقان ئۇستىگە ئالالايدۇ دەپـتى، مەن ئۇنى ساراڭ بولۇپ قالـغان ئادەم ئوخـشايـدۇ، دەپ قوغلاپ چىقاردىم.

باترووۋنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ:

ــ ئەخمەق، ئاشۇ ئادەمنى تۇتۇپ قېلىشىڭ كېرەك ئىدى!

نېمشقا ئاچچىقلايسىز، ــ دەپتۇ ھېلىقى ياردەمـچى ھېچ نەرسىنى چۈشەنەلمەي، ــ ئۇ تېخى كېتىش ئالدىدا، بەرىــبىر مېنىڭ كىرىكىم چىقىپ قالدۇ، ئەتە يەنە كېلىمەن، دېدى.

ــ ناھايىتى ياخشى، ــ دەپتۇ ساقـچى خۇشال بولغان ھالدا، ــ ئەتە ئۇنى قولغا ئېلىڭلار، بىرىلياننىڭ ئوغرىلىغان ئوغرى ئاشۇ شۇ.

ــ نېمە ئىسپاتىڭىز بار؟

ــ بۇنىڭ ئىسپاتى ئىنچىـكە قىلـغا ئوخـشايدىـغان ئاق چاشقان

تۆكى...ئۇندىن باشقا، بۇنىڭدىن يېرىم يىل بۇرۇنقى مۇنۇ خەۋەرنى كۆرۈڭ — تىببىي دورا ئالىمى S. H ناركوز بىلەن تىزگىنلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بىر كىچىك ئاق چاشقاننىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى تىزگىنلەپ، ئالاھىدە مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن، ئۇ چاشقاننى ئادەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈردى...

ئەتىسى، راست دېگەندەك S. H ئەپەندى ئۆزلىكىدىن كېلىپ تورغا چۈشۈپتۇ.

ھېلىقى ئۇزۇن توكنى چاشقاننىڭ توككە سېلىشتۇرۇش ئارقىسىدا، S. H ئەپەندى ئاخىرى ئۆزىنىڭ كىچىك ئاق چاشقىنىغا كۆرسەتمە بېرىش يولى بىلەن، خان تاجىسىدىكى ھېلىقى يوغان بىرلىيانتنى ئوغۇرلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## پاسىننى خېنىمنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئوغرىلىق ئەنزىسى

بىركۈنى كەچتە، سالىر ھېر تۇيۇقسىز قوشنىسى پاسىننى خېنىمنىڭ "قۇتقۇزۇڭلار، مېنى قۇتقۇزۇڭلار — ۋاي ئوغرى، ئوغرىنى تۇتۇڭلار —" دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، ئالدىراپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ، بۇ چاغدا باشقا قوشنىلارمۇ ئۆيىدىن چىقىشقانىكەن. كۆپچىلىك قارىسا پاسىننى خېنىم زالدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا سوقۇلۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى ھۆل، كۆك لۆڭگە رەختتىن قىلىنغان مۇنچا كىيىمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى پاچىقىدىن سۇ تامچىپ تۇرۇپتۇ.

— پاسىنى خېنىم، — سوراپتۇ سالىر ھېر سەممىي ھالدا، — زادى نېمە ئىش بولدى؟

— ۋاي، ھېلىقى جۇۋاپىنىمەكىنىڭ يۈزى نېمە دېگەن قورقۇنچ-لۇق، ئۇ مېنىڭ "پىكاسسو"يۇمنى ئوغرىلىۋالدى، باشقا نەرسەمنى ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن، تېخى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم.

قوشنىلار پاسىنى خېنىمنىڭ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ساقلاشقا خېلى جىق پۇل خەجلىگەنلىكىنى بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا خېلى ئىچ ئاغرىتىپتۇ.

سالىر پاسىنى خېنىمغا بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

پاسىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ۋاي خۇدايىم، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتۇرمىغان بولسام بوپتىكەن، ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمايتتىم، بۇ قېتىم نېمە بولدى — ئۇنىڭ يۈزىنى دېمەمدىغان! ئۇ چاغدا مەن مۇنچىدا يۇيۇنۇ-ۋاتاتتىم، تاراق-تۇرۇق قىلغاننىمۇ بىلمەپتىمەن، ئىشىك-دېرىزىلەر مەھكەم ئېتىكلىك ئىدى. سۇنى ئېتىۋېتىپ، يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىق-تىم-دە، مۇنچا كىيىمنى كىيدىم. يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، چىش چوتكىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ ئاشۇ يەردە تۇرۇپتۇ. قورققىنىمدىن جايىمدا مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدىم. بىراق ئۇنىڭ ھېلىقى يوغان، قىپقىزىل، كىلەڭسىز يۈزىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇ تەپ تارتماستىن ھەججايىدى، ئاغزىدا بىرنەچچە تاللا چىشى قاپتۇ، كۆلسە ئادەمگە بەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىكەن. مەن تېخى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ ئويلىغان-

دىم، لېكىن ئۇ كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئىشكىنى چىڭ يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىرەر ـ ئىككى مىنۇت ھەپىلەشىپ ئىشكىنى ئاران ئاچتىم. يۈيۈنۈش ئۆيىدىن چىقىپلا قارىسام، تامدىكى رەسىم يوق.

— پاسىننى خېنىم، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىڭ، نېمە قىلىپ بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ سالىر ۋە مىشلداپ يىغلاۋاتقان پاسىننى خېنىمنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ.

ئىشكىنى ئېتىپ قويۇپ، پاسىننى خېنىمنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى روھلۇق بولۇڭ، ماڭا راست گەپنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئەگەر سىزگە پۇل لازىم بولسا، نېمىشقا ئۇ رەسىمنى ساتمايسىز؟ ياكى ستراخوۋانىيە ھەققىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسىمنى ساتماقچى بولدىڭىزمۇ يە؟

پاسىننى خېنىم تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، ئاچچىقلانغان ھالدا سوراپتۇ:

— نېمىگە ئاساسەن مەندىن گۇمانلىنىسىز؟

— چۈنكى، — دەپتۇ سالىر، — دەۋاتقان گېپىڭىزنىڭ ئارىسىدا كاۋاك بار. سىز ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا سىز يۈيۈنۈۋاتقان ئىكەنسىز، ئىشىك ـ دېرىزىلەر چىڭ تاقاغلىق ئىكەن. مۇنداق ئەھۋالدا يۈيۈنۈش ئۆيىدىكى ئەينەكنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت پار قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ، سىز قانداق قىلىپ ھېلقى يوغان، قىپقىزىل، كېلەڭسىز يۈزنى كۆرەلەيسىز، ئۇنىڭ ھىجايغانلىقى، ئاغزىدا ئاران بىرنەچچە تال چىشى قالغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

پاسىننى خېنىمنىڭ يۈزى قىزىرىپ، بېشى ساڭگىلاپتۇ، ئۇ بىر

هازادىن كېيىن، دۇدۇخلاپ:
— مەن راستتىنلا ستراخوۋانىيە پۇلىنى ئالىداپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي ساتاي دەپ ئويلىغانىدىم، — دەپتۇ.

## بوتۇن ئائىلىسىدىكى قاتىللىق ئەنزىسى

ئەتىگەن سائەت 3 تىن 30 مىنوت ئۆتكەندە، ساقچى كونانى سلوسنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى تېلېفون جىرىڭلاپ، ئۇنى ئۇيقىدىن ئويغىتىۋېتىپتۇ.

تېلېفوندىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى كەپتۇ:
— سىز سلوس ئەپەندىم بولامسىز؟
— شۇنداق، سىز كىم بولىسىز؟
— مەن ئېلىس بوتۇن بولىمەن. تېز كېلىڭ، بىرسى ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

سلوس ئايالنىڭ ئادرېسىنى يېزىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئاشۇ ئادرېسقا قاراپ مېڭىپتۇ.

تاشقىرىدا قاتتىق بوران چىقىۋاتاتتىكەن، چىقىۋاتقان بوراننىڭ قاتتىقلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىكەنكى، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ھۆۋلايدىكەن. سلوس:

— بۇ ئۆلگۈر ھاۋا نېمىدېگەن سوغۇق، — دەپ قويۇپتۇ-دە، يولغا مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ پەلتۇ كىيگەننىڭ ئۈستىگە يەنە بويىنغا ئىككى قارپەمۇ ئورىۋاپتىكەن.

40 مىنوتتىن كېيىن ئۇ بوتۇن خانىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئېلىس بوتۇن ئىشىك ئالدىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. سلوس

كيلىش بىلەنلا ئىشكنى ئېچىپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۆي ئىچى ئىسسىق ئىكەن، سلوس ئىختىيارسىز هالدا شارپا، قولقاپ، قالپاق-لىرىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ، پەلتوسىنىمۇ سېلىۋېتىپتۇ.

بوتۇن خانىم ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ، پۇتىدا ساپما ئاياغ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، رەڭگىدە قان يوق هالەتتە تۇرۇپتۇ.

— جەسەت ئۈستۈنكى ئۆيدە، — دەپتۇ ئۇ.

— ئېرىڭىز قانداق ئۆلتۈرۈلدى؟ — سوراپتۇ سلوس.

— ئېرىم كەچ سائەت 11 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇخلىغان. نېمە بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، نېمە ئۈچۈندۇر سائەت 3 تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن، تىڭشاپ باقسام ئېرىمدىن هېچقانداق تىنىش يوق، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

— كېيىن سىز نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

— ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈپ سىزگە تېلېفون بەردىم. ئۇ چاغدا يەنە دېرىزىنىڭ ئاشۇ قانىتىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، — ئۇ قولى بىلەن دېرىزىنىڭ ئوچۇق تۇرغان قانىتىنى كۆرسىتىپتۇ، — قاتىل چوقۇم ئاشۇ دېرىزىدىن كىرىپ، ئىشنى تۈگەت-كەندىن كېيىن يەنە ئاشۇ دېرىزىدىن چىقىپ كەتكەن.

سلوس دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپتىكەن، سوغۇق شامال گۇركىرەپ ئۆينىڭ ئىچىگە ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى تارتقۇزۇپ، ئىنتايىن يېپىپ قويۇپتۇ.

— جەسەتنى تەكشۈرەمسىز؟ — سوراپتۇ بوتۇن خانىم كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ.

— بۇنى ساقچىلار بىلەن سوت دوختۇرلىرى تەكشۈرىدۇ. ئۇلار

يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھەققىي ئەھۋالنى ماڭا ئېيتىپ بېرەمسىز؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — بوتۇن خانىمنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ كېتىپتۇ.

— چۈنكى سىز باياتىن راست گەپنى دېمىدىڭىز، — دەپتۇ سلوس سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ.

— ئۇنداق ئەمەس ئەپەندىم، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست گەپ، — بوتۇن خانىم ساراڭلارچە ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تازىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتىكەن.

— ئەگەردە قاتىل مۇشۇ دېرىزىدىن كىرگەن بولسا، — دەپتۇ سلوس، — دېرىزىنىڭ ئېچىلغىنىغا 45 مىنۇت بولغان بولىدۇ، ئۇ چاغدا، ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى بۇنداق ئىسسىق بولمايدۇ. مۇشۇ بىر نەرسىلا دېرىزىنىڭ تېخى باياتىن ئېچىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىزنىڭ يالغان ئىسپات بەرگەنلىكىڭىز مۇشۇ ئەنزە بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. راست گەپ قىلسىڭىز، جىنايىتىڭىز يېنىكلەيدۇ، بولمىسا، جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت قوشۇلىدۇ.

سلوسنىڭ ھۆكمى دەل جايىدا چىقىپتۇ، بوتۇن خانىم ئېرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنىڭ بىرى ئىكەن.

## ئۆلۈم قەلئەسى

غەربتىكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ قەدىمى "G" شەھىرىدە، شەھەردىن 100 يول يىراقتا كۆرۈنۈشى ئالاھىدىرەك بولغان ھېتىس قەلئەسى بار ئىكەن. نۇرغۇن ساياھەتچى يىراق-يىراقلاردىن كېلىپ

بۇ يەردە سەيلە ـ تاماشا قىلىدىكەن. بىراق بۇ يەردە قونۇپ قالغانلارنىڭ ھەرقاندىقى تاڭ يورۇش بىلەنلا مۇردىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن. سوت دوختۇرلىرى جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرۈپمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ھېچنەرسىنى تاپالماپتۇ. "G" شەھىرىدىكى ساقچى باشلىقى ۋىلىيام شۇ شەھەردىكى بارلىق جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ۋە بارلىق زامانىۋى ئەنزە پاش قىلىش سايمانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قەلئەنىڭ ئەتراپىنى شۇنچە تەكشۈرۈپمۇ، ئۆمچۈكنىڭ تورىچىلىك بىرنەرسىنىمۇ تاپالماپتۇ. ئاخىرى، ساقچىلار قەلئەنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر كىرست بەلگىسىنى تىكلەپ، ئۇنىڭغا قىزىل سىر بىلەن "ئۆلۈم قەلئەسى" دېگەن خەتنى يېزىپ قويۇپتۇ ۋە ئېلان چىقىرىپ، كىشىلەرنى بۇ يەردە قونماسلىققا دەۋەت قىپتۇ.

"G" شەھىرىدىكى "تەۋەككۈلچىلەر شىركىتى"نىڭ باش جىڭلىسى بىس ساقچىلارنىڭ ئېلانىنى كۆرگەندىن كېيىن، گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئېلان چىقىرىپتۇ: "ھېتىس قەدىمى قەلئەسى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىق راھەت باغچىسى. كىمكى قەدىمىي قەلئەدە ئۆزى يالغۇز بىر كېچە قونۇپ، ئۆلمەي ھايات قالسا، شىركىتىمىز ئۇنىڭغا بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىنئام بېرىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھاياتلىق ستىراخوۋانىيە پۇلى شىركىتىمىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتىدۇ. تەۋەككۈل قىلىپ باققۇچىلار بولسا، ھاياتلىق ستراخوۋانىيە ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، شىركىتىمىز بىلەن توختام تۈزۈشسە بولىدۇ.

بىر كېچىدىلا مىليونېر بولۇش خىيالىدا بولغان بىر قىسىم كەمبەغەللەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، بۇنىڭغا

ماقۇل بوپتۇ. باش جىڭلى بىس بىلەن بىرىنچى بولۇپ توختاملاشقان ئادەم بىر تىلەمچى بولۇپ، ئىسمى بوپاس ئىكەن. توختامدا مۇنداق بەلگىلىنىپتۇ: ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت تۆتتە "تەۋەككۈلچىلەر شىركىتى"نىڭ باش جىڭلىسى بوپاسنى قەدىمىي قەلئەگە ئۆزى ئاپىرىپ قويىدۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە قەدىمىي قەلئەگە بىس ئۆزى بېرىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياكى جەسىتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

بوپاس باش جىڭلى بىس بىلەن توختاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ "G" شەھىرىنىڭ ساقچى باشلىقى ۋىليامنى تېپىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا گۇۋاھ بولۇپ بېرىشىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ساقچى ئەپەندىم، ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن سائەت 7 دىن بۇرۇن ماشىنىڭىزنى ھەيدەپ قەدىمىي قەلئەگە كېلىپ، مېنى ئېلىپ كېتىڭ. — بۇ گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ساقچى باشلىقىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، نېمە بولغانلىقىنى كۆرسەك، ئۇنىڭدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ بوپاسنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ساقچىلاردىن بىرسى ساقچى باشلىقى ۋىليامغا بوپاسنىڭ بىر سىرلىق مايمۇن سېتىۋالغانلىقىنى، باشقا ئەھۋالنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساقچى باشلىقى ۋىليام بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى ساقچىنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن ھېتىس قەدىمىي قەلئەسىگە يېتىپ كېلىپ، قەلئەگە 50 مېتىرچە كېلىدىغان ئارىلىقتىن، ئېگىز ۋە يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك بىر جاينى ئىگىلەپ، ئالاھىدە رولى بار رەسىم ئېلىش ئاپپاراتىنى ئورنىتىپ، ئاندىن ئۆزلىرى جايلىشىپتۇ. ساقچى باشلىقى ئىشلارنى ئورۇنلاش-

تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ساقچىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى "G" شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ساقچى باشلىقى ۋىليام ماشىنا بىلەن قەدىمىي قەلئەگە كەلگەندە، ئىككى ساقچىنىڭ نەپسى توختاپ بولغانىكەن. ئۇ دەرھال رەسىم ئاپپاراتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپتىكەن، قارىسا ئاپپاراتنىڭ چىرىغى تېخى يېنىق تۇرۇپتۇ، سىنالغۇ لېنتىسىنىڭ ئىشلىنىپ بولغان ۋاقتى سەھەر ۋاقتى سائەت تۆت يېرىم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئالدىراپ رەسىم ئاپپاراتىنىڭ يىراقنى كۆرۈدىغان كۆزى ئارقىلىق قەلئەنىڭ ئىچىگە قاراپ، بوپاس بىلەن ئۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن مايمۇننىڭ قىمىر قىلماي ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن بوپاس بىلەن مايمۇننىڭ ئۆلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. ساقچى باشلىقى ئالدىراپ-سالدىراپ رەسىم ئاپپاراتلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ-دە، "G" شەھەرىگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ نەق مەيداندا رەسىمگە ئالغان سىنالغۇ لېنتىسىنى ئاپپاراتقا سېلىپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭدىن خولىۋۇدنىڭ "بەتنىيەت" دېگەن فىلىمى چىقىپتۇ. ئۇ ئويقىدىن ئويغاندەك بوپتۇ-دە، قايتىپ قەدىمىي قەلئەگە كەپتۇ، قارىسا بوپاس بىلەن ھېلىقى مايمۇن ھېچنەدە يوقمىش.

چۈش ۋاقتى، ساقچى باشلىقى ۋىليام بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق، تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەرگە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەر ئېلان قىپتۇ: ساقچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشى ئارقىسىدا، قەدىمىي قەلئەنىڭ سىرى ئاخىرى ئېچىلدى، بۇ ئىشنىڭ جىنايەتچىسى بوپاس ئىسىملىك بىر تىلەمچى نېگىر. ئۇ پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىغا دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ساقچىلارنىڭ بوپاسنى تېپىشقا ياردەملىشىشنى مۇراجىئەت قىپتۇ...

بىراق، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇدىغان يەنە بىر ئالاھىدە خەۋەر ئاڭلىتىپتۇ: ساقچى باشلىقى ۋىليام ئىزدەپ يۈرگەن بوپاس ھېلىلا ئىستانسىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ساقچىلار ئۇزاقتىن بۇيان تەكشۈرۈپ تاپالمىغان قەدىمىي قەلئەنىڭ سىرىنى ئۇ تونۇگۈن كەچتە پۈتۈنلەي يېشىپتۇ. ساقچى باشلىقى ۋىليامنىڭ تېلېۋىزىيە سۆزىنى ئاڭلاش-تۇرۇش ئۈچۈن، بوپاس ئەپەندى نەق مەيداندىن ئالغان سىنالغۇ لېنتىسىنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلماقچى.

سىنالغۇنى كۆرگەندىن كېيىن، تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەر قەدىمىي قەلئەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىپتۇ.

ئەسلىدە، بۇ دۆلەتنىڭ غەربىدىكى ئورمانلىقتا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىلىك شورىغۇچ پاشا بار ئىكەن. بۇ خىل پاشا ئاۋاز چىقارماي ئۇچىدىكەن-دە، ئادەم بەدىنىگە قونۇپ ئىلىك شورىغاندا، ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ مېڭىسىگە زەھەرلىك سۇيۇقلۇق بېرىۋېتىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سېزەلمەي قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل پاشا "G" شەھىرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغاچقا، زەھەرلەنگۈچىلەردە ھېچقانداق تەييارلىق بولمايدىكەن-دە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن "G" شەھىرىدىكى ساقچىلارنىڭ نۇرغۇن قېتىملىغان تەكشۈرۈشلىرى بىكارغا كېتىپتۇ. ساقچى باشلىقى ۋىليامنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغان قەدىمىي قەلئەنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى خەۋىرى بوپاسنى قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ "G" شەھىرىدىكى بىر داشۆنىڭ ئاتاقلىق ھاشارات ئىلمى پروفېسسورى بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا ئۇ دەل ئىلىك شورىغۇچ پاشا

ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈۋېتىپتىكەن. ئۇ ساقچى باشلىقى ۋىليامنىڭ ماقالىسى ۋە رەسىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ساقچى باشلىقى ۋىليام بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ قەدىمىي قەلئەگە كىرگەندە، بېشىغا ئالاھىدە ئىشلەنگەن تۆمۈر قالپاق كىيىۋالغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇڭا ئىلىك شورىغۇچ پاشا ئۇلارغا زەھەرنى تىقالمىغانلىقتىن، ئۇلار ھايات قالغانىكەن. بۇپاس بۇ مەلۇماتلاردىن ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىۋاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا "تەۋەككۈلچىلەر شىركىتى" ئېلان چىقىرىپ، كەمبەغەللەرنىڭ ھاياتى ھېسابىغا باي بولماقچى بوپتىكەن. شۇڭا ئۇ قەلئەندەر سىياقىدا ياسىنىپ، باش جىگىلى بىس بىلەن توختام تۈزۈشۈپتۇ، ئاندىن ساقچىلارنىڭ ئالاھىدە ئىشلەنگەن ئاپپاراتىدىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قەدىمىي قەلئەنىڭ سىرىنى يېشىپتۇ. بۇپاس بۇ يەردە قونۇشتىن بۇرۇن، بېشىدىن تارتىپ پۇتىغىچە ئالاھىدە ئىشلەنگەن پاشا چاقمايدىغان دورىنى سۈركەپ، ئۇخلاش تاغىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتىكەن، بىر كېچە ھېچ نەرسە بولماپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان مايمۇندا ھېچقانداق مۇداپىئە تەييارلىقى بولمىغاچقا، بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ قېتىم خەتەرگە ئۇچرىغان ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش ھېچگەپتىن ھېچگەپ يوق جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. ئۇنىڭ ساق قېلىپ، مايمۇننىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئىلمىي ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپتۇ.

## ئاسىيا

### كىچىك يىشيۇنىڭ چوڭ گېنېرالنى ھەم بىلەن جايلىشى

بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن، ياپونىيىدە زۇلى يىمەن ئىسىملىك بىر چوڭ گېنېرال بار ئىكەن. ئۇ ئەنگۇسى ئىبادەتخانىسىدا چاي ئېتىپ كۆرۈش مەرىكىسى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق ئېسىل چاي قاچىسىنى ئىبادەتخانىدا ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ بۇ چاي قاچىسىنى كىچىك بىر راھىب سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا، يىمەن ئادەم ئەۋەتىپ، چاي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، باش راھىب ۋەيجەن چاي قاچىسىنى مەھكىمىگە ئېلىپ كەلسۇن دەپتۇ. مانا ئەمدى ئىشنىڭ چوڭى چىقتى، باش راھىب ۋەيجەن قورقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ.

ئەقىللىق يىشيۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىخىرامان يۈرۈپتۇ ۋە ئۇستازىغا مۇنداق دەپتۇ:

— باش راھىب، مەن سىز بىلەن بىللە باراي، ئۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى راھىب گېنېرالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— يىمەن خوجام، ئادەم ياكى ھايۋانلار، دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرى بېرىپ قانداق بولىدۇ؟ — سوراپتۇ يىشيۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

يىمەن تۇيۇقسىز سورالغان سوئالدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ. بىراق ئۇيلاپ كۆرۈپ، كىچىك راھىب يىشىيۇنىڭ راھىب شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزئارا سورىشىدىغان سوئالى بويىچە ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ. يىمەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىب بولغان ئادەم ئىكەن، شۇڭا ئۇ بۇنچىلىك ساۋاتنى بىلىدىكەن. ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— جانلىق نەرسىلەر مەلۇم بىر مەزگىلگە بارغاندا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، توغرىمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، دۇنيادا بىر خىل شەكىل ئالغان نەرسىلەر ئاخىرى بېرىپ قانداق بولىدۇ؟

— دۇنيادىكى بىر خىل شەكىل ئالغان نەرسىلەر ئاخىرى بېرىپ سۇنۇپ، چېقىلىپ تۈگەيدۇ.

يىمەننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يىشىيۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— سىزنىڭ ھېلىقى ئېسىل چاي قاچىڭىز سۇنۇپ كەتتى، مانا ھەممە پارچىسى بار، — ئۇ قوينىدىن قاچىنىڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ يىمەنگە سۇنۇپ تۇرۇپ، — يىمەن خوجام، سىزنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئېسىل چاي قاچىڭىزنى مەن سۇندۇرۇپ قويدۇم، مېنى كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ.

يىمەن قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن قېرى سەن كىچىك راھىپقا ئالدىنىپتىمەن. — بىراق ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنغانىكەن. ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— داڭقىڭ يالغان چىقماپتىكەندە! سەن ھەقىقەتەن كىشىلەردىن

كۆپ ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن. مېنىڭ بىر ئىشىم بار، سەن شۇنىڭغا ياردەم قىلغىن. قارا، بۇ دەرپەردىگە بىر يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ يولۋاس كەچ كىرىشى بىلەنلا دەرپەردىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئادەمنى زەخمىلەندۈرىدۇ. سەن مۇشۇ يولۋاسنى ماڭا تۇتۇپ بەر.

دەرپەردىگە قومۇشلۇق سىزىلغان بولۇپ، قومۇشلۇق ئارىسىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ياتقان بىر ئالتاغىل يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىكەن. يولۋاس ئىككى كۆزىنى پارقىرىتىپ، قان يۇقى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئايغا قاراپ ھۇۋلاۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. يولۋاس ھەقىقەتەن ياخشى سىزىلغانىكەن، كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا گويا دەرپەردىدىن سەكرەپ چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈنىدىكەن.

— چۈشەنىدىم، — دەپتۇ كىچىك يىشيۇ جاۋاب بېرىپ، — رەنجىمەي ماڭا بىر تال تومراق كەلگەن تانا تېپىپ بېرىڭ، ئاسان ئۈزۈلمەيدىغان بولسۇن، يەنە رەختتىن قىلىنغان لېنتىدىن بىر تال بېرىڭ.

گېنېرالنىڭ بىر مۇلازىمى كىچىك يىشيۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەخ قىپتۇ. يىمەن كىچىك يىشيۇدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. باش راھىب بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئولتۇرالماي قاپتۇ.

كىچىك يىشيۇ بىمالال ۋە تەمكىن ھالدا قوينىدىن بىر ياغلىقنى ئېلىپ بېشىغا چىگىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى لېنتىنى ئېلىپ ئىككى يېڭىنىڭ ئۇچىنى چىڭ باغلاپتۇ. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ دەرپەردىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، قولىغا ھېلىقى

توم شوينىنى ئېلىپ، قاپاقنى تۇرۇپ، يولۋاسقا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ، چاققان بول، — دەپتۇ يىمەن قەستەن ئۇنى قىستاپ.

— بولىدۇ، يىمەن خوجام، بىراق مەن ئۇنى تۇتاي دېسەم، ئۇ مېنىڭ باتۇرلۇقۇمنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. خاپا بولماي دەرپەردىنىڭ ئارقىسىغا ئادەم ئەۋەتسىڭىز، ئۇ بىرىپ يولۋاسنى قوغلىسۇن-دە، مەن بېرىپ دەرھال ئۇنى تۇتاي.

يىمەن گەپ تېپىپ بېرەلمەپتۇ، ئۇ يەنە ئاتتىن چۈشسە، ئۇزەڭگىدىن چۈشمەي مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاھ... بۇ يولۋاس راستتىن سىنىڭ باتۇرلۇقىڭدىن قورقۇپتۇ، قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئادەملەرنى زەخملەندۇرمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇستاز-شاگىرت ئىككىڭلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتسام بولىدىغان ئوخشايدۇ!

مۇلازىملار گۈپۈلدەپ پۈرىقى كېلىپ تۇرغان مېزىلىك تاماق كەلتۈرۈپ، باش راھىب ۋەيجەن بىلەن كىچىك يىشيۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. باش راھىب بىر قاراپلا يىمەنىنىڭ يېڭىدىن بىر ھۇنەر چەقارغانلىقىنى بىلىپتۇ. راھىبلارنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىشىگىلا بولىدىكەن، گۆشلۈك تاماق يېيىشكە بولمايدىكەن. تاماق ئۈستىلىگە تىزىلغانلارنىڭ ھەممىسى راھىبلارنىڭ يېيىشىگە بولمايدىغان گۆشلۈك تاماقلار ئىكەن.

باش راھىب كىچىك يىشيۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بوپتىكەن، ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ.

يىشيۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ ئالدىغا قويۇلغان بىر قاچا ياۋا ئۆردەك

شورپىسىنى هايت ـ هۇيت دەپ بولغىچە ئىچىۋېتىپتۇ. ئاندىن تەخسە بىلەن كەلتۈرۈلگەن بېلىقلارنى يوغان ـ يوغان ئېلىپ ئاغزىغا سالغىلى تۇرۇپتۇ، ھەتتا بېلىق كاۋىپىنىمۇ قۇرۇق قويماپتۇ.

بۇ چاغدا يەمەن بىردىنلا ئالتۇن كۆز قويدۇرۇلغان خەنجىرىنى قېپىدىن چىقىرىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— راھىبلارنىڭ گۆشلۈك تاماق يېيىشكە بولمايدىغان تۇرسا، سەن مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ئۇستازىڭغا قاراپ باقە، قولنى ئۈزىتىپمۇ قويمىدى. سەن ئۇنىڭ شاگىرتى تۇرۇپ، بۇ قائىدىنى بۇزدۇڭ، سېنى قانداق جازاغا تارتىش كېرەك؟

— يوقسۇ، ھېچ نەرسە يېگىنىم يوق، — دەپتۇ كىچىك يىشيۇ كۆزلىرىنى ئويناتىپ، ئاندىن رەسمى قىلىپ، — ھېلىقى گۆش، بېلىق دېگەنلەر ناھايىتى كەلسە قورسىقىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. قورسىقىم يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۇدۇل كەتكەن بىر يول، بېلىق ساتىدىغان، گۆش ساتىدىغان ۋە گۈرۈچ ساتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يولدىن ماڭىدۇ.

— ها ـ ها ـ ها، جايىدا گەپ قىلدىڭ. قورسىقىڭ يول ئىكەن، بېلىق ساتىدىغان، گۆش ساتىدىغانلار ئۆتىدىكەن، ئۇنداقتا، خەنجەر تۇتقان باتۇرلارنىڭ ئۆتىشىدىمۇ گەپ يوقكەنتە! كەل، بۇ خەنجەر قورسىقىڭدىن ئۆتۈپ باقسۇن، — يەمەن خەنجەرنىڭ ئۇچىنى يىشيۇنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، سوغۇق كۈلۈپ قويۇپتۇ.

بۇ چاغدا، كەيپىيات جىددىيلىشىپتۇ، كىچىك يىشيۇ تەرىنى بۇزماي ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرىۋېرىپتۇ. ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي مۇنداق دەپتۇ:

— قورسىقىم راستى بىلەن بىر يول، لېكىن ئاغزىم مۇشۇ يولنىڭ

ئېغىزى. ئەڭ مۇھىمى، بۇددا شاگىرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆمرۈم بويى كىشىلەرگە ئامانلىق تىلىدىم، بۇ مېنىڭ ئەڭ موھىم مەسئۇلىيىتىم. مۇشۇ ئېتىقادىم ئۈچۈن ئۇنداق قولىغا خەنجەر ئالغان، توقماق كۆتۈرگەنلەرنى ھەرگىز ئۆتكۈزمەيمەن.

كىچىك يىشيۇنىڭ سۆزى يىمەننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇپتۇ. ئۇ ئىلاجسىز خەنجىرىنى يىغىشتۇرۇپ، باش راھىب بىلەن يىشيۇغا قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىپتۇ.

## ئاۋازسىز سىگنال

تۈن كېچە، ياپونىيىدىكى مەلۇم بىر مېھمانخانا.

يەنيى ئاتىسى بىلەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە "قوپ، قوپ" دېگەن يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ۋارقىرىغان ئادەم ئوغرى بولۇپ، قولىغا پىچاق ئېلىپ بۇلاڭ-چىلىققا كەلگەنىكەن.

يەنيى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ يوتقانىنىڭ ئىچىدىن چىقىپتۇ.

— ئۈنۈڭنى چىقىرىشما، پۇلنى چىقىرىش؛ بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن! — ئوغرى پىچاقنى تەڭلەپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا ۋارقىراپتۇ.

قورققىنىدىن قوللىرى تىترەپ كەتكەن دادىسى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قولىنى تىقىپ پۇل ئىزدىگىلى تۇرۇپتىكەن. ئويلىمىغان يەردىن يەنيى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە پۇل ئىزدەۋاتقان بىر خىل كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇ يەر، بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ

قويۇپتۇ.

"تاك، تاك، تاك..." جىسەكچىنىڭ تاكىلداتقان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلگىلى تۇرۇپتۇ.

— تېز بول، چاققان چىقار، — ئوغرى ئالدىراتقىلى تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا چىراغنى يورۇتۇپ ئىزدەپ باقاي، — دەپتۇ يەنىيى.

— چاققان بول، ئاۋاز چىقىرىدىغان بولساڭ، سويىۋېتىمەن، — دەپتۇ ئوغرى پىچاقنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

جىسەكچىنىڭ تاكىلداتقان ئاۋازى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، يەنىيى چىراغنى يورۇتۇپ، ياستۇقنىڭ ئاستىدىن پورتمالنى ئېلىپ ئوغرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوغرى پىچاقنى قويۇپ پۇلنى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن جىسەكچىنىڭ "ئوغرى، ئوغرىنى تۇتۇڭلار!" دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

ئوغرى ھودۇققىنىدىن پىچاقنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا قېچىپتۇ. بۇ چاغدا مېھمانخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كەتكەنىكەن، ئۇلار ئۆي-ئۆيىدىن چىقىشىپ ھە-ھۇ دېگىچە ئوغرىنى تۇتۇۋاپتۇ.

— سىز بۇ يەردە ئوغرىنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — سوراپتۇ يەنىيىنىڭ دادىسى جىسەكچىدىن.

— مەن چىراغنى يورۇتقاندا، — دەپتۇ يەنىيى ئۇلارغا سۆز بەرمەي، — ئوغرىنىڭ پىچاق كۆتۈرگەن كۆلەڭگىسى دېرىزىگە چۈشتى، بۇ جىسەكچى تاغامغا بېرىلگەن ئاۋازسىز سىگنال ئىدى، شۇڭا جىسەكچى تاغام "ئوغرىنى تۇتۇڭلار" دەپ ۋارقىرىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، سىزنىڭ بۇ بالىڭىزنىڭ چوڭلارغا

قارىغاندىمۇ ئەقلى بار ئىكەن، ــ دەپتۇ جىسەكچى.

## ئاجايىپ ساندۇق

يۇجىننىڭ ئاتىسى شەھەردىكى خەزىنىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىكەن. بىركۈنى سەھەردە، ئۇ خەزىنىدە ساقلىنىۋاتقان ئىسرىقدان چىقلىپ كۆكۈم تالقان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ گېنېرال ئائىلىسى ئىنئام قىلغان قىممەت باھالىق نەرسە ئىكەن، شۇڭا مەسىلە يامان يەرگە بېرىپ قاپتۇ.

قارىغۇچىلاردىن باشقا ھېچكىم بۇ يەرگە كىرگەن ئەمەس ئىكەن، شۇڭا باشقۇرغۇچى قارىغۇچىنىڭ بەشىلىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراپتىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلمەيمىز دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. بۇنداق بولغاندا، يۇجىننىڭ ئاتىسى مەسئۇل بولغۇچى سۈپىتىدە ئېغىر جاۋابكارلىققا تارتىلىدىكەن. ئاخىرى بۇ ئەنزىنى ۋاڭ خوجام ئۆزى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ، ئەگەردە مۇشۇ تەكشۈرۈشتىمۇ جىنايەتچى تېپىلمايدىغان بولسا، يۇجىننىڭ ئاتىسى قورسىقىنى يېرىپ، ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

بەنىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بەك ئەندىشىدە قاپتۇ-دە، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يۇجىننىڭ ئاتىسى بىلەن ھېلىقى بەش نەپەر قارىغۇچى ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىغا چاقىرتىلىپتۇ، بىراق يەنىلا ھېچكىم ئىقرار قىلماپتۇ. ۋاڭ خوجامىمۇ ئىلاج قىلالماي، تەكشۈرۈشنى توختىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بالا مۇلازىم يۇجىن ئالدىراپ ۋاڭ خوجامنىڭ ئالدىغا بېرىپ

تازىم قىپتۇ-دە، بىرنېمىلەرنى دەپتۇ.

— باياتىن بىرسى كەلدى، — دەپتۇ ۋاڭ خوجام كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ جىنايەتچىنى جەزمەن تېپىپ چىقىدىكەن.

قارىغۇچىلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىشىپ قاپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەقىللىق بالا يەنىيى بىلەن بىر كىچىك راھىب پەيدا بوپتۇ. يەنىيى چىرايىنى تۇرۇپ، راھىب كۆتۈرۈۋالغان كونا بىر ساندۇقنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ساندۇق يېزىدىكى باپەن ئىلاھخانىسىدىن قالغان ئاجايىپ ساندۇق، ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزنى ساندۇققا سالسىلەر، ئاندىن راھىب ئەپسۇن ئوقۇيدۇ، كارامەتنى شۇ چاغدا كۆرۈسىلەر، جىنايەتچى يازغان خەتلا ئۆچمەي قالىدۇ، قالغانلار يازغان خەت ئۆچۈپ كېتىپ، ئاق قەغەزلا قالىدۇ، — دەپتۇ. بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، يەنىيىنىڭ سۆزىدىن ھېچكىم گۇمانلانماپتۇ.

— ۋوي، بۇ راست ئاجايىپ ساندۇق ئىكەن، تېزراق سىناپ كۆرەيلى.

— ئۇنداق بولسا، بۇ بەشىڭلار بۇ قەغەزگە ئىسمىڭلارنى يېزىڭلار، باشقا ئادەم كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ، ئاندىن ئۇنى قاتلاڭلار.

بەش نەپەر قارىغۇچى يەنىيىنىڭ دېگىنى بويىچە قەغەزگە ئىسمىنى يېزىپ، ساندۇققا تاشلاپتۇ. راھىب ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ.

ئەپسۇن ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنىيى ساندۇقتىكى قەغەز-لەرنى ئېلىپ، بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپتۇ. بۇ نېمە بولغىنى؟ بىرسىلا خېتى ئۆچكەن ئاق قەغەز چىقىپ، قالغانلىرى ھېچقانداق ئۆزگەرمەي

خەت يېزىلغان پېتى چىقىپتۇ.

— ۋوي يەنىسى، پەقەت خىچوەن مىچىلا گۇناسىز چىقىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى جىنايەتچى بولدىمۇ؟ — سوراپتۇ ۋاڭ خوجام غەزەب بىلەن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، پەقەت خىچوەن بىر كىشىلا جىنايەتچى.

— سەن، نېمە دېدىڭ؟

— ھاھ ـ ھاھ ـ ھاھ... ۋاڭ خوجام بۇ ساندۇقنىڭ ھېچقانداق كارامىتى يوق. بۇ دېھقانلارنىڭ چاقماق تېشى سالىدىغان ساندۇقى. يازغان خەت يوقاپ كېتىدۇ دېگەنلەرنى مەن توقۇپ چىققان. پاك ئادەملەر ھېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بىمالال يېزىپ ساندۇققا سالغان، ئاۋۇ جىنايەتچى بولسا ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دېگەندەك، ئىسمىنى يازماي، ئاق قەغەزنى ساندۇققا تاشلىغان.

— ۋوي، خىچوەن، راست شۇنداقمۇ، قىلىدىغان باشقا گېپىڭمۇ بارمۇ؟

رەت قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقىي دەلىل ـ ئىسپات ئالدىدا، خىچوەن مىچى ئىلاجىسىز ھەممىنى ئېقرا رقىپتۇ. ئۇ بۇرۇندىنلا ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغان يۈجىننىڭ ئاتىسىنى قەستلەش ئۈچۈن، ئىسرىقدانىنى چېقىۋېتىپ، جىنايەتنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويماقچى بولغانىكەن.

## ساياھەتچى

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەر 1892 ـ يىلدىكى ياۋروپانى تەۋرىتىۋېتىپتۇ. ياپونىيىنىڭ بېرلىندا تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارى فۇداۋ بىر توپ نېمىس ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن قول باغلىشىپتۇ: فۇداۋ ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، بېرلىندىن خەيشېنۋېيغا (ۋلادىۋوستوكقا) بارماقچى بوپتۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ گېزىتلىرى بۇ ھەقتە مۇنداق ئەھۋاللارنى خەۋەر قىپتۇ.

ــ فۇداۋ جاناب، بۇ مۇمكىن ئەمەس، ــ بىر نېمىس جۇڭشياۋ ھاراق رۇمكىسىنى تۇتقان ھالدا فۇداۋغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ بېرلىندىن ۋلادىۋوستوكقىچە (خەيشېنۋېينى دېمەكچى) بولغان ئارىلىق بەك ئۇزاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە خەتەرلىك تاغ ـ دەريالار بار. سىزنىڭ بۇ دادىل قاچقان ئورۇق ئېتىڭىز بىلەن ئەمەس، دۈلدۈلغا مىنىپ ماڭسىڭىزمۇ يېتىپ بارالمايسىز، بۇ ئىشقا چاقچاق قىلماڭ...، ــ دەپتۇ.

ئۇنىڭ سەپداشلىرىمۇ ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ ئۇنىڭغا ماسلىشىپتۇ:

ــ فۇداۋ پوچىلىق قىلىۋاتىدۇ، راستتىن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ بىر ئەپسانە بولۇپ قالامدۇ؟

ــ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ــ بۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بۇ پەقەت مەستلىكتە دېگەن گەپ.

...

— ئەپەندىلەر، مېنىڭچە، قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. قېنى كېلىڭلار، گۇۋاھچى چاقىرايلى، چىقىرىدىغان پۇلۇڭلارنى چىقىرىڭلار، كىمنىڭ ئۇتۇپ، كىمنىڭ ئۇتتۇرىدىغانلىقىنى بىرنەچچە ئايدىن كېيىن كۆرەيلى.

ھاراق فۇداۋنىڭ چىرايىنى قىزارتىۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭ رومكا تۇتقان قولىمۇ بىرئاز تىترەشكە باشلاپتۇ.

— بولىدۇ، مەن ئون مىڭنى تىكتىم.

— مەن ئون ئىككى مىڭنى....

نېمىس ھەربىي ئەمەلدارلىرى كەينى-كەينىدىن كۆپ پۇل تىككىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار، فۇداۋ دېگەن بۇ ھاراقكەش چوقۇم ئۇتتۇرىدۇ، دېگەن خىيالدا بوپتۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بۇ ئىشقا قىزىقىپ قاراپ، بۇ ئىشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيە ھۆكۈمىتى فۇداۋنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى قوللاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، فۇداۋ كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە تىلەك سادالىرى ئىچىدە، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ئېتىغا مىنىپ، دۇنياغا مەشھۇر بۇ ساياھەتنى باشلاپتۇ.

فۇداۋ يول بويى گويا رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلارغا ئايلىنىپتۇ، بارغانلا يېرىدە كىشىلەرنىڭ بەك قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ساياھەتچىنى كۆرۈپ خۇشاللىنىپتۇ.

روسيه تەۋەسگە كىرگەندىن كېيىن، روسىيىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ساھەسىدىكىلەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تېخىمۇ قىزغىن بوپتۇ. چۈنكى، بۇ ياپونلۇق ساياھەتچىنىڭ ساياھەت مۇساپىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى روسيه تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ ساياھەتچىنىڭ ئېتىغا مىنىپ بېرلىندىن خەيشېنۋېيغىچە بولغان دۇنيا بويىچە مۆجىزە خاراكتېرىنى ئالغان بۇ سەپىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش ـ ئايلىنالماسلىقى مۇشۇ يەردە بىر تەرەپ بولىدىكەن. قىزىقىش ۋە شۆھرەت تويغۇسى سانسىزلىغان روسيه ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى بۇ ئىشقا تارتىپتۇ، ئۇلار فۇداۋنىڭ ماڭىدىغان يولىدا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار خىلمۇخىل قارشى ئېلىش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن قىممەت چوڭ ـ كىچىك زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى قارشى ئاپتۇ. ئۇلار بۇ باتۇرغا ھەمراھ بولۇپ ئۆزلىرى ئىپتىخارلىنىدىغان مۇشۇ زېمىننى ئېكسكۇرسيە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلاپتۇ، ئۇلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بۇ ساياھەتچىگە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ. فۇداۋ روسچە بىلىدىكەن، ئۇ ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن ئىككى تەرەپ رازى بولغىچە سۆھبەتلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، فۇداۋ 15 ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، روسيه، سىبىرىيىدىن ئۆتۈپ، توپ توغرا خەيشېنۋېيغا يېتىپ كەپتۇ.

بۇ قېتىمقى قول باغلىشىشتا فۇداۋ ئۇتۇپتۇ.

توكيودىكى ھەر ساھە كىشىلىرى فۇداۋنىڭ بۇ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقاندا، بىرمۇنچە موھىم ھەربىي ئاخبارات بۇ ساياھەتچىنىڭ قولىدىن باش شىتاپتىكى ياپونىيە ھەربىي ئاخبارات ئىشلىرى كاتىپىشىنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان

ھالدا بۇ ساياھەتچىنى قارشى ئېلىشۋاتقاندا، ساياھەت پەردىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتىنى نەدىنمۇ بىلسۇن. بىرمەزگىل دۇنيانى تەۋرەتكەن بۇ "ساياھەت"نىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان ساۋىقى نېمىدېگەن چوڭقۇر ـ ھە!

## يانچۇقتىكى يول باشلىغۇچى

ئاسماندا چىمىر ـ چىمىر يۇلتۇزلار يوق، شىرىن ئايمۇ كۆرۈنمەيدۇ. گۇادالكانال ئارىلى دېڭىز سۈيىنىڭ ئەللەي ساداسى ئىچىدە، ئاستا ـ ئاستا ئۇيقىغا كەتكەندى.

ھەممە نەرسە گويا تىپتىنچ، ھېچ ئىش يوقتەك كۆرۈنەتتى.

لېكىن، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بۇ ئارالدا ياپون قوشۇنلىرى بىلەن ئامېرىكا قوشۇنلىرى دائىم ئىستىھكام ئىگىلەش ئۇرۇشى قىلىپ تۇراتتى. كۈندۈزى ئامېرىكا قوشۇنلىرى ھاۋا بوشلۇقىنى تىزگىنلەۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋەزىيەت ياپون قوشۇنلىرىغا بەكمۇ پايدىسىز بولغاچقا، ئۇلار كېچىدە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەمما بۇنداق قاپقاراڭغۇ كېچىدە، چىراغ ياكى ئادەمگە يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىدىغان ھەرقانداق بەلگە قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارشى تەرەپكە ئازراق شەپە بېرىپ قويۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق شارائىت كېچىدە ئۇرۇش قىلغان قوشۇن ئۈچۈن بەكمۇ جاپالىق بولۇپ، قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئادىشىپ قالىدىغانلار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى.

بۈگۈن كېچە ياپون قوشۇنلىرى يەنە ھەرىكەت قىلىپتۇ.

يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ باشلىقى جۇگۇيى ساگگۇانى ئالدىغا چاقىرىپ، بىر كىچىك قوشۇننى باشلاپ، قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، بىر ئېگىزلىكنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە يەرلىك ئادەملەردىن بىرنى ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى قىلىپ بەلگىلەپ بېرىپتۇ.

— يەر شارائىتىنى بىلىدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ بولۇشى كۆپايە قىلمايدۇ، — دەپتۇ ساگگۇا جۇگۇيى باشلىقىغا، — مەن يەنە بىر يول باشلىغۇچى تەكلىپ قىلدىم، ئۇ جەزمەن قالتىس رول ئوينايدۇ.

— ئۇ يول باشلىغۇچى قېنى؟

— يانچۇقۇمدا.

— يانچۇقتىكى يول باشلىغۇچى؟ ساگگۇا جۇگۇيى، بۇ چاقچاق ئەمەستۇ؟ — باشلىق ساگگۇا جۇگۇيىنىڭ ئادەتتە كۆپ چاقچاق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى بۇ ئەقىللىق ئادىمىنى شۇنچە ياخشى كۆرسىمۇ، ھەربىي ئىشتا چاقچاق قىلىشقا بولمايتتى، شۇڭا چىرايى بەك جىددىيلىشىپتۇ.

— بۇ، بولۇمون شتاتىدىن خوتۇنۇمغا ئالغان بىر شېشە ئەتىر، — دەپ ساگگۇا جۇگۇيى قوينىدىن بىر شېشە ئەتىرنى چىقىرىپتۇ، — ئۇرۇش توگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئالغاچ بارىمەن. مېنىڭچە، ھازىر بۇنى ”يول باشلىغۇچى“ ئورنىدا ئىشلەتسەك، تازا مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

باشلىق ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ-دە خۇشاللانغان ھالدا:

— يارايسەن ساگگۇا، ھەقىقەتەن قولۇڭدىن ئىش كېلىدىكەن، — دەپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، ساڭگوا جۇڭگۇيي ئەترىسنى ئۆزىگە ۋە كېچىلىك يۈرۈشكە قاتناشقانلارغا چېچىپتۇ، ئۆزى يول باشلىغۇچىنى ئېلىپ ئالدىدا مېڭىپتۇ، ئارقىدىكىلەر ئەترىنىڭ ئۆتكۈر پۈرىقىنى بويلاپ ئارقىدىن مېڭىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ساقلىنىپتۇ، يۈرۈش سۈرئىتىمۇ تېزلەپتۇ. نەتىجىدە، بىر ئادەمدىنمۇ ئايرىلماي، مۇددەتتىن بۇرۇن دېگەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ.

## غەلىتە ئېلان

ئېلان

قەدىرلىك مېھمانلار: سىلەرگە سالام! مېھمانخانىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى تاغدا چوڭ بىر پارچە بوش يەر بار، كەڭرى ۋە خالىي، يېنىدا قىش-ياز سۈيى توختىمايدىغان بۇلاق بار، بۇ يەر مېھمانلارنىڭ دەرەخ تىكىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان. خالىسىڭىز بىر تال كۆچەت تىكىپ قويۇڭ، خاتىرە ئۈچۈن رەسىم تارتىدىغان مەخسۇس ئادىمىمىز بار، تىككەن كۆچەتكە تاختا ئېسىپ قويىسىز، ئىسمىڭىزنى ۋە كۆچەت تىككەن ۋاقتىنى ئويۇپ قالدۇرسىڭىز بولىدۇ. سەيلە ئۈچۈن قايتا كەلگىنىڭىزدە، تىككەن كۆچىتىڭىز باراقسان دەرەخ بولۇپ قالىدۇ. مېھمانخانىمىز كۆچەت ھەققى ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن ئالىدۇ، تىككەن كۆچىتىڭىزنى سىزگە ۋەكالىتەن ئەبەدىي باشقۇرۇپ بېرىمىز.

شەنبىن مېھمانخانىسى

بۇ غەلىتە ئېلان كوچىلارغا چاپلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا قىزىقىدىغان نۇرغۇن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ.

— مېنىڭچە، مېھمانخانىنىڭ ئارقىسىغا كۆچەت تىكىپ خاتىرە

قالدۇرۇش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەن.

— توغرا، نەۋرەم دەل بۇ يىل تۇغۇلدى، مەن ئاشۇ يەرگە بېرىپ، نەۋرەم بىلەن قۇرداش كۆچەتتىن بىر تال تىكىپ كەلسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ گەپنى دەپ ياخشى قىلدىڭىز، خوتۇنۇم ئۆگۈنلۈككە 25 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلىمەكچى ئىدى، مەنمۇ ئۇنى بىللە ئېلىپ بېرىپ، خاتىرە كۆچىتىدىن بىر تال تىكىپ كەلسەم بولغىدەك.

...

كىشىلەر بىر-بىرىگە زوق-ش[illegible]ۇق بىلەن خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ، بۇ ھەقتە سۆزلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شەنبىن مېھمانخانىسى چىقارغان ئېلاننىڭ مەزمۇنى پۈتۈن ئەتراپنى بىر ئاپتۇ.

ئەمدى گەپنى شەنبىن مېھمانخانىسىدىن ئاڭلايلى. ھېلىقى ئېلاننى چىقارغاندىن كېيىن، مېھمانخانا قالتىس ئاۋاتلىشىپ، ئىشىك ئالدى بازارغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. تىجارىتى ئاقمىغانلىقتىن ئىشتىن بوشىنىشقا تەييارلىنىپ قويغان مۇلازىمەتچىلەر مېھمانخانىدا ئىشلەۋېرىدىغان بوپتۇ، مېھمانخانا ھەتتا يېڭىدىن يەنە بىر تۈركۈم مۇلازىمەتچى ئاپتۇ. چۈنكى، كۆچەت تىكىشكە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا يېتىشىپ بولالمىغانلىقتىن، مېھمانلارغا ھەمرا بولۇپ كۆچەت تاللىشىپ بېرىش، ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىش، تونۇشتۇرۇپ بېرىش ۋە رەسىمگە تارتىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئادەم كېرەك ئىكەن.

بۇ يەرگە كەلگەن مېھمانلار ئىچىدە، تېخى گۆدەكلىكى تۈگىمىگەن سەبىي باللار: ساقال-بۇرۇتى ئاقارغان، ئۆتمۈشتىكى خاتىرىلەر ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بوۋايلار؛ مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاشىق-مەشۇقلار؛ ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە باشقا ساھەدىكى

زىيالىيلار؛ يانچۇقىدا پۇلى بار، ئۆزى ئاق يىل تىجارەت بىلەن شۇغۇل-
لانغان سودىگەرلەر؛ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ كويىدا
كەسىپ ئۆگىنىشكە بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار؛ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن
ئالدىراش سىياسىي خادىملار... بار ئىكەن، ئۇلار ھەممىسى كۆڭلىگە
بۇ يەردە خاتىرە بولۇپ قالغىدەك بىر پارچە يېشىل مەيدان بەرپا
قىلىشنى پۈككەنىكەن.

بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شەنبىن مېھمانخانىسىنىڭ
ئارقىسىدىكى تاغدا بۈك-باراقسان ئورمانلىق بەرپا بوپتۇ. ئەلۋەتتە،
ئورمانلىق ئالدىدا بۇرۇنقى كونا ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئېسىل ۋە
كۆركەم قىلىپ ياسالغان شەنبىن مېھمانخانىسى ئاپتۇ.

## مەخپىي تىڭشىغۇچ

بىركۈنى، ياپونىيىنىڭ تىيەنفۇ ئېلېكتر سانائەتتى شىركىتى
مەجلىسخانىسىدا شىركەت مۇدىرىيىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى
چاقىرىپ، يېڭى ئىككى مەھسۇلاتنى ئىشلەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە
قىلماقچى بوپتۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 يېرىم بولغاندا،
ئالاقىدار ئەربابلار كەلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا شىركەتنىڭ
سېمىز غىنا كەلگەن مۇدىرىيەت باشلىقىمۇ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ
تۆردىكى ئورۇنغا قاراپ مېڭىپتىكەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتى تېيىلىپ
كېتىپ ئالدىغا يىقىلىپتۇ-دە، ئورۇندۇقنى تۇتۇۋاپتۇ. باشلىقنىڭ
كەينىدىن كېلىۋاتقان كۆزى ئۆتكۈر، قولى چاققان كاتىپ ئىتتىك
بېرىپ باشلىقنى يۆلىۋاپتۇ، بىراق ئورۇندۇق "پاق" قىلىپ يەرگە
ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. كاتىپ باشلىقنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن،

ئورۇندۇقنى ئېلىپ جايىغا قويىۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا كۆزى بىردىنلا يىغىن ئۈستىلىدىكى كىچىك بىر تۆت چاسا قۇتىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئىنتىك بېرىپ، قۇتىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ ياق-بۇ يېقىغا تازا سىنچىلاپ قارىۋېتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ:

— ئەپەندىلەر، خانىملار، بۇ بىر مەخپىي تىڭشىغۇچ ئىكەن، — دەپتۇ.

يىغىن قاتناشچىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قاپتۇ. مۇدىرىيەت باشلىقىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ، ئۇ:

— شىركىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا سانائەت ئىشپىيونلىرى بار ئىكەن، يىغىن ۋاقتىنچە توختىتىلدى، دەرھال تەكشۈرۈلسۇن، — دەپتۇ.

كاتىپ مىدرو ئۈنئالغۇنىڭ لېنتىسىنى ياندۇرۇپ، ئۈن ئېلىنىپ بولغان قىسمىنى قايتا قويۇپ، مەخپىي تىڭشىغۇچنىڭ بۇ يەرگە قويۇلغان ئېنىق ۋاقتىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ:

— ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇ، جىنايەتچى مەخپىي تىڭشىغۇچنى سائەت 10 دىن 15 ئۆتكەندە قويغان.

— مەن بۈگۈن يىغىنغا بۇرۇنراق كەلگەنىدىم، — دەپتۇ گىرۋىكىگە ئالتۇن يالاتقان كۆزەينەك تاقىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى، — لىفتتىن چىقىپ، مەجلىسخانا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتسام، زالنىڭ ئۇ چېتىدە شىركىتىمىزنىڭ ئىش كىيىمىنى كىيىۋالغان بىر ئايال تۇرۇپتىكەن، ھايت-ھۇيت دېگىچە كۆزۈمدىن غايىب بولدى، چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، بۇ ئەنزىنى تۇغدۇرغان كىشى ئاشۇ ئايال بولسا كېرەك.

— ھەرقايسى تارماقلار تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار، سائەت 10 دىن

15 مىنوت ئۆتتۈشتىن بۇرۇن ئىشخانىدىن ئايرىلىشقان ئايال خىزمەتـ
چىلەر بولسا، ھەممىسىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار، — بۇيرۇق بېرىپتۇ
سېمىز باشلىق.
بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئايال خىزمەتچىدىن ئۈچى كەلتۈرۈلۈپتۇ.
مۇدىرىيەت باشلىقى ئۆزى بىۋاسىتە سوراق قىپتۇ:
— ئېنىق جاۋاب بېرىڭلار، سائەت 10 دىن 15 ئۆتكىچە نېمە
ئۈچۈن ئىشخانىدىن ئايرىلدىڭلار؟
بىرىنچى بولۇپ سەنجەن مىڭزى جاۋاب بېرىپتۇ:
— يۆتەل دورىسى ئېلىش ئۈچۈن دەرىخانىغا باردىم، —
يانچۇقىدىن "فىناگېن" دېگەن دورا بىلەن دورا ھۆججىتىنى چىقىرىپ
كۆرسىتىپتۇ. ئۇ پۇتىغا ئارا پاشنا ئاياغ كىيىۋالغانىكەن.
مۇ يۈەن جيۈزى ئىككىنچى بولۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— بىرىنچى قەۋەتنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىپ، شەخسىي ئىشىم
ئۈچۈن تېلېفون بەردىم، ئىشخانىدا تېلېفون بېرەي دېسەم،
تېلېفوندا ئادەم بەك جىق ئىكەن.
— شىركەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىش ۋاقتىدا خىرۇم ئاياغ
كىيىلىدىغان تۇرسا، بۈگۈن نېمىشقا تەنھەرىكەت ئايىغى
كىيىۋالدىڭىز؟
— ئەتىگەن ئىشقا كېلىدىغان چاغدا يەر ئاستى پويىزىدىكى
قىستاڭچىلىقتا ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتۇم قايرىلىپ كەتكەنىدى، شۇڭا
بېرىپ بۇ ئاياغنى ئالماشتۇرۇۋالدىم.
— مەن قان بەرگىلى باردىم، — دەپتۇ ئۈچىنچى بولۇپ جاۋاب
بەرگەن تيەنىبىن شىنىزى، ئۇ پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاق ئاياغ
كىيىۋالغانىكەن.

— قان بەرگەنلك ئسپاتڭزنى چقرڭ.

— دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، سەندە قان ئازلق كېسلى بار ئكەن دەپ قېنمنى ئالمدى.

كاتپ مەخپي تڭشغۇچنڭ ئاۋاز كونۇپكسنى ئېچۋېتسكەن، لنتا ئايلانغلى تۇرۇپتۇ، دەسلەپ جمجت، هېچقانداق ئاۋاز يوق، بردەمدن كېين "غچ" قلپ ئشكنڭ ئاستا يېپلغان ئاۋازى ئاڭلنپتۇ.

ئەقللق كاتپ كمنڭ جنايەتچى ئكەنلكنى بردەمدلا بلۋاپتۇ. ئۇ دەرهال مۇ يۇەن جيۇزدن سوراپتۇ:

— پۇتڭز قايرلغاندا، ئاياغنى ئۆيگە برپ ئالماشتۇردڭزمۇ، ياكى يولدن يېڭى تەنهەرىكەت ئايغدن برنى ئالدڭزمۇ؟

— يېڭسنى ئالدم.

— ئالماشتۇرغان ئايغڭز قېنى؟

— بۇ...

— سز يامان نيەتتكى ئادەم، مۇشۇ ئەنزنى سز سادر قلغان، شۇڭا، يول ماڭغاندا ئاۋاز چقمايدغان تەنهەرىكەت ئايغنى كيۋالغانسز، — دەپتۇ كاتپ.

— تۆهمەت قلماڭ، — دەپتۇ مۇ يۇەن جيۇزى.

— مۇ يۇەن جيۇزى، ئاشۇ ۋاقت ئچدە بۇ يەرگە كېلپ مەخپي تڭشغۇچ ئورناتقان ئادەم پەقەت مۇشۇ ئۈچۈڭلارنڭ برى. بۇنى راست ئورناتقان ئادەمگە كەلسەك، بۇنى تاق-تاق ئاۋاز چقدغان خرۇم ئاياغ كيگەن ئادەم ئورناتقان ئەمەس، بەلكى چەمى يۇمشاق ئاياغ كيگەن ئادەم ئورناتقان. لېنتنڭ باش تەرپدە هېچقانداق ئاۋازنڭ بولماسلقمۇ مۇشۇ سەۋەبتن

بولغان، ــ دەپتۇ كاتىپ، باشلىق بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

مۇ يۈەن جيۇزىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ-دە، باشلىقنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ:

ــ مېنى كەچۈرۈڭ، مەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈم.

## ئۆزگەرتىلگەن چىراي

بىر ياش يىگىت تېلېگرامما توشۇغۇچى قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ، كىنو ستودىيىسىنىڭ ئايال گىرىمچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋاپتۇ-دە، يېنىدىن پىچاق چىقىرىپ ئۇنىڭغا:

ــ يۇۋاشلىق بىلەن گېپىمگە كىرىدىغان بولسىڭىز، بىر تال مويىڭىزغىمۇ تەگمەيمەن، ھۈنىرىڭىزنى ئاز-تولا ئىشلىتىپ قويسىڭىزلا بولىدى، ھۈنىرىڭىزنى ئىشلىتىپ قويغانغا ئۆمرىڭىز قىسقىراپ كەتمەيدىغاندۇ؟ ــ دەپتۇ.

ياپونىيىلىك بۇ مەشھۇر ئايال گىرىمچىنىڭ گىرىمچىلىك ھۈنىرى بەك يۇقىرى بولۇپ، تامغا ئېسىلغان كىنو چولپانلىرىنىڭ رەسىمى مۇشۇ ئايال گىرىمچىنىڭ گىرىمىدىن كېيىن تارتىلغان رەسىملەر ئىكەن، بۇلارنى ياخشى سەنئەت ئەسەرلىرى دېيىشكە بولىدىكەن. قاراڭلار، بۇ 40 نەچچە ياشلىق ئەر ئارتىس ئۇنىڭ ئەپچىل قولى بىلەن قىلىنغان گىرىم ئارقىلىق 20 ياشلاردىكى نەۋقىران يىگىتكە ئايلانغان. ئۇنىڭ يېنىدىكىسى ئەسلىدە كۆلۈپ تۇرۇدىغان ئوماق بىر قىز ئىكەن، ئەمدى ئاق چاچ موماي قىياپىتىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پارچە رەسىم بولۇپ، ئەر كىشى ئايال

قىياپىتىگە كىرگۈزۈلگەن، قايسى تەرەپتىن قارىسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايدىكەن.

ئەمدى ھېلىقى چىرايىدىن بىر خىل ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ياش يىگىت سۆز باشلاپتۇ:

— تۇرمىگە كىرگىنىمگە يېرىم يىل بولاي دېدى، تۇرمە ھاياتىدىن تويۇپ كەتتىم. بۈگۈن مەن تۇرمىدىن قېچىپ چىقتىم، ئىككىنچى قايتىپ بارمايمەن، سىز ماڭا ياردەم قىلىپ، گىرىم بىلەن چىرايىمنى ئۆزگەرتىپ قويۇڭ.

ئايال گىرىمچى ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاققا بىر قارىۋېتىپ، ماقۇل بولغان ھالدا:

— چىرايىڭىزنى قانداق ئۆزگەرتسەم بولىدۇ؟ ھە تاپتىم، ئايالغا ئۆزگەرتىپ قوياي، بولامدۇ؟

— بولمايدۇ، چىرايىم ئايالغا ئۆزگەرتىلسە، ھەممە ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئامال قىلىپ چىرايىمنى باشقا بىر قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويسىڭىز بولدى.

— بولىدۇ، چىرايىڭىزنى تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرنىڭ چىرايىغا ئۆزگەرتىپ قوياي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

ئايال گىرىمچى ئالدىراپ قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ چىرايىنى گىرىم بىلەن ئۆزگەرتىشكە باشلاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئەينەكتە قارىغىنا كەلگەن، كۆزىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرۇدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەرنىڭ چىرايى كۆرۈنۈپتۇ.

— قانداق، بۇ چىرايىدىن رازى بولغانسىز؟

— جايىدا، ئۆزۈممۇ تونۇماي قاپتىمەن.

— بولدى، ئەمدى قايتىمىز بولىدۇ.

قاچقۇن جىنايەتچى ئايال گىرىمچىنى باغلاپ، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىپ قويۇپتۇ-دە، ئىشىكنى ئېچىپ، ھېلىقى ئۆزگەرتىلگەن چىرايى بىلەن سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىنلا بىر توپ ساقچى گىرىمچى ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى بوشىتىپ:

— سىزنىڭ ياردىمىڭىز شاراپىتىدىن ھېلىقى ئەبلەخنى تۇتۇۋالدۇق. سىزگە كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ.

— مەنمۇ دۇئا قىلىپ، ئۇ قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ تېزراق قولغا ئېلىنىشىنى تىلىگەنىدىم. بىراق ئۇ ئەبلەخ ئۆزىنىڭ قانداق قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئەسلىدە، گىرىمچى ئايال تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بىر جىنايەتچىنىڭ كوچىغا چاپلانغان رەسىمىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ چىرايىنى ئاشۇ جىنايەتچىنىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ قويغانىكەن، ئۇ قاتىلنىڭ چىرايىنى بۇ قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ چىرايىغا يۆتكەپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھە دېگەندىلا ساقچىلارنىڭ كۆزى بۇ جىنايەتچىگە تىكىلىپتۇ.

— كەسپىم سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، — دەپتۇ گىرىمچى ئايال، — گىرىمدە پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئادەم چىرايىغا ئائىت رەسىملەرنى كۆپ يىغىمەن. ئويلىمىغاندا، مەن دىققەت قىلىپ يۈرگەن بۇ تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ رەسىمى بۈگۈن ئەسقېتىپ قاپتۇ.

## غەلىتە ئوغرى

بىرىم كېچە، ياپونىيىنىڭ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى باشقۇرغۇچىسى شەنتىيەن مىيخۇيىزى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ بىرىپتۇ. ئۇ يۈيۈنۈپ بولۇپ ياتاق ئۆيىگە قايتىپ كىرسە، گىرىم شىكابىنىنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ قويغان بىر ليانت كۆزلۈك ئۈزۈكى كۆرۈنمەپتۇ.

ئۈزاق ئۆتمەي، ساقچى ئىدارىسىنىڭ بۇ ئەنزىنى مەلۇم قىلىپ بىرىلگەن تېلېفوننى ئالغان نۆۋەتچى ساقچىسى دۇەنمۇ ۋۇلاڭ ماشىنا بىلەن يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى تەپسىلىي ـ تەكشۈرۈپ، جىنايەتچىدىن قېپقېلىش ئېھتىمالى بولغان ئاياغ ئىزى، بارماق ئىزى قاتارلىق جىنايەت پاكىتلىرىنى ئىزدەپتۇ، بىراق ھېچ نەرسە تاپالماپتۇ. ئۇ گىرىم ئىشكابىنىڭ ئالدىغا بىرىپ، ئۈستىلى ئۈستىدە تۇرغان مىدالىيون ۋە ھالقىلارنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

ــ خېنىم، يوقالغان نەرسە بىرلا ئۈزۈكمۇ؟

ــ ھەئە، يوقالغىنى بىرلا ئۈزۈك. مېدالىئون، ھالقا، ھەتتا بىلەيزۈكلىرىممۇ تۇرۇپتۇ. ئۈزۈكۈم بەك قىممەت باھالىق ئۈزۈك ئىدى، ئۈزۈكىنىڭ ئۈزىلا 24 كىراتلىق ساپ ئالتۇن بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۈزۈككە قوندۇرۇلغان بىر لىيانتمۇ ناھايىتى چوڭ تەبىئىي ئالماس ئىدى، قىممىتى ئون نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ كېلەتتى. بۇنى ماڭا بىر ئەپەندىم ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا بەرگەن.

ساقچى گىرىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدىن بىر تال سەرەڭگىنى ئاپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

— بۇ سەرەڭگىنى سىز مۇشۇ يەرگە قويغانمۇ؟
— ياق، مېنىڭ سەرەڭگەم ئاشخانىدىلا تۇرىدۇ.
— سىز يۇيۇنۇۋاتقاندا، ياتاق ئۆيىڭىزنىڭ دېرىزىسى ھازىر- قىدەك ئوچۇقمىدى؟
— شۇنداق، ئوچۇق ئىدى. لېكىن مەن تۇرۇۋاتقان ئۆي توققۇزىنچى قەۋەتتە، ئۇنىڭ ئۇستىگە دېرىزىلەر تۆمۈر پەنجىر بىلەن قاپلانغان. ئىشىك قۇلۇپلاغلىق ئىدى، ئوغرى قانداق كىرگەندۇ؟
— بىناغا يېقىن ئەتراپتا ئۆي قۇشى باققانلار بارمۇ؟ — ساقچى تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن سوراپتۇ.
مېيىخۇيىزى ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ دەپتۇ:
— بار، تۆتىنچى قەۋەتتىكى شەنبېنىڭ ئۆيىدە بىر تۇتى قۇش بار، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى خېيتىيەننىڭ ئۆيىدە بىر مۇشۇك ياپىلاق بار، ئالتىنچى قەۋەتتىكى چۇەنيۇەننىڭ ئۆيىدە بىر خەۋەرچى كەپتەر بار...
— جىنايەتچى تېپىلدى، — دەپتۇ ساقچى بىردىنلا، — يۈرۈڭ، ئۇچىنچى قەۋەتتىكى خېيتىيەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۈزۈكىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ.
ئۇلار خېيتىيەننىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ ئاچقۇزۇپتۇ، دۈەنمۇ ۋۇلاڭ ئەپەندى يېنىدىن كىنىشكىسىنى چىقىرىپ:
— مەن ساقچى ئىدارىسىدىن بولىمەن، ئۆيىڭىزگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن كەلدۇق، — دەپتۇ-دە، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ خېيتىيەن- نىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئۆيدىكى ئىش ئۈستىلىدە بىر دانە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىرلىيانت ئۈزۈك، ئۇنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ياتقان مۇشۇك ياپىلاق تۇرۇپتۇ. ساقچى بىرلىيانت

ئۆزۈكنى قولىغا ئېلىپ مېيخۇيزىدىن سوراپتۇ:
— خېنىم، مۇشۇ ئۈزۈك شۇمۇ؟
— دەل ئۆزى شۇ، — دەپتۇ - دە، ئۈزۈكنى قولىغا سېلىۋاپتۇ مېيخۇيزى.
— خېيتيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ.
دۈەنمۇ ۋۇلاڭ يانچۇقىدىن بىر تال سەرەڭگىنى چىقىرىپ، خېيتيەنگە:
— خېيتيەن ئەپەندى، مانا بۇ سىز قالدۇرغان جىنايەت پاكىتى. سىز ئۆيىڭىزدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىپ، ئۆيدە باققان مۇشۇك ياپىلاقنى ئوغۇرلۇققا سېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ساقچىنى ۋە مال ئىگىسىنى ئالداپ كېتەمەن دەپ قارىدىڭىز. ئۆزىڭىزچە، ئىشنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن توغرىلىدىم دەپ ئويلىغان بولسىڭىز كېرەك، لېكىن بەربىر قۇيرۇقىڭىزنى تۇتتۇرۇپ قويدىڭىز. مانا بۇ كىچىككىنە سەرەڭگە ماڭا ناھايىتى مۇھىم يىپ ئۇچى بولدى. قاراڭ، بۇ سەرەڭگىدە قۇشنىڭ تۇمشۇقىنىڭ ئىزى بار. مېيخۇيزى ماڭا بۇ بىنادىكى قۇش باققانلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇنىڭدىكى تۇتى قۇش، مۇشۇك ياپىلاق ۋە خەۋەرچى كەپتەر ئىچىدە، بۇ ئىشنى مۇشۇك ياپىلاق قىلدى دەپ ھۆكۈم قىلدىم. چۈنكى، دېرىزە ئوچۇق، بۇنىڭدىن ئادەم كىرەلمىگىنى بىلەن، قۇشلار ئەركىن ئۇچۇپ كىرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قۇشلار ئىچىدە مۇشۇك ياپىلاقلا كېچىدە ھەرىكەت قىلالايدۇ. سىز مۇشۇك ياپىلاقنىڭ ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا ئاۋازىنى چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئادەتتە ئۇنى سەرەڭگە چىشلەپ ئۇچۇشقا كۆندۈرگەنسىز. باياتىن، بۇ ماھىر مۇشۇك ياپىلاق مېيخۇيزىنىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كىرگەندىن

كېيىن، پارقىراپ تۇرغان بىرلىيانت ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئاغزىدىكى سەرەڭگىنى تاشلىغان-دە، ئۈزۈكنى چىشلەپ قايتقان. خېيتىيەن ئەپەندى، ئەمدى بولدى، بۇ ئويۇننى مۇشۇ يەردە توختىتىڭ.

خېيتىيەن دۇەنمۇ ۋۇلاڭنىڭ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا مۇنداق تەپسىلىي تەھلىل قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەن. ئۇ ئىلاجىسىز ئىككى قولىنى دۇەنمۇ ۋۇلاڭ يېنىدىن چىقارغان پارقىراپ تۇرغان كويزىغا سۇنۇپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ...

## يىللىقچىنىڭ پاراستى

بۇرۇنىسىدا، چاۋشيەندە ئاۋچياڭباۋ ئىسىملىك بېخىل-پىخسىق پومېشچىك بار ئىكەن، ئۇنىڭ يەرلىرى كۆپ بولۇپ، يىلىغا بىرنەچچە ئون يىللىقچى ياللايدىكەن. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ھەرىيلى بۇ پومېشچىك تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەر بىلەن يىللىقچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالىدىكەن، بەزىلىرىنى ھەتتا ھېچنېمە بەرمەي ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىدىكەن.

بىركۈنى، گاۋچياڭباۋنىڭ 400 جىڭ تۈگمەن تېشىنى كۆتۈرەلەيدىغان باتۇر چاڭسوغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنى ئۈچ يىللىق يىللىقچىلىققا ياللىماقچى بوپتۇ.

— ئالدى بىلەن ئىش ھەققىنى كېلىشەيلى، ئاندىن سىزگە ئىشلەپ بېرەي، — دەپتۇ چاڭسو.

— كۈنلىكىڭگە تۆت ئەمگەكچىنىڭ، ياق، سەككىز ئەمگەكچىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىمەن. ئۈچ يىل ئىشلىسەڭ، ئۈچ شاڭ يەر، ئون تاغار گۈرۈچ سېتىۋالالايسەن، تېخى يەنە كەپە ئۆيىدىن بىرنى

ياسۇالالايسەن، — دەپتۇ گاۋ چياڭباۋ.

— ئۈچ يىل ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولاي، ۋاقتى كەلگەندە ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالسىڭىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ چاڭسو.

— مەن ئەزەلدىن يىللىقچىلارنى ئالدىغان ئادەم ئەمەس، — دەپتۇ پومبىشچىك، — ۋەدەمدىن يېنىۋالسام، ئۆيدىكى مال-مۈلكىمنى قويماي ئەكەتكىن، خالىغىنىڭچە بىر تەرەپ قىل.

— سىز مۇشۇنداق دەپ تۇرۇۋاتقان يەردە، بولدى، ئۈچ يىل ئىشلەپ بېرەي. ۋاقتى كەلگەندە گېپىڭىزدە تۇرمايدىغان بولسىڭىز، ئۆيدىكى مال-مۈلكىڭىزنىڭ ھەممىسىنى يۇدۇپ ئېلىپ كېتىمەن.

گاۋ چياڭباۋ كۆڭلىدە، سەن تەگدىشى يوق كۈچلۈك باتۇر بولغىنىڭ بىلەن، مال-مۈلكىمنىڭ ھەممىسىنى يۇدۇپ ئېپكېتەلەيتتىڭمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چاڭسو ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ قايتىپ، خۇددى كالىغا ئوخشاش باش كۆتۈرمەي ئىشلەپتۇ، بىر جىنىغا ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئىشىنى قىپتۇ.

ئۈچ يىل تولغان كۈنى، چاڭسو سەھەر تۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرنى چاقىرىپ، ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، گاۋ چياڭباۋدىن ئىش ھەققىنى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پومبىشچىك ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قاپتۇ-دە، قۇرۇق ھەيۋە قىلىپ:

— ئىش ھەققىنى ئالامسەن؟ بۇ دېگەن ئاسان گەپ. ئالدى بىلەن شۇنىڭغا كېلىشەيلى، يەنە قانچە يىل ئىشلەپ بېرىسەن؟ بولمىسا مۇنداق بولسۇن، سەن داۋاملىق ئىشلەپ قال، ساڭا كېلىشكەن قىزدىن بىرنى ئېپ بېرەي، ئۆيمۇ سالدۇرۇپ بېرەي، — دەپتۇ. چاڭسو ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىككى پۇلغا ئالماپتۇ. پومبىشچىكنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، چاڭسوغا ئاچچىقلاپتۇ:

— قىلغان شەپقەتنى بىلمەيدىغان ئەبلەخ. بالدۇرراق كۆزۈمدىن يوقال. سەن يەر ئالماقچىمۇ؟ بولىدۇ، تاشلىق يەردىن ئۈچ شاڭ يەر بېرەي. ئۆي سالماقچىمۇ؟ ئارقىدىكى تاغدىن 50 تۈپ دەرەخ بېرەي، بىر تالنى ئوشۇق كەسسەڭ بولمايدۇ. ساڭا تېخى ئون تاغار گۈرۈچ لازىممۇ؟ رەنجىمەيسەن، سەن بىزنىڭ ئۆيدە ساق ئۈچ يىل تۇردۇڭ، بۇ جەرياندا 12 تاغار گۈرۈچ يېدىڭ، گەدىنىڭدە تېخى ئىككى تاغار گۈرۈچ قالدى...

چاڭسونىڭ ئاچچىقى راسا كەپتۇ، ئۇ پومېشچىككە:

— ھەي باي، تېخى سېنىڭ نەزىرىڭدە تاشلىق ئېكىن يەر، 50 تال ياغاچ ئۆي ھېسابلىنامدۇ؟ بۇرۇن بىز ئون تاغار گۈرۈچنى ئىش ھەققى دېيىشكەندۇق، ئۇ قانداق قىلىپ مەن يېگەن ئاشلىق بولۇپ قالدى؟ بولىدى، كېيىنكىنى قوي، ئىش ھەققىنى چىقار، ئەگەرده ئۆزۈم يۇدۇپ ماڭىدىغان بولسام، پۇشايمان قىلىپ قالسەن.

ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ چاڭسوغا بولۇشۇپتۇ:

— ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرسىلە.

پومېشچىك ئىزاغا چىدىماي، چىچاڭشىپ كېتىپتۇ:

— قېنى قانچىلىك يۇدەلەيدىكەنسەنكىن، يۇدۇپ ماڭە، يۇدە، كۆزۈمدىن تېز يوقال!

بۇ چاغدا پومېشچىكنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە كىچىك خوتۇنىمۇ قورودا تاماشا كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. چاڭسو گەپ-سۆز قىلماي بارغانچە پومېشچىكنىڭ ئىككى ئوغلىنى تۇتۇپلا باغلاپتۇ، ئاندىن پومېشچىكنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان كىچىك خوتۇنى بىلەن قىزىنى باغلاپتۇ، ئاندىن ئۇلارنى بالدۇر تەييارلاپ قويغان يوغان كاجۇغا ساپتۇ. ئۇ بۇ تۆتۆيلەننى ناھايىتى چىڭ باغلىغانىكەن، ئۇ "ياپىر" دەپلا

بۇلارنى يۇدۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ پومېشچىككە:

— باي، بۇلارغا قاراپ قوي، بۇ مېنىڭ ئۈچ يىللىق ئىش ھەققىم. بىراق، بۇ نېمىلىرىڭنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، يۇدۇپ ئېگىز يارغا ئاپىرىپ، بۇ نېمىلەرنى ياردىن تاشلىۋېتىمەن، ناھايىتى كەلسە ئۆزۈم ئۈچ يىل بىكارغا ئىشلىگەن بولىمەن.

گاۋ چياڭباۋ دات - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ كاجۇدىكى خوتۇن - بالىلىرى ۋاي داد دېيىشىپ، بىزنى قۇتقۇزۇڭ دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئەتراپتا تۇرغانلار خۇشاللىقتا تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

پومېشچىك ئاخىرى ئۆيگە كىرىپ پۇلنى ئېپچىقىپ چاڭسونىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— چاڭسو، مانا پۇل، مەن ساڭا پۇل بېرەي، كاجۇنى يەرگە قويغىن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

## قىممەت توختىغان ھېكايە

بۇرۇنقى زاماندا، چاۋشيەنىدە ھېكايە ئاڭلاشقا بەك ئامراق بىر باي بار ئىكەن، ئۇ بىر ئېلان چىقىرىپ، كىم ئۈچ يالغان گەپ قىلىپ، ئاغزىمدىن يالغان دېگەن گەپنى چىقىرالىسا، شۇ كىشىگە مۈلكىمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن، يالغان گەپ قىلالمىسا، يېگەن تامىقىنىڭ پۇلىنى تۆلىتىۋالىمەن، دەپتۇ. ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھېكايە ئېيتىدىغانلار تەرەپ - تەرەپتىن كەلگىلى تۇرۇپتۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەن - مەن دېگەن ھېكايىچىلارمۇ باينىڭ ئاغزىدىن يالغان دېگەن سۆزنى چىقىرالماي، يېگەن تامىقىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، سولىنىپ قايتىپتۇ.

سۈي شيەندا ھېكايە ئېيتىشقا ئۇستا ئىكەن. ئۇ باينىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئالدىنقى ئون كۈننىڭ ھەر ئاخشىمى ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ھېكايىدىن بىرمۇنچىسىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، يالغان گەپ قىلماپتۇ. ئۇ باينىڭ باي بولۇش ھەققىدىكى ھېكايىلارنى بەك قىزىقىپ ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ.

بىركۈنى ئەتىگەنلىكى، باي ھېساب دەپتىرى بىلەن سىياھ، قەلەمنى ئېلىپ چىقىپ، ھېساباتى خاتىرىلىمەكچى بوپتۇ. سۈي شيەندا بىردانە موبى قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ يان-بۇ يان قاراپ كۆرۈپ، جايىدا قەلەم ئىكەن دەپ ماختاپتۇ ۋە تارتىنىپ ئولتۇرمايلا سۆز باشلاپتۇ:

— بۇرۇن مېنىڭ بوۋاممۇ ئاغمخان تۇتۇپ، ناھايىتى جىق پۇل تاپقاندى.

پۇل تېپىش توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ قۇلىقى دىڭ بوپتۇ.

—بوۋام ھەرىيلى كەچ كۈزدە، ئاغمخان دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان يەرگە بېرىپ، چوڭلۇقى بىلىكىمدەك كېلىدىغان ياغاچ قوزۇق تاپىدىكەندە، يەرگە نۇرغۇن كاما كولاپ قويىدىكەن. يەر مۇزلىغان چاغدا، ئۇ چاشقان گۆشىنى تازا مېزىلىك كلۇاپ قىلىدىكەن-دە، كامارلارغا تاشلايدىكەن. ئاغمخانلار كېچىدە چىقىپ ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەندە، چاشقان گۆشىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ، گۆش يېيىش ئۈچۈن كاماغا چۈشىدىكەن. بىراق گۆشنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ كامادىن چىقىپ كېتەلمەيدىكەن. كامالار سوغۇقتا قاتتىق مۇزلاپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەچكە، ئاغمخانلارنىڭ بېشى يەرگە، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قېلىپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش

مۇمكىن بولمايدىكەن. ئىككىنچى كۈنى ئاغمىخانىلارنىڭ قويرۇقى خۇددى شامال ياتقۇزۇۋەتكەن زىرائەت باشاقلىرىدەك كامارنىڭ سىرتىدا يېتىپ كېتىدىكەن. بوۋام قولىغا ئورغاقنى ئالىدىكەن-دە، ئاغمىخانىلارنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋالىدىكەن، ھەربىر كەسكەندە بىر باغلام بولۇپ كېتىدىكەن، بىر قىش كېسىدىغان بولسا، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن، بۇ دېگەن ئاز پۇل ئەمەستە!

ئاغمىخانىنىڭ قۇيرۇقى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن؟ بۇنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپتۇ، بىراق تازا ئالدىرىماي ئويلاپ كۆرۈپتىكەن، بۇنداق ئاسان ئىش يوقتەك كۆرۈنۈپتۇ. شۇڭا ئاغزىدىن ئىتتىكلا "سۆزلۈك يالغان، مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن" دېگەن گەپنى چىقىرىپ قويۇپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ ئالدىراپ سۆزلەپ تاشلىغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ. ئەسلىدە، ھازىرقى ۋاقىت ھېكايە ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەسكەن، سۆزلەنگەن ھېكايە باي بولۇش توغرىسىدا بولغانلىقتىن، باي ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

— خوجايىن، — دەپتۇ سوي شىيەندا قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — يالغان سۆزلىگەنىدىم.

شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتا بىر قاچا چوشقا گۆشى كەلتۈرۈپتىكەن، سوي شىيەندا خوجايىنغا ئۆزىنىڭ گۆش يېمىگىنىگە ئۇزاق بولغانلىقى، بۈگۈنكى گۆشنىڭ مەززىلىك پىشقانلىقىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئارقىدىنلا يەنە ئۇقمىغانغا سېلىپ:

— بىزنىڭ يۇرتتا كىشىلەر ئائىلىسىدە بىرلا چوشقا باقسا، ھەركۈنى يەيدىغان گۆشتىن غەم قىلمايدۇ، — دەپتۇ.

— بىر چوشقا باقسا، ھەركۈنى گۆش يەيدۇ؟ — باينىڭ قۇلىقى دىڭ بوپتۇ.

— سىز چوشقىنى مەلۇم مەزگىل باققاندىن كېيىن، بېقىشنى توختىتىسىز ـ دە، ئۇنى ئورۇقلىتىسىز. چوشقا ئورۇقلاپ بىر تىرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ بەدىنىگە جىپسا كەلگۈدەك سىم تور توقۇپ، ئۇنىڭغا كىيدۇرۇپ قويىسىز، سىم تورنى كىيگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تازا ئوبدان باقىسىز. چوشقا سەمرىگەندىن كېيىن، سىم تورنىڭ ھەربىر كۆزىدىن مۇشتۇمدەك گۆش سىقىلىپ چىقىدۇ، كۆڭلىكى قاچان گۆش لازىم بولسا، شۇ چاغدا چىقىپ كېسىپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. گۆشنى كېسىۋالغاندىن كېيىن، كەسكەن يەرگە دورا سۈركەپ قويۇشنى ئۇنۇتماڭ.

ئاچكۆز باينىڭ كۆزىگە سىم تورنىڭ تۆشۈكلىرىدىن سىقىلىپ چىقىۋاتقان گۆشلەر كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. نېمە دېگەن پەيىز ـ ھە! بىراق ئۇ ئويلاپ تۇرۇپ قاپتۇ، كۆڭلىكى گۆشنى كېسىپ ئېلىۋەرسە، چوشقا تىرىك قالامدۇ؟ شۇڭا ئۇ:

— يالغان، — دەپتۇ.

— مەن ئىككى قېتىم يالغان سۆزلىدىم، — دەپتۇ سۈي شيەندا قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە، سۈي شيەندا نۇرغۇن ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ. بىركۈنى ئۇ ئۆيدە زېرىكىپ، باي بىلەن بىللە زىرائەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېتىزغا بېرىپتۇ. قارىسا زىرائەت تېرىلغان ئېتىزلاردا ياۋا چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن، ئوت ئوتىغاندەك ئەمەس، باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ يىللىقچى، مەدىكارلارنى تىللاپ كېتىپتۇ.

— بۇ بىرنېمىلەر تېرىقچىلىق قىلىشنى زادى بىلمەيدىكەن، — دەپتۇ سۈي شيەندا، — بۇۋام يەر تېرىغاندا، ئۈنچىۋالا كۈچەپ

كەتمەيتتى. ئەتىياز تېرىقچىلىق باشلانغاندا، ئېتىزلارغا بىراقلا ئۇرۇق چاچاتتى-دە، ئۇرۇقنى چېچىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە بورا يېيىپ قوياتتى. ئۇرۇقلار بىخلانغاندا، پۈتۈنلەي بورىنىڭ تۆشۈك-لىرىدىن ئۈنۈپ چىقاتتى. سىز بىلىسىز، كۆرمەك بىلەن ئوت شالغا قارىغاندا كېيىنرەك ئۈسىدۇ، بورىنىڭ چاكلىرى ۋە تۆشۈكلىرىنى شال مايسىلىرى ئىگىلەپ بولغاچقا، باشقا ئوت-چۆپلەر زادى ئۈنۈپ چىقالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ياز ۋاقتىدا ئوت ئوتاش كەتمەيدۇ، كۈز بولغاندا پىشقان شالنى يىغىۋالسىلا بولىدى. ئىككىيلەن ئىككى تەرەپتىن بورىنى تۇتۇپ كۆتەرسىلا، توپان بورىنىڭ ئۈستىدىلا قالىدۇ، خامان تەپمەي تۇرۇپمۇ ئوبدان ھوسۇل ئالىدۇ.

بايىغا بۇ گەپلەر يېڭىلىق تۇيۇلۇپتۇ، ئوت ئوتىمىسا، خامان تەپمىسە، تازا ئوبدان ئىشكەن. بىراق تازا ئوبدان ئويلاپ كۆرۈپ-تىكەن، توغرا ئەمەسلىكىنى سېزىپ قاپتۇ، بورا بىر ياز بىر قىش سۇدا تۇرىدىغان بولسا، چىرىپ تۈگىمەمدۇ؟ ئۇ ۋارقىرىۋېتىپتۇ:

— يالغان.

چاتاق بوپتۇ، ئۇ "يالغان" دېگەن سۆزنى دېمەيمەن دەپ قەسەم ئىچكەن ئىكەن، بىراق، ئاغزىنى يۈگەنلىيەلمەپتۇ-دە، چاتاق تېرىپ قويۇپتۇ. باي ئاخىرى بۇ ھېكايە ئۈچۈن ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

## ئەلەنۇ بىلەن دېڭىز قاراقچىسى

بۇرۇنسىدا، كامبودژىدا ئەلەنۇ ئىسىملىك ئەقىللىق بىر ياش يىگىت ئۆتكەنىكەن. بىركۈنى ئۇ سۆيگەن قىزى بىلەن دېڭىزدا

كېتىۋاتقاندا، 500 نەپەر دېڭىز قاراقچىسى ئۇنى بۇلىماقچى بوپتۇ. ئەلەنۇ قىلچە ھودۇقماستىن ئۇدۇل قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشىغا:

— مەن دېگەن باش راھىب، پىچاق، مىلتىق، ئوقيا دېگەنلەر مېنىڭ ئالدىمدا ھېچ گەپ ئەمەس. يېنىمدا تۇرغان مەلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قىزىنى ماڭا بەرگۈسى كەلمىگەنىدى، ئۇنى جازا- لاش بەدىلىگە ئوردىسىغا ئوت قويۇپ، شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، قىزىنى ئېپقېچىپ كەلدىم. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كەلسە بىرنەچچە ئېغىز ئەپسۇن ئوقۇپلا قويدۇم. ئەگەر سىلەر مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمگە ئىشەنمىسەڭلار، مەلىكىدىن سوراڭلار. مەن ئۇنى ئېسىل كېيىملىرىنى كىيىشكىمۇ قويماي ئېپقېچىپ چىقتىم.

قاراقچىلار ئەزەلدىن باش راھىبلاردىن قورقىدىكەن. قاراقچىلار- نىڭ باشلىقى، ئەگەردە بىزگە سېھىرگەرلىك ھۈنىرىدىن ئاز-تولا ئۆگىتىپ قويىدىغان بولسا، ئىشىمىز ئۈچۈن پايدىسى بولۇپ قالاتتى، دەپ ئويلاپ، ئەلەنۇدىن سېھىرگەرلىك ھۈنىرىدىن ئاز-تولا ئۆگىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئەلەنۇ، — بىراق بۇنداق ئىشنى قىلىشتا كاتتا ۋە مەخپىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز، ئالدى بىلەن، كېمىگە چۈشۈپ ئادەمىزات يوق بىر ئارالغا بارايلى.

ئۇلار كىچىك بىر ئارالنى تېپىپ، قىرغاققا كەلگەندە، ئەلەنۇ ئۇلارغا:

— پۈتۈن كىيىمڭلارنى سېلىپ، مەلىككە تاپشۇرۇڭلار-دە، ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دەپتۇ.

ئەلەنۇ كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەن قىپيالىڭاچ قاراقچىلارنى باشلاپ

قىرغاقـقا چىقىـپتۇ، ئۇ ئاق بور بىلەن كېمىنىڭ تاختىيىغا شۇ ۋاقىتتا ئېسىگە كەلـگەن ئەپـسۇن ئايىتىـنى يېزىپتۇ. ئانـدىن قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇرغان يېرىــدە بېـشى يەرگە تەگكىچە ئېگىشتۇرۇپتۇ، ئۇ يەرگە نەزىر - چىراغ سۇپىسىنى تەييارلاپتۇ، ئۇلارغا بۇيرۇق بېرىــپ بەدىنىدىكى تۈكلەرنى قويماي ئالغۇزۇپتۇ.

قىپيالىڭاچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىنىدىكى تۈكلەرنى قويماي چۇشۇ - رۇۋەتكەن 500 قاراقچى ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىــپ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپـتۇ - دە، تا كەچ كىرگىچە ئوقۇپـتۇ، ئاخىـرى قاراقچىـلارنىڭ كاتتىبېشى:

ـــ ئۇسـتاز، ئۇلارنىڭ ھەممىـسى ئوقۇيالايـدىغان بولـدى، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئاڭلاپ تۇرۇڭـلار، ئەگەردە كىمـكى خاتا ئوقۇپ قويىدىغان بولسا، قىلغان سېھرگەرلىكىنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىدۇ، يەنە تېخى ئەڭ چـوڭ ئۇسـتاز ئەدىبىـمىزنى بېرىدۇ. ھەمــمىڭلار سۇنىڭ ئەڭ تېگىگە چۆشۈپ، ئېغىز، بۇرنۇڭلارنى ئېتىۋېلـىپ، ئەپسۇننى سۇنىڭ تېگىدە يەتتە قېتىم تەكرارلاڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار رەسمى سېھرىگەر بولالايسىلەر.

ئەلەنۇ بىر شاپىلاق سوقۇپتىـكەن، 500 قاراقچىـنىڭ ھەممىـسى سۇنىڭ ئاستىغا چۆشۈپ ئېغىز، بۇرۇنلىرىنى ئېتىپتۇ. ئەلەنۇ ئۇچقاندەك بېرىپ كېمىگە چىقىپـتۇ، ئۇنىڭ سۆيگىـنى ئاللىقاچان كېمىنىڭ لەڭگىرىنى تارتىۋەتكەنىكەن. ئۇ كېمىگە چىقىپ، يەلكەننى بېكىتىپتۇ - دە، كېمىنى تېز ھەيدەپ كىچىك ئارالـدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇلار قاراق - چىلارنىڭ كىيىملىرى ۋە ھازىرلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئېلىپ، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، سۇ قاچىلاش ئۈچۈن باشقا بىر كىچىك ئارالغا

كەپتۇ.
بۇ ئارالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللار ۋە كىچىك باللار ئىكەن. ئەلەنۇ بۇ يەرنىڭ قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ-دە، دەرھال قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ.
قاراقچىلارنىڭ ئاياللىرى قاراڭغۇدا ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ كىمنى تونىيالماپتۇ. ئەلەنۇ قىرغاققا چىقىپ، يەرگە تۇمار ئايىتىنى يېزىۋاتقاندا، ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ باش راھىب ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئاياللار ئەلەنۇدىن ئەرلىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ.
— يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەرلىرىڭلارنىڭ كىمىسى ئالتۇن، كۈمۈشنى لىق بېسىپ قايتىپ كېلىدۇ. بىراق ھازىر سىلەر پەخەس بولۇڭلار، ئىككى كۈندىن كېيىن كېچىدە قورقۇنچلۇق جىن پەيدا بولىدۇ، ئۇلار قىپيالىڭاچ، بەدىنىدە تۈك دىدارى يوق، ئۇلار تېخى ئۆيۈڭلەرگە كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنى ئۆيۈڭلەرگە كىرگۈزدىغان بولساڭلار، ئۇلار قورقۇنچلۇق كېسەلنى سىلەرگە يۇقتۇرۇپ قويىدۇ.
ئاياللار قورقۇپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ:
— ئۇلارنى قانداق قوغلىۋېتەلەيمىز؟
— ئۇرمانغا بېرىپ كالتەك كېسىپ كېلىڭلار، مەن ئۇلارغا سېھىر ئىشلىتىمەن. شۇنىڭ بىلەن سىلەر ئۇلارنى ئۇرالايدىغان بولىسىلەر، بۇ جىنلارنى قورقماي ئۇرۇڭلار، كۆزدىن غايىب بولغىچە ئۇرۇشنى توختاتماڭلار.
راستتىن ئەلەنۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قىپيالىڭاچ، بەدىنىدە تۈك يوق قاراقچىلار ياغاچ پازىغا ئولتۇرۇپ ئارالغا يېتىپ كەپتۇ-دە، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى

ئۈچۈن، ئۇدۇل ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. لېكىن ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكى ئۇلارنى كالتەك بىلەن قارشى ئاپتۇ. ئايالار ئۇلارنىڭ كاللىسىغا، دۈمبىسىگە، كاسىسىغا تازا ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئەلەنۇ بىلەن ئۇنىڭ سۆيگىنى بولسا ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىكەن.

## ئالتۇن مېۋە

بىرما دېگەن جايدا ئەر-خوتۇن ئىككى قېرى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇل-قىز بەش بالىسى بار ئىكەن. بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىر-بىرلەپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپتۇ-دە، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن موماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ھۇقۇشتەك يالغۇز قالغان بوۋاي ئۆزى تەنھا نامرات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ۋاپاسىز بالىلىرى ئۇنى بېقىشنى خالىماپتۇ. بوۋاي كۆڭلىدە، ئاز-تولا ئامال تېپىپ، بالىلىرىمنى ئۆزلۈكىدىن كېلىپ خەۋەر ئالىدىغان قىلاي دەپ ئويلاپتۇ.

بىركۈنى ئۇ لايدىن مېۋە ياساپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، ئاندىن ئۈستىگە بىر قەۋەت ھەل بېرىپ، ياغلىقىغا ئوراپ يانچۇقىغا ساپتۇ. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئۇ خۇشال ھالدا چوڭ ئوغلىنى يوقلاپ كەپتۇ.

بوۋاي نەۋرىلىرى بىلەن بىللە ئويناۋاتقاندا، بالىلار بوۋاينىڭ قوينىدا مېۋە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، قىزىقىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە نەرسە؟

— بۇ مەخپىي، — دەپتۇ بوۋاي گويا راستەك قىلىپ كۆرسىتىپ.

لېكىن باللار بوۋاينى قويۇپ بەرمەي، ئېيتىپ بېرىسەن دەپ تۇرۇۋاپتىكەن، بوۋاي ئاخىرى ئېيتىپ بېرىپتۇ:
— بولىدۇ، مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، بىراق ھېچكىمگە دېمەيسىلەر، — بوۋاي لايدىن ياسىغان ئالتۇن مېۋىنى ئاستا قويندىن چىقىرىپ، باللارنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىلىۋېتىپ، يەنە سېلىۋاپتۇ.
بوۋاينىڭ نەۋرىلىرى كۆرگەنلىرىنى راست دەپ قاراپ، ئاتا-ئانىسىغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ:
— بوۋامدا راست بىرمۇنچە ئالتۇن مېۋە بار ئىكەن. راست، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.
بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ۋە چوڭ كېلىنى باللاردىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا راست دەپ ئىشىنىپ، ئىككىنچى كۈنى دادىسىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.
كېيىن، بوۋاي باشقا تۆت بالىسىنىڭكىگە بىردىن-بىردىن يوقلاپ بېرىپتۇ-دە، ھەربىرسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، نەۋرىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئالتۇن مېۋىنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىپتۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بەش بالىسىنىڭ ھەممىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلار ھەتتا بوۋاينىڭ قەيەردە تۇرۇدىغانلىقىنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.
بۇ تالاش-تارتىشنى ئاخىرى يەنە بوۋاينىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىپتۇ. يەنى بوۋاي ھەربىر بالىسىنىڭكىدە بىر ئايدىن تۇرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ بوۋاي خېلى بىرمەزگىل خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

كېيىن بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بالىلىرى ئالتۇن مېۋىنى ئېچىپ كۆرۈپتىكەن، قارىسا، لايىدىن ياساپ، ھەل بېرىپ قويغان مېۋىلەر ئىكەن.

ئۇلار بىر ئېغىزدىن مۇنداق دېيىشىپتۇ؛

— دادىمىز راست ئەقىللىق ئادەم ئىكەن.

ئۇلار دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەسلەپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە رەھىمسىزلىكىدىن ئۆكۈنۈپتۇ. ئاندىن ئاتىسىغا ئاتاپ بىر قېتىم كاتتا ئۆلۈم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ.

## سېھرىي پىچاق

بۇرۇن بىرمىدا بىر كېمە خوجايىنى بار ئىكەن، ئۇ ھەمىشە كېمىچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئالداپ ئېلىۋالىدىكەن. كېمە ئۇلۇۋادى دەرياسىنى بويلاپ بىر قېتىم بېرىپ كېلىدىغان بولسا، بۇنىڭغا ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتىدىكەن، شۇڭا بۇ ئۈچ ئاينىڭ ئىش ھەققى ئاز پۇل بولمايدىكەن. سەپەر داۋامىدا كېمە خوجايىنى كېمىچىلەرنىڭ تاماقلىرىغا مەسئۇل بولىدىكەن، ئىش ھەققىنى سەپەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېرىدىكەن. ھەر قېتىملىق سەپەر ئاخىرلاشقاندا، كېمە خوجايىنى ھامان ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ياكى ئۇلارنى ئالداپ يوق ئىشلار ئۈچۈن قولىلىشىپ، بۇ ئاسان ئالدىنىپ قالىدىغان كېمىچىلەرنىڭ بۇرنىغا نوختا سېلىپ، ئىش ھەققىنى قويماي ئېلىۋالىدىكەن.

بىركۈنى، ئۆز ۋاقتىدا كېمە خوجايىنىنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن بىر تاغلىق كېمە خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خوجايىن، مەن سىز بىلەن كېلەر قېتىملىق سەپەرنىڭ توختامىنى تۈزسەم، — دەپتۇ.
— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ ئاچ كۆز خوجايىن خۇشال ھالدا.
كېمىگە چىققاندىن كېيىن، تاغلىق يېنىدىن غەلىتە بىر پىچاقنى چىقىرىپ، كۆپچىلىككە قاراپ سىرلىق قىياپەتتە:
— ئاتام بۇ پىچاقنى ماڭا دېڭىز سەپىرىدە ئىشلەتكىن دەپ بەرگەنىدى، — دەپتۇ.
— بۇ پىچىقىڭنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ — سوراپتۇ كېمىچىلەر كۈلۈشۈپ.
— ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ تاغلىق، — ئىشقىلىپ بۇ بىر سېھرىي پىچاق.
كۆپچىلىك يول بويى سېھرىي پىچاقنىڭ گېپى بىلەن تاغلىقنى مازاق قىلىشىپ مېڭىپتۇ، بىراق تاغلىق ئۇلارنىڭ مازاقلىرىنى چۈشەنمەي ئالماپتۇ. بۇ كۈنى كېمە بىر يېزىنىڭ بويىدا توختاپتۇ. ھېلىقى تاغلىق پىچىقىنى يېنىدىن چىقىرىپ، كېمىنىڭ يان تەرىپىگە سۈركىگىلى تۇرۇپتۇ. كېمىچىلەر يەنە ئۇنىڭ پىچىقىنى مازاق قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، تاغلىق ئاچچىقى بىلەن بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا تازا بىر قاتتىق گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا پىچىقى قولىدىن چىقىپ كېتىپ، سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.
— تېز بول، پىچىقىڭنى ئېلىپ چىق، — دەپتۇ كېمىچىلەر ئۇنى سۇغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلىپ. تاغلىق ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، باشقىلارنىڭ پىچىقىنى ئارىيەت ئېلىپ، پىچاق چۈشۈپ كەتكەن جايغا تازا ئوبدان قارىۋېلىپ، كېمىنىڭ يېنىغا

پىچاق بىلەن ئويۇپ بەلگە قىلىپ قويۇپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:
ــ بەلگە قويۇۋالدىم، قاچان چۈشۈپ ئالسام بولىۋېرىدۇ.
ــ ھەي، قاپاقباش ساراڭ، ــ دەپتۇ كېمىچىلەر، ــ بىردەمدىن كېيىن كېمىمىز بۇ يەردىن كېتىپ قالىدىغان تۇرسا، ئاشۇ كارامەت پىچىقىڭنى سۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، كېمىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ دەپ ئويلامسەن؟
ــ بۇنداق بولۇشىنى بىلمەيمەن، ــ دەپتۇ تاغلىق، ــ شۇنىسى ماڭا ئايانكى، مەن پىچاقنىڭ چۈشۈپ كەتكەن يېرىگە قاراپ، كېمىنىڭ يېنىغا بەلگە سىيلىپ قويدۇم، قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، سۇغا چۈشۈپ ئۇنى تېپىپ چىقالايمەن.
ھېلىقى ئاچكۆز خوجايىن بۇنى تەگرى بەرگەن ياخشى پۇرسەت دەپ قاراپ، تاغلىققا مۇنداق دەپتۇ:
ــ مەن بىلەن قوللىشامسەن؟ بىردەمدىن كېيىن، ئازراق مېڭىپ، بىر يېزىنىڭ بويىدا توختايمىز. ئەگەر سەن ئاشۇ توختىغان يەردە سۇغا چۈشۈپ، پىچىقىڭنى تېپىپ چىقالايدىغان بولساڭ، كېمىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، پىچىقىڭنى تېپىپ چىقال-مايدىغان بولساڭ، ئىش ھەققىڭ شۇنىڭ بىلەن توگەيدۇ.
ــ خوجايىن، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ــ سوراپتۇ تاغلىق ھېچ نەر-سىنى چۈشەنمىگەندەك قىياپەتتە، ــ سىز ئەلۋەتتە مېنىڭ پىچاقنى تېپىپ چىقالايدىغانلىقىمنى بىلىسىز، مەن ئاللىقاچان پىچاقنىڭ چۈشۈپ كەتكەن يېرىگە قاراپ، كېمىنىڭ يېنىغا بەلگە قىلىپ قويغان.
ــ مەن كىشىلەر بىلەن قوللىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، ــ دەپتۇ خوجايىن، ــ پۇرسەت بولسىلا كىشىلەر بىلەن قوللىشىپ

ئوينايمەن.

— بولىدۇ خوجايىن، سىز بىلەن قوللىشاي، — دەپتۇ تاغلىق. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، كىمە باياتىن دېيىشكەن يېزىنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتىكەن، كىمە خوجايىنى تاغلىقنى سۇغا چۈشۈپ پىچاقنى تېپىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. تاغلىق كىمەنىڭ يېنىدىكى بەلگە سېلىنغان جايغا تازا ئوبدان قارىۋېلىپ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ-دە، بىردەمدىن كېيىن سېھرىي پىچاقنى ئېگىز كۆتەرگەن ھالدا سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ.

— تاغلىق بۇرادەر، — دەپتۇ كىمىچىلەر بىردەك ۋارقىرىشىپ، — بىز توغرا قىلماپتىمىز، ئۇقۇشماي سېنى مازاق قىپتىمىز، ئەمدى بىز سەندىن كەچۈرۈم سورايمىز. پىچىقىڭ ھەقىقەتەن سېھرىي پىچاق ئىكەن.

— بۇنىڭدا بىر گەپ بار، بۇنىڭدا بىر ئويۇن بار، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ غەزەپكە تولغان كىمە خوجايىنى.

— بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، — دەپتۇ تاغلىق، — بىراق مەن بۇرۇنلا سىزگە دېگەنىدىم، مېنىڭ پىچىقىم سېھرىي پىچاق، ئۇنى بەرىبىر تېپىپ چىقالايمەن. — كىمە خوجايىنى قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىرى يەنە كىمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاغلىققا بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ھېلىقى تاغلىق كىمە ساتقان پۇلنى كىمىچىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا: مەندە شەكلى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىككى پىچاق بار ئىدى، بىرسى، سۇغا چۈشۈپ كەتتى، يەنە بىرسى، كىمىمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇقلۇق ئىدى. مەندە سېھرىي پىچاق نېمە قىلسۇن؟

دەپتۇ.

## كېۋەز مېۋىسىدىن چىققان ياشلار

بىرمىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا تۆت ياش بار ئىكەن، ئۇلار كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ھەر خىل غەلىتە ھېكايىلەرنى توقۇيدىكەن.

بىركۈنى، بۇ تۆتەيلەن بىر يولۇچىنىڭ يېزىنىڭ سىرتىدىكى بىر مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. قارىسا ئۇچىسىغا ئازادە كىيىم كىيىۋالغانىكەن. ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى چىرايلىق كىيىمنى سالدۇرۇۋالماقچى بوپتۇ-دە، يولۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— قوللىشىپ باقساق قانداق؟ ھەرقايسىمىز ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئەڭ غەلىتە، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەيلى، كىمكى ئاڭلىغانلىرىغا ئىشەنمىسە، سۆزلىگۈچىنىڭ قۇلى بولسۇن، — دەپتۇ.

يولۇچى ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىگە ماقۇل بوپتۇ، ئۇنىڭ ماقۇل بولغىنىنى كۆرۈپ، تۆتەيلەن ئىچىدە كۈلۈشۈپ، يولۇچىنى قاپاقباش ئادەم ھېسابلىشىپتۇ. ئۇلار يولۇچىنىڭمۇ يالغان-ياۋىداق ھېكايىلەرنى توقۇيالايدىغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپمۇ قويماپتۇ. مۇبادا ھېكايە توقۇيالايدىغان بولۇپ قالسىمۇ، ئىشىنىمەن دەپلا قويساق، ئۇنىڭ توقىغان ھېكايىسى ئىككى پۇل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار ئۆزلىرى توقۇماقچى بولغان ھېكايىنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان غەلىتە ھېكايە دەپ قاراپ، يولۇچى

ئاڭلىسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلاپتۇ. ئۇلار راستى بىلەن يولۇچىنى ئۆزىگە قول قىلماقچى ئەمەس، ئېرىشمەكچى بولغىنى يولۇچىنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم، چۈنكى قول دېگەننىڭ بەدىنىلا ئەمەس، بارلىق مال-مۈلكىمۇ قول ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ-دە!

ھېلىقى تۆت ياش يېزىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوللىشىشقا گۇۋاھچى قىپتۇ.

تۆت ياش ئۆزلىرىنىڭ غەلىتە، ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بوپتۇ. بىراق يولۇچى بېشىنى لىڭشىتىپ ھەممىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەمدى نۆۋەت يولۇچىغا كەپتۇ، ئۇ سۆز باشلاپتۇ:

— بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن، كېۋەزلىكىمدە بىر تۈپ كېۋەز ئاجايىپ يوغان ئۆستى، رەڭگى قىپقىزىل، پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، بۇ بىر تۈپ كېۋەز ئۇزاققىچە يوپۇرماقمۇ چىقارمىدى، شاخمۇ چىقارمىدى، لېكىن ئاخىرى تۆت تال شاخ چىقاردى، بۇ شاخلاردا يوپۇرماق يوق، ئەمما ھەربىر شاختا بىردىن مېۋە بولدى. مەن بۇ تۆت تال مېۋىنى ئېلىپ، ئوتتۇرىسىنى ئېچىپ قارىسام، ھەربىرسىنىڭ ئىچىدىن بىردىن ياش يىگىت سەكرەپ چۈشتى. بۇلار مېنىڭ كېۋىزىمدىن بولغان مېۋىنىڭ ئىچىدىن چىققان بولغاچقا، قانۇن بويىچە مېنىڭ قۇلۇم بولۇشى كېرەك، شۇڭا مەن ئۇلارنى كېۋەزلىكتە ئىشلەتتىم. ئۇلار بىر-بىردىن ئۆتۈپ كەتكەن ھورۇنلار ئىكەن، بىرنەچچە ھەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەيدانىمدىن قېچىپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ، ئاشۇ تۆت

قولنى ئىزدەپ يۈرگەنىدىم، مانا ھازىر تېپىلدى. يىگىتلەر، كۆڭلۈڭلەرگە ئايان بولغاندۇ، بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن قوللىرىم. مەن بىلەن بىللە بىزنىڭ مەيدانىغا قايتىڭلار.

تۆت ياش غەمگە پاتقان ھالدا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپتۇ. چۈنكى راست شۇنداق دەپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ يولۇچىنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدىكەن. ئەگەر ئىشەنمەيمەن دەيدىغان بولسا، قوللاشقان چاغدىكى شەرت بويىچە، ئۇلار ئوخشاشلا يەنە يولۇچىنىڭ قولى بولىدىكەن. يېزا باشلىقى ئۇلارنى يولۇچىنىڭ گېپىگە ئىشىنەمسىلەر، ئىشەنمەمسىلەر دەپ ئۈچ قېتىم سوئېلەپتۇ، لېكىن ئۇلار گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى يېزا باشلىقى يولۇچىنىڭ ئۇتقانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

يولۇچى كەڭ قورساق ئادەم ئىكەن، ئۇ ھېلىقى تۆت ياشقا قاراپ دەپتۇ:

— ئۇچاڭلاردىكى كىيىممۇ ماڭا تەۋە، چۈنكى سىلەر مېنىڭ قولۇم، ئۇچاڭلاردىكى كىيىملىرىڭلارنى سېلىپ، ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، مەن شۇ ئان سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىمەن.

ئاخىرى، ھېلىقى تۆت ياش ئىلاجسىز ئۇچىسىدىكى كىيىمنى سېلىپ يولۇچىغا بېرىپتۇ.

## دېھقاننىڭ خوراز تەقسىم قىلىشى

بۇرۇن بىرىمدا بىر نامرات دېھقان ئۆتكەنىكەن، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ بىركۈنى بىر

خوراز ئېلىپ، ئۇنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بېرىپتۇ.

— بىر خوراز مېنىڭ ئۈچۈن ئۇنچە چوڭ سوۋغات ھېسابلانمايدۇ. ئائىلەمدە ئالتە ئادەم بار، ئۇلار: مەن، خانىش، ئىككى ئوغلۇم ۋە ئىككى قىزىم. بۇ خورازنى ئالتە ئادەم قانداق تەقسىم قىلىمىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ.

دېھقان خورازنىڭ بېشىنى كېسىپ دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرى پۈتۈن دۆلەتنىڭ بېشى، توخۇنىڭ بېشىمۇ ناھايىتى ئېسىل سوۋغا، بۇنى قوبۇل قىلسىلا.

ئاندىن خورازنىڭ دۈمبىسىنى كېسىپ دەپتۇ:

— بۇ خانىشقا تەقدىم قىلىنىدۇ، چۈنكى خانىش پۈتۈن ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان.

ئىككى پاچىقىنى كېسىپ:

— بۇ پاچاق شاھزادىلەرگە بېرىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ھاكىمىلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئاخىرىدا ئىككى قانىتىنى كېسىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئىككى قانات ئىككى مەلىكىگە بىردىن بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇرمۇشقا چىقىدۇ-دە، ئېرى بىلەن بىللە يىراقلارغا كېتىدۇ. قالغان قىسمى مېنىڭ بولىدۇ، چۈنكى مەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ مېھمىنى، مېھمانىنى ئېسىل نازۇ-نېمەتلەر بىلەن كۈتۈش ئۆي ئىگىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

پادىشاھ دېھقاننىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ بەرگەن بۇ جاۋابىدىن ناھايىتى بەك رازى بوپتۇ-دە، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ئالتۇن، كۈمۈش، ئۇنچە-مەرۋايىت ئىنئام قىپتۇ.

بۇ يەردە ئاچكۆز بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ھېلىقى دېھقاننىڭ قانداق باي بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، بەش خورازنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرىپ شاھ ئالىيلىرىغا:

— پېقىر بەش خوراز ئېلىپ، ئۆزلىرىدىن ھال سورىغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىر قاراپلا بۇ ئادەمنىڭ كېلىشتىكى غەرىزىنى بىلىۋاپ-تۇ-دە، ئۇنىڭغا:

— بەش خورىزىڭىزنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشنى بەكمۇ خالايتتىم، بىراق ئائىلەمدە ئالتە جان ئادەم بار. ئەگەردە سىز ئاشۇ توخۇلارنى بىزگە ئادىل تەقسىم قىلىپ بېرەلىسىڭىز، سىزنى ئالاھىدە ماختاپ قويىمەن، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئاچكۆز ئادەم قانداق تەقسىم قىلىشنى بىلەلمەي قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئالتە خوراز ئېلىپ كەلمەي، بەشنى ئېپكەلگىنىگە پۇشاي-مان قىپتۇ.

پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ دېھقاننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا تەقسىم قىلدۇرۇپتۇ.

دېھقان تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، بۇنىڭ ئىشى ئاسان: خورازنىڭ بىرى شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىشقا، يەنە بىرى ئىككى شاھزادىگە، ئۈچىنچىسى ئىككى مەلىكىگە بېرىلىدۇ. قالغان ئىككىسى ماڭا تەۋە بولىدۇ، چۈنكى مەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەزىز مېھمىنى. بۇ خوراز-لارنى تەقسىم قىلىشنىڭ بىردىنبىر مۇۋاپىق ئۇسۇلى، چۈنكى شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىشقا بىر خورازنى قوشساق ئۈچ بولىدۇ، ئىككى شاھزادىگە بىر خورازنى قوشساق ئۈچ بولىدۇ، ئىككى مەلىكىگە بىر

خورازنى قوشساق ئۈچ بولىدۇ، مەن بىلەن ئىككى خوراز قوشۇل-سىمۇ ئۈچ بولىدۇ.

پادىشاھ بۇنىڭدىن تولىمۇ رازى بوپتۇ-دە، دېھقانغا ئىككى خوراز ۋە باشقا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئىنئام قىپتۇ. ھېلىقى ئاچكۆز ئادەم روھى چۈشكەن ھالدا قۇرۇق قول قايتىپتۇ.

## ئالتۇن تاۋلاش ھۈنىرى

بۇرۇنقى زاماندا، تايلاندتا نەيخېسۇن ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ قارىشىچە دۇنيادا ئالتۇننى بېسىپ چۈشىدىغان نەرسە يوق ئىكەن. شۇڭا ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكى، زېھنى كۈچى ۋە ۋاقتىنى پۈتۈنلەي ئالتۇن تاۋلاشنى سىناق قىلىش ئىشىغا سەرپ قىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ۋە خوتۇنىنىڭ يىغقان-تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىپتۇ.

خوتۇنى ئائىلىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

خوتۇنىنىڭ دادىسى نەيخېسۇننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئالتۇن تاۋلاشنىڭ سىرىنى ئىگەللەپ بولدۇم، ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ ھازىرلىدىم، ھازىر بىرلا نەرسە كەم بولىۋاتىدۇ. بىراق، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، قىلاي دېسەم كۆزۈم قورقىدۇ...

— قانداق قىلىش كېرەك، تېزرەك ئېيتىپ بېرىڭا، — دەپتۇ نەيخېسۇن بىتاقەت بولۇپ.

— بولىدۇ، مەن سىزگە بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرەي. ماڭا بانان يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىنغان ئۈچ كىلوگرام ئاق تۇشۇت كېرەك. بۇ يوپۇرماق چوقۇم ئۆزىڭىز تېرىغان بانان دەرىخىنىڭ بولۇشى كېرەك. سىز تۇشۇتنى تەييارلىغاندىن كېيىن، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

نەيخېسۇن ئەتىسىدىن باشلاپلا بانان كۆچىتىنى تىكىشكە كىرىشىپتۇ.

بانان پىشىپ يېتىلگەندە، ئۇ ئېھتىيات بىلەن ھەربىر يوپۇرماقنىڭ ئاستىدىكى ئاق تۇشۇتنى يىغىپتۇ. خوتۇنى بىلەن بالىسى بانان مېۋىلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ.

ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپتۇ، نەيخېسۇن ئاخىرى ئۈچ كىلوگرام ئاق تۇشۇتنى تەييارلاپتۇ. ئۇ تۇشۇتلەرنى بىر كومزەكنىڭ ئىچىگە سېلىپ، خۇشال ھالدا ئۇنى كۆتۈرۈپ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەمدى سىز ئۇ تەرەپتىكى ئىشكنى ئېچىپ قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ قېيىن ئاتىسى.

نەيخېسۇن ئۇ تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپتىكەن، ساپسېرىق نەرسىلەر پارقىراپ، كۆزىنى چاقنىتىۋېتىپتۇ. پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ قارىسا، بۇنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئىكەن. خوتۇنى بىلەن بالىلىرىمۇ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىدەك.

— بۇ ئالتۇنلارنى، — دەپتۇ خوتۇنى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — ئون يىلدىن بۇيان بانان ساتقان پۇللارغا ئالدۇق.

— جاپالىق ئەمگەكلا ئالتۇن تاۋلاشنىڭ ھەقىقىي ئۇسۇلى، — دەپتۇ قېيىن ئاتىسى.

# ئىككى ئاي بولغاندا قەرز قايتۇرۇش

بىركۈنى، شىتېنوسەي باي بىر ئايالىدىن بەش جىڭ ئالتۇن قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئىككى ئاي بولغاندا، پايدىسى بىلەن قوشۇپ قايتۇرىمەن، — دەپتۇ.

ئىككى ئاي بوپتۇ، باي ئايال شىتېنوسەيگە قەرزنى قايتۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. شىتېنوسەي ئۇنىڭغا:

ئىككى ئاي بولسۇن، جېنىم خېنىم، هازىر تېخى ئىككى ئاي بولمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باي ئايال هەر قېتىم شىتېنوسەيگە قەرزنى قايتۇرۇشنى ئېيتسا، ئۇ هامان تېخى ئىككى ئاي بولمىدى دەپ قايتۇرۇۋېتىدىكەن. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، شىتېنوسەي قەرزنى قايتۇرماپتۇ. باي ئايال ئاخىرى تاقەت قىلالماي، شاھ ئالىيلىرىغا ئەرز قىلىپ، شاھنىڭ ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

پادىشاھ يىگىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغان نەيۋېنىڭ شىتېنوسەيگە قارىغاندا تېخىمۇ بەك ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئېيىسىگە ئاپتۇ. بىر قېتىم، شىتېنوسەي بىر تاۋۇزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەيۋېندىن سوراپتۇ:

— بۇ تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىمەن، ئېيتىپ بېقىڭا، ئىچى ئاقمۇ، قارىمۇ؟

— ئاق، — جاۋاب بېرىپتۇ نەيۋېن.

شتېنوسەي تاۋۇزنى ئۇتتۇردىن ئىككى قىسپتۇ-دە، تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقنى كۆرستىپ تۇرۇپ:

— قاراڭ، قارا چىقتىمۇ؟ — دەپتۇ.

— بىراق تاۋۇزنىڭ ئېتى ئاق، — دەپتۇ نەيۋېن.

— تاۋۇز ئېتىنىڭ ئاق بولۇشىنىڭ كارايىتى چاغلىق، موھىمى ئەتىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقى، ئۇنىڭ ئۇرۇقى قارا، مەن بايا سىزدىن تاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى سورىغان، شۇڭا سورالغان نەرسە ئۇرۇقى بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئەڭ ئىچىدىكى نەرسە ئۇرۇق، — دەپتۇ شتېنوسەي.

— تاۋۇزنىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى نەرسىسى ئەمەس، — دەپتۇ نەيۋېن شتېنوسەيگە قاراپ، — تاۋۇز ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە باشقا نەرسە بار، — دەپتۇ-دە، بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقنى چىشى بىلەن چېقىپ، ئۇنىڭ مېغىزىنى چىقىرىپ، شتېنو-سەينىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— تاۋۇز ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە راست ئاقمىكىن، ئەمدى ماڭا ئۇتتۇرۇپ قويدىڭىزغۇ دەيمەن، — دەپتۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شتېنوسەينىڭ ئەدىبىنى پەقەت نەيۋېنلا بېرەلەيدىكەن.

شتېنوسەي بىلەن باي ئايال كۆل بويىغا راسلانغان سوتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، نەيۋېن ھەر ئىككى تەرەپتىن بولغان ئىشنىڭ ئۇتمۇشىنى سوراپتۇ. شتېنوسەي، ۋەدەمدىن يانغىنىم يوق، ئىككى ئاي بولغاندا بېرىمەن دېدىم، بېرىمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئاخىرى نەيۋېن بۇ ئىككىيلەنگە، بۇ ئەنزە بەك مۇرەككەپ

ئەتزە ئىكەن، بەزى ئىشلار تېخى يېشىلمىدى، داۋاملىق سوراق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ھازىر كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى، ئازراق دەم ئېلىۋالايلى، ھەممىڭلار قايتىپ تاماق يەڭلار-دە، چىراغ يېقىلغاندا يىغىلىڭلار، دەپتۇ.

سوت ئورنى مەشئەل بىلەن يوپيورۇق يورۇتۇلغاندا، جاۋابكار بىلەن دەۋاگەر بىردەك يېتىپ كەپتۇ. نەيۋىن شىتىنوسەينى قايتىدىن سوراق قىپتۇ:

— سىز شەرت قىلغان ئاي بىر يىل ئىچىدىكى "ئاي"مۇ، ياكى ئاسماندىكى "ئاي" مۇ؟

— ئاسماندىكى "ئاي"، — جاۋاب بېرىپتۇ شىتىنوسەي.

نەيۋىن كۆلگە چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ شولىسىنى كۆرسىتىپ:

— كۆلدىكى سۇس نۇر چاقنىتىپ تۇرغان يۇمۇلاق نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شىتىنوسەي.

— ئاۋۇ نېمە؟ — سوراپتۇ نەيۋىن شىتىنوسەيدىن ئاسماندىكى ئاينى كۆرسىتىپ.

— ئاي، — دەپتۇ شىتىنوسەي.

نەيۋىن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كۆلدە بىر ئاي، ئاسماندا بىر ئاي، ئىككىسى قوشۇلۇپ ئىككى ئاي بولغان دېگەن شۇ، شۇڭا بۈگۈنلا پايدىسىنى قوشۇپ قەرزنى تۆلىۋېتىڭ، — دەپتۇ.

شىتىنوسەينى تەر بېسىپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ، خەلقى ئالەم ئالدىدا يۈزى چۈشۈپتۇ.

# پادىشاھ بىلەن مالاي

فىلىپپىندە ئاشىن ئىسىملىك ئەقىللىق بىر ئادەم بولۇپ، پادىشاھنىڭ مالايلىقىنى قىلىدىكەن. بىركۈنى ئۇ ئۆيىدىكى باشقا مالايلارغا تازا پو ئېتىپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ:

— ئوردىدا مەندىن ئەقىللىق ئادەم يوق.

قېرىشقاندەك بۇ گەپنى پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ-دە، ئاشىننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆزۈڭنى ئوردا بويىچە ھەممىدىن ئەقىللىق دېيدىڭ، ئەمدى سېنى سىناپ كۆرەيلى. سەن بېلىق تۇتۇدىغان تورنى ئېلىپ بېرىپ، دېڭىزدىكى دولقۇننى تۇتۇپ كەل.

— ھەي، پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىش دېگەن بەك ئاسان، — دەپتۇ ئاشىن، — ماڭا پەقەت قۇمدىن ئېشىلگەن ئارغامچىلا كېرەك، ماڭا مۇشۇنداق ئارغامچىنى تېپىپ بېرەلىسىڭىز، مەن دېڭىز دولقۇنىنى تۇتۇپ كېلىمەن.

— يوقال ئوردىدىن، — دەپتۇ قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالغان پادىشاھ قاتتىق ئاچچىقلاپ، — ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، مېنىڭ بۇ زېمىنىمغا دەسسىمە.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ ئاشىن، دەرھال ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئاشىننىڭ ئوردا ئالدىدا كالا ھارۋىسىدا ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— مەن سېنى دەرھال بۇ يەردىن كەت دېمىدىممۇ؟ — دەپتۇ

پادىشاھ ۋارقىراپ، — يەنە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ كاللاڭ-دىن ئايرىلغىڭ كەلدىمۇ؟

— سىز مېنىڭ ئۆز يېرىمدە تۇرغىنىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ئاشىن كۈلۈمسىرەپ ۋە ھارۋىدىكى ئەت توپىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مەن توپىنى ئۆزۈمنىڭ يېرىدىن قېزىپ كەلدىم.

— بولدى، بولدى، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ قېتىممۇ سەن يەڭدىڭ، بىراق مەن ساڭا باشقا ئىش تاپشۇرىمەن. سەن بۇ كاۋىنى مۇشۇ چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىگە سال، بىراق، ئىدىشمۇ سۇنۇپ كەتمىسۇن، كاۋىمۇ پارچىلىنىپ كەتمىسۇن. — پادىشاھ گېپىنى تۈگىتىپلا بىر كاۋا بىلەن بىر چىنە ئىدىشنى ئاشىنغا بېرىپتۇ. بۇ كاۋا بەك يوغان بولۇپ، ئاغزى كىچىك بۇ چىنە ئىدىشقا ھەرگىز پاتمايدىكەن.

ئاشىن چىنە ئىدىشتىن كاۋىنىڭ يوغان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ قېتىم ھەقىقەتەن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، بۇ قىيىن مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ كۆكتاتلىقىدا كاۋا، پۇرچاق ۋە باشقا كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا كىچىك بىر كاۋا تۇرغان، كىچىك بولغاندا ھېلىقى چىنە ئىدىشنىڭ ئاغزىدىن پاتقىدەكلا ئىكەن. ئۇ ھېلىقى كاۋىنى پىلىكى بىلەن قوشۇپ چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۇنى شۇ يەردە ئۆستۈرۈپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى كاۋا چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ يوغىناپتۇ. ئاشىن كاۋا بىلەن كاۋا

سېلىنغان چىنە ئىدىشنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ چىنە ئىدىشنىڭ ئىچىگە سېلىنغان كاۋىسنى كۆرۈپتۇ، قارىسا ئىدىشمۇ سۇنمىغان، كاۋىمۇ ساق تۇرغان. بۇنىڭغا قاراپ ئىلاجىسىز ئاشىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ:

— ئاشىن، سەن ھەقىقەتەن ھەممىدىن ئەقىللىق ئىكەنسەن، — دەپتۇ.

## ئۈچتىن بىر

سۇھاترا ئارىلىدا بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئالقانچىلىك بىر چىشلەم يېرىدە بىر تۈپ بانان دەرىخى بار ئىكەن.

بىر كۈنى، راھىب، دوختۇر ۋە جازانىخور بۇ نامرات دېھقاننىڭ ئىشىكىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. جازانىخور بانان دەرىخىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى شېرىكلىرىگە:

— بىز ئۈچ كىشى، دېھقان بولسا ئۆزى يالغۇز بىر، قانداق قىلغان بىلەن قورساق تويغىدەك بانان يېيىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، — دەپتۇ، ئاندىن ئۇلار دېھقاننىڭ ئالدىدىلا ئاچ قالغان بۆرىدەك بانانغا تۇتۇش قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ دېھقاننىڭ ئىچى ئېچىشىپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: ئۇلار ئۈچ، مەن يالغۇز بىرلا، كۆپنىڭ كۈچى كۆپ بولىدۇ. بىراق قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ مېنىڭ يېرىمگە كېلىپ زورلۇق قىلىشىغا يول قويسام بولامدۇ؟ ئۇ ئويلا، ئويلا، ئاخىرى ھېلىقى چاقىرىلمىغان ئۈچ مېھماننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۈگۈن ئائىلەمدە تەڭرىنىڭ چاكىرى بىلەن ئاتاقلىق دوخ-

تۇرنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېسابلايـ-
مەن. بىراق، شۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتىمەنكى، مۇشۇ جازانىخورغا
ئوخشاش ئاچكۆز ئادەملەر قانداق قىلىپ ئاراڭلارغا قوشۇلۇپ قالدى؟
قاراڭلار ئۇنىڭ ئاچكۆزلۈكىگە، سىلەر باناندىن بىرنى ئۈزگىچە،
ئۇ تازا پىشقانلىرىدىن بەشنى ئۈزدى.

بۇ چاغدا راھىب بىلەن دوختۇرنىڭ ئوغىسى قايناپ، جازانىخورغا
قاراپ ۋارقىراپتۇ:

— قارا سېنىڭ ئاچكۆزلۈكۈڭنى، سەن بىزگە قىلچە يۈز-خاتىر
قىلمىدىڭ، يوقال بۇ يەردىن! بولمايدىغان بولسا، ئەدىبىڭنى
بېرىمىز.

جازانىخور، ئۇلار ئۈچ، مەن دېگەن بىر، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيـ-
مەن، دەپ ئويلاپتۇ-دە، رەسۋا بولۇپ بۇ يەردىن كېتىپ قېلىشقا
مەجبۇر بوپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، دېھقان دوختۇرغا قاراپ:

— ھۆرمەتلىك دوختۇر ئەپەندىم، مەندىن رەنجىمەڭ. مېنىڭ
ھېس قىلىشىمچە، سىزنىڭ دوختۇرلۇقتىكى مۇشۇ ھۈنىرىڭىز بىلەن
كىشلەرنىڭ كېسىلىنى ساقايتالمايسىز، — دەپتۇ.

— سېنىڭ دوختۇرلۇقتىن نېمە خەۋىرىڭ بولسۇن، سەن دېگەن
بىر قارا قورساق، نۇرغۇن ئادەملەر مېنىڭ قولۇمدا ساقايغان، —
دەپتۇ دوختۇر.

— مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ساقىيىشى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن
بولغان.

— بۇنىڭ تەڭرى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟ — دەپتۇ دوخـ-
تۇر ئاچچىقلىغان ھالدا، — ئادەملەر مېنىڭ قولۇمدا ساقايدى، تەڭرى

ساقايتقان ئەمەس.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ راھىبنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ-دە، دوختۇرغا:

— سەن تېخى تەڭرىنىڭ ئىلاھى كۈچىدىن گۇمانلانماقچىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇستاز، — دەپتۇ دېھقان راھىبقا يېقىنىدىن ماسلىشىپ، — ئۇ تەڭرىگە شەك كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى چوڭ.

راھىب ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ھوي قوڭالتاق دوختۇر، بۇ يەردىن دەرھال يوقال!

دوختۇر كۆڭلىدە، ئۇلار ئىككى، مەن دېگەن بىر، بەربىر ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمەن، دەپ ئويلاپ، ئاستا كېتىپ قاپتۇ.

دېھقان قوپماي ئولتۇرۇۋېلىپ بانان يەۋاتقان راھىبقا قاراپ:

— ئۇستاز، سىز مۇقەددەس بۇددا كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇدىڭىز، سىلەرنىڭ ئاشۇ كىتابلاردا، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىش ھارام دەپ كۆرسىتىلگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ھارام، — دەپتۇ راھىب قەتئىي ھالدا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دېھقان، — سىز نېمىشقا مېنىڭ بانانلىرىمنى قالايمىقان يەيسىز؟

راھىب جاۋاب بېرىپ بولغىچە، دېھقان قولىغا يوغان كالتەكنى ئېلىپ، چوڭ يولنى كۆرسىتىپ، غەزەپ بىلەن راھىبقا:

— سىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابىڭلاردا ئېيتىلغىنى بويىچە دەرھال يولىڭىزغا مېڭىڭ، بولمىسا، سىزگە يۈز-خاتىرە قىلمايمەن، — دەپتۇ.

راھىب كۆزىنىڭ قىرىدا دېھقاننىڭ قولىدىكى كالتەككە قاراپ

قويۇپ، تەڭرى ئەمسدى ماڭا ياردەم قىلالمايدىغان بولدى، دەپ
ھېس قىلىپ، قولىدىكى تاتلىق بانانلارنى تاشلاپ، ھە-ھۇ دېگۈچە
يولغا چىقىپتۇ-دە، دوپپىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي
تىكىۋېتىپتۇ.

## سۇ كالسىنىڭ غەلىبىسى

بۇنىڭدىن 600 نەچچە يىل مۇقەددەم ياۋا خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى
ئالمۇ ئارىلىغا كېلىپ، يولسىزلىق بىلەن ئۇ جايدىكى پۇقرالارغا:
ياۋا خانلىقى پۈتۈن ھىندونېزىيىدىكى ئالتۇن ئاراللارنىڭ ھۆكۈمە-
رانى بولدۇ، دەپ جاكارلاپتۇ.

چوڭ قوشۇن ۋۇجىباشۇبا تەۋەسىگە كەلگەندىن كېيىن، قوماندان
ئالمۇ ئارىلىنىڭ قەبىلە باشلىقىغا:

— ياۋا دۆلىتى تەڭدىشى يوق قۇدرەتلىك دۆلەت، سىلەر ئۈچۈن
بىردىنبىر يول قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش. ئۇنداق قىلمىساڭلار،
دۆلىتىڭلارنى ۋەيران قىلىپ، بىر مۇنچە پۇقرالىرىڭلارنىڭ جېنىنى
ئالىمىز، — دەپتۇ.

ئەقىللىق ئالمۇلىقلار ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— بىز نېمىشقا ئۆزئارا بىر-بىرىمىزنى قىرىدىكەنمىز؟ باشقا بىر
ئامال تېپىپ، يېڭىش، يېڭىلىشنى شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىسەك
بولمامدۇ؟

— سىلەرنىڭ نېمە ئامالىڭلار بار؟ — سوراپتۇ چوڭ قوشۇننىڭ
قوماندانى.

— ئىككى تەرەپ بىردىن سۇ كالىسىنى ئېپكېلىپ سوقۇشتۇرايلى،

سىلەر ئېلىپ كەلگەن سۇ كالىسى يېڭىپ چىقىدىغان بولسا، بىز ياۋا دۆلەتمىگە قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولايلى، بىز تەرەپنىڭ سۇ كالىسى يېڭىپ چىقىدىغان بولسا، بىز داۋاملىق ئۆزىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قالايلى.

— بەللى، بەللى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوماندان ئالمۇلىقلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ياۋا دۆلەتمگە ۋەكالەتەن سوقۇشىدىغان سۇ كالىسى تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئۇلار ئېپكەلگەن سۇ كالىسى تەڭلەشتۇرۇشكە بولمىغىدەك دەرىجىدە يوغان، چىرايىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرۇدىغان بىر كالا ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ ئەقىللىق ئالمۇلىقلارمۇ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپتۇ. ئۇلار ئەپچىل بىر چارە تېپىپتۇ: ئانىسىنى ئېمىۋاتقان موزايدىن بىرنى ئېپكېلىپ، كىچىك-كىچىك ياپىلاق تۆمۈر پارچىلىرىنى ئۇنىڭ مۈڭگۈزىگە چىڭ باغلاپ، ساق بىر كېچە-كۈندۈز ئاچ قويۇپتۇ، ئانىسىنى ئەمگىلى قويماپتۇ. ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن، چوڭ قوشۇننىڭ قوماندانىغا:

— قوماندان، بىزمۇ بىر سۇ كالىسى تېپىپ كەلدۇق، ئەمدى سوقۇشتۇرساق بولىدۇ، — دەپتۇ-دە بۇ كىچىك سۇ كالىسىنى كالا سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا يېتىلەپ ئېلىپ كەپتۇ.

ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقنىڭ دەردىدىن بولالماي قالغان موزاي قويۇپ بېرىلىش بىلەن تەڭ ھېلىقى يوغان مەخلۇققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇ بۇ كالىنى ئۆزىنىڭ ئانىسى دەپ ئويلاپ، ھە دەپ بېشىنى بۇ يوغان چىشى كالىنىڭ چېتىغا تىقىپ ئېمىشكە تۇتۇش قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا موزاينىڭ مۈڭگۈزىگە باغلانغان تۆمۈر پارچىلىرى چىشى

كالىنىڭ قورسىقىغا سانجىلغىلى تۇرۇپتىكەن، بۇ سانجىشنىڭ ئازابىغا چىدىمىغان يوغان چىشى كالا بار كۈچى بىلەن مۇزايىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ھۆركىرەپ قېچىپتۇ.

ئالمۇلىقلار ھەممىسى بىردەك مىنەنكاباۋ! مىنەنكاباۋ (بىزنىڭ كالا يەڭدى) دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ياۋا دۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرى گەپ-سۆز قىلماي بۇ دۆلەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئالمۇلىقلار شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەركىن ياشاپ كەپتۇ. كېيىن بۇ جاينىڭ ئىسمىنى "مىنەنكاباۋ" دەپ ئۆزگەرتىپتۇ.

## شاھمەت تاختىسىدىكى بۇغداي

بۇرۇنسىدا، ھىندىستاندا ئويۇنغا ئامراق بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ۋەزىرلىرىگە مۇنداق دەپتۇ: مەن كىشىنى زېرىكتۈرمەيدىغان بىر ئويۇنچۇققا ئىگە بولسام دەپ ئويلايمەن، كىمكى ئاشۇنداق بىرنەرسىنى تەقدىم قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ئىنئام بېرىمەن.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئەقىللىق بىر ۋەزىرى ئۇنىڭغا بىر خىل شاھمات تەقدىم قىپتۇ، شاھمات تاختىسىدا 64 كاتەكچە بار ئىكەن. شاھمەت ئۇرۇقىغا "شاھ"، "خانىش"، "ھارۋا"، "ئات"، "توپ" دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر يېزىلغانىكەن. بۇ شاھمات بىلەن تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينىغىلى بولىدىكەن-دە، كىشى ھەرگىز زېرىكمەيدىكەن. پادىشاھ بۇنى ئالغاندىن كېيىن ئەقىللىق ۋەزىرگە:

— مەن ساڭا كۆپ ئىنئام بېرىمەن. ئۆزۈڭ ئېيت، ساڭا نېمە

كېرەك. نېمە دېسەڭ بېرىمەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ ماڭا ئازراق بۇغداي دانىچىسى كېرەك، ـ دەپتۇ ھېلىقى ۋەزىر.

ـــ بۇغداي دانچىسى؟ بەللى، بەللى، قانچىلىك كېرەك؟

ـــ شاھ ئالىيلىرى، سىز شاھماتىنىڭ بىرىنچى كاتەكچىسىگە بىر تال، ئىككىنچى كاتەكچىسىگە ئىككى تال، ئۈچىنچى كاتەكچىسىگە تۆت تال، تۆتىنچى كاتەكچىسىگە سەككىز تال... قويۇپ، مۇشۇ تەرىقىدە شاھماتنىڭ 64 كاتەكچىسىگە قويۇپ چىقسىڭىز بولدى.

پادىشاھ ئويلاپتۇ: بۇنىڭغا قانچىلىك كېتەتتى، ناھايىتى كەلسە بىرنەچچە يۈزجىڭ كېتەر، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئۇ ئاشلىق باشقۇرىدىغان ۋەزىرىگە:

ـــ ئامباردىن بىرنەچچە تاغار بۇغداي ئېپچىقىپ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپ بەرگىن، ـــ دەپتۇ.

ئاشلىق ۋەزىرى ھېسابلاپ كۆرۈپ بىردىنلا چۆچۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئالدىراپ بېرىپ پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم قىپتۇ:

ـــ مۇشۇ بويىچە ھېسابلايدىغان بولساق، دۆلىتىمىز تەۋەسىدىكى ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەرسەكمۇ، تېخى يەنە گەدىنىمىزدە ناھايىتى نۇرغۇن قەرز قالىدىكەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ھېسابلاش يولىنى شاھقا كۆرسىتىپتۇ:

$1+2+2^2+2^3+\ldots+2^{63}$

$=18.446.744.073.709.551.615$ (دانە بوغداي)

بىر كۇپ مېتر بۇغداي دانچىسى 15 مىلىون دانە چىقىدۇ، مۇشۇ ھېساب بويىچە بولغاندا، ئۇ ۋەزىرگە بىر تىرلىيون 200 مىلىيارت كۇپ مېتر بۇغداي بەرسەك بولىدۇ، بۇ بۇغداي پۈتۈن دۇنيانىڭ 2000

يىل ئىشلەپچىقارغان بۇغدىيىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ.

پادىشاھنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئالدىراپ ئاشلىق ۋەزىرىدىن سوراپتۇ:

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ماقۇل بېرەي دېسەم، ئۇنىڭغا ئۆمۈر ـ ۋايەت قەرز بولۇپ قالىدىكەنمەن، بەرمەي دېسەم، گېپىدە تۇرمىغان بولۇپ قالىمەن، ئەمدى سەن بىر ئامال ئويلىغىن.

ئاشلىق ۋەزىرى ئويلاپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىرلا ئامال بار، سىز چوقۇم گېپىڭىزدە تۇرۇشىڭىز كېرەك، شۇنداق قىلسىڭىز پۈتۈن خەلق سىزنىڭ ياخشى پادشاھ ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىدۇ.

— مەندە ئۇنچە كۆپ بۇغداي بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

— بۇيرۇق بىلەن ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئاچتۇرۇڭ، ئاندىن سىزگە شاھمات تەقدىم قىلغان ھېلىقى ۋەزىرنى تەكلىپ قىلىڭ ـ دە، ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك بۇغداينى بىر ـ بىرلەپ سانىۋالسۇن.

— بۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

بىر سېكونتتا ئىككى تالدىن بۇغداي سانىسۇن دەيلى، — دەپتۇ ئاشلىق ۋەزىرى ھېسابلاپ كۆرۈپ، — كۈنلىكى 12 سائەت بۇغداي سانىسا، 43 مىڭ 200 سېكۇنت بوغداي سانايدۇ، مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ئون يىل بۇغداي سانىسا، ئاران 20 كۈپ مېتىر بۇغداي سانىيالايدۇ، ئەگەردە ھېلىقى ساندىكى بۇغداينى ساناپ بولىمەن دېسە، بۇنىڭغا 290 مىليارت يىل كېتىدۇ. ئۇ قانچىلىك ياشىيالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە زېرىكىشلىك تۇرمۇش كىشىنى ئازابلايدۇ، مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقارمامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئويلاي-مەنكى، ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۇنچە-

لىك نورغۇن بۇغداي دانىچىسىغا ئېرىشىش ئەمەس، پەقەت بۇ دۆلەتتە ئۆزىدىنمۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ بار-يوقلىقىنى سىناپ كۆرۈشتىن ئىبارەت.

پادىشاھ خۇشال بولغان ھالدا ئۇنى ماختاپ:

— قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئەقىللىق ئادەم سەن ئىكەنسەن، دۆلەتنى ئەقىللىق ئەربابلار باشقۇرسا، دۆلەت روناق تاپىدۇ. مەن ئىككىلارنى ئوڭ، سول قول ۋەزىر قىلىپ ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدىم، — دەپتۇ.

## ئىككى كاچات

بۇرۇن ھىندىستاندا كېلىشكەن بىر شاھزادە ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھەرقېتىم ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرگەندە، دۇنيادا چىرايلىقلىقتا ماڭا تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوق، دەپ ئويلايدىكەن-دە، ئۆمۈر بويى توي قىلماسلىق قارارىغا كېلىدىكەن. بىراق، پادىشاھنىڭ بىرلا ئوغلى بولغاچقا، ئوغلى توي قىلمايدىغان بولسا، خانلىق ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن. ئۆزىنىڭ كېيىدە تۇرۇۋالىدىغان جاھىل شاھزادە توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇيۇ، توي قىلىش ئۈچۈن ئېغىر ۋە قاملاشمىغان بىر شەرتىنى قويۇپتۇ، يەنى مەن بىلەن توي قىلىدىغان قىز ئىككى كاچات بىلەن مېنى ئايلاندۇرۇۋېتەلىسە، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن؛ ئىككى كاچات بىلەن مېنى ئايلاندۇرۇۋېتەلمىسە، ئۇ قىزنىڭ تىلىنى كېسىمەن.

پادىشاھ ئوغلى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ شەرتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ توي قىلىش شەرتى

ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن ھەممە ئادەم ھەيران قاپتۇ، بۇ شەرتنىڭ بىمەنىلىكىدىن ئۇنى مازاق قىپتۇ.

بۇ خەۋەر ئاستا ـ ئاستا يۇرت ئاتلاپ بىر-سپ گىرىنا دۆلتىنىڭ مەلىكىسى گىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتىكەن، ئۇمۇ ھەيران بوپتۇ، بۇ مەلىكىمۇ ئاللىبۇرۇن كۆڭلىدە ئاشۇ شاھزادە بىلەن توي قىلىشقا قەسەم قىلغانىكەن. ئەمما ئۇ بىر نازۇك، يۇمران قىز تۇرسا، قانداقمۇ ئۇ كۈچلۈك شاھزادىنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتەلىسۇن؟ بۇ مەلىكىمۇ ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان جاھىل قىزلاردىن ئىكەن، ئۇ شاھزادىنىڭ شەرتىنىڭ شۇنچە ئېغىر ئىكەنلىكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھەتىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ توي قىلىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقى توغرىسىدا خەت يېزىپ شاھزادىگە ئەۋەتىپتۇ.

مەلىكە ناھايىتى تېزلا تەكلىپ قەغىزى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ ـ دە، شاھزادىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. پۇقرالار مەلىكىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ بىردەك بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ. مۇشۇنداق گۈزەل مەلىكىنىڭ قاراپ تۇرۇپ تىلى كېسىلىپ كەتسە ـ ھە! ئادەم ئۆلتۈرۈپ خوردا بولۇپ كەتكەن قاتىلنىڭمۇ بۇنىڭغا قولى بارماس! ھەممەيلەن مەلىكىنىڭ قايتىپ كېتىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ، ئەمما مەلىكە گىرى كۆپچىلىكنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماپتۇ. مەلىكىنى كۆرۈش بىلەن شاھزادىنىڭ كۆڭلىمۇ بىر خىل بولۇپ قاپتۇ: مۇشۇنداق نازۇك، يۇمران بىر مەلىكە قانداق قىلىپ مېنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتەلەر؟ ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ شەرتىدىن پۇشايمان قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىراق ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، بۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن؟ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بىمەنىلىكىدىن رەنجىپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپتۇ، مەلىكە ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ تەپسىلىي كۆزىتىپتىكەن، قارىسا، ئۇنىڭ تەكەب-

بۇرلۇقى تۈگىگەن، بىرسىنىڭ ئىشارىتى بىلەن مەلىكە غەزەپ بىلەن قولىنى كۆتۈرۈپ، شاھزادىنىڭ ئوڭ كاچىتىغا بىرنى، ئارقىدىن سول كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، راست دېگەندەك شاھزادە ئايلە-نىپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

شاھزادە ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، شۇ ھامان توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن دۆلەتنى تەنتەنە ساداسى قاپلاپتۇ.

توي تۈگىگەندىن كېيىن، شاھزادە مەلىكىدىن سوراپتۇ:

— يۈرىكىڭىز نېمانچە چوڭ، قانداق قىلىپ توي قىلىش توغرىسى-دىكى شۇنچە ئېغىر شەرتىنى قوبۇل قىلدىڭىز؟ ئايلىنىپ ئۆرۈلۈپ كەتمىسەم قانداق قىلاتتىڭىز؟

— نېمە ئۈچۈن ئۆرۈلۈپ كەتمەيدىكەنسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە گىرى كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن ئۆز كۈچۈمگە ئىشىنىمەن.

— سىز تېخى مېنىڭ ئىككى كاچىتىم ئايلاندۇرۇۋەتتى دەپ ئويل-لىمىسىز، — دەپتۇ شاھزادە ئاچچىقلانغان ھالدا، — مەن قەستەن ئايلىنىپ كەتكەن بولىۋالدىم. قارىسام سىز بەك گۈزەل ئىكەنسىز، سىزگە ئىچىم ئاغرىدى، قاراپ تۇرۇپ تىلىڭىزنى كېسىشكە قولۇم بارمىدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ مەلىكە گىرى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق، ئايلىنىپ كەتمەيمەن دېسىڭىزمۇ ئايلىنىپ كېتەتتىڭىز.

— نېمە دېدىڭىز؟ — شاھزادە ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ.

— نېمىگە ئاچچىقلايسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە كۈلۈپ تۇرۇپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەھۋال مۇنداق بولغان، ئىشتىن بۇرۇن مەن چۆرە قىزلار ئارقىلىق سىزگە دورا بىھۇش ئىچكۈزۈۋەت-تىم، بۇ ئىشتىن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ خەۋىرى بار. ئويلاپ بېقىڭ،

سىز راستتىن ئىككى كاچات بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان بولسىڭىز، مەن سىز بىلەن توي قىلاتتىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھزادە خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سايتۇ.

## بىربا بىلەن پادىشاھ

بىركۈنى، ھىندىستاندىكى موغۇل خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەكبەر (1542 ــ 1605) قەغەزگە بىر سىزىق سىزىپتۇ-دە، ئاندىن بىرباغا قاراپ:

ــ بۇ سىزىقنى ئۆزۈپ قويساڭ بولمايدۇ، ئەمما بۇنى قىسقارتىشىڭ كېرەك، قېنى ئەمسە، باشلا، ــ دەپتۇ.

بىربا دەرھال ھېلىقى سىزىقنىڭ ئاستىغا ئۇزۇن بىر سىزىق سىزىپ:

شاھ ئالىيلىرى سىزىقىڭىز بۇ سىزىققا قارىغاندا قىسقاردى، ــ دەپتۇ.

ئەكبەر بۇنى كۆرۈپ گەپ قىلالماي قاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، پادىشاھ ئەكبەر بىربادىن سوراپتۇ:

ــ ئېيتىپ باققىنا، دۇنيادا ھەممىدىن كىم چوڭ؟

ــ مېنىڭچە، ھەممىدىن كىچىك بالا چوڭ، ــ دەپ دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ بىربا.

ئەكبەر بۇ جاۋابقا رازى بولماپتۇ-دە، بىرباغا ئاساس تېپىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىربا بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپرەك مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىپتىكەن، پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ.

بىركۈنى بېربا سىرتقا چىقىپ، بىر دوستىنىڭ بىر ياش ئەتراپە-
دىكى بالىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ، بالا شۇنداق چىرايلىق ئىكەن، ئۇنىڭ
ئۇستىگە ھېچكىمدىن ھېيىقمايدىكەن. بېربا بۇ بالىنى كۆتۈرۈپ
ئوردىغا كىرىپتىكەن، پادىشاھ ئەكبەر بالىنى كۆرۈپ بەك خۇشال
بوپتۇ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا بېسىپتۇ، بالا پادىشاھنىڭ قۇچىقىدا
تۇرۇپ، ئۇنىڭ ساقاللىرىنى تارتقىلى تۇرۇپتۇ، پادىشاھ ئاغرىققا
چىدىماي بېرباغا:

— سەن بۇ كەپسىز بالىنى نەدىن ئېپكەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— دۇنيادىكى ئورنىڭىز ھەممە ئادەمنىڭكىدىن چوڭ بولسىمۇ، —
دەپتۇ بېربا، — سىزگە شۇنى دەپ قويايكى، ھازىر بۇ بالا سىزدىن
چوڭ، ئۇنداق بولمىسا، ساقىلىڭىزنى تارتىپ ئوينىيالايتتىمۇ؟
باشقىلار نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ؟

پادىشاھ بېربانىڭ جاۋابىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ.

## ئەقىل-پاراسەتنىڭ مۇھىملىقى

بۇرۇن ھىندىستاندا ئىككى ئاغىنە ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىرى
ناھايىتى باي ئىكەن، يەنە بىرى تولىمۇ ئەقىللىق ئىكەن. باي
ھەمىشە پۇل ھەممىدىن موھىم دەيدىكەن، ھېلىقى ئەقىللىق دوست
بۇ قاراشقا قوشۇلمايدىكەن، ئىككىيلەن مۇشۇ توغرىدا داۋاملىق
تالاش-تارتىش قىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ئاخىرى بىرسىنى تېپىپ،
شۇ ئادەمنىڭ ئايرىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشقا كېلىشىپتۇ. بىراق ئۇ
ئادەممۇ بۇ ئىشنى ئايرىيالماپتۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ مەسىلىنى بىر
ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتىكەن، ۋەزىرمۇ بىر تەرەپ قىلالماپتۇ. ئاخىرى

بولماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتىكەن، پادىشاھ كەسكىن ھالدا ئۇلارغا:

— بۇ ئىككىسىنى ئېپچىقىپ، كاللىسىنى ئېلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىڭلار، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىككى ئاغىنىنىڭ چىرايىدا قان قالماپتۇ.

ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ، بىراق پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئەقىللىق دوست ئۆرۈلۈپ باي دوستىغا قاراپ:

— قەدىرلىك دوستۇم، بىرەر ئامال تېپىپ، بىزنى مۇشۇ بالايى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ، — دەپتۇ.

— ئىچىم بەك تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ باي دوستى، — ئەزىز جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ئادەم بولسا، مال-دۇنيارىمنىڭ يېرىمىنى شۇ كىشىگە بېرەتتىم. ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئۆيدىكى مال-دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى بار.

— جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسام، — دەپتۇ ئەقىللىق دوست دەرھاللا، — راستتىن مال-دۇنيارىڭنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرەمسەن؟

— چاتاق يوق، دېگەن گېپىمدە قەتئىي تۇرىمەن، — دەپتۇ باي دوست دەرھاللا. ئاندىن دېگەن گەپلىرىنى قەغەزگە يېزىپ، ئەقىللىق دوستىغا بېرىپتۇ.

ئەقىللىق دوست قەغەزنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، باي دوستىنى بىللە ئېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ-دە، ۋەزىردىن ئۆزلىرىنى دەرھال ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ.

ۋەزىر ھەيران بولغان ھالدا ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— نېمە ئويلاۋاتىسىلەر؟ ئۆلۈشكە نېمانچە ئالدىراپ

كېتىسلەر؟

ــ ئۈلۈشكە تەيىن تاپقانىكەنمىز، ــ دەپتۇ ئەقىللىق دوست كۈلۈپ كېتىپ، ــ خۇشاللىق بىلەن ئۈلۈشىمىز كېرەك. ئىنجىلدا ئېيتىلىشىچە، گۇناھسىز ئادەم ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ روھى ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىكەن، ھەتتا ھەرىكەت قىلىنىپ ئۆچ ئېلىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرىغان ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن. شۇڭا بىزنى تېزرەك ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز. ئەمدى بىزنى ئۆلتۈرۈشكە تېز تۇتۇش قىلىڭ.

ۋەزىر نېمە بولغانلىقىنى ئۇقماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، باياتىن بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا بىرقۇر بايان قىلىپ، پادىشاھدىن بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن ھازىرلا ئۈلۈشنى تەلەپ قىلىشۋاتقانلىقىنى سوراپتىكەن، ئەقىللىق دوست ۋەزىرگە دېگەن گەپنى بىرقۇر تەكرارلاپ، باي دوستى يېزىپ بەرگەن خەتنى پادىشاھقا بېرىپتۇ.

پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ بولدى سەن ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭ، خالىغان يېرىڭگە بېرىشۇر. سىلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشىڭلارمۇ ھەل بولدى، بايمۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ موھىملىقىغا ئەمدى ئىشەندى، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى قويۇپ بېرىپتۇ.

## پادىشاھ بىلەن مۇنەججىم

بۇرۇن ھىندىستاندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر قېتىم ئۆز

دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ. خان ئوردىسىدا بىر مۇنەججىم بار ئىكەنتۇ، دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەنىكەن. ھۇجۇمغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى مۇنەججىم ئالدىن ھۆكۈم قىلىپ، قوشۇن ئەتە ياكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولسا، ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولىدۇ، دەپتۇ. مۇنەججىمنىڭ مەقسىتى دۈشمەنلەرنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئوبدان قىلىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئىكەن.

قوشۇندىكىلەر مۇنەججىمنىڭ سۆزىگە بەك ئىشىنىپ كېتىپ، پادىشاھقا ئەتە ياكى كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇرۇشقا چىقمايلى، بولمىسا ئۆزىمىزنى بىكاردىن بىكار ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمىز، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ. چۈنكى، ئۇ مۇنەججىمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغان بولسا، غەلىبە قىلىشتىن مەھرۇم بولىدىكەن، ئەمما ئۇ شۇنى بىلىدىكەنكى، قوشۇندىكىلەر بەك خۇراپىي بولۇپ، مۇنەججىمنىڭ سۆزىنى مۆرى تىللا بىلىدىكەن، مۇنەججىمنىڭ سۆزىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا بولغان خۇراپىيلارچە ئىشىنىشنى تۈگەتكىلى بولىدىكەن.

پادىشاھ ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن، مۇنەججىمنى خان ئوردىسىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ماڭا شۇنى ئېيتىپ بېرىڭ، سىز قاچان ئۆلىسىز؟

— مەن 31 يىلدىن كېيىن ئۆلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇنەججىم ئويلاپ تۇرمايلا.

پادىشاھ شۇ كۈنى كەچتە ئادەم ئەۋەتىپ، يەنى ئۆزىنىڭ يېقىنى — قوشۇنىنىڭ قوماندانىنى ئەۋەتىپ مۇنەججىمنى ئۆلتۈر-

گۇزۆۋېتىپ، پۈتۈن قوشۇنغا مۇنداق جاكارلاپتۇ:

— مۇنەججىم ئۆزىنىڭ 31 يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئالدىن ھۆكۈم قىلغانىدى، بىراق ئۇ تۈنۈگۈن ئۆلدى. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، ئۇنىڭ ئالدىن قىلغان ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى خاتا، بۇ قاپاقباشنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇرۇش غەلىبىسىدىن قۇرۇق قالماسلىقىمىز لازىم. بىز دەرھال ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى.

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ماقۇل بوپتۇ، نەتىجىدە پادىشاھ قوشۇنلىرى چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن قورغانلىرىنى ۋەيران قىپتۇ. قىلچە تەييارلىقى بولمىغان دۈشمەنىنىڭ بىر ھۇجۇم بىلەن ۋەتۋەرىكى چىقىپ كېتىپتۇ.

## مومايىنىڭ ئوغرى تۇتۇشى

ھىندىستاننىڭ كارارا شتاتى يېزىسىدا بىر ئوغرى بار ئىكەن، ئۇ ھەمىشە كېچىسى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ نەرسە-كېرەكلەرنى ئوغۇرلايدىكەن. بىركۈنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ خوشنا يېزىدىكى مارىيە دېگەن ئايالنىڭ تولىمۇ تىرىشچان ھەم تېجەشلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— بۇ مومايدا چوقۇم پۇل كۆپ، — دەپتۇ ئايالنىڭ بىرى.

— شۇنى دېمەمدىغان، ئۇ ئادەتتە بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭنىمۇ تەستە خەجلەيدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا، پۇللىرىنى يىغىپ قويىۋاتقانلىقى چوقۇم، — دەپتۇ يەنە بىرسى.

ئوغرى بۇ ئىككى ئايالنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،

ئىزدەپ ــ سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى مومايىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى بىلىۋاپتۇ.

ئوغرى شۇ كۈنى كەچتە مارىيىنىڭ ئۆيىگە ئوغۇرلۇققا بېرىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ، پالما دەرىخى يوپۇرمىقىدا يېپىلغان ئۆگزىنى ئاستا ــ ئاستا ئېچىشقا باشلاپتۇ.

مارىيە ئۆگزىدىكى تىۋىشنى ئاڭلاپ، ئوغرى كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئاخىرى بىر ئامال ئويلاپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى ئاۋىلەن تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن، موماي قەستەن ۋارقىراپ:

ــ ئاۋىلەن ئوغلۇم، تورۇستىكى پۇل ساندۇقى جايىدىمۇ؟ ــ دەپتۇ.

ئوغرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە پۇل ساندۇقنى ئاسانلا قولغا چۈشۈرىدىغان بولدۇم، سەكرەپ سالامەت تورۇسقا چۈشسەملا، پۇل ساندۇقنى ئالالايمەن دەپ ئويلاپتىكەن. ئوغرى ئەسلىدە موماي پۇلنى تاختاينىڭ ئاستىغا يوشۇرغان بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلغانىكەندۇق. بۈگۈن ھەممە يەر قاراڭغۇ بولسىمۇ، پۇل ساندۇقنى ئېلىپ مېڭىش قىيىن ئەمەس ئىكەن.

ئوغرى ئۆگزىدىن چۈشسەم تورۇسقا چۈشىمەن دەپ ئويلاپ، ئۈستىدىن تۇرۇپ سەكرەپتىكەن، بۇ ئۆينىڭ ئايرىم تورۇسى بولمىغاچقا، 20 نەچچە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يەردىن "پوك" قىلىپ يەرگە چۈشۈپ، بەدەنلىرى يارىلىنىپتۇ، ئۇ يارىلانغان جاينىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي:

ــ ھوي ئەسكى قېرى، سەن نېمە ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىپ مېنى ئالدايسەن، ــ دەپ ۋايسىغىلى تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ موماي ئۇغرىنى تۇتۇپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

## جاۋاب بېرىش تەس تۆت سوئال

بىركۈنى ھىندىستانلىق بىر سودىگەرنىڭ كېلىنى يېزىدىن خېلى يىراق جايدىكى بىر قۇدۇققا سۇ ئالغىلى بېرىپتۇ. چېلەكنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىشقا تۆت يولۇچى قۇدۇقنىڭ بېشىغا كەپتۇ.

يولۇچىلارنىڭ بىرسى كېلىنچەككە قاراپ:

— بەك ئۇسساپ كەتتىم، سۇيىڭىزدىن ئازراق بېرەمسىز؟ — دەپتۇ.

كېلىنچەك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇستىباشلىرى بەك ئاددىي، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ ئىچىدىغان بىرنەرسىسى يوق ئىكەن، كېيىن ئۇ ھېلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— سىز كىم بولىسىز؟

— مەن بىر ساياھەتچى بولىمەن، — جاۋاب بېرىپتۇ بىرىنچى ئادەم.

— دۇنيادا ئاران ئىككى ساياھەتچى بار، — دەپتۇ كېلىنچەك ئارقىدىنلا، — سىز شۇنىڭ قايسىسى؟

ساياھەتچى جاۋاب بېرەلمەپتۇ. سودىگەرنىڭ كېلىنى ئۇنىڭغا:

— سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمىسىڭىز، سۇ ئىچەلمەيسىز، — دەپتۇ.

ئارقىدىن ئىككىنچى يولۇچى كېلىپ سۇ سوراپتۇ. كېلىنچەك ئۇنىڭدىنمۇ كىملىكىنى سوراپتىكەن، ئىككىنچى ئادەم:

— مەن بىر بىچارە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— دۇنيادا ئۈچ ئاغرىتىشقا تېگىشلىك بىچارىلار ئاران ئىككى، سىز ئۇنىڭ قايسىسى؟

ئىككىنچى ئادەممۇ بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىگەچكە سۇ ئىچەلمەپتۇ.

ئۈچىنچى ئادەممۇ ئالدىنقى ئىككى ئادەمگە ئوخشاشلا مەسىلىگە دۇچ كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى مەن بىر نادان ئادەم دەپتۇ. سودىگەرنىڭ كېلىنى ئۇنىڭدىن:

— دۇنيادا ئىككىلا نادان نەرسە بار، سىز شۇنىڭ قايسىسى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ ئادەم تىلى تۇتۇلۇپ، جاۋاب بېرەلمەي قاپتۇ.

ئاخىرى نۆۋەت تۆتىنچى ئادەمگە كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەخمەق دەپتىكەن، كېلىنچەك ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىز ئىككى ئەخمەقنىڭ قايسىسى بولىسىز؟

ئۇ ئادەممۇ سۆز قىلالماي قاپتۇ.

سودىگەرنىڭ كېلىنى سۇنى ئېلىپ بولۇپ، چېلەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئالدىدا:

— ئۇسسىغان بولساڭلار، ئارقامدىن مېڭىپ ئۆيۈمگە بېرىڭلار، ئۆيدە ھەممىڭلارگە سۇ بېرىمەن، — دەپتۇ. تۆت يولۇچى ئۇلاجىسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، كېلىنچەك چېلەكنى قويۇپ، كىيىم-لىرىنى ئالماشتۇرۇپ، سۇنى ئېلىپ پېشايۋانغا كەپتۇ. يولۇچىلارغا سۇ بېرىپتۇ، يولۇچىلار سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن يولغا راۋان بوپتۇ.

سودىگەر پېشايۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ بولغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ-دە، ئۆز-ئۆزىگە:

— ئوغلۇم ئۇيدە بولسا، يات ئادەملەرنى ئۆيگە باشلاپ كىرىش تازا بولمىغان ئىش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى نىيىتىنى بۇزىدىغان بولسا، ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىش بولاتتى.

سودىگەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىرىپ، كېلىنىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بىرىپتۇ. پادىشاھ قورۇقچىلار ئارقىلىق كېلىنچەكنى ئوردىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئېرىڭىز ئۆيدە يوق تۇرسا، نېمىشقا تۆت ئەر كىشىنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىڭىز؟

سودىگەرنىڭ كېلىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇسسىغان ئادەمگە بىر پىيالە سۇ بىرىش ئايالالارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. سۇ ئېلىشقا بارغىنىمدا كىيىملىرىم تولۇق كىيىلمىگەن، قاملاشمىغان قىياپەتتە ئىدىم، قۇدۇق بېشىدا ئۇلارغا سۇ بىرىش ئەپسىز بولىدى، شۇڭا مەن ئۇلار جاۋاب بىرىش تەس بولغان سۇئاللارنى قويۇپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم، مەن سورىغان سوئاللارغا ئۇلار جاۋاب بىرەلمەيتتى.

— قانداق سوئال سورىغان؟ — سوراپتۇ پادىشاھ كېلىنچەكتىن.

كېلىنچەك سوئاللارنى تەكرارلاپ بىرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بىرەلمەپتۇ، جاۋاب بىرەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالغان پادىشاھ كېلىنچەكتىن بۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى سوراپتۇ.

كېلىنچەك جاۋاب بىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭچە، بىرىنچى سوئالنىڭ جاۋابى مۇنداق بولۇشى كېرەك: دۇنيادا ئىككىلا ساياھەتچى بار، بىرسى، قۇياش، يەنە بىرسى ئاي؛ ئىككىنچى سوئالنىڭ جاۋابى: پەقەت كالا بىلەن كېلىنلا بىچارە

ھېسابلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى سوئالىنىڭ جاۋابى: سۇ بىلەن يېمەكلىك، چۈنكى ئۇلار دۆت ئادەملەرنىڭ ئىش قىلغىنىغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ ئاچلىقى ۋە ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشنىلا بىلىدۇ. تۆتىنچى ئادەم ئۆزىنى ئەخمەق دېگەنتى، مەن سىز ئىككى ئەخمەقنىڭ قايسىسى دېسەم جاۋاب بېرەلمىدى.

— سىز دۇنيادا ئىككىلا ئەخمەق بار دەپسىز، — سوراپتۇ پادشاھ قىزىقىپ، — ئېيتىپ بېقىڭا، قايسى ئىككى ئەخمەق؟

— كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز، ئاندىن دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ كېلىنچەك.

— ئوردىدا سوئالغا جاۋاب بەرگەندە، تىل چايناشنىڭ ھاجىتى يوق.

— ھازىر ئىككى ئەخمەق بار، بىرى، قېيىن ئاتام، ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتىنى ئۇقماي تۇرۇپلا، ئوردىغا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ كەلدى؛ يەنە بىر ئەخمەق سىز، چۈنكى سىز كېلىنلارنىڭ ئىجتىمائىي غورۇرى بىلەن ھېسابلاشماي، مېنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەلدىڭىز.

پادىشاھ خىجىللىقنىڭ دەستىدىن تۇرالماي قاپتۇ، بىراق كۆڭلىدە بۇ ئايالغا قايىل بوپتۇ.

## دەرەخنى گۇۋاھچى قىلىش

ھىندىستاننىڭ گولمود شەھىرىدە لادىنار ۋە مۆدىنار ئىسىملىك ئىككى ئادەم بار ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن زادى ئايرىلمايدىكەن.

بۇرۇنسىدا ئادەم ھازىرقىدەك زىچ بولمىغاچقا، ئۇ ياق ـ بۇ ياققا

يۇرۇپ تۇرىدىغان يولۇچىلار كۆپ ئەمەسكەن، تاۋاپقا بارغانلار ھەمىشە يولدا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بىر يىلى، مۇدىنارنىڭ بىر تۇغقىنى گاسىغا تاۋاپقا بارىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مۇدىنار خوتۇنى بىلەن مۇنداق پۇرسەت ئون يىلدا ئاران بىر كېلىدۇ، بىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ، گانگ دەرياسىنىڭ سۈيىدە بىر يۇيۇنۇپ كەلمەيلىمۇ دېگەن خىيالغا كەپتۇ. بىراق ئوغرى-يالغان كۆپ بولۇپ كەتكەن بۇگۈنكى كۈندە، ئۆيدىكى مال-دۇنياغا قاراپ تۇرىدىغان ئادەم يوق، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك دېگەننىمۇ ئويلاپتۇ. بۇ چاغدا مۇدىنار ئاغىنىسى چوڭ سودىگەر لادىنارنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ لادىنارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى كىچىك بىر ساندۇققا ساپتۇ.

يولدا كېتىۋېتىپ، خۇددى چاقىرىپ قويغاندەك، لادىنارنى ئۇچرىدىتىپ قاپتۇ. 7-، 8-ئاي كۈنلىرى، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەنكەن، ئىككى ئاغىنە يولنىڭ بويىدا چوڭ بىر تۈپ تېرەكنىڭ سايىسىدا تۇرۇپ سۆزلىشىپتۇ. مۇدىنار ئۆزىنىڭ كېلىشىدىكى مەقسىتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ ئالتۇن جابدۇق، بۇ بولسا ئۇنىڭ تىزىمى، ساندۇق چىڭ ئېتىلدى. ئىشىنەلمەي قالىدىغان بولساڭ، ئۆيۈڭگە بىللە بارىلى، ئالدىڭدا بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.

— بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ لادىنار، — مېڭىشقا ئالدىراۋېتىپسەن، خاتىرجەم يولغا چىقىۋەر، سەپەر پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويما. مەن ساندۇقنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ، ئېھتىيات بىلەن ساقلايمەن، سەن بۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.

ئالتۇن جابدۇق سېلىنغان ئېغىر ساندۇقنى ئۆيگە ئېلىپ بارغاندىن

كېيىن، لادىنارنىڭ ئاچكۆزلۈكى تۇتۇپتۇ. بىرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇدىنار تاۋاپتىن قايتىپ كەپتۇ، ئۇ كېلىپلا لادىناردىن ئالتۇن جابدۇق ساندۇقنى سوراپتىكەن، لادىنار ئىللا ـ بىللا بىلمەيمەن دەپ تېنىۋاپتۇ. مۇدىنار لادىنارنىڭ بۇ قىلغىنىغا چىدىيالماي سوتقا ئەرز قىپتۇ.

سوتچى ئوچاز ئىككى ئاغىنىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لادىنارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاشۇنداق ئىشنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سوراپتىكەن، لادىنار ئىككى قولىدا «بىخاگاۋات»نى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ۋە گانگ دەرياسىنىڭ زەمزەم سۈيىنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىپ، "ئۇنىڭ ئالتۇن جابدۇق ساندۇقىدىن زادىلا خەۋىرىم يوق"دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئوچاز ياندۇرۇپ مۇدىناردىن سوراپتۇ:

ـــ سىز ئالتۇن جابدۇق ساندۇقنى قەيەردە، كىمنىڭ ئالدىدا لادىنارغا بەردىڭىز؟ ئالتۇن جابدۇقنىڭ تىزىملىكى بارمۇ؟

مۇدىنار ئالتۇن جابدۇق تىزىملىكىنىڭ ئۆزىدە قالغان نۇسخىسىنى سوتچىغا بېرىپ:

ـــ تەخسىر، ساندۇقنى ئۇنىڭغا بەرگەن چېغىمدا، يېنىمىزدا ئۈچىنچى بىر ئادەم يوق ئىدى، پەقەت يولنىڭ بويىدا بىر تۈپ تېرەك بار ئىدى. مەن ئاشۇ تېرەكنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ساندۇقنى ئۇنىڭغا بەرگەن.

ئوچاز مۇدىنارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، لادىناردىن گۇمانلىنىپتۇ، بىراق ئىسپات بولمىغان ئەھۋالدا، لادىناردەك مۇشۇنداق بىر چوڭ سودىگەرنى جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلىش بەكمۇ قىيىن ئىش ئىكەن. ئۇ ئادەملىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، مۇنداق

دەپتۇ:

— ھېلىقى تېرەككە بېرىپ ئۇنىڭغا دەڭلار، سوتچى ئۇنى دەرھال سوتقا كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈشكە چاقىرىدۇ.

سوتچىنىڭ ئادەملىرى يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. سوتقا قاتناشقانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشۇپتۇ: دەرەخمۇ سوتقا كېلىپ گۇۋاھ- لىقتىن ئۆتەمدىغاندۇ؟ سوتنىڭ ئادەملىرى كەتكىلى خېلى ئۇزاق بوپتۇ، تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئوچاز سەۋرى قىلالماي:

— بۇ راستتىن سۆرەلمە، ئەزمە بىر نېمىلەردە، لادىنار، دەرەخ بىلەن مۇشۇ يەرنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ دەپتۇ.

— تەخسىر، ئۇلار تېخى يېتىپ بارالمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ لادىنار تېزلا، — دەرەخ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى بەش يولچە كېلىدۇ، ھازىر تېخى ئۇلار ئۇ يەرگە بارمىدى.

ئوچاز بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تەكشۈرۈشنىڭ يېرىمى توگىدى، دەپ ھېسابلاپتۇ. ئۇ ئالتۇن جابدۇقنىڭ تىزىمغا قاراپتىكەن، ئۇنىڭدا ھېقىق، مەرۋايىت، بىرلىيانت قاتارلىقلار يېزىلغانىكەن. ئوچاز لادى- ناردىن سوراپتۇ:

— مۇدىنارنىڭ تىزىمغا قارىغاندا، ساندۇقتا ھېقىق، مەرۋايىت، بىرلىيانتتىن ئىشلەنگەن ئالتۇن جابدۇق، يەنە مېدالىيون، ئالتۇن بىلەيزۈك، مارجان قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىكەن، توغرىمۇ؟

لادىنار ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ:

— تەخسىر، كىچىككىنە ساندۇقتا ئۇنچىۋالا نەرسە قانداق سىغىدۇ، بۇ يالغان، پۈتۈنلەي يالغان.

ئەمدى ئوچاز پۈتۈن ئىشتىن خەۋەردار بوپتۇ. ئۇ ھۆكۈمىنى ئېلان قىپتۇ:

— لادىنارنىڭ باياتىن ئېيتقانلىرىدىن شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، ئۇ ساندۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان جايدىكى نېرەكنى بىلىدۇ، يەنە ساندۇقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىمۇ بىلىدۇ، ساندۇقتا پەقەت ھېقىق، مەرۋايىت، بىرىلىيانت بارلىقىنى، باشقا جابدۇقلارنىڭ يوقلىقىنىمۇ بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇدىنارنىڭ ساندۇقىنى ئالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى، ھازىر ئۇ ساندۇقنى مۇدىنارغا قايتۇرۇپ بەرسۇن، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ ئابرويىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

لادىنار ئامالسىز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، سوتنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ.

## بىر قاچا سۈت

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق يىللار بۇرۇن، چەت ئەللىكلەرنىڭ نەزىرىدە ھىندىستاننىڭ ئابرويى چوڭ ئىكەن، نۇرغۇن پارس ئاھالىسى ھىندىستانغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشنى خالايدىكەن.

پارسلاردىن بىر توپ كىشى ھىندىستاننىڭ پايتەختىنىڭ سىرتىغا كەلگەندە، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا كۆرۈنۈشنى قارار قىپتۇ.

ئۇلار ئوردىغا قاراپ مېڭىپتىكەن، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇلارنى توسۇۋاپتۇ. پارسلار ئۇلارغا:

— بىز ئوردىغا پادىشاھقا سالام بەرگىلى كىرىمىز، پادىشاھدىن مۇشۇ دۆلەتتە تۇرۇپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىمىز، — دەپتۇ.

مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقى ئۇلارغا:

— ئۇنداق بولسا، بىر ۋەكىل كىرگۈزۈڭلار، — دەپتۇ.

ئۇ چاغدا بۇ دۆلەتكە كادىۋورانا ئىسىملىك پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق

قىلىدىكەن. ئۇ تولىمۇ چىچەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەقىل ـ پاراستى ئەتراپتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە مەشھۇر ئىكەن.

پارسلارنىڭ ۋەكىلى ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا چوڭقۇر تەزىم قىپتۇ، پادىشاھ نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كېلىشىدىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ۋەكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىرنى يېنىغا چاقىرىپ، قۇلىقىغا بىر نىمىلەرنى دەپتۇ.

ۋەزىر مالايدىن بىرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىرنىمە دەپتىكەن، مالاي بىر كۈمۈش قاچىدا سۈت كۆتۈرۈپ سارايغا كىرىپتۇ، ۋەزىر ھېلىقى لىق بىر قاچا سۈتنى پارس ۋەكىلىگە بېرىپ:

ــ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارغا بېرىدىغان جاۋابىمىز مۇشۇ، ــ دەپتۇ.

ۋەكىل لىق بىر قاچا سۈتنى كۆتۈرۈپ ئوردىدىن چىقىپتۇ. شەھەر سىرتىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلار ئۆز ۋەكىلىنىڭ بىر قاچا سۈتنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن باشلىقىغا قاراپتۇ.

بۇلارنىڭ باشلىقى ئەقىللىق، ھوشيار ئادەم ئىكەن، ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە:

ــ پادىشاھنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇكى، مۇشۇ قاچىدىكى لىق سۈتنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۈستىلەپ سۈت قۇيغىلى بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ دۆلىتىدە ئادەم كۆپ ئىكەن، قايتا ئادەم قوبۇل قىلالمايدىكەن. چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ دۆلەتكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىمەن دېيىشى يوق گەپ ئىكەن، ــ دەپتۇ ـ دە، بىر چاڭگال شېكەرنى سۈتكە ئارلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. شېكەر سىڭىلغان بىلەن سۈت تېشىپ كەتمەپتۇ. باشلىق ۋەكىلىگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلاپ، سۈتنى كۆتەر ـ

گوزۇپ ئوردىغا ئەۋەتىپتۇ.

ۋەكىل سۇتنى ئىگىز كۆتۈرۈپ بىشىنى سالغان هالدا پادىشاهقا قاراپ:

— پادىشاه ئالىيلىرى، باشلىقىمىز سۇتكە بىر چاڭگال شىكەر سىلىۋەتكەندى، سۇت تاشمىدى. ئۇ تىخى بۇنىڭدا سۇت تىشىپ كەتمەيلا قالماستىن، بەلكى سۇتنىڭ تەمىنى تاتلىق قىلىدۇ، دەيدۇ. بىز دۆلىتىڭىزگە كەلسەكمۇ، پۇقرالىرىڭىزغا يۈك بولۇپ قالمايمىز، بەلكى، خۇددى سۇتكە سالغان شىكەردەك، ئۇلارغا ئۆزلىشىپ كىتىمىز، — دەپتۇ.

بىرىلگەن جاۋابنىڭ ئەپچىللىكىدىن پادىشاه بۇ پارسلارنىڭ مۇشۇ دۆلەتتە تۇرۇپ قىلىشىغا ماقۇل بوپتۇ.

## گەپنىڭ تىگىدە گەپ بار

بىركۇنى، ياشىنىپ قالغان بىر هىندىستانلىق سودىگەر بىرنەرسە سىتىۋىلىش ئۇچۇن يىزىغا بىرىپتۇ. ئۇ شەهەرگە قايتىش ۋاقتىدا، قارىسا ئالدىدا بىر ياش يىگىت تۇرغان. سوراپ كۆرسە ئۇمۇ شەهەرگە ماڭغانىكەن. ياشانغان سودىگەر ئۇنىڭغا:

— بەللى، يىرىم يولغىچە بولسىمۇ يولدا هەمراه بولۇشۇپ ماڭايلى، يولدا ئىككى ئادەم بىللە ماڭسا، هارغىنىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداق تاغا، راستتىن شۇنداق بولىدۇ، ئىككى ئادەم بىللە يول ماڭسا، يول ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ-دە، قاچان، قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.

"نېمە؟ يول ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ...، — سودىگەر ئويلاپ قاپتۇ، — بۇ بالىنىڭ كاللىسىنىڭ سۈيى بار ئوخشىمامدۇ؟ يول دېگەننى ئادەمنىڭ ئاغزىغا پاتامدۇ؟"
شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، سودىگەر ھېلىقى ياش يىگىتكە:
— ئۇكا، بولدى كەلدۇق، ئەمدى مەن ئۆيۈمگە قايتاي، — دەپتۇ.
— تاغا، — دەپتۇ ياش يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن بىرنى يۆتىلىپ قويۇڭ.
سودىگەرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ يۈيۈنۈپ بولۇپ كىيىمنى كىيەي دەپ تۇرۇشىغا ئۇشتۇمتۇت دادىسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، ئىتتىك ۋارقىراپ سوراپتۇ:
— دادا، بۈگۈن قانداق بولۇپ يۆتىلىش ئېسىڭىزگە كېلىپ قالدى؟
— بۈگۈن مەن يولدا بىر ساراڭغا يولۇقۇپ قالدىم، ئاشۇ ساراڭ ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن بىرنى يۆتىلىپ قويۇڭ دېگەنىدى، — دەپتۇ.
— ساراڭ شۇنداق دېگەن؟ — قىز ھەيران بولۇپ دادىسىدىن سوراپتۇ، — دادا، ساراڭنىڭ ئاغزىدىنمۇ مۇشۇنداق ئاقىلانە گەپ چىقامدۇ؟ ئۇ چوقۇم بىر ئەقىللىق ئادەم ئىكەن.
— ئەقىللىق ئادەم ئىكەن؟ — سودىگەر ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ، — ئۇ باياتىن يولدا كېتىۋېتىپ، ئىككى ئادەم بىللە يول ماڭسا، يول ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالىدۇ، شۇنداق بولغاندا، ئۆزىنىڭ قاچان، قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ، دېدى. قىزىم ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ ئادەم ساراڭ بولماي نېمە؟
— دادا، ئۇ ئادەم ساراڭ ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى

ئىككى ئادەم پاراڭلاشقاچ ماڭىدىغان بولسا، يولدا زېرىكمەيدۇ، چارچىغانلىقى بىلىنمەيدۇ، دېگەن بولىدۇ...

— توغرا، بۇ گەپنىڭ يولى بار، — دەپتۇ سودىگەر بېشىنى لىڭشىتىپ.

سودىگەرنىڭ قىزى بىر قاچا شىپەن، بىر تەخسە سەي، بىرنەچچە پوشكال تەييارلاپ، مالىينى چاقىرىپ دەپتۇ:

— سارايغا تېخى يېڭىلا بىر يولۇچى كەلدى، بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەر. سەن ئۇنىڭغا بۇ تاماقلارنى سىز بىلەن بىللە شەھەرگە كىرگەن ھېلىقى سودىگەر ئەۋەتتى دېگىن، يەنە ئۇنىڭغا "دېڭىزنىڭ سۈيى لىق، ئاسماندا يۇلتۇز تولۇپ كەتتى، يەنە سەككىز تامان بار" دە. قېنى ئۇ قانداق جاۋاب بېرەركىن.

بىردەمدىن كېيىن مالاي قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ سۆزىنى قىزغا يەتكۈزۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇ بىر ساراڭ نېمە ئىكەن خېنىم، ئۇ ھېلىقى گەپكە جاۋاب بېرىپ "دېڭىز سۈيىنىڭ يېرىمى قۇرۇپ كەتتى، ئاسماندا ئاران يەتتە-سەككىزلا يۇلتۇز قالدى، پەقەت تۆتلا تامان بار" دېدى.

مالاينىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا قىزچاق ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن ئالدى بىلەن ماڭا جاۋاب بەر، نېمىشقا سەي ۋە تاماق-لارنى ئوغرىلىقچە يېۋالدىڭ؟

— ئوغرىلىقچە يېدىڭ؟ — قورققىنىدىن مالاينىڭ رەڭگى ئاتىرىپ، قول پۇتلىرى تىترەشكە باشلاپتۇ، ئۇ راستتىن ئوغرىلىقچە يېگەنىكەن.

— يوشۇرماي ھەممىنى دە، — قىز غەزەپ بىلەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ، — پوشكالدىن تۆتىنى، يېرىم قاچا شىپەن ۋە سەينىڭ يېرى-

مىدىن جىقراقنى يېۋالدىڭ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — ھەيرانلىق ئىچىدە مالايىنىڭ كۆزى چىمىلداپ كېتىپتۇ.

قىزنىڭ دادىسى ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي، قىزىدىن سوراپتۇ:

— قىزىم ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، سەن بۇ ئەھۋاللارنى قانداق بىلدىڭ؟

— ئەقىل - پاراستىم ئارقىلىق بىلدىم، — دەپتۇ قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئېسىڭىزدە باردۇ، مەن مالايغا گەپ تاپىلىغاندا، دېڭىز - نىڭ سۈيى لىق، ئاسماندا يۇلتۇز تولۇپ كەتتى، دېگەنىدىم.

— بىراق، بۇ گېپىڭنىڭ مەنىسى نېمە؟

— مالايغا ئىشەنمەي شۇنداق دېگەنىدىم. دېڭىزنىڭ سۈيى لىق دېگىنىم قاچىدىكى شىپەن لىق دېگىنىم ئىدى، ئاسمانغا يۇلتۇز تولۇپ كەتتى دېگىنىم سەينىڭ ئىچىدە پۇرچاق جىق دېگىنىم ئىدى، مەن ئۇنىڭغا سەككىز پوشكال ئەۋەتكەن، شۇڭا سەككىز تامان دېدىم. ئۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ قويۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەنىسىنى چۈشىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئاشۇ جاۋابنى بەرگەن: دېڭىز سۈيىنىڭ يېرىمى قۇرۇپ كەتتى دېگىنى شىپەنىنىڭ يېرىمى قالدى دېگەنلىك بولىدۇ؛ ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن ئاران يەتتە - سەككىزىلا قالدى دېگىنى مالاي سەينى يەپ بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ دېگەنلىك بولىدۇ؛ تۆت تامان دېگىنى پوشكالدىن تۆتى قاپتۇ دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ گەپلەردىن مەن مالايىنىڭ ئوغۇرلۇقچە يېۋالغانلىقىنى بىلدىم.

سودىگەر سارايغا بېرىپ ھېلىقى ياش يىگىتنى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. قىزى بىلەن بۇ يىگىتنىڭ ئەقلىگە قايىل بوپتۇ ۋە ئۇلارنى

بىر ـ بىرىگە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

## بۇئەلىنىڭ كېسەل داۋالىشى

پارسلارنىڭ بىر پادىشاھى بولغانىكەن، ئۇنىڭ خانىشى ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قېلىپ، بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ، ئوڭ قول، ئوڭ پۇتى تۇتماس، باسماس بولۇپ قاپتۇ. ئوردىدىكى دوختۇرلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالماي، ئاخىرى بۇخارادىكى ئالىم بۇئەلىنى چاقىرتىپ كېلىپ، خانىشنىڭ كېسىلىنى شۇنىڭغا داۋالىتىش توغرىسىدا خانغا مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادىشاھ بۇئەلى توغرىسىدا بۇرۇن ئاڭلىغانىكەن. بۇ مەشھۇر دانىشمەن ۋە ئالىم ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىپتىكەن، پادىشاھ تولىمۇ خۇشال بولغىنىدىن، ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر ئۆيىنى ئاجرىتىپ، ئىككى ئەر، ئىككى ئايال مالايىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشنى تاپىلاپتۇ.

ئىككى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ بۇ ئەتراپلىق يېتىشكەن دوختۇرنى ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى سارايغا باشلاپ چىقىپ، چىمىلدىق بىلەن ئايرىپ تۇرۇپ، خانىشنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ ۋە خانىشنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ۋە دوختۇرلارنىڭ داۋالىغان ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇئەلى خانىشنىڭ نېمە كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ، پادىشاھ ئالىيلىرىغا:

— خان ئالىيلىرى، خىزمەتچىلەرگە تاپىلىسىلا، ئارقا سارايىنىڭ

مۇنچىسىغا ئۇت ياقسۇن، ئاندىن خانىشنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارسۇن، قالغان ئىشنى كېيىن كۆرىمىز، — دەپتۇ.

مۇنچىغا ئۇت يېقىلىپتۇ، خانىشمۇ شۇ يەرگە ئاپىرىلىپتۇ. بۇئەلى بىر ئايال مالايىنى ئەرچە ياسانىدۇرۇپ، يالغان ساقال بېكىتىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن ھازىر مۇنچىغا بار-دە، بىرىپلا كېسەلگە قاراپ ئېتىل، — دەپتۇ.

ئايال مالاي بۇئەلىنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. مۇنچىدا ياتقان خانىش بىرئەر كىشىنىڭ ئۇشتۇمتۇت مۇنچىغا كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كىرگەن كىشىنىڭ ئەرچە ياسىنىۋالغان ئايال مالاي ئىكەنلىكىنى بىلمەي، بۇنى بۇئەلىنىڭ بەدىنىمنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئويۇنى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا كېسەل ياتقان خانىش بىر قولى بىلەن يەرنى تىرەپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئايال مالاي ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋاپ-تىكەن، ئىككىيلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ، خانىش جىنىنىڭ بېرىچە ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ، مالاي قەستەن چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەپتۇ-دە، باغرىغا بېسىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قورقۇشنىڭ تەسىرى ۋە قاتتىق ئېلىشىش ئارقىسىدا، خانىشنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمىدىكى پالەچلىك تۈگەپ، كېسىلى ساقىيىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايمىز. ئۇ خانىشنى مۇنچىغا كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا ئويلاپ قاپتۇ: بۇ مېنىڭ نېمە قىلغىنىم، ئەگەردە دوختۇر يامان ئادەم بولۇپ قالىدىغان، مۇشۇ پۇرسەتتە خانىشنىڭ بەدىنىنى ئوغۇرلۇقچە كۆرۈۋالىدىغان بولسا، قانداق بولىدۇ؟ پادىشاھ دەرھال مۇنچىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ،

كاھىشنىڭ ئارىلىقىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۇرۇپتۇ.
قارىسا خوتۇنى رەسمىي ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ئەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقىدەك. ئۇ بۇ ئەرنى بۇئەلىگە ئوخشىتىپ، كۆڭلىدە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ: خوتۇنۇمنى داۋالىتىمەن دەپ، مۇشۇنچىلا چوڭ بەدەل تۆلىسەم بولامدۇ؟ باشقا ئەر ئۇنىڭ بەدىنىنى كۆرگەن ئىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن، بۇئەلى دېگەننىمۇ ئۆلتۈرىمەن. پادىشاھ بولارنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تامدىكى قىلىچىنى ئاپتۇ-دە، ئۇدۇل مۇنچىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئايال مالاي پادىشاھنىڭ قولىدىكى قىلىچنى كۆرۈپ، ئاچچىقىغا چىدىماي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يالغان ساقاللىرىنى ئېلىپ تاشلاپتىكەن، ئۇزۇن چاچلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيران بولغىنىدىن تامدەك قېتىپ قاپتۇ.
پادىشاھ ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىتتىك خان ئوردىسىغا كىرىپ، تەختتە ئولتۇرۇپتۇ-دە، بۇئەلىنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:
— بۇ ئەلى، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن بىزگە بۇنداق ئويۇن كۆرسىتىسىز؟
— خان ئالىيلىرى، — دەپتۇ بۇئەلى، — خانىشنىڭ كېسىلىنى باشقا ھەرقانداق دورا ساقايتالمايتتى، ئۇنى ساقايتىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئۇنى قورقۇتۇش ئىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ ئىشنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان. باشقا ئەركىشىنىڭ خانىشىنىڭ بەدىنىنى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم، شۇڭا، مۇنچىغا كىرىپ خانىشنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، ئايال مالاينى ئەرچە ياساپ كىرگۈزدۇم، نەتىجىدە خانىشنىڭ كېسىلى ساقايدى.

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ قالتىس خۇشال بوپتۇ-دە، بۇئەلگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ.

## "سايە سودىيە"

تۈركىيىنىڭ پاراسەتلىك ئەربابى خوجا نەسىردىن ئۆزىنى سودىيە بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم دەپ ھېسابلاپ، ئوبلاست سودىيىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مەن سودىيە بولۇشقا لايىق دەپ ئۆزىنى سودىيە بولۇشقا كۆرسىتىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ئوبلاست سودىيىسى خىجىل بولغان ھالدا، — جايلاردىكى سوتتا ئورۇن قالمىدى، سىزنى سودىيىلىككە تەيىنلەشكە پەقەت ئامال يوق.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ خوجا نەسىردىن، — مېنى يېنىڭىزدا تۇرۇپ بېرىدىغان سايە سودىيىچى قىلىپ تەيىنلەڭ، سىز بىرەر ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلالمىغاندا، ئۇنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا يوللاپ بېرىڭ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئوبلاست سودىيىسى، — مەن سىزنى سايە سودىيىلىككە تەيىنلىدىم. سىزنىڭ ئىشخانىڭىز مۇشۇ.

شۇنداق قىلىپ خوجا نەسىردىن ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا رەسمىي ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىغا كىچىك بىر ئۇستەلنى قويۇپ، ئۇستىگە بىرە ماتېرىيال تىزىپ قويۇپتۇ، شۇندىن باشلاپ ھەركۈنى ئىشقا كېلىدىغان بوپتۇ.

بىركۈنى بىر ئادەم كېلىپ، ئوبلاست سودىيىسىگە ئەرز قىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك سودىيە ئەپەندىم، بۇ ساراڭ شۇمتەك سىراجىدىن

بايىغا ئۈچ باغلام ئوتتۇن يېرىپ بەردى. ئوتتۇنغا ھەر قېتىم پالتا ئۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۇدۇلدا تۇرۇپ "جايىغا ئۇردۇڭ، يارايسەن" دەپ ئۇنىڭغا ئىلھام بەردىم، ئومۇمەن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئوتتۇنلارنى يېرىپ بولۇشى مېنىڭ قىزغىن ئىلھام بەرگەنلىكىمدىن ئايرىلمايدۇ. بىراق بايىدىن پۇل ئالىدىغان چاغدا، پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئېلىۋالدى. مۇشۇنداق قىلسا، مۇۋاپىق بولامدۇ؟

— ئىش راست مۇشۇنداق بولغانمۇ؟ — سوراپتۇ ئوبلاست سوددىيىسى جاۋابكاردىن.

ئوتتۇن يارغۇچى سەممىي ھالدا:

— شۇنداق، سودىيە ئەپەندىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوبلاست سوددىيىسى بىردەم ئويلىنىپ بېقىپتۇ يۇ، قانداق ھۆكۈم قىلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قاپتۇ-دە، يالغاندىن ئۇنچىلىك ئىشلارنى كۆزگە ئىلمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ دەپتۇ:

— مۇشۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ ئوبلاست سوددىيىسىنى ئاۋارە قىلامسىلەر؟ بۇ، ئەمەلىيەتتە، مەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس، سايە سودىيە بىر تەرەپ قىلسا بولىدى. قاراڭلار، ئۇ ئەنە ئاۋۇ يەردە ئولتۇرىدۇ.

ئوبلاست سوددىيىسى گېپىنى تۈگىتىپلا، خىزمەتچىنى چاقىرىپ، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنى "سايە سوددىيە" خوجا نەسىرىدىنگە تاپشۇرۇشنى ئېيتىپتۇ.

خوجا نەسىردىن ئەرز-شىكايەتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەۋاگەرگە:

— سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلغان ئەرزىڭىز راست يولدا بوپتۇ. ئوتتۇننى ئۇ يېرىپتۇ، سىز ھە-ھۇ دەپ مەدەت بېرىپسىز، ئەمما ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزى ئاپتۇ، سىزگە ھېچ نەرسە

يوق، مۇشۇنداقمۇ قىلامدۇ؟

ئوتتۇن يارغۇچى يىگىت خوجا نەسىردىنىڭ دەۋاگەرگە يان بېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلىغان هالدا:

— «سايە سودىيە» ئەپەندىم، ئوتتۇننى مەن ياردىم، ئۇ ئادەم هېچقانداق كۈچ چىقارمىدى، پەقەت هە ـ هۇ دەپ چەتتە تۇرۇپ بەردى، مۇشۇنىڭغىمۇ پۇل ئالامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، — دەپتۇ خوجا نەسىردىن ئاچچىقلانغان هالدا، — سەن تېخى بۇنى چۈشىنىش دەرىجىسىگە بارمىدىڭ. پۇلنى چىقار، تېز بول، ساناپ كۆرسەمەن.

دەۋاگەر مەمنۇن بولغان هالدا جاۋابكارغا قاراپ قويۇپ:

— چاققان بول، پۇلنى چىقىرىپ سودىيىگە تاپشۇر، پۇلنى سودىيە بۆلۈپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

ئوتتۇن يارغۇچى بەرگۈسى كەلمەي پۇلنى يانچۇقىدىن ئاران چىقىرىپتىكەن، خوجا نەسىردىن ئىتتىك پۇلنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئالدىدىكى پولغا بىردىن ـ بىردىن تاشلاپتۇ. پۇلنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، خوجا نەسىردىن ئوتتۇن يارغۇچىغا:

— پۇلنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ ماڭ، — دەپتۇ. ئاندىن دەۋاگەرگە:

— ساڭا نېمە كېرەك، بولدى، مۇنداق قىلايلى، پۇلنى پولغا تاشلىغان چاغدىكى چىققان ئاۋاز سېنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ.

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئوبلاست سودىيىسى، سوت خىزمەتچىلىرى، دەۋاگەر، جاۋابكارلار هەيران قېلىشىپتۇ، بىراق كۆڭلىدە: بۇ راستتىنلا ئاجايىپ هۆكۈم بولدى، دەپ ئويلاپتۇ.

## ئات ئىزدەش ھۈنىرى

كودىيە تۈركىيىنىڭ پاراسەتلىك ئادەملىرىدىن ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ كارۋان بىلەن بىر ئۆتەڭگە چۈشۈپتۇ. كەچتە ئۇ كارۋاندىكىلەر بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىشىپتۇ، ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ، كۈلكىلىك پاراڭ قىلىشىپتۇ. كارۋاندىكىلەر ئۇنىڭ قىزىق-قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ، بەس-بەس بىلەن ئۇنىڭغا هاراق تۇتۇپتۇ. كودىيە خۇشال بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭى تونۇشقان دوستلارنىڭ كۆڭلىنى ئاينىغانلىقى ئۈچۈن، كەلگەن رومكىسىنى قايتۇرماي ئىچىۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا، هاراق كۆپ ئىچىلىپ كەتكەچكە، ھەممىيلەن مەس بولۇپ كېتىپتۇ.

كودىيە ئىككىنچى كۈنى كۈن چىققاندا ئويغىنىپتۇ.

— ئاپلا، بىر دوستۇم بىلەن بىر ئىش ئۈچۈن شىمالىي تاغقا چىقىشقا ۋەدىلىشىپ قويغانىدىم، — دەپتۇ-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپىنىنى يېپىنىپ، ئېتىنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇدۇل ئاتخانىغا مېڭىپتۇ.

بىراق، تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى كارۋاندىكىلەرنىڭ ئېتى بىلەن قوشۇپ باغلىغانىكەن. ئۇ ئىككى كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆزىنىڭ دىققاقتىنا كەلگەن جەدە ئېتىنى ئىزدەپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ كۆزىگە دىققاق كەلگەن بۇنداق جەدە ئاتتىن بىرنەچچىسى كۆرۈنۈپتۇ. بۇنىڭغا قارىسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭغا قارىسىمۇ ئەمەس، بېشى تازا قېتىپتۇ.

"شۇنچە كۆپ ئاتنىڭ ئىچىدىن ئۆزەمنىڭ ئېتىنى قانداق تېپىمىشىم

كىرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت دېگەن ساقىلاپ تۇرمايدۇ، چۈشتىن بۇرۇن بىرنەچچە ئون چاقىرىم يول يۈرۈشۈم كېرەك.“ كودىيە ئويلا ـ ئويلا، بىردىنلا بىر ئەقىل كەپتۇ: توغرا، كارۋاندىكى دوستـ ـلارنى ياردەمگە چاقىرىشىم كېرەك.

ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ھېلىقى ياتقان ئۆيىگە قايتىپتۇ ـ دە، تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان دوستلارغا قاراپ:

ـــ بۇرادەرلەر، قايسىڭلارنىڭ ئېتى يوقالدى؟ ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ ۋارقىراشتىن ئويغىنىپ كەتكەن كارۋاندىكىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئاتخانىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنى يېشىپ چىقىپتۇ. ئاخىرىدا بىرلا ئات قاپتۇ، كودىيە قارىسا ئۆزىنىڭ ئېتى شۇ.

ئۇ سەكرەپ ئېتىغا مىنىپ، خۇشاللانغان ھالدا دوستلىرىغا دەپتۇ:

ـــ كەچۈرۈڭلار، چۈشۈڭلەرنى بۇزۇۋەتتىم، ئېتىمنى تېپىشىپ بەرگەنلىكىڭلەرگە رەھمەت.

كارۋاندىكىلەر خۇشال ھالدا ئۆز يولىغا راۋان بولغان كودىيىگە قاراپ، ئاخىرى بۇ ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىگە چۈشىنىپتۇ ۋە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ـــ سەنزە، قالتىس نېمىدە! ـــ دېيىشىپتۇ ئۇلار.

## سەكسەن تىللا

بۇرۇنىسىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەلۇم بىر بازىرىدا بىر ھامبال ئۆتكەنىكەن. بۇ يۇرتتا ئوقتى تازا ئاقمىغانلىقتىن، ئۇ باشقا بىر جايغا بېرىپ جان بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ مەرۋايىت قېزىش

ئەترىتىگە قاتنىشىپتۇ، مەرۋايىت قىزنىش پەسلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەقسىم بولغان مەرۋايىتنىڭ ھەممىسىنى سەكسەن تىللاغا تېگىشىپ، تىللانى چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، كۆن بويى يېنىدىن ئايرىماپتۇ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يانچۇقىنى تۇتۇپمۇ قويىدىكەن.

كىم بىلسۇن، بىركۈنى ھامال تىللالىرىنى چىقىرىپ ساناۋاتقاندا، بىر ئايال كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ـ دە، نىيىتى بۇزۇلۇپ، دەرھال بېرىپ ھامالنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ۋارقىراپتۇ:

ـــ باللار بىلەن مېنى تاشلاپ كەتسەڭ بولمايدۇ، ئۆيدىكى مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆيدىن چىقىپ كەتسەڭ،...باللار بىلەن مەن قانداق قىلىمەن.

ھامال قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، بۇ ئايالنى تونىمايدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ئايال قەستەن يولسىزلىق قىلىپ، بۇ مېنىڭ "ئېرىم"، ماڭا تۇرمۇش پۇلى قويۇپ كەتسۇن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بولماي ئەتراپتا تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلار بۇ ئىككىيلەننى شۇ شەھەردىكى سودىيىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

ئايال ئاۋۋال سۆز باشلاپ، ھامال مېنىڭ ئېرىم، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە بالام بار. بىز ئاز ـ تولا پۇل جۇغلىغاندۇق، ھەممىسى سەكسەن تىللا كېلىدۇ. ئۇ ھازىر باللار بىلەن مېنى تاشلاپ ئۆزى يالغۇز باشقا شەھەرگە كەتمەكچى. مېنىڭ ئاخىرقى تەلىپىم، باللار كېلىپ بۇ ئادەمگە قاراپ باقسۇن، سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى شۇ چاغدا ئىسپاتلىنىدۇ، دەپتۇ. سودىيە ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى ئايال باللىرىغا ھامالنى دادام دەڭلار دەپ ئۆگەتكەنىكەن. شۇڭا باللار سوتقا كېلىش بىلەن تەڭلا، ھامالنى كۆرۈپ ئۆزىنى

ئۇنىڭغا ئېتىپ، چاپىنىدىن تارتىپ ئۇنى دادا دەپ تۇۋلاپتۇ. ھامىمال شۇنچە چۆشەندۈرۈپ باقسىمۇ، قىلچە كار قىلماپتۇ.

سودىيە بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مۇنداق ھۆكۈم قىپتۇ: ھامىمال باشقا يۇرتقا چىقىپ كېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، سەكسەن تىللا-نىڭ ھەممىسىنى "خوتۇنى"غا بېرىدۇ، بولمىسا، ئۆيىدىن ئايرىلماي ئوبدان كۈن كەچۈرسۇن.

ئايال سەكسەن تىللانى ئېلىپ، بالىلىرىنى باشلاپ خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. روھى چۈشۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھامىمال نېمە قىلىشىنى بىلمەي شەھەردە ئۇ ياق، بۇ ياق ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. قارىسا بىر كوچىنىڭ بويىدا خېلى جىق يەرگە سايە چۈشۈرۈپ يوغان بىر تۈپ دەرەخ تۇرغۇدەك. ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

چوڭ دەرەخنىڭ ئۇدۇلىدا چىرايلىق بىر ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئائىلىك ئولتۇرىدىكەن. ئۇلار بۇ ھامىمالنىڭ يولغا چىقىش خىيالى يوق پەرىشان ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ.

بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئەقىللىق بىر ئايال ئىكەن. ئۇ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ھامىمالغا تەسەللى بېرىپ:

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئەتە سودىيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم، شەرتىم شۇ، چوڭ بالامنى ئېلىپ كېتىمەن، كىچىكلىرى ئانىسىنىڭ يېنىدا قالىدۇ، دەڭ. لېكىن بالىلارنىڭ ئانىسى چوڭ ئوغلىنى سىزگە قوشۇپ بېرىشكە ئۇنىماىدۇ، بۇ چاغدا سودىيىنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى ئىلتىماس قىلىڭ.

ئەتىسى، ھامىمال ھېلىقى ئەقىللىق ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش

قىپتۇ. سودىيە "ئايالى" چوڭ ئوغلىنى "دادىسى"غا قوشۇپ بېرىش كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. سودىيىنىڭ ھۆكمى قانۇن، شۇڭا، ئايالنىڭ يىغلاپ قاخشىغىنىغا قويماي، ھامال ئايالنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئايال "ئېرى" بىلەن چوڭ ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئادەم يوق يەرگىچە بېرىپ، ھامالغا:

— بالامنى قويۇپ كېتىڭ، سەكسەن تىللانى قايتۇرۇپ بېرەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھامال قولىدىن چىقىپ كەتكەن سەكسەن تىللاسىنى قايتۇرۇۋاپتۇ.

ھامال بىرەر ھەمراھ تېپىپ ئائىلىسگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن، تۆگە كارۋانلىرىنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈپتۇ. لېكىن ئۇ مۇۋاپىق كارۋان تاپالماي، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپتۇ.

بىركۈنى، ھامال كوچىدا ئايلىنىپ يۈرسە، توساتتىن بىر دۇكان خوجايىنى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دۇكىنىمىزدا ئامانەت بۆلۈمى بار، ئىناۋىتى يۇقىرى، پايدىسى جىق. خالىسىڭىز، پۇلىڭىزنى ۋاقتىنچە بىزگە ئامانەت قويۇڭ، ئائىلىڭىزگە قايتىدىغان چېغىڭىزدا كېلىپ ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھامال ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ تىللانى ئىتتىك دۇكان خوجايىنىغا بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھامال بىر تۆگە كارۋىنىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ، دەرھال ھېلىقى دۇكانغا بېرىپ، دۇكان خوجايىنىدىن پۇلنى سوراپتۇ. دۇكان خوجايىنى ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ:

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى پۇلۇڭنى

خالتىسى بىلەن ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بەردىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. هامال قانچە چۈشەندۈرسىمۇ، دۇكان خوجايىنى پۇلۇڭنى قايتۇرۇپ بەردىم دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

هامال بىردىنلا ئۆتكەن قېتىم ئۆزىگە ياردەم قىلغان ھېلىقى ئايالنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئايال خوجايىن هامالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ...

ئەتىسى، ئايال خوجايىن ھېلىقى دۇكانغا ئۆزى كەپتۇ. دۇكان خوجايىنى ئۇنى ناهايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئايال خوجايىن دۇكاندارغا:

— سىزگە مەلۇم، ئېرىم تىجارەت ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، نۇرغۇن قىممەت باهالىق ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە نەخ پۇل قالغانىدى، بۇ نەرسىلەرنى ئۆيۈمدە قويسام خەتەرلىك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا بۇلارنى دۇكىنىڭىزدا ساقلىغىلى قويۇپ قويايمىكى دەۋاتىمەن، سىزگە ئىشىنىشكە بولامدۇ، يوق، بۇنى ئۇقالمىدىم.

دۇكان خوجايىنى ئۆزىنى مەن دېگەن ئۇنداق ئىشەنچلىك، مۇنداق سەممىي-سادىق دەپ ماختاي دەۋاتقاندا، هامال دۇكانغا كىرىپ كەپتۇ. دۇكان خوجايىنى بۇنى كۆرۈپ دەرهال ھېلىقى سەكسەن تىللانى ئېلىپ هامالغا بېرىپتۇ، ئاندىن ئايال خوجايىنغا قاراپ دەپتۇ:

— مېنىڭ دۇكىنىمدا پۇل ئامانەت قويۇش ھەممىدىن بەك ئىشەنچلىك، بىر تىيىن ئۇ ياق-بۇ ياق بولمايدۇ، قاچان دېسىڭىز، شۇ چاغدا ئالىسىز، ئىشەنمىسىڭىز بۇ ئەپەندىمدىن سوراپ بېقىڭ.

ئەقىللىق ئايال خوجايىن دۇكاندارغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ، تېخى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ئايال مالاي كېلىپ ئۇنىڭغا:

— خانىم، ئەپەندىم قايتىپ كەلدى، ئۆيگە قايتىسىز، — دەپتۇ.

ئايال خوجايىن ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشال بولغان ھالدا:

— كەچۈرۈڭ، ئېرىم قايتىپ كەپتۇ، ئەمدى ئامانەت قويۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دەپتۇ-دە، خوشلىشىپ قايتىپتۇ. دۇكان خوجايىنى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ قاپتۇ.

## كوزىدىكى تىللا

بۇرۇن باغدات شەھىرىدە ئەلى ئىسىملىك بىر بويتاق بار ئىكەن، بىركۈنى ئۇ ساياھەتكە چىقىش قارارىغا كەپتۇ، بىراق قولىدىكى تېرىپ-تەمەپ يىغقان يۈز تىللا پۇلىدىن خاتىرجەم بولالماپتۇ، ئۆيدە قويۇپ كېتەي دېسە، ئوغرىلارنىڭ ئوغۇرلاپ كېتىشىدىن، بىللە ئېلىپ كېتەي دېسە، قاراقچىلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئۇ ئاخىرى تىللانىڭ ھەممىسىنى بىر كوزىغا سېلىپ، ئۈستىگە لىق ماش تولدۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، كوزىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇنى ھەقەمسايىسى گۈرۈچ دۇكىنىنىڭ خوجايىنىغا بېرىپ، ساقلاپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

ئەلى بىر كەتكەن پېتى يەتتە يىلغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. بىركۈنى دۇكان خوجايىنىنىڭ ئايىلى ئاشقا ماش سالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا خوجايىن كۆڭلىدە، ئەلى ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇڭا ئۇ ئامبارغا كىرىپ ئەلىنىڭ ماش قاچىلانغان كوزىسىنى تېپىپ چىقىپتۇ. كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، ماش سېسىپ كەتكەنىكەن، قولىنى ئىچىگىرەك ساپتىكەن،

قولىغا تىللا ئۇرۇنۇپتۇ. بۇنىڭدىن خوجايىن قەۋەت خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى، دۇكان خوجايىنى كوزىدىكى تىللانى قويىماي ئوغۇرلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بازاردىن ماش ئېپكىلىپ كوزىنى لىق تولدۇرۇپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش قىلىپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ قويۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئويلىمىغاندا ئەلى سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كوزىنى ئويىگە ئاپىرىپ ئېچىپتىكەن، ئىچىدىكى تىللانىڭ ھەممىسى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ دۇكان خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەكەللۇپ بىلەن:

— كوزىدىكى تىللانى ئىشلىتىپ قويغان بولسىڭىز، ماڭا بىر ھۆججەت يېزىپ بېرىڭ، تاپقاندا بەرسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

— يالغان ئېيتما، — دەپتۇ خوجايىن بۇ ئىشتىن تېنىۋېلىپ، — كوزىغا قاچىلىغان نەرسەڭنىڭ ھەممىسى ماش ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە تىللا نېمە قىلىدۇ، يوقال كۆزۈمدىن!

ئەلى خەلىپەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— كوزىغا تىللا سالغانلىقىڭىزنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟

— يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەلى.

— كۆرگەن ئادەم بولمىسا، گېپىڭىزنى قانداق راست دېگىلى بولىدۇ؟

ئەلىنىڭ پۇل يوقاتقانلىق خەۋىرى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ، كىشىلەر پاراڭلىرىدا ئەلىنىڭ راستچىل، سەممىي ئادەم ئىكەنلىكى، دۇكان خوجايىنىنىڭ يالغانچى، قۇۋ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پۇقرالارنىڭ گەپ-سۆزلىرى خەلىپەنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئاددىي پۇقرا سىياقىدا ياسىنىپ، ئەھۋالنىڭ راست-

يالغانلىقىنى ئۇقۇپ كۆرۈش ئۈچۈن، كوچا ـ بازارلارنى ئايلىنىپتۇ. ئۇ بىركۈنى كەچقۇرۇن يولدا كېتىۋاتسا، ئۈچ ئوغۇل بالا يولنىڭ چېتىدە "ئويۇن" ئويناۋاتقانىكەن: ئۇلار ئوينىغان ئويۇندا بىرسى ئەلنىڭ رولىنى، يەنە بىرسى دۇكان خوجايىنىنىڭ رولىنى، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئۈچىنچى بىرسى خەلپىنىڭ رولنى ئويناپتۇ.

"خەلپە" كوزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ "ئەلـى" بىلەن "خوجايىن" دىن سوراپتۇ:

ـــ بۇنىڭ ئىچىدىكى ماشمۇ؟

ـــ شۇنداق، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىككىيلەن.

ئاندىن "خەلپە" كوزىنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە تال پۇرچاقنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ چايناپتىكەن، پۇرچاقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۆز ـ گىرىپ قاتتىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ شۇنداق يېڭى، يۇمشاق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئاخىرى "خەلپە" "خوجايىن"نىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

ـــ يالغان ئېيتتىڭ، سەن ئەلنىڭ پۇلىنى ئوغۇرلىغان ئوغرى، ـــ دەپتۇ.

خەلپە بۇ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن، بىر تۇرۇپ ھەيران بوپتۇ، بىر تۇرۇپ خۇشال بوپتۇ. ئەتىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئەلنى ماش سالغان كوزىسىنى ئېلىپ ئوردىغا كېلىشكە چاقىرىپتۇ، يەنە دۇكان خوجايىنىنى، ماش سودىگىرىنى ۋە ھېلىقى خەلپىنىڭ رولىنى ئوينىغان بالىنى چاقىرتىپتۇ. خەلپە ھېلىقى بالىغا:

ـــ مەن بۈگۈن ئەلنىڭ ئەنزىسىنى سوت قىلىشنى ساڭا تاپشۇ ـ رىمەن. مەن سېنىڭ ھەم ئادىل، ھەم ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن، كىمنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالاي ـ

سەن، — دەپتۇ.

ھېلىقى بالا راست دېگەندەك ھەقىقىي بىر خەلپىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ بىرچەتتە قاراپ تۇرغان ماش سودىگىرىگە دەپتۇ:

— سىز قاراپ بېقىڭ، كوزىدىكى ماشنىڭ سېلىنغىنىغا قانچە ۋاقىت بولغاندۇ؟

سودىگەر كوزىدىن بىرنەچچە تال ماشنى ئېلىپ، بىر ـ بىرلەپ ئاغزىغا سېلىپ، تېتىپ كۆرۈپتۇ ـ دە، ئاخىرىدا يەكۇن چىقىرىپ:

— ئۆزگىرىپ قاتتىق بولۇپ كەتكەن ماشقا يەتتە يىلدىن كۆپرەك بولغان، يۇمشاق ماش تېخى يېڭى، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەي، كىچىك «خەلپە» خوجايىنىغا ۋارقىراپتۇ:

— كوزىدىكى تىللانى سەن ئالغان، تىللانى ئېلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ماش تۆكۈپ قويدۇڭ، بۇ ئىشلار ناھايىتى ئېنىق ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوجايىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، تىلى تۇتۇلۇپتۇ، يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئەلى بىرچەتتە كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

## ساراڭنى ساقايتىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

پادىشاھنىڭ ئەلا ئاتاجى ئىسىملىك بىر تۇغقىنى بار ئىكەن. بۇ ئادەم روھى كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، ئۆزىنى بىر ئىنەككە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تاماقمۇ يېمەيدىكەن، سۇمۇ ئىچمەيدىكەن، پەقەت: "مەن بىر ئىنەك، مەن

بىر ئىنەك، قاساپنى چاقىرىڭلار، مېنى تېزرەك بوغۇزلىسۇن" دېگەن گەپنى تەكرارلاۋېرىدىكەن. نۇرغۇن دوختۇر كېلىپمۇ بۇ كېسەلنى داۋالىيالماپتۇ. ئاخىرى بۇ كېسەلنى داۋالاشقا ئالىم بۇ-ئەلىنى تەكلىپ قىلىشىپتۇ.

بۇئەلى كېسەلنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىدىن ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا:

— سىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، "ئەمدى خۇشال بولساڭ بولىدۇ، قاساپ كەلدى، سېنى ھازىر بوغۇزلايدۇ" دەڭلار، — دەپتۇ.

ئەتىسى، بۇئەلى يوغان بىر قىڭراقنى كۆتۈرۈپ كېسەلنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. كېسەل خۇشاللىقتىن ۋارقىراپتۇ:

— بەللى، قاساپ ئۇستام، مەن دېگەن بىر ئىنەك، مېنى تېزرەك بوغۇزلاپ، گۆشۈم بىلەن مېھمانلارغا كاۋاپ تەييارلاڭ.

بۇئەلى مالايلارغا كېسەلنىڭ قول، پۇتىنى باغلاشنى تاپىلاپ، ئۆزى شارت-شۇرت قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ، قىڭراقنى بىلىگىلى تۇرۇپتۇ. ئاندىن قىڭراقنى كېسەلنىڭ بوغۇزىغا تەڭلەپ، بوغۇزلاي-دىغاندەك ھالەتتە تۇرۇپتۇ. بۇئەلى بىلمىگەندەك قىلىپ، كېسەلنىڭ ئىككى پۇتى، ئىككى قولى ۋە بەدەنلىرىنى چىمداپ، چىمداپ قويۇپتۇ-دە، ئاندىن كېسەلگە:

— سىز بەك ئورۇق ئىكەنسىز، گۆشىڭىزدە كاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ، سىزنى بوغۇزلىمايمەن. ياخشى سېمىزرەك بىر ئىنەكنى تېپىپ شۇنى بوغۇزلاي، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كېسەل ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ

يىغلاپتۇ، ئاندىن بۇئەلىگە ئىلتىماس قىلىپ:
— مېنى بوغۇزلاڭ، مېنى سويۇڭ، — دەپتۇ.
— سىز ئورۇق ئىكەنسىز، — دەپتۇ بۇئەلى، — سېمىز بولغان بولسىڭىز، دەرھال بوغۇزلىغان بولاتتىم. بىراق سىز مېنىڭ تەلپىمگە لايىق كەلمىدىڭىز. ھېچكىم سىزنىڭ گۆشىڭىزنى يېيىشنى خالىمايدۇ. سەمرىيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا مەن سىزنى دەرھال بوغۇزلايمەن.
— بولىدۇ، بولىدۇ، — دەپتۇ كېسەل كىشى جاۋاب بېرىپ، — مەن چوقۇم سەمرىيمەن.
— بۇ ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايسىز، مەن نېمە بەرسەم، شۇنى يەيسىز، بەرگەن نەرسەمنىڭ ھەممىسنى — مەيلى قانداق يېمەكلىك ياكى ئوت-چۆپ بولسۇن، قالدۇرماي يەيسىز.
— ناھايىتى ياخشى، شۇنداق بولسۇن، — كېسەل ماقۇل بوپتۇ.
بۇ ئەلى مەززىلىك، پايدىلىق يېمەكلىكلەر بىلەن كېسەلنى تازا ئوبدان باقىسلى تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز-تولا ئوت-چۆپمۇ بېرىپتۇ، لېكىن بۇ ئوت-چۆپلەر ئادەتتىكى ئوت-چۆپلەر بولماستىن، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ كېسەل تېزلا تاماققا كىرىشىپتۇ، دورا ئىچىدىغان بوپتۇ-دە، سالا-مەتلىكى تېز ئەسلىگە كەپتۇ.

# بېدۇئىنلارنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى

بىر ئەرەب چۆلدە كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ تۆگە مىنگەن ھەمراھىنى يوقىتىپ قويۇپ، بىر كۈن كەچكىچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇ بىر بېدۇئىننى يولۇقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن يوقۇلۇپ كەتكەن ھەمراھى ۋە ئۇنىڭ تۆگىسىنى سۈرۈشتە قىپتۇ.

— ھەمراھىڭىز ئۆزى سېمىز ھەم توكۇر، شۇنداقمۇ؟ — سوراپتۇ بېدۇئىن، — قولىدا بىر تاياق بارمۇ؟ تۆگىسىنىڭ بىرلا كۆزى بار، ئۈستىگە چىلان ئارتىلغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، دەل ئۆزى، — جاۋاب بېرىپتۇ ئەرەب خۇشاللانغان ھالدا، — دېگەنلىرىڭىز توغرا، ھەمراھىم بىلەن تۆگىسىنىڭ ئۆزى شۇ. سىز ئۇلارنى قاچانراق كۆردىڭىز؟ ئۇلار قايسى تەرەپكە كەتتى؟

— ئۇلارنى كۆرگىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بېدۇئىن، — تۈنۈگۈندىن باشلاپ سىزدىن باشقا ھېچ كىشىنى كۆرمىدىم.

— سىز باياتىن ھەمراھىم بىلەن ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ قىياپىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىڭىزغۇ، — دەپ ئاچچىقلاپتۇ ئەرەب، — ئەمدى قوپۇپ ئۇلارنى كۆرمىدىم دەيسىز، بۇ مېنى ئالدىغانلىقىڭىز ئەمەسمۇ؟

— سىزنى ئالدىغىنىم يوق، مەن ئۇلارنى راست كۆرمىدىم، — دەپتۇ بېدۇئىن خاتىرجەم ھالدا، — بىراق ئۇنىڭ مۇشۇ پالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا خېلى ئۇزاق دەم ئېلىپ، ئاندىن سۈرىيە تەرەپكە

كەتكەنلىكى ماڭا مەلۇم. مۇشۇ ئىشلار بۇنىڭدىن ئۈچ سائەت بۇرۇن بولغان.

— سىز ئۇنى كۆرمىگەن تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— مەن ھەقىقەتەن ئۇنى كۆرمىدىم، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئىزىدىن بىلدىم. — بېدۇئىن ھېلىقى ئەرەپنى باشلاپ قۇمغا كېلىپ، قۇمدىكى ئىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— قاراڭ، مانا بۇ ئادەمنىڭ ئىزى، بۇ بولسا تۆگە تاپىنىنىڭ ئىزى، مانا بۇ تاياقنىڭ ئىزى. ئەمدى ئادەمنىڭ ئىزىغا قاراڭ: سول پۇتىنىڭ ئىزى ئوڭ پۇتىنىڭ ئىزىغا قارىغاندا چوڭ ھەم چوڭقۇر، بۇ ئىز ماڭغان ئادەمنىڭ توكۇر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ ئەمدى مېنىڭ ئىزىم بىلەن ئۇنىڭ ئىزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭ ئىزى مېنىڭ ئىزىمغا قارىغاندا چوڭقۇر، بۇ ئۇنىڭ مېنىڭدىن سېمىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ قاراڭ، ئۇنىڭ تۆگىسى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چۆپنىلا يېگەن، بۇ ھال تۆگىنىڭ بىر كۆزلۈك ئىكەنلىكى، ئاران بىر تەرەپتىكى چۆپنىلا يېيەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمدى بۇ چۇمۇلىلەرنىڭ بىر يەرگە جۈغلىشىۋالغانلىقىغا قاراڭ. بۇ ئۇلارنىڭ چىلان شىرنىسىنى شوراۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ؟

ئەرەب بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن يەنە سوراپتۇ:

— ئانداق بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ سائەت بۇرۇن بۇ يەردىن ئايرىلغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئاۋۇ پالما دەرىخىنىڭ سايىسىغا قاراڭ، — دەپتۇ بېدۇئىن چۈشەندۈرۈپ، — سىز، كىشىلەر سايىداش ئۈچۈن ئاپتاپقا بېرىپ

ئولتۇردۇ، دەپ قارىمايدىغانسىز؟ شۇڭا ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سىزنىڭ ھەمراھىڭىز دەرەخنىڭ سايىسىغا بېرىپ دەم ئالغان. بۇنىڭغا قاراپ مۇنداق ھۆكۈم قىلساق بولىدۇ: دەرەخنىڭ سايىسىنىڭ ئۇ ياتقان يەردىن يۆتكىلىپ ھازىر بىز تۇرغان يەرگە كېلىشىگە ئۈچ سائەتچە ۋاقىت كېتىدۇ.

كېيىن ئەرەب ئۆز ھەمراھىنى تېپىپتۇ، ئۇنىڭدىن سورىسا، بېدۇئىننىڭ دېگەنلىرى تولۇق راست چىقىپتۇ.

## ئافرىقا

# ئۈچ ئۈزۈك

ئوتتۇرا ئەسىردە، مىسىرنىڭ بىر پادىشاھى ئىسلام دىنى ۋە كاتولىك دىنى پادىشاھلىقلىرىنى ئۇدا مەغلۇپ قىپتۇ. بىراق ھەر يىلى ھەربىي چىقىم بولىۋەرگەچكە، خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قېلىشقا تاس قاپتۇ. بۇ چاغدا مىسىر ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پۇل لازىم ئىكەندۇق، ئەمما دۆلەتنىڭ بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى چىقىرالىشى مۇمكىن بولمايدىكەن. شۇڭا پادىشاھ ئۆز نەزىرىنى يەھۇدى باي ماچىستى ئەپەندىگە تىكىپتۇ. لېكىن پادىشاھ يەھۇدىلاردىن پۇلنىڭ ئاسان چىقمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، شۇڭا بىر تۇزاق قۇرۇپ، ئۇنى تۇزاققا چۈشۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. پادىشاھ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى بىر ئامال تېپىپتۇ.

پادىشاھ ماچىستىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، تۈرلۈك دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە ھەر خىل تائاملارنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتىۋاپتۇ. ھاراق ئۈچ قېتىم ماڭغۇزۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھ بايغا قاراپ:

— ماچىستى ئەپەندىم، ئاڭلىسام سىز بىلىمدە توشقان، ئەقىل پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىكەنسىز، بۈگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى، — دەپتۇ.

ماچىستى پادىشاھنىڭ يالغان سىپاگەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ-دە، پادىشاھقا قاراپ:

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن دېگەن بىر نان قېپى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بەك كەمتەرلىك قىلماڭ. سىزنى دىنىنى ئوبدان تەتقىق قىلغان دەپ ئاڭلىدىم، شۇڭا مەن سىزدىن سوراپ باقاي، يەھۇدى دىنى، ئىسلام دىنى ۋە كاتولىك دىنىدىن زادى قايسىسى ھەقىقىي دىن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ئەقىللىق ماچىستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. ئەگەردە بىرىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، قالغان ئىككىسىنى چۈشۈرىدىغان بولسا، تۇزاققا چۈشۈشى تۇرغان گەپ ئىكەن. بۇ سوئالغا بىۋاسىتە جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭغىمۇ بىرەر تۇزاق قۇرۇش كېرەك. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، سالماقلىق بىلەن:

— ئالىيلىرى ئوتتۇرىغا قويغان دىن مەسىلىسى ھەقىقەتەن موھىم مەسىلە، بۇ مەسىلە ماڭا قىزىق بىر ھېكايىنى ئەسلەتتى. جانابلىرى مۇبادا مېنىڭ مۇشۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلسىلىرى ھېلىقى سوئالغا ناھايىتى چىرايلىق جاۋاب چىقىپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سۆزلەڭ، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ پادىشاھ.

ماچىستى مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپتۇ:

بۇرۇن كاتتا بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە سان-ساناقسىز ئالتۇن-كۈمۈش ۋە مال-دۇنيا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە

ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنىدىغىنى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق گۆھەردىن ئىشلەنگەن، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئۈزۈك ئىكەن، باي بۇنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا يازغان ۋەسىيەتنامىسىغا مۇنداق يېزىپتۇ: بۇ ئۈزۈك كىمنىڭ قولىغا ئۆتسە، شۇ مېنىڭ ۋارىسىم بولىدۇ، قالغان باللار ئۇنى مۇشۇ ئائىلىنىڭ چوڭى ئورنىدا ھۆرمەتلىشى كېرەك. ۋەسىيەتنامىدە ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئائىلىنىڭ بۇ ئەنگۈشتىرىنى يات كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ قويماي، ئوبدان ساقلىشى تەۋسىيە قىلىنغان.

ئۈزۈككە ئىگە بولغان ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بوۋىسى ئېيتقان ئۇسۇل بويىچە ۋەسىيەتنامە يېزىپ، ئەۋلادلىرىنىڭ شۇ بويىچە ئىش قىلىشىغا قالدۇرۇپ مېڭىپتۇ، كىمكى مۇشۇ ئۈزۈككە ئېرىشسە، شۇ كىشى ئائىلىنىڭ باشلىقى بوپتۇ. كېيىن بۇ ئۈزۈك ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئەۋلادىنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن، دادىسى بۇلارنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئۈزۈكنى زادى كىمگە بېرىش كېرەك دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئۈزۈكنى ماڭا بېرىدىكەن دەپ بىردەك تەلەپ قىلىدىكەن. ئۇ بىرەر ياخشى چارە تاپالماي، ئۆزى ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن بىر ئۇستىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى ئۈزۈككە ئوخشىتىپ ئىككى ئۈزۈك ياستىپتۇ. دادىسى كۆز يۇمۇش ئالدىدا زەرگەرنىڭ ئۆزىمۇ پەرق قىلالمايدىغان ئۈچ ئۈزۈكنى ئۈچ ئوغلىغا بېرىپتۇ. ئەمدى ئىشنىڭ چوڭى چىقىپتۇ. دادىسى كۆز يۇمۇش بىلەن تەڭ ئۈچ ئوغۇل ئۈزۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى

ئسپات قلىپ، ئائىله باشلىقلىق سۈپىتى بىلەن مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قلىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىراق بۇ ئۆزۈكلەرنىڭ قايىسىنىڭ راست، قايىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئايرىيالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئائىلىدە ھەقىقىي ئائىلە باشلىقى كىم دېگەن مەسىلە تا ھازىرغىچە ھەل بولماي كەپتۇ.

ماچىستى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پادىشاھقا قاراپ:

ــ ھۆرمەتلىك شاھىم، ئاللانىڭ ئۈچ مىللەتكە ئاتا قىلغان ئۈچ خىل دىنى ئېتىقادى يۇقىرىدىكى ئەھۋال بىلەن ئوخشىشىپ كەتمەمدۇ؟ سىز مەندىن قايسى دىن ھەقىقىي دىن دەپ سورىدىڭىز، ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىنى ھەقىقىي دىن دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭكىنى ھەقىقىي دەيدۇ، ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ چىن ۋارىسلىرى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ قىيىنلىقىمۇ ئۈچ ئۈزۈك ھەققىدىكى تالاشتىن قېلىشمايدۇ، بۇ ھەقتە توغرا ھۆكۈم قىلىش راستتىنلا تەس، جانابلىرى، مۇشۇ گېپىم راستمۇ؟

ئەقىللىق ماچىستىنىڭ ئالدىدا پادىشاھنىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ...

## پادىشاھنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلىشى

بۇرۇنىسىدا، مالى دېگەن ئەلدە ئېلىسۇ باما ئاتلىق ئەخلاق پەزىلەتلىك، دۆلەت باشقۇرۇشقا ماھىر بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ چوڭ قىزى دېلىنوت بەكمۇ گۈزەل بولغاچقا، بۇ قىز بىلەن

توي قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ مەلىكە بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلغانلاردىن ئىككى خىل مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققانغا بېرىدىغانلىقىنى قارار قىپتۇ. مۇسابىقە مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

1. مەيداندىكى چوڭ بىر توپ سىبا دەرىخىنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان گۈل قاچىسىنى ئېلىش، بەدىنىنىڭ بىرەر يېرىنىمۇ يارا قىلماسلىق.

2. پورۇقلاپ قايناۋاتقان ئۇماچتىن ئۈچ قوشۇق ئىچىش.

مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى مەيدان ئادەمگە لىق تولۇپتۇ.

مۇسابىقىغە قاتناشقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مۇسابىقىنىڭ بىرىنچى تۈرىدىلا قاتاردىن چىقىپتۇ. ئۇلار سىبا دەرىخىنىڭ چوڭ-كىچىك تىكەنلىرىنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ھەر خىل ئەپچىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بېقىپتۇيۇ، بىرەرىمۇ چىقالماپتۇ.

مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى تۈرى تېخىمۇ قىيىن بوپتۇ: قازاندىكى پورۇقلاپ قايناۋاتقان ئۇماچنى قانداقمۇ ئىچكىلى بولسۇن! مۇسابىقە قاتناشچىلىرى ئاغزىنىڭ كۆيگىنىدىن ۋايجان دېيىشىپتۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كېتىپتۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىپتۇ، بىرسىمۇ ئۇتالماپتۇ.

ئاخىرىدا زانى ئىسىملىك بىر يىگىت مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن بىر تال تاسمىنىڭ ئۇچىغا ئىلمەك بىكىتىپ، ئۇنىڭ ئىلمەك بىكىتىلگەن ئۇچىنى دەرەخنىڭ ئۇستىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ-دە، ئۇنى توپ-توغرا دەرەخنىڭ چوڭ بىر تال چوقىماق شېخىغا ئىلىپتۇ، ئاندىن تاسمىنى تارتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىڭ ئىلىنغان، ئىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىپتۇ. چىڭ ئىلىنغانلىقىغا ئىشەنگەندىن

كېيىن، تاسمىغا ئېسىلىپ، پۈتىنى يۆتكەپ ـ يۆتكەپ يۇقىرىغا قاراپ يامىشىپتۇ. ئۇ شۇنداق يەڭگىل يامىشىپتىكى، بىر دەمدىلا گۈل قاچىسىنى ئېسىپ قويغان شاخقا يېقىنلىشىپتۇ ـ دە، گۈل قاچىسىنى چىشلەپ ئېلىپ، تاسمىغا ئېسىلىپ چۈشۈپ، گۈل قاچىسىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

كۆپچىلىك خۇشاللىقىدىن زانىنى كۆتۈرۈۋاپتۇ.

زانى كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىپ، ئاندىن ئۇماچ قازىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوشۇقنى قولىغا ئاپتۇ. مەيداندىكىلەر تىمتاس بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

زانى لىق بىر قوشۇق ئۇماچنى ئېلىپ ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپتۇ ـ دە، ئۆرۈلۈپلا مەيداندىكى ئاممىغا قاراپ:

ــ سىلەرنىڭ ئىچىڭلەردە مېنىڭ دەسلەپكى غەلىبەم ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقۇغانلار بار، بۇلار ئاق كۆڭۈل، سەممىي ـ سادىق ئادەملەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ياخشى باھا بېرىپ، باشقىلارنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولىدۇ. بۇ دوستلارنىڭ مېنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ دوستلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، ئاغزىم كۆيۈپ كەتسىمۇ، مۇشۇ بىر قوشۇق ئۇماچنى ئىچىۋېتەي، ــ دەپتۇ.

زانى بۇ گەپنى قىلغاندا، گەپلەرنى ناھايىتى ئەزمىلىك بىلەن قىپتۇ، قەستەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، سۆزلەرنى ھەتتا بوغۇملار بويىچە ئايرىپ ـ ئايرىپ دەپتۇ. نەتىجىدە ھېلىقى قوشۇقتىكى ئۇماچ سوۋۇپ بولغانىكەن، ئەمما ئۇ قوشۇقنى ئاغزىغا سېلىش بىلەن ناھايىتى قىينالغاندەك قىياپەتتە بولۇۋېلىپ، قوشۇقنى ئاغزىغا بىرلا

سىلىپ ئۇماچنى يۇتقۇۋېتىپتۇ.

ئاندىن ئۇ ئىككىنچى قوشۇق ئۇماچنى قولىغا ئېلىپ سۆز باشلاپتۇ:

— مەيداندىكىلەر ئىچىدە يەنە بەزى يامان ئادەملەرمۇ بار. مېنىڭ نەتىجەم ئۇلارنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتىپ قويىدى، ئۇلارنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدى، شۇڭا ئۇلار بەكمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. مەن دەرەخكە چىققاندا، ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كەتتى، مەن بىرىنچى قوشۇق ئۇماچنى ئىچكەندە ئۇلار ئاچايىپ ئەسەبىيلىشىپ كەتتى. بۇلار ئەخلاقسىز چاكىنا ئادەملەر، كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان شەخسىيەتچىلەر. ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى مېنىڭ ئېخمۇ زور غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشۈمگە ئىلھام بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاغزىم كۆيسىمۇ چىرايىمنى زادىلا پۈرۈشتۈرمەي، مۇشۇ ئىككىنچى قوشۇق ئۇماچنى ئىچىۋېتىمەن، — دەپتۇ ـ دە، ئىككىنچى قوشۇق ئۇماچنىمۇ بىرلا ئۇتلاپ يۇتقۇۋېتىپتۇ. مەيدان ئىچىدە تەنتەنە ساداسى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئۇ قازاندىن ئۈچىنچى قوشۇق ئۇماچنى ئۇسۇپ، قوشۇقتىكى ئۇماچنى كۆتۈرگىنىچە خان سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مۇشۇ ھەشەمەتلىك سارايدا ئاق كۆڭۈل، ئادالەتلىك پادىشاھ، ئائىلاردەك مېھرى ـ شەپقەتلىك خانىش، پەرىلەردەك گۈزەل مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى پاك، غۇبارسىز. ئۇلار پۇقرالارغا بەخت ئاتا قىلدى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتمىدى. مەن ھازىر ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇشۇ ئابرويلۇق زاتلار بىلەن تۇغقان بولۇشقا تىرىشىۋاتىمەن. شاھ ئائىلىسىنىڭ بۇ شانلىق ئەخلاق ئۈلگىلىرى مەڭگۈ ساقلانغاي. مەن

كەلگۈسىدىن خاتىرجەم بولالمايمەن، چۈنكى، يەر شارى ئۆزگىرىپ، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولىدىغان دۇنياغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدىكى دۇنيادا، يىرتقۇچ قۇشلار كەپتەرلەرگە ئارام بەرمەيدۇ، رەزىللىك گۈزەللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. بىراق، ئۇ چاغدا ھەربىر ئادەمنىڭ ياخشى، يامانلىقلىرى ئاللانىڭ دەپتىرىگە يېزىلىپ ماڭىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار ياخشى ئادەملەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ھېلىقىدەك يامان ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىكلىرىمۇ ئۇزاق يىللارغىچە لەنەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. قېنى، مەن شاھ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن مۇشۇ ئاخىرقى بىر قوشۇق ئوماچنى ئىچىۋېتىمەن، — دەپتۇ. زانى ئاستا-ئاستا ئىچىۋېتىپتۇ، چىرايى ئۆزگەرمەپتۇ، روھى ھالىتىدىمۇ ھېچ ئۆزگىرىش بولماپتۇ.

مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، توختىماي ئۇزاقىچە چاۋاك چېلىپ، ئۇتۇپ چىققۇچىغا باركاللا ئېيتىپتۇ.

پادىشاھ ئېلىسۇ مابا ۋەدىسى بويىچە گۈزەل مەلىكىنى ئەقىللىق زانىغا بېرىپتۇ. كېيىن، زانى بىلەن مەلىكە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

## گالۋاڭ ئەر بىلەن چېچەن خوتۇن

ئېفىئوپىيىدە بىر پوچى ئادەم بار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ مەن پۈتۈن يەر شارىنى ئۆلچىيەلەيمەن دەپتۇ، ھەتتا كىشىلەر بىلەن قوللىشىپ، كۈن چىققاندىن كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتا يەرنىڭ نەلەرگىچە بارىدىغانلىقىنى ئەتە سەھەرگىچە ھېسابلاپ چىقالايمەن

دەپتۇ. كىشىلەر راستتىن ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى تىكىشىپ قوللاشقاندا، ئۇ ھۇدۇقۇپ قاپتۇ.

خوتۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

ــ ئۈپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئەتە بېرىپ سىز بىلەن قوللاشقان ئادەملەرنىڭ ئالدىدىلا يەرگە بىر ياغاچنى سانجىڭ، ئاندىن ئۇلارغا: "كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مۈنچىلىك، مۈنچىلىك يىراق، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن مۈنچىلىك، مۈنچىلىك يىراق بولىدۇ، كىم ئىشەنمىسە ئۆزى ئۆلچەپ باقسۇن. بىرەر سۆزنى خاتا ئۆلچەپ قويغان بولسام، ئۆيۈمنى ۋە ئۆيدىكى بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى ئۇتتۇرغان بولاي، دەڭ، ــ دەپتۇ.

ئېرى خوتۇنىنىڭ بۇ ئاقىلانە گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ـ دە، ئەتىسى خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئاقىلانىلىقى ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

بۇ ئادەم توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپتۇ، ھەتتا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغىچە يېتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇ ئادەمنى ئوردىغا چاقىرتىپ سوراپتۇ:

ــ ئاڭلىسام، ھەممە ئادەم سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىۋېتىپتۇ ـ دەك، ئۇلار سىزنى كالىۋاراق ئادەم دەيدىكەن. بىراق ئەقىللىق لارنىڭ ھەممىسلا سىزچىلىك ئۇنداق جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ئېھتىمال بۇ چارىنى سىزگە بىرسى ئۆگىتىپ قويغاندۇ؟

ــ شۇنداق، ــ دەپ ئىقرار قىپتۇ ھېلىقى پوچى، ــ ئۇنى ماڭا خوتۇنۇم ئۆگەتكەن.

— راستمۇ، — سوراپتۇ پادىشاھ، — سىزنىڭ راست ئاشۇنداق ئەقىللىق خوتۇنىڭىز بارمۇ؟

پوچى خۇشال بولۇپتۇ-دە، يەنە پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

— خوتۇنۇم ئەقىللىق بولۇش بىلەنلا قالماستىن، چىرايلىق ھەم ياش.

— بۇنداق ئەقىللىق، گۈزەل ھەم ياش خوتۇن، — دەپتۇ پادىشاھ، — پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولۇشى كېرەك. بېرىڭ، مۇشۇ گەپنى خوتۇنىڭىزغا ئېيتىڭ.

چېچەن خوتۇن گالۋاڭ ئەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ.

— كونىلاردا "ئاغزى ئىتتىك ئادەم پاراسەتسىز كېلىدۇ" دېگەن گەپ بار. قاراڭ بۇ قاملاشمىغان ئىشىڭىزنى، كىمگە پو ئاتتىڭىز، شاھنىڭ ئالدىدا پو ئاتتىڭىزمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئامال تېپىپ، بۇ ئىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش كېرەك. سىز يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "گېپىڭىزنى خوتۇنۇمغا يەتكۈزدۇم، ئۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇڭا خوتۇنۇم سىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ ئەتكەن مەززىلىك تامىقى بىلەن ئىشلىگەن ئېسىل ھارىقىنى تېتىپ كۆرۈڭ" دەڭ، — دەپتۇ.

ئېرى خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىپتۇ، خوتۇنى بولسا ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپتۇ. جوزىنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل-ھەر ياڭزا تەخسىلەرنى تىزىۋېتىپتۇ، تەخسىلەرنىڭ چوڭلىرى، كىچىكلىرى، چوڭقۇرلىرى، دۈگىرەكلىرى بار ئىكەن. تەخسىلەرگە بىر ئوچۇمدىن توزۇندا سېلىپ، ئۈستىنى يېپىپ قويۇپتۇ. ئاندىن يېپىلغان تەخسىلەرنىڭ ئۈستىگە بىر

پارچىدىن لاتا ئارتىپ چىقىپتۇ. لاتىلارنىڭ ئىچىدە تاۋار-دۇردۇن پارچىلىرى، يۇڭ رەخت پارچىلىرى، يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكى رەخت-لەرمۇ، ئالا-بېشىل يىپ رەختلەرمۇ، يوللۇق رەختلەرمۇ، گۈللۈك رەختلەرمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭ بەزىلىرى يېڭى، بەزىلىرى ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمەيدىغان كونىراپ كەتكەن رەختلەر ئىكەن. بۇ خوتۇن جوزىلارنى ئوبدان راسلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەپتۇ. كۆپچىلىك جوزىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەسخىرە قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئايالنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئەسكى لاتىلارنى جوزا ئۈستىگە قالايمىقان قويۇپ قويىسىز؟ نېمە ئۈچۈن تەخسىلەرگە توزۇندا قويۇپ قويدىڭىز؟

— سەۋرى قىلسىلا ئۇلۇغ شاھىم، كايىپ كېتىشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلغىنىم يوق. ئۆزلىرىنى مەن بىلەن سۆزلىشىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتەلمەيمەن. شۇڭا، ئۆزلىرىگە قەلبىمنى گەپ بىلەن بايان قىلالمىسام، مۇشۇنداق بەلگە بىلەن بولسىمۇ ئىزھار قىلاي دېگەن يەرگە كەلدىم. قاراپ باقسىلا، جوزا ئۈستىدىكى تەخسىلەر تۈرلۈك لاتىلار بىلەن يېپىلغان، تەخسىلەرگە توزۇندا سېلىنغان، تەخسىنىڭ ھەممىسىگە سېلىنغىنى ئوخشاشلا توزۇندا. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لاتىلارنىڭ ھەممىسى — چىرايلىقى بولسۇن، چىرايلىق ئەمەسى بولسۇن، تاۋار-دۇردۇنى بولسۇن، ئادەتتىكى يىپ رەختلەر بولسۇن، ھەممىسى چىرىپ، توزۇندىغا ئايلىنىدۇ. ھەممە ئايال دەل ئاشۇنىڭغا

ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىقى بولسۇن، چىرايلىق ئەمەسى بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا قىرىيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا گۈزەل ئاتالغان ئايالларنىڭمۇ قىرىيدىغان ۋاقتى بولىدۇ، چىرايلىق ھېسابلانمايدىغان ئايالларمۇ قىرىغاندا ھەرقانداق گۈزەل ئايالنىڭ قىرىلىدىن بەكرەك سەتلىشىپمۇ كەتمەيدۇ. پەقەت بىرلا سادىق يۈرەك، مەيلى ياش چاغدا بولسۇن، ياكى قىرىغاندا بولسۇن، ئوخشاشلا گۈزەل تۇرىدۇ. مېنىڭ سىلىگە دېمەكچى بولغىنىم مانا مۇشۇ.

پادىشاھ ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم خىجىل بوپتۇ. ئۇ مەردلىك بىلەن يېنىدىن ئالتۇن چىقىرىپ، بۇ ئىككىيلەنگە بېرىپتۇ ـ دە، ئۆيدىن چىقىپتۇ.

## "ھوي" بىلەن "ۋاي"

ئافرىقىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بولغانىكەن:

بىر باي ئىشقا سېلىش ئۈچۈن بىر ئىشچى ياللىۋاپتۇ، ئۇ ئىشچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن 200 لىيار (قەدىمكى ئىسپانىيە كۈمۈش پۇل بىرلىكى) بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. لېكىن ئاي ئاخىرلاشقاندا باي ئىشچىغا:

ـــ سەن شەھەرگە بېرىپ ماڭا ئىككى نەرسە ئېپكېلىپ بەر، بولمىسا مەندىن ئىش ھەققى ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولما، ـــ دەپتۇ. ئۇنىڭ ئالىدىغان ئىككى نەرسىسى دۇنيادا يوق نەرسىلەر ئىكەن. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن نۇرغۇن ئادەمنى ئالدىغانىكەن.

ئۇ بىر قېتىم يەنە بىر ئوغۇل بالىنى ياللاپتۇ، ئۇنىمۇ بىر ئاي ئىشقا سېلىپ، ئايلىقىغا 200 لىيار بەرمەكچى بوپتۇ.

ئاي ئاخىرلاشقاندا، باي بۇ بالىغا:

— شەھەرگە بېرىپ، بازاردىن ماڭا ئىككى نەرسە ئېپكېلىپ بەر، ئۇنىڭ بىرسى "ھوي"، يەنە بىرسى "ۋاي"، ئېپكېلىپ بېرەلمىسەڭ، ئىش ھەققى بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، يەنە تېخى يۈز دەررە ئۇرىمەن، — دەپتۇ.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپتۇ. بىراق ئۇ ئاخىرى بىر ئامال ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ يالغاندىن شەھەرگە بارغان بولۇپ، بايغا بىر شىشە ئېپكېلىپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئىچىنى سەكسەنپۇت ۋە چايان بىلەن تولدۇرۇۋېتىپتۇ.

— سىز دېگەن "ھوي" بىلەن "ۋاي"نى ئېپكەلدىم، قولىڭىزنى تىقىپ ئېلىڭ، — دەپتۇ بالا.

باي دەسلەپتە بىرئاز ھەيران بوپتۇ، بىراق يەنىلا قولىنى شىشىنىڭ ئىچىگە تىقىپتۇ.

سەكسەنپۇت باينىڭ قولىنى چىشلەپتىكەن، ئاغرىققا چىدىماي "ھوي، ھوي" دەپ تۇۋلاپتۇ...

ئەمدى قولىڭىزنى شىشىنىڭ ئىچىگە يەنە بىر قېتىم تىقىسىڭىز، "ۋاي"مۇ چىقىدۇ، — دەپتۇ بالا كۈلۈپ كېتىپ.

باي بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالماي، غىڭ قىلماي يېنىدىن پۇلنى چىقىرىپ، بالىغا 200 لىيار بېرىپتۇ.

# شىمالىي ئامېرىكا

## ئىسسىق جەسەت

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر كەچلىكى، ئامېرىكىدىكى خۇسۇسىي ساقچى روزۋېلت ئائىلىسىدە ئارخىئولوگ دوكتور كېيىندىن تېلېفون ئاپتۇ. تېلېفوندا مۇنداق دېيىلگەن:

— روزۋېلت ئەپەندىم، ئىش چاتاق بولدى، قەدىمىي مايا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرلىق يادىكارلىقى ئالتۇن نىقاب ئوغۇرلاندى. كاتىپ سىزنى ئەكىلىشكە كەتتى، تېزدىن تەتقىقات ئورنىغا كېلىڭ.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ياش كاتىپ ماشىنا بىلەن يېتىپ كەپتۇ. ماشىنىدا كېتىۋېتىپ كاتىپ روزۋېلتكە مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغۇرلانغان ئالتۇن نىقاب مېكسىكىنىڭ يۇكاتان يېرىم ئارىلىدىكى مايا ئەلئېھرامىدىن قېزىۋېلىنغانىدى، كېيىن بۇنىڭغا مىلىيادىر ئىگىدارچىلىق قىلغان. دوكتور كېيىن بۇنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئارىيەت ئېپكەلگەنىدى.

دوكتور كېيىننىڭ تەتقىقات ئورنىغا كەلگەندە كەچ سائەت 11 بولۇپ قاپتىكەن، يولغا ساق بىر يېرىم سائەت ۋاقىت كېتىپتۇ.

— دوكتور ئىككىنچى قەۋەتتىكى تەتقىقات ئۆيىدە، سىز بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، مەن ئۇنى چاقىراي، — كاتىپ شۇ گەپنى

دەپ قويۇپلا ئىككىنچى قەۋەتكە قاراپ مېڭىپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇ،
روزۋېلت ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا ئىككىنچى قەۋەتتىن قورقۇپ ۋار-
قىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ۋاي توۋا، ئىش چاتاق بولدى، دوكتور ئۆلۈۋاپتۇ.

روزۋېلت يۈگۈرگەن پېتى ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ قارىسا،
تورۇستىكى تۆمۈر تۇرۇبىغا بىر تال تانا باغلانغان، دوكتور كېيىن-
نىڭ بوينى تانىغا كىرگۈزۈلگەن، دەسسەش ئۈچۈن قويۇلغان ئورۇن-
دۇق تېپىپ ئۆرۈۋېتىلگەن.

— ئېھتىمال، — دەپتۇ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كاتىپ، — ئالتۇن
نىقاپ ئوغۇرلانغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيەتنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى
ئويلاپ ئۆلۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

— جەسەت تېخى ئىسسىق تۇرۇپتۇ، — روزۋېلت بۇنىڭدىن
ھەيران بوپتۇ. ئۆي بەك سوغۇق ئىكەن، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ ھارا-
رىتى ھايات ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا تۇرۇپتۇ.

— بەلكى، — دەپتۇ كاتىپ، — بىز كېلىشنىڭ ئالدىدا ئۆلۈۋالغان
ئوخشايدۇ.

— بۇ تېمپېراتۇرا شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بۇ ئادەمنىڭ
ئۆلگىنىگە تېخى بىر سائەت بولمىغان. ئۇ بىرەر ۋەسىيەت قالدۇر-
دىمۇ، يوق؟ — روزۋېلت سۆزلەۋېتىپ دوكتور كىيگەن ئاق خالاتنىڭ
يانچۇقىنى ئاختۇرۇپتۇ-دە، كۈمۈش قەغەزگە ئورالغان ئېرىپ كەت-
كەن يېرىم شاكىلاتنى تېپىپتۇ.

روزۋېلت يېرىم شاكىلاتنى قولىغا ئېلىپ بىردەم ئويلانغاندىن
كېيىن، بىردىنلا كاتىپنى تىللاپ كېتىپتۇ:

— ھوي ئەبلەخ، ئەسلى قاتىل سەن! سەن ماشىنا بىلەن مېنى

ئەكەلگىلى بىرىشتىن بۇرۇن، دوكتورنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى ئىسلىپ ئۆلتۇۋالغان قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇك، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئالتۇن نىقاپنى ئوغۇرلىغانمۇ سەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ كاتىپ ئۆزىنى ئاقلاپ، ماشىنا بىلەن سىزنى ئىپكىپلىشىم ئۈچۈن بىرىپ ـ كىلىشكە ئۈچ سائەت ۋاقىت كەتتى. ئەگەر دوكتورنى مەن ئۆلتۈرگەن بولسام، جەسەت ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ئۆيدە پار بولمىسا، جەسەت نىمىشقا ھازىرغىچە ئىسسىق تۇرىدۇ؟

— مەسىلە مۇشۇ يەردە، — دەپتۇ روزۋېلت تامدىكى توك شىتېپ ـ سىلنى كۆرسىتىپ، — نەق مەيداندا يوقلىقىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، سەن دانىشمەنلىك بىلەن ناھايىتى ئەپچىل بىر ئۇسۇل قوللانغان.

ئەسلىدە كاتىپ دوكتورنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئۇنى ئىسلىپ ئۆلۈۋالغان قىياپەتكە كەلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئاندىن جەسەتنى توك بىلەن ئىسىتىش ئەدىيالىغا ئوراپ قويغان. ھەممە ئىشنى ئورۇن ـ لاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن روزۋېلتنى ئەكەلگىلى بارغان، باياتىن كاتىپ ئالدى بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىققاندا، جەسەتنى ئوراپ قويغان توك بىلەن ئىسىتىش ئەدىيالنى ئېلىۋەتكەن، شۇڭا، جەسەت ئۈچ سائەتتىن كېيىنمۇ ئىسسىق تۇرغان، بىراق، كاتىپ ئۆلگۈچىنىڭ يانچۇقىدىكى شاكىلاتقا دىققەت قىلمىغان. شاكىلاتنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكى جەسەتنىڭ ئىسسىق بىرنەرسە بىلەن ئوراپ قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيدە توك بىلەن ئىسسىتىدىغان ئەدىيال بار ئىكەن، روزۋېلت مۇشۇلارغا ئاسا ـ سەن كاتىپنىڭ سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغان.

# بىر بولاق تېزەك

پىنكادۇن 1819-يىلى ئەنگلىيىدە تۇغۇلغان، 23 يېشىدا ئامېرىكىغا كەلگەن، ئۇ ئامېرىكىدا تۇنجى خۇسۇسىي ساقچىلىق پونكىتىنى قۇرغان ئادەم.

ئۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئىللىنويىس شتاتىدا بىر كالا فېرمىسى بولۇپ، بۇ يەردە ھەمىشە كالا ئوغۇرلاش ۋەقەسى بولۇپ تۇرىدىكەن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، فېرمىدا كالا ئوغۇرلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، كالىنىڭ ئىزىلا قالىدىكەن، ئادەمنىڭ ئىزى بولمايدىكەن.

مەلۇم بىركۈنى ئاخشىمى، كالا ئوغرىسى يەنە پەيدا بوپتۇ. بۇ قېتىم فېرما باشلىقىنىڭ ئاز-تولا تەييارلىقى بولغاچقا، كالا ئوغرىسىنىڭ ئىشى ئەپلەشمەپتۇ. فېرما باشلىقى "ۋاي ئوغرى" دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاتقا مىنىپتۇ-دە، قارا كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بىراق كالا ئوغرىسىنىڭ سۈرئىتى ئۇنىڭدىنمۇ تېز بولغاچقا، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. يەردە پەقەت كالىنىڭ ئىزىدىن باشقا نەرسە قالماپتۇ.

— كالا ئوغرىسى كالىغا مىنىپ قاچقانلىقتىن، بۇ يەردە ئادەمنىڭ ئىزى قالمىغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق كالا ئاتتىنمۇ تېز يۈگرەمدۇ؟

پىنكادۇن فېرما باشلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەق مەيدانغا كېلىپ، كالىنىڭ ئىزى بويىچە تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ-دە،

فىرما باشلىقىغا:

— كالا ئوغۇرلىغۇچىنىڭ مىنگىنى كالا ئەمەس، ئات، — دەپتۇ.

— ئەمما، يەردە كالىنىڭ ئىزىدىن باشقا ئىز يوققۇ؟

— چۈنكى، ئۇنىڭ ئات تۇيىقىغا ئۇردۇرغىنى ئاتنىڭ تاقىسى ئەمەس، بەلكى كالىنىڭ تۇيىقى شەكلىدىكى مېتال قاپچۇق.

— بۇ گەپنىڭ نېمە ئاساسى بار؟ — سوراپتۇ فىرما باشلىقى.

— بۇنىڭدىن تۆت كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايدا كالا ئوغرىسى قالدۇرغان ھەقىقىي ئىسپات بار، مانا بۇنىڭغا قاراڭ، — پىنكادۇن يانچۇقىدىن بىر قەغەز بولاقنى ئېلىپ، شۇ يەردىلا ئېچىپتۇ، قارىسا ئات تېزىكى ئىكەن.

پىنكادۇن كېيىن تېزەك ۋە ئاتنىڭ ئىزىنى بويلاپ تەكشۈرۈپ، ئاخىرى كالا ئوغرىسىنى تۇتۇپتۇ.

## ئاينىڭ يورۇقى گۇۋاھ بولسۇن

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى لىنكولىن (1809 — 1855) ئاتاقلىق ئادۋوكات ئىكەن. مەملىكەت بويىچە ئۇنىڭ ئاتىقىنى چىقارغىنى ئامىسترلان ئەنزىسى ئىكەن.

بىركۈنى، لىنكولىن گېزىتتىن بىر خەۋەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. خەۋەردە: ئامسترلان ئىسىملىك بىر ياش مال-دۇنيانى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئامسترلان لىنكولىننىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بىر قەدىناس دوستىنىڭ بالىسى ئىكەن. ئۇ بۇ ياشنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەنگە زادىلا يېقىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى

سالاهيىتى بىلەن ،سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئار-خىپنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىپ، بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، گۇگۇملىگە بىرنەرسىنى پۈككەندىن كېيىن، سوت كوللېگىيىسىنىڭ قايتا سوت قىلىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

قايتا سوت باشلىنىپتۇ. پۈتۈن ئەنزىنىڭ ئاچقۇچى دەۋاگەر تەرەپنىڭ گۇۋاھچىسى فۇرسون ئىكەن. چۈنكى فۇرسون قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاخشىمى ئاينىڭ يورۇقىدا، ئامستر-لاننىڭ ئۆلگۈچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.

لىنكولىن فۇرسوندىن سوراپتۇ:

ــ سىزنىڭ تۇرغان يېرىڭىز ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئارقىسى، ئامسترلاننىڭ تۇرغان يېرى بولسا چوڭ دەرەخنىڭ كەينى، بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 20 ــ 30 مېتر كېلىدىغان تۇرسا، سىز قانداق قىلىپ ئۇنى ئېنىق كۆرەلىدىڭىز؟

ــ ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم، ــ دەپتۇ فۇرسون جاۋاب بېرىپ، ــ چۈنكى ناھايىتى ئوچۇق ئايدىڭ ئىدى.

ــ ئۇنى ئېنىق تونۇشىڭىز ئۇنىڭ كىيىنىشى جەھەتتىن ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ ــ سوراپتۇ لىنكولىن.

ــ شۇنداق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ فۇرسون، ــ مەن ئۇنى چىرايىدىن ئېنىق تونۇدۇم، چۈنكى ئاينىڭ يورۇقى دەل ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەنىكەن.

ــ ۋاقىتنىڭ كەچ سائەت 11 ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالامسىز؟ ــ سوراپتۇ لىنكولىن.

ــ چاتاق يوق، ــ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ فۇرسون، ــ

چۈنكى ئۆيگە قايتىپ بارغاندا قارىسام سائەتنىڭ 11 دىن چارەك ئۆتكەنىكەن.

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىكەنلىكىگە ھۆددە قىلالامسىز؟

— قەسەم بېرىمەنكى، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست.

— رەھمەت سىزگە، سورايدىغانلىرىم تۈگىدى.

لىنكولىن سوتتىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، تەنتەنە بىلەن شۇنى جاكارلاپتۇ:

— ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر، قەدىرلىك سوت خادىملىرى، سىلەرگە شۇنى ئېيتىشقا مەجبۇرمەنكى، بۇ گۇۋاھچى ئۇچىغا چىققان ئالدامچى.

پۈتۈن سوتنىڭ ئىچى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، ھەممىنىڭ سوئال نەزىرى لىنكولنغا چۈشۈپتۇ.

— گۇۋاھچىمنى ئالدامچى دېيىشتە نېمە ئاساسىڭىز بار؟

لىنكولىن روھلۇق، تەمكىن ھالدا سۆز باشلاپتۇ:

— گۇۋاھچىڭىز فۇرسون 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچ سائەت 11 دە ئاي يورۇقىدا جاۋابىكارنىڭ چىرايىنى تونۇۋالدىم دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئويلاپ بېقىڭلار، 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاينىڭ يانغان ۋاقتى، سائەت 11 دېگەندە ئاي ئولتۇرۇپ بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئاي نېمە قىلىدۇ؟ ماقۇل، ۋاقىتنى خاتا ئېيتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دەپ، ۋاقىتنى ئالدىغراق سۈرسەك، بۇ چاغدا راستتىن ئاي بار بولغان بولىدۇ. بىراق ئۇ چاغدا ئاي غەربتە بولۇپ، غەربتىن تۇرۇپ شەرقىنى يورۇتىدۇ. ئوت ـ چۆپ دۆۋىسى شەرقتە، چوڭ دەرەخ غەربتە تۇرىدۇ. ئەگەردە جاۋابكارنىڭ يۈزى ئوت ـ چۆپ

دۆۋسىگە قاراپ تۇرغان دېيىلگەندىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاي يورۇقى چۈشمەيدۇ، شۇنداق تۇرغان ئەھۋالدا گۇۋاھچى قانداق قىلىپ 20 ـــ 30 مېتىر يىراقتا تۇرغان جاۋابكارنىڭ يۈزىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ؟

پۈتۈن سوتتا شاۋ ـ شۇۋ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. گۇۋاھچى كۆپچە ـ لىكنىڭ تىل ـ ھاقارەتلىرى ئىچىدە، جاۋابكارغا قەست قىلىش ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. ئامىتر ـ لان شۇ زامات گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىپ، قويۇپ بېرىلىپتۇ.

## نەق مەيداندا ئاياغ ئىزى قالمىغان قاتىللىق ئەنزىسى

ئادۋوكاتلىقتىن كېلىپ چىققان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى لىنكولىن 24 يېشىدا نۇسالېمۇلىندىكى پوچتا ئىدارىسىغا مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بوپتۇ. خىزمەتنى سەممىي ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپتۇ. ئۆزى ئىدارە باشلىقى بولۇپ تۇرۇپمۇ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ خەت توشۇيدىكەن.

بىركۈنى ئەتىگەنلىكى، لىنكولىن سىمىت ئىسىملىك بىر ياشقا خەت ئاپىرىپتۇ. سىمىت بۇ يېزىغا يوپ بولۇش ئۈچۈن يېڭىلا كەلگە ـ نىكەن. چېركاۋ تېخى پۈتمىگەچكە، ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر ئېغىز ئۆيدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋېتىپتۇ.

لىنكولىن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ۋارقىراپتىكەن. ئۆيدىن ئاۋاز چىقماپتۇ، ئىشىكمۇ ئېچىلماپتۇ. لىنكولىن ئىشىكنى قايتا ـ قايتا قېقىپ ـ تىكەن، يەنىلا ھېچقانداق تىۋىش بولماپتۇ. لىنكولىن: ئېھتىمال سىرتقا ئايلىنىپ كېلىشكە چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ

ئويلاپ، ئۇنى ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىز بېشىدىن ئىزدەپتۇ - دە، ئېتىزلىققا بېرىپ قارىسا، پوپ ئېتىزدا دۈم ياتقان، دۈمبىسىدە ھىندىيانلارنىڭ يادىن ئۈزگەن ئوقى سانجىلغان پېتى تۇرۇپتۇ.

خۇددى چاقىرىپ قويغاندەك، بىر ساقچى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، لىنكولىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دوكلات قىپتۇ، جەسەتنىڭ دۈمبىسىدىكى ئوقيانىڭ ئوقىنى كۆرگەندە ساقچىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ - دە، چۆچىگەن ھالدا:

— "قارا قۇش" ئىنتىقام ئېلىشقا كىرىشىپتۇ، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

لىنكولىن "قارا قۇش" دېگەننىڭ ھىندىيان — ساگۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن.

— ساگۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بىلەن بۇ يېزا ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار، — دەپتۇ ساقچى.

— بىراق، قەبىلە باشلىقى ئىنتىقام ئالغىلى كەلگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى قالمايدۇ؟ — سوراپتۇ لىنكولىن.

— قەبىلە باشلىقى ئوقىنى يىراقتىن ئۈزگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى قالمىغان.

— ئۇنداق بولسا، پوپنىڭ ئاياغ ئىزىمۇ يوققۇ؟ تۈنۈگۈن كەچ يامغۇر ياغقان، ئېتىزلار تېخى نەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراق يۇمشاق، ئادەم ماڭغانلا بولسا، چوقۇم ئىز قالاتتى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، يامغۇر پوپنىڭ ئىزىنى يوقىتىۋەتكەن بولسا كېرەك.

— ئۇنداق ئىش يوق، ساقچى ئەپەندىم، ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، جەسەتمۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن بولاتتى، ئەمما ئۇنىڭ

كىيىملىرى قىلچە ھۆل ئەمەس.

— بىر كىچە ۋاقىت ئۆتتى، بەلكى قۇرۇپ قالغان بولۇشى كېرەك.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ لىنكولىن، — قاراپ بېقىڭ، ئوق تەگكەن جايدا قان ئۇيۇپ قاپتۇ، يامغۇر ھۆل قىلغان بولسا، ئۇيۇپ قالغان قانمۇ يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ كەتكەن بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا، پوپ يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— يوقسۇ، ساقچى ئەپەندىم، ئۇنداق بولسا نېمىشقا پوپنىڭ ئاياغ ئىزى بولمايدۇ؟ ئەجەبا ئۆلۈپ بولغان ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈۋېتەلەمدۇ؟

لىنكولىن گېپىنى تۈگىتىپلا ئەتراپنى تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ دىققىتى پوپنىڭ جەسىتىدىن ئۈچ مېتىر يىراقلىقتىكى ئىككى مېترچە ئېگىزلىكتىكى بىر تاختايغا چۈشۈپتۇ، بۇ ئەتراپ چىركاۋ سېلىشقا تەييارلاپ قويغان جاي ئىكەن. بويى بىر مېتىر 93 سانتىمېتىر كېلىدىغان لىنكولىن تاختايغا يېقىن كېلىپ، پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، تاختاينىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپتۇ. ئۇ تەرەپتە چۆلدەرەپ قالغان بىر قورۇ بولۇپ، چوڭ بىر تۇپ دەرەخكە گولەندگۈچ سېلىنغانىكەن. تۆت ئەتراپ ھېچ نەرسە ئۇنمەيدىغان قىزىل تۇپرىلىق، ئادەمنىڭ ئىزىمۇ يوق.

— مەن بۇ ئىشنى ئەمدى چۈشەندىم، — دەپتۇ لىنكولىن.

— قانداق ئىشكەن؟

لىنكولىن پاكار ساقچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئۆزى كۆرگەنلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— قاراڭ، چوڭ دەرەختە گۆلەنگۆچ تۇرامدۇ، باش پوپ ئۇيۇنغا ئامراق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر چېرىكاۋ سېلىنىدىغان يەر ئىكەن، شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدىن گۆلەنگۆچ ئويناش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن، ئۇ گۆلەنگۆچ ئويىناۋاتقانىدا قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوقيادىن ئۆزگەن ئوقى ئۇنىڭغا تەگىكەن-دە، گۆلەنگۆچ ئىرغىتىپ ئۇنى بۇ يەرگە تاشلىغان. شۇڭا بۇ يەردە ھېچقانداق ئىز قالمىغان.

كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە لىنكولىننىڭ ھۆكمى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ چىقىپتۇ.

## يورۇقلۇق يىغقۇچى ئادەم

ئامېرىكا ئالىمى ئېدىسون ھاياتىدا مىڭ خىلدىن ئارتۇق كەشپىيات ياراتقانىكەن. بۇ "كەشپىيات خاقانى" 11 يېشىدىن باشلاپلا «پەن ئىنسىكىلوپېدىيىسى» ۋە نيۇتوننىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئەسكى بىر ئۆيىنى ئۆزىنىڭ تەجرىبىخانىسى قىلغانىكەن.

ئۇ 11 ياشقا كىرگەن يىلى بىركۈنى كەچتە "تەجرىبىخانىسى"دىن چىقىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلسە، ئانىسى كارىۋاتتا ۋايجانلىغىلى تۇرۇپتۇ، كارىۋاتنىڭ بېشىدا بىر تال شام پىلىلداپ تۇرغان، يېنىدا بىر دوختۇر تۇرۇپتۇ.

— ئانا، قەيرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېدىسون ئانىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ.

— ئانىڭىز ئۆتكۈر سازاڭىسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بوپتۇ، ياخشىسى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك، —

دەپتۇ دوختۇر.

ئېدىسوننىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل ئىكەن، بۇنداق ئەھۋالدا ئانىسىنى قانداقمۇ دوختۇرخانىدا ياتقۇزالىسۇن؟ ئانىسى دوختۇردىن ئۆيدە ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئاق كۆڭۈل دوختۇر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئوپېراتسىيىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ.

— دوختۇر، ئۇنداق بولسا ئانامنى تېزراق ئوپېراتسىيە قىلىڭ، — دەپتۇ ئېدىسون تاقەتسىزلىك بىلەن.

— لېكىن، ھازىر ئۆي بەك قاراڭغۇ، ئوپېراتسىيىدە ئېنىق كۆرەلمەي قالىمەن، — دەپتۇ بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دوختۇر.

— ئۇنداقتا، ئەتە يورۇق چۈشكەندە قىلايلى، — دەپتۇ ئانا.

— ئەتىگە قالسا، كېسەللىكىڭىز خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ دوختۇر.

ئېدىسون قورقىنىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ-دە، دوختۇرغا قاراپ:

— دوختۇر، ئوپېراتسىيىنى باشلاڭ، مەن سىزگە شام تۇتۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ دوختۇر بېشىنى چايقاپ، — ئوپېراتسىيە قىلغان جايغا شام ئېقىپ كېتىدىغان بولسا، ئىش چاتاق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە تال شام بىلەن ئىش قىلغاندا، يورۇقلۇق يېتىشمەيدۇ.

ئېدىسون يورۇقلۇقنى بىر يەرگە يىغقىلى بولىدىغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغاندا كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ-دە، دوختۇرغا:

— دوختۇر، بۇنىڭ ئامالىنى تاپتىم، — دەپتۇ.

ئېدىسون ئۆيىدىكى كىيىم ئىشكابىنىڭ ئەينىكىنى چىقىرىۋاپتۇ، يەنە كىچىك ھەمراللىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلاردىن ئۈچ پارچە چوڭ ئەينەك، شام ۋە چىراغلارنى ئېپكەپتۇ. ئۇ بۇ ئەينەك، شام ۋە چىراغلارنى ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە قويۇپتۇ. ئاندىن بۇلارنى بىر-بىرلەپ تەڭشەپ، ئەينەكتىن قايتقان نۇرنى بىر يەرگە يىغىپتۇ. نەتىجىدە يورۇقلۇق ھەم تولۇق، ھەم تەكشى چۈشۈپتۇ. دوختۇر يېڭىدىنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئاجايىپ "ئوپېراتسىيە خانا"نى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بوپتۇ، ئانا قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ.

كېيىن، دەل مۇشۇ ئېدىسون "ئالەمنىڭ مەشئىلى" — ئېلېكتر چىراغنى كەشپ قىپتۇ.

## تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان ئادەم

ژېننى قىزچاقنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنى تىترەيتتى، ئاۋۇ ئايال تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان ۋېلانكا كوتقا ئەجەپ ئوخشايدىكىنە! بۇ كۆل بويىدىكى مېھمانخانىدا بولغان ئىش. ژېننى قىزچاق لىفتتا يېڭى زامان پوسۇنىغا لايىقلاشتۇرۇپ كىيىنىۋالغان ئەر-ئايال ئىككىيلەننى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، بىردىنلا چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككىيلەن چوڭراق كەلگەن قوياش ئەينىكى تاقىۋالغان بولىسمۇ، لېكىن ھېلىقى ئايالنىڭ ئاغزى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى ژېننى قىزچاقنى يېڭى قويغان بىر كىنو فىلىمىنى ئەسلىتىپتۇ. كىنودىكى ئايالنىڭ ئىسمى ۋېلانكار كوت بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ مەلۇم بىر داشۆدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. ئۇ ئايال ئۈچ ئادەم ئۆلگەن بىر قېتىملىق

پارتلىتىش ۋەقەسى بىلەن چېتىشلىق بولغىنى ئۈچۈن، ھازىر ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغانىكەن.

ژېننى قىزچاق ئۆزخانىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئەر ـ ئايال بۇ ئىككىيلەننىڭ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

ژېننى قىزچاق ئويلاپتۇ: "ئۇ ۋېلانكا كوت بولماسلىقى مۇمكىن، ئەگەردە ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ساقچى چاقىرىپ ئۇلارنى پاراكەندە قىلىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا دېمىز بويىدا خاتىرجەم دەم ئېلىشقا كەلگەن بۇ ياشنىڭ ئالدىدا تازا سەت ئىش قىلغان بولىمەن، بىراق، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىدىغان بولسام، بۇ مېنى ئاز ـ تولا يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ."

ئۇ قۇلىقىنى تامغا يېقىپ ئاڭلاپتىكەن، ئاۋازلا ئاڭلىنىپتۇ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇ بىرسىتاكانىنى ئۆيىنى خۇيلىغان قىزىل قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئاڭلاپ بېقىپتىكەن، يەنىلا ئاڭلىيالماپتۇ.

ئۇ مۇلازىمەت ئورنىغا تېلېفون بېرىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن تولىمۇ نازاكەتلىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم قارا سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. ژېننى ئۆزىنىڭ گۇمانى ۋە قانداق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتىكەن، ھېلىقى ئادەم مۇرىسىنى قىقىپ تۇرۇپ:

— ئەپلەشمەسمىكىن، — دەپتۇ.

— مۇشۇنداق قىلساق ئەپلەشىپ قالىدۇ، بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش، سىناپ كۆرۈپ باقايلى.

ئوتتۇرا ياشلىق بۇ ئادەم دوختۇر ئىكەن. ئۇ سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىپ، ئۇنى تامغا چاپلاپ تۇرۇپ، ياندىكى ئۆيدىكىلەر

قىلىشىۋاتقان گەپنى ئاڭلاپتۇ. ئەپلەشتى، ئېنىق ئاڭلىدىم. ئۇلار راست ئەر-خوتۇن كوتىلار ئىكەن. ئۇلار تۇتۇلۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كېلەر نۆۋەتلىك ئايروپىلانغا ئۈلگۈرۈپ، ئارگىنتېناغا بېرىۋېلىشنى مەسلىھەت قىلىشىۋېتىپتۇ.

هېلىقى دوختۇر شۇ ئان ساقچى ئىدارىسىغا تېلېفون بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، تېلېۋىزوردىكى بىرىنچى خەۋەر ئەر-خوتۇن كوتىلارنىڭ مېھمانخانىدا تۇتۇلغانلىقى بوپتۇ.

## ژېنىنىڭ ساقچىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشى

ئامېرىكىنىڭ مەلۇم بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئادەم ئۆلتۈرگەن بولاڭچى خولېس بوتنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئىنئام بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلىۋاتقاندا، بۇ قاتىل كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئازادە بىر داچىغا غىپپىدە كىرىپ كەپتۇ.

— ئۈنۈڭنى چىقارما، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن! — قاتىل بالكوننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، تاپانچىنى قورقۇپ تىترەپ تۇرغان ژېنىنى خېنىمغا تەڭلەپتۇ.

ژېنىنى خېنىم تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئىكەن، ئادەمنى يېۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن كىرگەن بۇ ئادەمنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. هېلىقى تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان قاتىل مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىغا داجىپتۇ.

قاتىل ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ چىرايلىق بىر خېنىم ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ئۈنىڭغا:

— خېنىم قورقماڭ، يۇۋاشلىق بىلەن تۇرسىڭىز، سىزگە هېچقانـ

داق زىيان يەتكۈزمەيمەن. — دەپتۇ ـ دە، ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېتىپ، يېمەكلىكلەر شكابىدىن قىيمىلىق بولكا ئېلىپ، ژېننى خېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ.

— چىرايلىق خېنىم، سىز نېمىشقا بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرسىز؟ — دەپتۇ قاتىل تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، — پۇل بارمۇ؟ بولسا چاقىرىڭ!

ژېننى خېنىم بېشىنى سىلكىپتۇ.

قاتىلنىڭ كۆزى ژېننى خېنىمنىڭ ئاپئاق قولىدىكى بىرلىيانت ئۈزۈككە چۈشۈپتۇ ـ دە، بىرلا تارتىپ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىرىۋاپتۇ.

ئۇشتۇمتۇت ئۆينىڭ سىرتىدىكى يولدىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ قۇلاقنى يارىدىغان چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ، بىردەمدىلا شىپ ـ شىپ ئاياغ تىۋىشلىرى تېزلا يېقىنلىشىپ كەپتۇ.

ئىشىك قېقىلىپتۇ.

قاتىلنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ تاپانچىسىنى ژېننىنىڭ دۈمبىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— كىيىمىمنى سېلىپ يېتىپ بولدۇم، ئىشىڭىز بولسا، ئەتە كېلىڭ دە! — دەپتۇ.

— كىم؟ — دەپتۇ ژېننى خېنىم قورقىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ، سىرتتىكى ئادەمگە قارىتىپ.

— مەن ساقچى ستېۋېنس، خېنىم، بۇ تەرەپكە گۇمانلىق ئادەم كەلدىمۇ؟ — دەپتۇ سىرتتىكى ئادەم.

ژېننى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆڭلىدىكى قورقۇنچىنى بېسىپ تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن:

— كەلمىدى، ئېرىم ۋاشىنگتوندىكى ئويۇنىنى تۈگىتىپ قايتىپ

كەلدى، سىز دېگەن نەرسىنى ئالغاچ كەپتۇ. بىراق، ستېپۆينس ئەپەندى، ئېرىم ئۇخلاپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئەتە كۆرۈشسىڭىز بولارمۇ؟

ستېپۆينس بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇ ژېننى خېنىمنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقىنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەن ئەر ئۇ. بىراق ئۇ ئەمدى چۈشىنىپتۇ: ژېننى خېنىم ئۆيىگە بىر ئەر كىشىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن، ئۇ ھازىر خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بولۇشى كېرەك، شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتالمىغان. ئۇنداقتا بۇ ئەر چوقۇم ھېلىقى قاتىل بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەبلەخنى چۆچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ستېپۆينس دەرھال ژېننى خېنىمغا ماسلىشىپ:

— بولىدۇ، رەھمەت سىزگە، مەن ئەتە كېلىپ، قەدىناس دوستۇم بىلەن كۆرۈشىمەن، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، — دەپتۇ.

سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشى يىراقلىشىپتۇ، قاتىلمۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ خۇداغا شۈكۈر دەپتۇ-دە، يېمەكلىك شكابىدىن ۋىسكى ئېلىپ، مەزە قىلىپ ئىچىشكە باشلاپتۇ.

تۇيۇقسىز بالكوننىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ستېپۆينس قورال كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ، بىرلا ۋاقىتتا دېرىزىلەرنىڭ ئەينىكى چېقىلىپ قورالنىڭ ئۇچى دېرىزىدىن كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ژېننى خېنىم خېلى بۇرۇنلا ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى پەملىگەنىكەن، شۇڭا ئۇ قاتىلغا قالقان بولۇپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، سەكرەپ تۇرۇپ بىر تەرەپكە ئۆتۈۋاپتۇ.

قاتىل خولېس بوت مانا مۇشۇنداق قولغا چۈشكەنىكەن.

# گۆرۈگە ئادەم تۇتۇپ كەتكەن كىم

ئامېرىكىنىڭ لوس-ئانژېلېس شەھىرىدىكى مەلۇم بىر شىركەت-نىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى A ئەپەندى ھودۇقىقان ھالدا، خۇسۇسىي ساقچى ل. ئاسانى تېپىپ، ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇمنى تۇتۇپ كېتىشتى، ئامال قىلىپ تېزرەك تېپىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— تۇتۇپ كەتكۈچىنىڭ شەرتى نېمە ئىكەن؟ — سوراپتۇ ئاسا.

— ئۇ تېلېفوندا 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، يەنى 50 دوللار-لىكتىن مىڭ قەغەز بېرىسەن، بۇ پۇلنى ئادەتتىكى پوسۇلكا بويىچە ئەتە چۈشتىن بۇرۇن پوچتىغا سالىسەن، ئادرېسى چارلىستون شەھىرى ئېلزابىت كوچىسى 2-نومۇر سېد كاسىم. ئاخىرىدا مېنى قورقىتىپ، ئەگەردە ئىشتىن بۇرۇن ئادرېسنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ياكى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان بولساڭ، بالاڭنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ، دېدى، — دەپتۇ A ئەپەندى يىغلاپ تۇرۇپ.

ئاسا بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— بالىنى تۇتۇپ كەتكەن ئۇ جىنايەتچى ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان ئادرېس بىلەن ئادەمنىڭ ئىسمىنى نېمە ئۈچۈن ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار، — دەپتۇ.

— سىز دەرھال چارلىستون شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ مۇدىرىيەت باشلىقى، — ئېلزابىت كوچىسى 2-نومۇر-لۇق قورودىكى سېد كاسىم دېگەننىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاڭ.

ئاسا دەرھال لۇغەت ساتقۇچى قىياپەتتە ياسىنىپ، بالىنى تۇتۇپ

كەتكۈچىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئادرېسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپتۇ، قارىسا شەھەر راست چىقىپتۇ، ئەمما ئادرېس بىلەن ئادەم ئىسمىنى يالغاندىن ياساپ چىققانىكەن. ئۇ ئويلاپتۇ: "ئەگەردە مۇدىرىيەت باشلىقى A ئەپەندى تۆلەم پۇلىنى پوچتىدىن يوللاپ بېرىدىغان بولسا، جىنايەتچى بۇنى قانداق ئالىدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، پوچتالىيون بۇنداق ئادرېس بىلەن ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بىلىپ قالسا، بۇ پوسولكىنى مۇدىرىيەت باشلىقى A ئەپەندىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنداقتا، جىنايەتچىگە تۆلەم پۇل كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بالىنى تۇتۇپ كەتكۈچى شۇنچە چوڭ خەۋپكە قارىماي ئىش قىلىپ، ئاخىرى قۇرۇق قول قالىدىغان ئىش نەدە بار؟ توغرا، ئەگەردە جىنايەتچى مۇشۇ شەھەردىكى پوچتا-تېلېگراف باش ئىدارىسىنىڭ پوسۇلكىلارنى ئايرىشقا مەسئۇل پوچتالىيونى بولسا، ئۇنىڭ بۇ پوسۇلكىغا ئىگە بولۇشى ئوڭاي ئەمەسمۇ؟

ئاسا ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىنى دەرھال يەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئېيتىپتۇ، ئاندىن ساقچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، بالىنى تۇتۇپ كەتكەن بۇ جىنايەتچىنى ناھايىتى تېزلا قولغا ئاپتۇ، جىنايەتچى راست دېگەندەك پوچتالىيون ئىكەن.

مۇدىرىيەت باشلىقى A ئەپەندىنىڭ ئوغلىمۇ قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ.

## ئاجايىپ توي سوۋغىسى

ئامېرىكىدا ئاددىي بىر ئىشچى بىر مىليونېرنىڭ قىزى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ، ئۇلار بىر-بىرىنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشىدىكەنكى، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئەھۋالغا كەپتۇ. بىركۈنى بۇ

ئىشچى يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ، مىليونىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ-دە، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ، ئەلۋەتتە، ياخشى ئىش بوپتۇ. بىراق، سىز قولىغا چىققۇ-دەك بىرنەچچە خىل توي سوۋغىسى ئېپكېلەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياش ئىشچىمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇ:

— مەن بىلەن قىزىڭىزنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن، ئاللاغا قەسەم قىلىپ شۇنداق ئېيتىمەنكى، مەندە ئاق كۆڭۈل، سادىق قەلب بار، ماھىر، ئەمگەكچان ئىككى قول بار، مەن چوقۇم بىرنەچچە خىل يارىغۇدەك توي سوۋغىتى ئالالايمەن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ باي كۈلۈپ تۇرۇپ، — ماڭا مۇنداق ئۈچلا نەرسە كېرەك: بىر گرام يۇلتۇز، ئىككى گرام سالقىن شامال، ئۈچ گرام ئاق بۇلۇت.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ كۆڭلى لەسسىدە بوپتۇ، ئۇ، باينىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا بەرگۈسى يوقلۇقىنى، شۇڭا گودىباخ قىياسىدىنمۇ تەس مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، كېلىدىن غىزا ئۆتمەپتۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باينىڭ قىزى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، دادىسىنىڭ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغاندىن لىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا:

— سىز مېنى راستتىن ياخشى كۆرىدىغان بولسىڭىز، ئۇ دېگەن نەرسىلەرنى چوقۇم قولىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. سىز ئۇ نەرسىلەرنى

بىلىم دېڭىزىدىن ئىزدەڭ، چۈنكى بىلىمنىڭ كۆچى چەكسىز. مەن سىزنىڭ تاپالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، سىزنى بەش يىل كۈتەمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، يىگىت كىتاب دېڭىزىغا كىرىپ كېتىپتۇ، بىلىم دولقۇنىدا ئۈزۈپتۇ. بەش يىلدىن كېيىن، ئۇ بىلىمى مول ئوقۇمۇشلۇق بىر ئەربابقا ئايلىنىپتۇ.

بىركۈنى ئۇ ئۈچ تۈرلۈك توي سوۋغىسىنى ئېلىپ باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، خۇددى ئېيتىپ قويغاندەك، باي بىلەن قىز ئۆيدە ئولتۇرغانىكەن. يىگىت بايغا:

— سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولغان باي.

— يىگىت قاپقارا بىر تال تاش، ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن، كونسېرۋاغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تۆمۈر قۇتا ۋە بىر بوتۇلكىنى باينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— نېمىلەر بۇ؟ — سوراپتۇ باي ئۇنىڭدىن، — مەن دېگەن نەرسىلەرگە ئوخشىمايدىغۇ؟

يىگىت بايغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، قىزغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— قارا تاش دەل بىر گىرام كېلىدۇ، ئاسماندىن ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇزنىڭ پارچىسى، يەنى مېتېئورىت. تۆمۈر قۇتىدىكىسى يېپىلاپ قاچىلانغان ھاۋا، ھاۋانى قويۇپ بەرسەك شامال بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى گىرام شامال بار. ئېپكېلىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۈچ گىرام ئاق بۇلۇتنى شەبنەم ئۈنچىسىگە ئايلاندۇرۇپ، بوتۇلكىغا قاچىلىۋالدىم، بۇ بوتۇلكىدىكىسى ئۈچ گىرام ئاق بولۇت.

باينىڭ قىزى بىرچەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ:
— دادا، توينىڭ ئۈچ سوۋغىسىنىڭ بىرسىمۇ كەم ئەمەس، ھەممىسى تولۇق بوپتۇ.

باي قايىل بوپتۇ، ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يىگىتكە:
— ئەقىللىق يىگىت، كەمبەغەل بولسىڭىز بىلەن بىلىمىڭ بار ئىكەن، ئەقلىڭ بار ئىكەن. قىزىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، — دەپتۇ.

## يەرگە تاشلاقلىق مىس تاختا

1957 ـ يىلى، ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدىكى يەرمەنكە مىسلىسىز دەرىجىدە كاتتا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، كۆرۈشكە، نەرسە سېتىۋېلىشقا ۋە مال زاكاز قىلىشقا كەلگەنلەر شۇنداق كۆپ ئىكەنكى، قىستى ـ قىستاڭنىڭ دەستىدىن ماڭغىلى بولمايدىكەن، كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. چاپچاپ بازارغا ئۇچرىغان خوجايىنلار پۇلنىڭ كەل ـ كەل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قېلىشىپتۇ.

لېكىن، يەرمەنكىنىڭ چەترەك بىر بۇلۇڭىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر دۇكاندىكى خوجايىننىڭ زادىلا قاپىقى ئېچىلماپتۇ، خاپىلىقتىن يۈرەك ـ باغرى زەرداپقا تولۇپتۇ. بۇ ئادەم ئامېرىكىدىكى مەشھۇر 57 ـ كونسېرۋا ـ يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ جىڭلىسى خانېس ئىكەن.

خانېس ئەسلىدە، چىكاگودا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ كاتتا يەرمەنكىنى ئاسان كەلمەيدىغان پۇرسەت، مۇشۇ يەرمەنكىدە مېلىمنى

ئوتتۇرىغا چىقىرالسام، خېلى كۆپ بىرنېمىسىگە ئىگە بولۇپ قالىمەن، دەپ ئويلاپ، بۇ ئىشنى ناھايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەن، شىركەتنىڭ ئەڭ ياخشى كونسېرۋا، يېمەكلىرىنى ئاتاقلىق ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئوراتقۇزۇپ، شىركەتتىكى ئەڭ چىشەر، چىرايلىق قىزلارنى تالالاپ مال ساتقۇچىلىققا قويۇپتۇ. بىراق، ئىش ئويلىغاندەك چىقماپتۇ، يەرمەنكىنىڭ تەييارلىق كومىتېتى ئۇنىڭ بۇ ئىسىل مەھسۇلاتلىرىنى چەتتىكى بىر دۇكانغا قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

خۇددى بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قويۇۋەتكەندەك، خانىېسىنىڭ كۆڭلى سوۋۇپلا كېتىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ باشلىق، يەنە بىر ئويلاپ بېقىپ، شىركىتىمىزگە كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغانراق جايدىن ئورۇن بەرسىڭىز.

— ئەپەندىم، ياخشى مالنى نەگە قويسا بولىۋېرىدۇ، ئۇنداق مال بەرىبىر خېرىدارلارنى ئۆزىگە تارتالايدۇ. بۇ ئەھۋالىڭىزغا قاراپ، ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، بىراق يەرمەنكىنىڭ ئورۇن تەقسىماتىنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىكەن، شۇڭا، ئۇنى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

كىشىگە يالۋۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خانىېس شىركەتنىڭ يەرمەنكىدە يولۇققان قىيىنچىلىقىنى شىركەتنىڭ ئەزالىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا:

— كىمدە ياخشى تەدبىر بولسا، ئوتتۇرىغا قويسۇن، ئۇنداق ئادەمگە شىركەت ئالغان پايدىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، جىق مۇكاپات بېرىمەن، — دەپتۇ.

خانىېسنىڭ مۇكاپات بېرىش سىياسىتى راستتىنلا ئۈنۈم بېرىپتۇ. ئەتىسى، شىركەتنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر

تەسەۋۋۇرنى خانىمسقا ئېيتىپتۇ. خانىمس بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

نەتىجىدە، چىكاگودا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يەرمەنكىدە كارامەت بىر ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. خانىمسنىڭ چەت بىر يەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان كونىراۋا تىزىلغان دۇكىنى بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ، دۇكانغا ئادەم پاتماي قاپتۇ، كىشىلەر ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ كېتىپتۇ، خانىمسنىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىراشلىقتىن بىر قولىنى ئۈن قىلالماي قاپتۇ. يەرمەنكە ئاخىرلاشقاندا ھېسابلاپ كۆرۈپتىكەن، خانىمسنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك پايدىسى 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ خىزمەتچىنىڭ تەدبىرى مۇنداق بولغانىكەن: يەرمەنكىنىڭ زالىغا مىس تاختىلارنى چېچىپ قويۇپتۇ، بۇ تاختىلارغا: "بۇ مىس تاختىنى كىم قولىغا ئالسا، يەرمەنىكە دۇكانلىرىنىڭ ئىچىدىكى خانىمسنىڭ مېلى تىزىلغان دۇكانغا بېرىپ، بىر كىشىلىك خاتىرە بۇيۇمى ئېلىۋالسا بولىدۇ..." دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىكەن.

كىچىككىنە مىس تاختا خېرىدارلارنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاشۇ كىچىك دۇكانغا مانا مۇشۇنداق تارتقانىكەن.

## كېسەللەرگە پۇل بېرىدىغان داۋالاش پونكىتى

تام يېقىن دوستى ۋىليامنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن كۆيۈنگەن ھالدا:

ـــ ۋىليام، ئاناڭنىڭ ئاشقازان يارىسى كېسىلى ساقىيىپ قالدىمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

— ئانامنىڭ كېسىلى تېخى ساقايمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋىلىيام روھى چۈشكەن ھالدا، — ئاغرىپلا تۇرىدۇ، ئاغرىغاندا ۋايجان-لاپ كېتىدۇ، بىراق دوختۇرخانىغا يەنە ئاپىرىش داۋالىتاي دېسەم پۇل يوق، ئۇ دوختۇرخانا پۇلنى بەك جىق ئالىدىكەن.

— ھە راست، ۋىلىيام، تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنغان خەۋەرنى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم.

— ۋىلىيام، تېلېۋىزوردا مۇنداق بىر ئېلان بەردى، مەخسۇس ئاشقازان يارىسىنى داۋالايدىغان بىر داۋالاش پونكىتى بار ئىكەن، كېسەللەرنى ھەقسىز داۋالايدىكەن.

— راستمۇ؟ ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى گەپ ئىكەن، مېنى بۇ ئىشتىن ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت.

ۋىلىيام تەسىرلەنگەن ھالدا قولىنى پۇلاڭشىتىپ تام بىلەن خوشلى-شىپتۇ-دە، ئەپسانىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېلىقى تېلېۋىزور ئېلانىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇدۇل ئۆيىگە يۈگرەپتۇ.

ۋىلىيام كەچتە تېلېۋىزوردىن ھېلىقى خەۋەرنى كۆرگەندە، كۆزلىرى چەكچىيىپ قېتىپلا قاپتۇ.

خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: "سىز ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولدىڭىزمۇ؟ راست شۇنداق بولغان بولسىڭىز، دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ۋاقتىنى كېلىشىپ قويۇپ، ۋاقتىدا داۋالىنىڭ. كېسىلى-ڭىزنىڭ ئاشقازان يارىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، پۇلسىز داۋالىنىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقېتىم داۋالىنىشقا كەلگەندە، داۋالاش پونكىتى سىزگە 25 ئامېرىكا دوللىرى ھەق بېرىدۇ...

راستلىقىغا گەپ كەتمەيدىغان بۇ تېلېۋىزور ئېلانى ئىقتىسادىي

جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ۋىلىيام ئائىلىسىگە ئۈمىد بېغىشلاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ۋىلىيام ئانىسىنى ئېلىپ، تېلېۋىزوردا ئېيتقان ۋودمان ـ بوكار داۋالاش پونكىتىغا كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە داۋالاش پونكىتىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى كۆرۈپتۇ، ئانچە بەك كەڭ بولمىغان بۇ ئۆيدە ئادەم لىق ئىكەن. كۆزەيىنەك تاقىۋالغان ئىككى دوختۇر تولىمۇ مۇلايىملىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراۋاتقانىكەن. قارىغاندا، بۇ ئىككى دوختۇرنىڭ ۋودمان بىلەن بوكار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىكەن. ۋىلىيام يەنە كېسىلى ئاشقازان يارىسى بولۇپ ئېنىقلانغانلارنىڭ راست دېگەندەك مۇلازىمەتچى ھەمشىرىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ 25 ئامېرىكا دوللىرى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

نېمە ئۈچۈن كېسىلىنى كۆرسەتكەنلەرگە پۇل بېرىدىغان مۇنداق داۋالاش پونكىتى چىقىپ قالدى؟

ئەسلىدە، 53 ياشلىق باش جىگلى ۋودمان ئەپەندى تېزىمغا ئالدۇرمىغان دورا سودىگىرى ئىكەن. 39 ياشلىق مۇئاۋىن زۇڭسەي بوكار ئەپەندى خىمىيە پەنلىرى دوكتورى دېگەن ئۇنۋانىنى ئالغان خىمىيە ئالىمى ئىكەن. ئۇلار ئاشقازان يارىسى كېسىلىنىڭ كۆپىيىپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەقسەتلىك ھالدا بىرلىشىپ مۇشۇنداق بىر مەخسۇس ئاشقازان يارىسى كېسىلىنى داۋالايدىغان داۋالاش پونكىتى ئېچىپتۇ. لېكىن، باشقىلارغا ئوخشاش، ئاشقازان يارىسى كېسىلىنى پۇل ئېلىپ داۋالايدىغان بولسا، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان داۋالاش ئورگىنى بولغان تەقدىردىمۇ، جىددىي رىقابەتتە ساقلىنىپ تۇرالىشى ۋە راۋاج تاپالىشى تەس

بولغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئارانلا بىر تەجرىبىخانىسى ۋە سىناق قىلىپ داۋالاش ئورنىلا بار ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ئاشقازان يارىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى يەنىمۇ كۆپ جەلپ قىلىش ئۈچۈن، كېسەل داۋالاتقۇچىلارغا پۇل بېرىدىغان مۇشۇنداق بىر ئۆزگىچە داۋالاش پونكىتىنى قۇرۇپتىكەن.

داۋالاش پونكىتى ئىش باشلاش بىلەنلا، كېسەللەر توپ-توپ كېلىشكە باشلاپتۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق زىيان تارتىدىغان تىجارەتتە داۋالاش پونكىتى ئىشىكنى تاقاپ قويغان بولسا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋودمان-بوكار داۋالاش پونكىتى 1976-يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ئەسلىدىكى بىر پونكىتتىن 39 پونكىتقا كۆپەيدى. دورا تەجرىبە شىركىتىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ باردى.

داۋالاش پونكىتى ئاشقازان يارىسى كېسىلىنى داۋالاش ئارقىلىق داۋالاش تەتقىقاتىغا لازىم بولىدىغان نۇرغۇن ئىشەنچلىك ماتېرىيال ۋە سانلىق مەلۇماتقا ئىگە بولدى. بۇ سانلىق مەلۇمات ۋە ماتېرىيالنى ئىشلىتىش بىلەن، يېمەكلىك ۋە دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، يېڭى دورىلارنى ياسايدۇ. دورا تەجرىبىخانىسى بىر خىل يېڭى دورا ياساپ چىقىدىغان بولسا، ئىككى خوجايىن بەش مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ئىگە بولىدىكەن.

## چاتقاللىقتىكى ئەر كىشىنىڭ جەسىتى

بىر يەكشەنبە كۈنى ئاتاقلىق ساقچى خالىگىن ئورماندا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، تاغ ئارىسىدىكى چاتقاللىقتا ئوۋ كىيىمى كىيگەن بىر ئەركە-

شىنىڭ جەستى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە شۇ نەرسە ئىسپاتلىنىپتۇكى، ئۆلگۈچى ئوۋ مىلتىقىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئوق ئۇنىڭ كاسىسىدىن كىرىپ، ئۇچەي، ئاشقازان ئارقىلىق يۈرەككە بارغان. بەدەنىنىڭ سىرتىدا يارا يوق.

ساقچى تەرەپ تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ جون مىرس ئىسىملىك ئادەم بولۇپ، نيۇ ـ يوركتىن ئىكەنلىكى، يېقىندا دوستى ۋىت كېيىن بىلەن ۋەقە تۇغۇلغان جاينىڭ ئەتراپىدىن ئوۋ كەپسىدىن بىرنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى ئېنىقلاپتۇ.

تەپتىش ئەمەلدارى 50 ياشلىق كېيىن ئۈستىدىكى سوراقنى باشلاپتۇ.

كېيىن ئېچىنغان ھالدا:

— جون ھەر يىلى مەن بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلەتتى، بىر كەپىنى ئىككىمىز بىللە ئىجارىگە ئالاتتۇق، بىز ھەممە ۋاقىت تولۇق غەلىبە بىلەن قايتاتتۇق. ئالدىنقى كۈنى مەن چاتقال-لىق ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرغان بىر تاشنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، تەلىيىمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتىم. مېنىڭ بۇ يەرگە چىقىشىم ئېگىزدىرەك تۇرۇپ ئوۋلىغۇدەك بىرنەرسىنى ئۇچرىتىش ئىدى، تۇساتتىن جوننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. قارىسام بىر قوڭۇر ئېيىق ئۇنىڭغا ئېتىلغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھېچنىمىگە قارىماي قورالدىن ئوق چىقاردىم. بىراق ئوق ئېيىقنىڭ پۇتىغا تەگدى، ئىككىنچى ئوقنى ئاتاي دەپ تۇرسام، جون ئېيىقنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئوق ئۇنىڭغا تېگىپ كەتتى ـ دە، يەرگە يىقىلدى. ئېيىق قېچىپ كەتتى، بۇنى كۆرۈپ قاتتىق قورقتۇم، ساقچىغا مۇ مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

قەسەم بېرىمەنكى، بۇ ھەرگىز قەستەن قىلىنغان ئىش ئەمەس.

— قىلغان گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان، — دەپتۇ ئاتاقلىق ساقچى خالىگېن كېيىنكى سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — سىز تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ مىلتىقنى تۆۋەنگە قارىتىپ ئاتىسىز، ئۇ چاغدا مىلتىق-نىڭ نورى تۆۋەنگە قارىتىلىدۇ. بىراق جونىنى ئۆلتۈرگەن ئوق تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئېتىلغان، شۇڭا كاسىسىدىن كىرىپ يۈرەككە بارغان. بىردىنبىر ئېھتىمال شۇكى، جونغا ئوق تەگكەندە ئۇ كۆتىنى ئاسمانغا قىلىپ، يەردە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما سىز جون ئورنىدىن تۇرۇپ ئېيىقنى توسۇپ تۇرۇۋالدى، دېدىڭىز، بۇ گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا بۇنى تاسادىپىي بولغان ئىش دېگىلى بولمايدۇ، سىز ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرگەن.

كېيىن توقۇغان يالغانچىلىقلىرىنىڭ چېقىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئىلاجسىز ئەلھوكىملا دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

## زىراپىنىڭ كىشنىشى

ھاۋا سۈزۈك، ئايدىڭ كېچە ئىدى.

ئاتاقلىق ساقچى خالىگېن شەھەر سىرتىدىكى چوڭ يولدا پىكاپىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىپ باراتتىكەندۇق. ئۇ پىكاپىنىڭ ئالدى چوڭ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىر ئەركىشىنىڭ چوڭ يولدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، "شارت" قىلىپ جىددىي تورمۇز قىپتۇ.

ھېلىقى ئەر كىشى قورققىنىدىن خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك ئۇنىڭ پىكاپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

خالىگىن سەكرەپ پىكاپتىن چۈشۈپ ئۇنىڭدىن سەممىي ئەھۋال سوراپتۇ:

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ماڭا ھېچ ئىش بولغىنى يوق، — دەپتۇ ھېلىقى ئەر كىشى بېرنى تىنىشۋېلىپ، — ئۇ تەرەپتە بىر ئادەم ھايۋانات باغچىسىدا ياتىدۇ، بۇ چاقىچىقە بەلكى ئۆلۈپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ساقچىغا مەلۇم قىلاي دەپ ئالدىراپ كېتىپ باراتتىم.

— مەن ساقچى خالىگىن بولىمەن، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئىسمىم چارلىس تايلور.

— بولىدۇ چارلىس، مېنى ئاشۇ جەسەتنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭ.

چوڭ يولغا يۈز مېترچە كېلىدىغان يەردە ئىشىك مۇھاپىزەتچىلىرى كىيىمنى كىيگەن بىر ئەر كىشى قان ئىچىدە يېتىپتۇ.

خالىگىن جەسەتكە تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن، چارلىسقا:

— بۇ ئادەمگە ئوق ئارقا تەرەپتىن تەگكەن، تېخى بايىلا ئۆلۈپتۇ. سىز بۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟ — دەپتۇ.

— تونۇمايمەن، — دەپتۇ چارلىس.

— باياتىن كۆرگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىڭ.

— بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىنۇت بۇرۇن، يولنىڭ چېتىدە ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ يۈرسەم، بىر پىكاپ يېنىمدىن سۈركۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى، پىكاپنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا ئىكەن. كېيىن پىكاپنىڭ كەينى چىرىغى يورىدى، ئارقىدىن زىراپنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، زىراپە قوتىنىغا قارىسام، بىر زىراپە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگرەپ ئايلىنىپ يۈرۈپتىكەن، كېيىن بىردىنلا يەرگە

يقىلدى. مەن بىرىپ ئۇنىڭ نىمە بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدىم، بىراق بۇ ئادەم مېنى پۇتلىۋەتتى.

خالىگىن بۇ ئادەم بىلەن بىللە توساقتىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، يارىلانغان زىراپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تەپسىلىي قاراپ چىقىپ، بۇنىڭ بوينىغا ئوق تەگكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

— مېنىڭچە، — دەپتۇ چارلېس، — قاتىل بىرىنچى ئوقنى بۇ ئادەمگە تەگكۈزەلمىگەن، ئوق زىراپىنى يارىلاندۇرغان، ئاندىن يەنە بىر پاي ئوق بىلەن بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن.

— راست شۇنداق بولغان، — دەپتۇ خالىگىن، — بىراق سىز بىر ئىشتا راست گەپ قىلمىدىڭىز: سىز ئەسلىدە ساقچىغا مەلۇم قىلماقچى ئەمەس، بەلكى قېچىپ كەتمەكچى بولغان.

— غەلىتە ئىش، نېمە ئۈچۈن قېچىپ كېتىدىكەنمەن؟ — دەپتۇ چارلېس ھېچ ئىشنى چۈشىنەلمەي، — يا مەن قاتىل بولمىسام.

— سىز قاتىل، — دەپتۇ خالىگىن ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا كويزىنى سېلىۋېتىپ، — مەن بىلەن مېڭىڭ.

كېيىنكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئادەمنىڭ راست قاتىل ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ.

— سىز شۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئۇ ئۆزى، — دەپتۇ خالىگىن، — زىراپىنىڭ كىشىنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆلگۈچىنىڭ پۇتلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، ئەمەلىيەتتە، زىراپە دېگەننىڭ ھەممىسى گاچا كېلىدۇ، ئۇلار ھەرگىز كىشنىيەلمەيدۇ. ئۇ قاتىل بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق يالغان گەپ قىلىپ ئولتۇرمايتتى.

# جەنۇبىي ئامېرىكا

## ئۆمۈچۈك ئەسكەرلەر

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ كەڭ ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقىدا دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئورمانلىقنى جىمجىتلىق قاپلىغان، نۇرغۇن ئىشلار بۇ يەردە سىر بولۇپ ياتماقتا ئىدى.

15 ـ ئەسىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۇرۇش بىردىنلا بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى بۇزىدۇ. ئەسكەرلەر پارقىراپ تۇرىدىغان دوبۇلغا، ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، ياپپېشىل ئورمانلىقتا يۈرمەكتە ئىكەن.

كولومبىيە خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قوماندانى مالۇن يەرلىك قوراللىق كۈچلەرنى باشلاپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن بۇ يەردە "موگۇ پىرقىرىتىش" ئويۇنىنى ئويناماقتا ئىكەن. مالۇننىڭ قوشۇنى تىك بىر دۆڭلۈك ئەتراپىدىكى ئورمانلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ، قارىسا ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرى زەھەرلىك ئۆمۈچۈك بىلەن تولۇپ كەتكەنىكەن.

"ۋايجان!" دەپ ۋارقىراپتۇ بىر ئەسكەر ئەنسىز ھالدا. ئۇ چوڭ بىر ئۆمۈچۈكنىڭ چاچقان زەھىرىدىن زەھەرلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كەتكەنىكەن. بىردەمدىن كېيىن پۇت ـ قولىدا جان يوق،

خۇددى بىر پارچە گۆشتەك يەردە يېتىپتۇ.
مالۇن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئەقلىگە كەپتۇ-دە، دەرھال قوشۇننى يىغىپ دەپتۇ:
— ئەمدى بىزنىڭ ياردەمچى ئەسكەرلىرىمىز بار بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئورماندىكى "ئۆمۈچۈك ئەسكەر..."
قوشۇن تېزلا تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ. دۈشمەنلەر بۇنى كۆرۈپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، يەرلىك قوشۇنغا ئېتىلىپتۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا جاۋاب قايتۇرغىنى ئورماندىكى توپ-توپ "ئۆمۈچۈك ئەسكەرلەر" بوپتۇ. چۈنكى تاجاۋۇزچىلار زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەر رايونىغا كىرىپ قالغانىكەن. ئۆمۈچۈكلەر ئۇلارغا زەھىرىنى چېچىپتىكەن، ئۇلار بىر-بىرلەپ زەھەرلىنىپ، قوپالماي يەردە يېتىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ مالۇن ئۆمۈچۈك ئەسكەرلەرنىڭ "ياردىمى" بىلەن، تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىپتۇ.

## ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرۈش

ۋەقە ئامېرىكىدىكى كاتتا بىر يايلاقتا يۈز بەرگەن.
بۇ يەر گويا يېشىل ئارىلاشقان ئالتۇن رەڭلىك دېڭىزغا ئوخشايدىكەن. پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر قوياش نۇرىدا ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدىكەن. بىر توپ تاماشىچىلار چەكسىز كەتكەن بۇ كاتتا يايلاقتا خۇشال سەيلە-تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ.
توساتتىن ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەپتۇ، يەنى ئۇلار تۇرغان جاينىڭ كەينىدە ناھايىتى چوڭ ئوت پەيدا بولۇپ،

شامالنىڭ ئۇرۇشى بىلەن بارغانسېرى ئاۋۇپ، ئۇلار تۇرغان جايغا قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئوتنىڭ ھەيۋىسىدىن قارىغاندا گويا ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن پۈركۈلۈپ چىققان ئوتقا ئوخشايدىكەن.

بۇ تاماشىچىلار بۇنداق دەھشەتلىك كۆرۈنۈشنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەن. شۇڭا ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالايمىقان قېچىشقا باشلاپتۇ. بىراق بارغانسىرى ئۇلغىيىۋاتقان ئوت يەنىمۇ شىددەت بىلەن كېلىشكە باشلاپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەرقانچە قاچقان بىلەنمۇ بۇ دەھشەتلىك ئوتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىپتۇ.

جان تۇمشۇققا كېلىپ قالغان مۇشۇ جىددىي پەيتتە، بىر پېشقەدەم ئوۋچى ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ ـ دە، ساياھەتچىلەرگە قاراپ:

— جانابلار، قاچماڭلار، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، ھەممىڭلار بىردەك ھەرىكەتلىنىپ، بۇ يەردىكى قۇرۇپ قالغان ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇۋېتىپ، بۇ يەردىن بىر پارچە يەر چىقىرىڭلار، — دەپتۇ.

تاماشىچىلار بۇ ئادەمنىڭ پېشقەدەم ئوۋچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇ ئادەمنى تەجرىبىلىك دەپ ھېسابلاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئولاش ـ چولاش ئىشلەپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە چوڭ بىر پارچە يەر چىقىرىپتۇ.

ئوت شىمال تەرەپتىن كۆيۈپ كېلىۋاتقان ئىكەن، پېشقەدەم ئوۋچى كۆپچىلىكنى ھېلىقى بىكار قىلىنغان يەرنىڭ جەنۇب تەرىپىگە تۇرغۇزۇپتۇ، ئۆزى شىمال تەرىپىگە بېرىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىمۇ شىمال تەرەپكە يۆتكەپتۇ. ئاندىن گەپ ـ سۆز قىلماي ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىۋاتقان ئوتقا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى

گويا بەتلەنگەن قورالـنىڭ ئوقـنى مـدىر قىلـماي كۆتۈپ تۇرغان شىر، يولۋاسلارغا ئوخشايدىكەن.

تاماشىچىلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ھۇدۇققان ھالدا:

— ئوۋچـى ئاتا، ئوت يېـقىنلىـشىـپ كېلىـۋاتـىدۇ، قانـداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

— ئاسقىماڭلار، ئۆزەم بىر ئىش قىلىمەن.

بىردەمدىن كېيىن، ئوت تازا يېقىنلىشىپ كەلگەنـدە، پېشقەدەم ئوۋچى بىر باغلام قۇرۇق ئوتنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، تاماشىچىلارنىڭ شىـمال تەرىپىـدىكى ئوت ـ چۆپ دۆۋىـسـگە ئوت يېقىپتىكەن، ئوت شامالغا قارشى مېڭىپ، كېلىۋاتـقان ئوتـقا قارشى كۆيۈپتۇ. ئىككى تەرەپتىن چىقـقان ئوت دەرھـال بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىـشىـپتۇ. نەتىجىدە ئوتلار ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، تاماشىچىلار تۇرغان جاي بارغانسىرى كېڭىيىپتۇ. ئىككى ئوت بىردەم قاتتىق ئېلىشقانـدىن كېيىن، ئاخىرى "چارچاپ ھالى قالـماي" ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشكە باشلاپتۇ. پەقەت ساغۇچ ئىس ـ تۈتۈنـلەر چۆپلۈكنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىكەن.

ئوتتىن قۇتۇلغان تاماشىچىلار "ئوت بىلەن ئوتـنى ئۆچۈرۈش"نىڭ سىرىنى پېشقەدەم ئوۋچىدىن سورىغلى تۇرغانـدا، پېشقەدەم ئوۋچى چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ:

— ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا ئىسسىقلىقـنى كۆرگەنـدىن كېيىن، يەڭگىللىشىپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەيدۇ. ھەر تەرەپتىكى سوغۇق ھاۋالار بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىنى تولـدۇرىـدۇ. نەتىجىـدە، ئوتـنىڭ ئەتراپىدا ئوت ئوچقۇنى بىلەن بىللە چىقىدىغان ھاۋا ئېقىمى بولىدۇ. ئوڭ تەرىپىمىزدىكى ئوت بىز دۆۋىلىگەن ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىگە

يېقىنلاشقاندا، مەن ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىگە ئوت يېقىۋەتتىم. بۇنىڭ بىلەن بىز تەرەپتىكى ئوت شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭدى، ئىككى پارچە ئوتنىڭ ئارقىسىدا ئوت ـ چۆپ قالمىدى، نەتىجىدە ئوت ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئوتنى بەك بالدۇر، ياكى بەك كېيىن يېقىشقا بولمايدۇ، ــ دەپتۇ.

تاماشىچىلار بۇنى ئاڭلاپ ئەقلىگە كەپتۇ.

# جۇڭگو ھېكايىلىرى

# چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرى

## ئوتتۇنچىلارنىڭ دۈشمەننى دامغا چۈشۈرۈشى

بۇ ۋەقە مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇن، جياۋ بەگلىكى پايتەختىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا بولغان.

شەھەر سىرتىدا جەڭ ئەلەملىرى لەپىلدەپ، يالمانلار پارقىراپ، دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلار يالتىرىماقتا ئىكەن. چۇ بەگلىكىنىڭ چوڭ قوشۇنى جياۋ بەگلىكىگە ھۇجۇمغا كەلگەن بولۇپ، جياۋ بەگلىكى شەھىرىنىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك بىر ھالەت پەيدا بولغانىكەن.

بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شەھەر سېپىلى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، مۇداپىئە كۈچلۈك بولغاچقا، ھە دېگەندىلا بۇ شەھەرنى بىر ھۇجۇم بىلەن ئالغىلى بولمايدىكەن. چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇ ئىشتا ئامالسىز قېلىپ، ھەربىي، مۈلكى ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ.

چۈي شيا ئىسىملىك بىر ئەمەلدار چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا:

— ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، جياۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئىشنى بەك تۇجۇپىلەپ كەتمەي، قولنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭدا تەدبىر كەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمايدىكەن. مېنىڭچە، بۇ ئۇرۇشتا شەھەرنى

پەم بىلەن ئېلىشقىلا بولىدۇكى، زورلاپ ھۇجۇم قىلىشقا زادى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— قانداق پەم بىلەن ئالىمىز؟ — سوراپتۇ چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى.

چۈي شيا ئۆزىنىڭ پىلانىنى پادىشاھقا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتىكەن، پادىشاھ خۇشال بولۇپ، دەرھال سەركەردىلىرىگە مۇشۇ پىلان بويىچە ئىش قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ چۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلەر ھەربىي كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى تاغقا چىقىپ ئوتۇن كەسكىلى تۇرۇپتۇ. سېپىل ئۈستىدە مۇھاپىزەتتە تۇرغان ئەسكەرلەر بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ - دە، دەرھال بېرىپ بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ.

جياۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

— دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ چۇ بەگلىكىنىڭ ئوتۇنچىلىرىنى تۇتۇپ كېلىڭلار.

بىر ئەترەت ئاتلىق قىسىم شىمالىي قوۋۇقتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ - دە، ھايت - ھۇيت دېگىچە تاغقا كېلىپ، چۇ بەگلىكىنىڭ 30 ئادىمىنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى چۇ بەگلىكى ئوتۇنچىلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، ئۇلارنى ئوتۇن كېسىش ئۈچۈن يەنە تاغقا چىقىرىپتۇ.

جياۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلىرىگە:

— بۇ قېتىم كۆپرەك ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ

كېلىڭلار، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر مەسلىھەتچىسى تىزلىنىپ تۇرۇپ پادىشاھ ئالىيلىرىغا:

— شاھ ئالىيلىرى، مېنىڭچە بۇ ئىشتا ئالدىراپ ھەرىكەت قىلساق بولماسمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— تۈنۈگۈن چۈ بەگلىكىنىڭ 30 ئادىمىنى ئاسانلا قولغا چۈشۈردۈق، ئۇلار بۈگۈن يەنە يېنىدا قوغدىغۇچى قوشۇنى بولمىغان بىر مۇنچە ئوتۇنچىنى تاغقا ئەۋەتىپتۇ، بۇ ئوتۇنچىلار دۈشمەننىڭ يەمچۈكى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دەپتۇ مەسلىھەتچى.

— بولدى قويۇڭ ئۇنداق يەمچۈك-پەمچۈك دېگەنلەرنى، — دەپ ئاچچىقلاپتۇ پادىشاھ، — ئادەم دېگەن بەرىبىر تاماق يەيدۇ، تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوتۇن لازىم بولىدۇ، ئۇلار ئوتۇن ئۈچۈن تاغقا چىقىپ ئوتۇن كەسمەي، ئۆزلىرىنىڭ پۇتىنى ئوتۇن قىلىپ قالامتى؟ ئۇلارنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئوتۇنچىلارنى قوغدىمىغانلىقى ئۇسۇلدا كەتكۈزۈپ قويغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئاساسىي كۈچى جەنۇبىي قوۋۇق تەرەپتە، بىزمۇ ئاساسىي كۈچىمىز بىلەن يەنىلا جەنۇبىي قوۋۇقنى قوغداۋاتقان بىر كۆرۈنۈشنى بېرىپ قويۇپ، ئەسكىرىي كۈچىمىزنى شىمالىي قوۋۇققا يۆتكەيمىز-دە، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىمىز، قېنى تاغقا چىققان ئوتۇنچىلار بىزنىڭ كۈچىمىزنى بىر كۆرۈپ قويسۇن!

مەسلىھەتچى يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولغانىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزلىشىگە يول قويماي، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ-دە، قوشۇنلارنىڭ دەرھال ئاتلىنىشىغا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

جياۋ قوشۇنى شىمالىي قوۋۇقتىن چىقىپ، تاغ ئېتىكىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈش قىپتىكەن، بىردىنلا جەڭ دۈمبىقى ياڭراپ، ئۇر، سوق دېگەن ئاۋازلار تەرەپ-تەرەپتىن ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ، ئورمانلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك ئېتىلىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. جياۋ قوشۇنى قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ، داد-پەرياتلىق چۇقان ئىچىدە بىر-بىرلەپ قانغا مىلىنىپتۇ.

چۇ بەگلىكى قوشۇنلىرى جياۋ بەگلىكى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شەھەرگە قىستاپ كېلىپ، ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىپتۇ، نەتىجىدە، جياۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## گويچى جىلغىسىدىن پەم بىلەن ئۆتۈش

گوەن جۇڭ چى بەگلىكىگە ۋەزىر بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چى بەگلىكىنى كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تاپقۇزۇپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى چى خېڭگۇڭ بەگلەر تەرىپىدىن ئىتتىپاقداش بەگلىكنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلىپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى شەنرۇڭ قەبىلىسى قوشۇن چىقىرىپ، چى بەگلىكىنىڭ ئىتتىپاقدىشى يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئارقىلىق چى بەگلىكىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بوپتۇ. يەن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ئۆزى بىۋاسىتە جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن گويچى جىلغىسى (ئالۋاستى نالە قىلىدىغان جىلغا) دېگەن جايدا شەنرۇڭ قەبىلىسى لىڭجى بەگلى-

كىنىڭ باشلىقى مى لۇنىڭ يوشۇرۇن زەربىسىگە ئۇچراپ، ئاران دېگەندە مىڭدەك ئادىمى قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. شەنرۇڭ قەبىلىسى كەينى-كەينىدىن ئۈچ شەھەرنى ئىگىلەپتۇ، بۇ ئەھۋالدا يەن بەگلىكى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، چى بەگلىكىدىن ياردەم سوراپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چى خېڭگۇڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يەن بەگلىكىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ۋۇجۇڭ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىمۇ قوماندان خۇ ئەربەننىڭ باشچىلىقىدا ياردەم ئۈچۈن 2000 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. گۇەن جۇڭ تەرىپىدىن باشلامچى جياڭجۈن دەپ نام ئالغان خۇ ئەربەن يەن بەگلىكى تارتقۇزۇپ قويغان ئۈچ شەھەرنى كەينى-كەينىدىن تارتىۋاپتۇ. لېكىن ھۇجۇم قىلىپ لىگاڭ دېگەن جايغا كەلگەندە، ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇ چى خېڭگۇڭ بىلەن گۇەن جۇڭغا:

— ئالدىمىزدا گۇيچى جىلغىسى بار، ئەگەردە شەنرۇڭ قەبىلىسى يوشۇرۇن كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بولسا، قانات چىقىرىپ ئۇچساقمۇ ئۇ يەردىن ئۆتەلمەيمىز. يەن بەگلىكىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئەنە ئاشۇ جايدا نابۇت بولغان، — دەپتۇ.

گۇەن جۇڭ يولدا كېلىشىۋېتىپ گۇيچى جىلغىسىدىن ئۆتۈشنىڭ پىلانىنى قۇرۇپ قويغانىكەن. ئۇ خۇ ئەربەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا:

— جياڭجۈن، سىزدە ئەندىشە بولغانىكەن، ئۇنداقتا سىز چوڭ قوشۇننىڭ كەينىدىن مېڭىڭ. گۇيچى جىلغىسى مەيلى قانچىلىك خەتەرلىك بولسۇن، بىز بەرىبىر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىمىز. ئەگەردە ئاشۇ گۇيچى جىلغىسىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلمىسەك، قانداق قىلىپ دۇنيانى تىنچلاندۇرالايمىز؟ — دەپتۇ-دە، بۇيرۇق تاختىسىنى

چىقىرىپ، ــ شاھزادە چىچەنفۇ، جاۋ چۇەن ئىككى جياڭجۈن، سىلەر ئالدىدا ماڭغان قوشۇنغا بېرىپ، بۇيرۇقتا كۆرسىتىلگىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار، تەييارلىقنى ئوبدان قىلىڭلار، ئەتە تاڭ سەھەردە گۇيچى جىلغىسىدىن ئۆتىمىز، ــ دەپتۇ. شاھزادە چىچەنفۇ بىلەن جاۋ چۇەنلەر بۇيرۇقنى ئاپتۇ-دە، ھارۋا بىلەن يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ، قاتارلىشىپ ماڭغان جەڭ ھارۋىلىرى گۇيچى جىلغىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئاتلارنىڭ ئاغزىغا تورسىم كىيگۈزۈلگەن، ھارۋىنىڭ چاقلىرىغا كەندىر پاختىلىق باغلانغان بولۇپ، ئاۋاز ناھايىتى بوش چىقىدىكەن. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئەزىمەتلەر ساۋۇت كىيگەن، يالمان تۇتقان بولۇپ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. چى بەگلىكىنىڭ جەڭ ئەلەملىرى جىلغا شامىلىدا يەلپۈنۈپ، شىلدىر-شىلدىر ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىكەن.

بۇ چاغدا شەنرۇڭ قەبىلىسى لىڭجى بەگلىكىنىڭ باشلىقى مى لۇ گۇيچى جىلغىسىدىكى تاغ تۆپىسىدە پەيدا بوپتۇ. ئۇ "بۇيرۇق" دېگەن خەت يېزىلغان سېرىق بايراقچىنى كۆتۈرۈۋېلىپ پەسكە قاراپ تۇرۇپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇش دائىرىسىگە كىرگەن ھامان قولىدىكى سېرىق بايراقچىنى پۇلاڭلاتقانىكەن، "ئېتىلسۇن" دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تەرەپ-تەرەپتىن ساداقلار تارتىلىپ، تاشلار ئېتىلىشقا باشلاپتۇ، تاش، توقماقلار يېغىپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى چى بەگلىكىنىڭ ئەزىمەتلىرىگە تېگىپتۇ، بەزىلىرى ھارۋىلارنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، بەزىلىرى "چى" خەتلىك بايراقلارنىڭ خادىسىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

مى لۇ ئۇمۇتنى ئويناتقان ھالدا قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. مى لۇ بەدىنىگە ئوقيانىڭ ئوقىدىن بىرنەچچىسى تەگسىمۇ

ھارۋىدا بۇدۇڭتەي تۇرغان چى بەگلىكىنىڭ بىر ئەزىمىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى ئۇمۇت بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى قويغانىكەن، "ۋاق" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. تازا سىنجىلاپ قاراپتىكەن، ئۇ ئەسلىدە چاپان كىيگۈزۈپ قويغان ياغاچ قوزۇق ئىكەن. مى لۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا، جەڭ دۇمبىقى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ. مى لۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قاراپتىكەن، چى بەگلىكىنىڭ جياڭجۈنلىرىدىن شاھزادە چېڭغۇ بىلەن جاۋ چۈەن قوشۇنلىرى قومۇرۇلۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

مى لۇ جېنى چىققۇدەك ۋارقىراپ، ئۇمۇتنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ يېرىپتۇ. ئۇ يىراقتىن قامەتلىك بىر ئادەمنىڭ ھارۋىدا ئىككى قوشۇننىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇدە، بۇ ئادەمنىڭ چى بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى گۈەن جۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئۇلار ھۇجۇم قىلغانلا يېرىدە چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى تەڭ كېلەلمەپتۇ. ھايت-ھۇيت دېگىچە مى لۇ گۈەن جۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك، ئۇنىڭ كېلىشىگە جەڭ ھارۋىسىدىن ئېتىلغان ئون نەچچە تال ئوقيا ئوقى ئۇنىڭغا تېگىپتىكەن، مى لۇ ئېچىنىشلىق چىقىراپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر باش جياڭجۈن مۇھاسىرىگە ئېتىلىپ كىرىپ، جېنىنى تىكىپ قويۇپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپتۇدە، شەنرۇڭ قەبىلىسىنىڭ گۇجۇ بەگلىكىگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، گۈەن جۇڭ گۇيچى جىلغىسىدىن پەم بىلەن ئۆتۈپ، يەن بەگلىكىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.

# بىرلا غەيرەت قىلىش

مىلادىدىن 684 يىل بۇرۇن، چى بەگلىكى ئەسكەر چىقىرىپ، لۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ جياڭجۇنى باۋ شۇيا قوشۇن باشلاپ، لۇ بەگلىكىنىڭ چاڭشاۋ دېگەن يېرىگىچە بېسىپ كەپتۇ.

لۇ بەگلىكىدە ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرىنى تولۇق بىلىدىغان ساۋ گۈي ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ لۇ جۇاڭگۇڭ بېگىمنىڭ چى بەگلىكىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىكىدىن بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىپتۇ.

لۇ جۇاڭگۇڭ ساۋ گۈينى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى پاراسەتلىك ئادەم دەپ بىلىپ، چوڭ قوشۇننى باشلاپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چاڭشاۋغا بېرىپتۇ. چى بەگلىكى بىلەن لۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى چاڭشاۋدا ئۇچرىشىپتۇ.

چى بەگلىكىنىڭ جياڭجۇنى باۋ شۇيا لۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنى كۆزىگە ئىلماي، ئۆز قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

لۇ جۇاڭگۇڭ قارشى تەرەپنىڭ جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دۇمباق ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىشقا ھازىرلىنىپتۇ.

ساۋ گۈي ئالدىرىماي تۇرۇشقا ئۈندەپ، لۇ جۇاڭگۇڭغا:

— توختاپ تۇرسىلا، — دەپتۇ ۋە قوشۇنلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

— كىمىكى شاۋقۇن-سۈرەن سالىدىكەن، كاللىسى ئېلىنىدۇ.

دەپتۇ ـ دە، ئوقنى ساداقـقا سېلـىپ، جىم تۇرۇشـنى، قالايمىـقان ھەرىكەت قىلماسلىقنى ئېيتىپتۇ.

چى بەگلىـكى قوشۇنـلىرى لۇ بەگلىـكىنىڭ ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلغانىكەن، لۇ بەگلىكى قوشۇنلىرى پولاتتەك مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ، ئۇلار بۇ قوشۇنـنى تەۋرىتەلـمەي، چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن، چى بەگلىكى قوشۇنى دۇمباقلىرىنى ياڭـرىتىپ يەنە ھۇجۇم باشلىغانىكەن، لۇ بەگلىـكىنىڭ قوشۇنـلىرى خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرۇپـتۇ. بۇنى كۆرۈپ چـى بەگلىكى قوشۇنلىرى يەنە چېكىنىپتۇ.

چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى دۇمباقـلىرىـنى ياڭرىتـىپ ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، ساۋ گۇي لۇ جۇاڭگۇڭغا:

— ئەمدى ھۇجۇمغا ئۆتسەك بولىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا، لۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى جەڭ دۇمبىقىنى ياڭرىتىپ، ئۇر ـ سۇر بىلەن تەڭ ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ھەش ـ پەش دېگىـچە چى بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ ۋەتۋەرىگىنى چىقىرىۋېتىپتۇ، چى بەگلىكى قوشۇنلىرى بۆكىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي قېچىپتۇ.

لۇ جۇاڭگۇڭ ئۇلارنى قوغـلاشـقا بۇيرۇق بېرەي دەپ تۇرۇپتىكەن، ساۋ گۇي بېگىمنى توسۇۋېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئالدىرىمىسىلا، مەن بىر قاراپ باقاي، — دەپـتۇ. ئۇ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ، ھارۋىـنىڭ لەپە ياغىچىـنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئالدى تەرەپـكە قاراپتۇ. بىردەم قارىـغانـدىن كېيىن، سەكرەپ ھارۋىدىن چۈشۈپ، چى بەگلىكى ھارۋىلىرى ماڭـغان يولدىكى چاق ئىزلىرىغا تەپسىلىي قاراپ چىقىپتۇ ـ دە، ئاندىن ھارۋىغا چىقىپ تۇرۇپ:

— ئەمدى قوغلاپ زەربە بەرسەك بولىدۇ، — دەپتۇ.

لۇ جۇاڭگۇڭ قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. قوشۇنلار چى بەگلىكى قوشۇننى پۈتۈنلەي چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ ۋە يەنە بىرمۇنچە قورال ۋە ئات، ھارۋىلارنى غەنىمەت ئاپتۇ.

ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لۇ جۇاڭگۇڭ ساۋ گۈيدىن مۇشۇنداق قوماندانلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

ساۋ گۈي مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇرۇش، ئاساسەن، غەيرەت بىلەن بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇم دۇمبىقىدا جەڭچىلەر تازا غەيرەتكە كەلگەن بولىدۇ، ئەگەردە مۇشۇ چاغدا ئېلىشماي، ھۇجۇم قىلىش ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم دۇمبىقىغا قالدۇرۇلىدىغان بولسا، غەيرەت ئاز-تولا سۇلىشىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمغا كەلگەندە، ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ غەيرەت بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ غەيرىتى يوقالدى، بىز بىرلا غەيرەت قىلىش بىلەن، جاسارەتلىك بولۇپ كەتتۇق، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى يېڭىش دېگەن تۇرغان گەپ ئىدى-دە!

— جايىدا، دېگەنلىرىڭىزنىڭ يولى بار، — دەپتۇ لۇ جۇاڭگۇڭ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— چى بەگلىكىنى يەڭدۇق، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرغاندا، نېمە ئۈچۈن دەرھال ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەرمەيمىز؟

— چى بەگلىكى دېگەن چوڭ بەگلىك، — دەپتۇ ساۋ گۈي، — ئۇنىڭ ئۈستىگە باۋ شۇيا دېگەن ئاتاقلىق جياڭجۈن، ئۇلارنىڭ كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ، ئالدىدا بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئىزىغا قارىسام، مېڭىشى بەك قالايمىقان، بايراقلىرىمۇ يىقىلىپتۇ، مۇشۇنىڭغا

قاراپ ئۇلارنىڭ راست مەغلۇپ بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدىم-دە، كۆڭلۈم تىنغاندىن كېيىن، قوغلاپ زەربە بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

— سىز راستتىنلا ھەربىي ئىشلارنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز، — دەپ ماختاپتۇ لۇ جۇاڭگۇڭ ساۋ گۇيىنى.

## جۇ جىۋۇنىڭ چىن قوشۇنىنى چېكىندۇرۇشى

مىلادىدىن 630 يىل بۇرۇن، چىن بەگلىكى بىلەن جىن بەگلىكى بىرلىشىپ جېڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىپتۇ. چىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى جېڭ بەگلىكى پايتەختىنىڭ شەرقىدە، جىن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى جېڭ بەگلىكى پايتەختىنىڭ غەربىدە تۇرىدىكەن. قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان جېڭ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋېن گۇڭ ھەربىي، مۇلكى ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، كېچىلەپ مەجلىس ئېچىپ، تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ.

بىر ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ:

— ئىككى چوڭ بەگلىكنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىستاپ قىلغان ھۇجۇمى بەگلىكىمىزنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. بىراق، چىن بەگلىكىنى قايىل قىلىپ، چېكىنىشكە كۆندۈرەلەيدىغانلا بولساق، دۈشمىنىمىزدىن پەقەت جىن بەگلىكىلا قالىدۇ-دە، ئاندىن بىز خەتەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز.

— ئېيتىپ بېقىڭچۇ، چىن بەگلىكىنى قايىل قىلىپ، قوشۇنلىرىنى چېكىنىشكە ماقۇل قىلىشقا كىمنى ئەۋەتىمىز؟ — ئالدىراپ سوراپتۇ جېڭ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋېن گۇڭ.

— جۇ جىۋۇ دېگەن تۆرىنى، — دەپتۇ ھېلىقى ۋەزىر.

— جۇ جىۋۇنى چاقىرىڭلار، — دەپتۇ جىك ۋىنگوك.

چىچى ئاقارغان جۇ جىۋۇ كىرىپ جىك ۋىنگوكقا تەزىم قىپتۇ. ئاندىن ئۇ جىك ۋىنگوكنىڭ قىزغىن تەكلىپى بىلەن چىن قوشۇننىڭ ئىچىگە بېرىپ، ئۇنى سۆزگە كۆندۈرۈشكە ماقۇل بوپتۇ.

تۈن كېچە، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، شەھەرنىڭ شەرقىدە، جىك ۋىنگوك جۇ جىۋۇنى سېپىل راۋىقىغىچە ئۆزى ئىچىقىپ قويۇپتۇ-دە، ئادەملىرىگە چوڭ بىر سېۋەت تاپقۇزۇپ كەپتۇ، سېۋەتنىڭ ئىچىگە جۇ جىۋۇ كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ، كىشىلەر سېۋەتنى ئارغامچا بىلەن تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ، ئارغامچىنى ئاستا-ئاستا قويۇپ بېرىپ، شەھەر سىرتىدىكى سېپىل ئاستىغىچە چۈشۈرۈپتۇ.

جۇ جىۋۇ ئوغۇرلۇقچە چىن بەگلىكىنىڭ بارگاھىغا كىرىپ كەپتۇ-دە، چىن مۇگوڭنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ:

— سەن نېمە ئادەم؟ — سوراپتۇ چىن مۇگوڭ، — يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە كېلىپ يىغلاپ نېمە قىلىسەن؟

— مەن جىك بەگلىكىدىن كەلگەن تۆرە جۇ جىۋۇ بولىمەن، — دەپتۇ جۇ جىۋۇ، — جىك بەگلىكىنىڭ قاراپ تۇرۇپ مەغلۇپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا يىغلايمەن.

— نېمىشقا بىزنىڭ بارگاھقا كېلىپ يىغلاپ بېرىسەن؟ — سوراپتۇ چىن مۇگوڭ.

— مەن سىلەرنىڭ چىن بەگلىكىڭلار ئۈچۈنمۇ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ جۇ جىۋۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — چىن مۇگوڭ قىزىقىپ سوراپتۇ، — بىزنىڭ چىن بەگلىكىمىز جىك بەگلىكىڭلارنى مەغلۇپ قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، يەنە نېمىشقا سەن كېلىپ بىز ئۈچۈن

يىغلاپ بېرىسەن؟

— جېنىڭ بەگلىكىمىزنىڭ زېمىنى بەگلىكىڭلارنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاش ئەمەس. بىز شەرقتە، سىلەر غەرپتە، ئىككى ئوتتۇرىنى چىن بەگلىكى ئايرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز ھالاك بولساق، زېمىنىمىزنى چىن بەگلىكىلا ئىگىلەيدۇ. ئۇ چاغدا، چىن بەگلىكى بۇرۇنقىدىنمۇ قۇدرەت تاپىدۇ، بەگلىكىڭلار بولسا، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئاجىزلايدۇ. باشقىلار ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىپ، زېمىن ئىگىلىشىپ بېرىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنى ئىككى قوللاپ خەققە سۇڭلاپ بەرسەڭلار، بۇنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى بولار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە چىن بەگلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتى زادىلا توپىماي ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ شەرقتە جېنىڭ بەگلىكىنى يۇتۇۋالسا، غەربتىكى چىن بەگلىكىگە قاراپ كېڭەيمەسمۇ؟

— توغرا دېدىڭىز، — دەپتۇ چىن مۇگۇڭ بىردەم ئويلىنىۋال- غاندىن كېيىن.

— سىز جېنىڭ بەگلىكىگە قاراتقان مۇھاسىرىنى بىكار قىلىدىغان بولسىڭىز، — دەپتۇ جۇ جىۋۇ، — بەگلىكىمىزنىڭ قەلبى چوقۇم بەگلى- كىڭلارغە تەلپۈنىدۇ، ”ساھىبخانا“ بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەگلىكىڭ- لارنىڭ ئەلچىلىرى شەرقىي يولدا ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتكەندە، جېنىڭ بەگلىكى جەزمەن سايىبخانا ئورنىدا تۇرۇپ ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىمىز. بۇنداق قىلىشنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى بولمايدۇ-دە!

چىن مۇگۇڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە ماقۇل بوپتۇ ۋە جۇ جىۋۇ بىلەن قولنى كېسىپ قان چىقىرىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈپتۇ. چىن بەگلىكى قوشۇنلىرىنى ئاستا-ئاستا ئېپچىقىپ كېتىپ، چى زى

قاتارلىق ئۈچ قوماندان بىلەن 2000 ئەسكەرنى جېك بەگلىككە ۋەكالىتەن شەھەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ.

چىن مۇگۇگىنىڭ گەپ-سۆزسىز كېتىپ قالغانلىقىنى بىلگەن جىن بەگلىكىنىڭ شاھمۇ ئەسكەرلىرىگە چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ.

## يۇ مېڭنىڭ ئاتقا يىغلىشى

چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ناھايىتى جىق ئات باققانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاتقا ھەممىدىن بەك ئامراق ئىكەن. ئۇ بۇ ئاتنى چىرايلىق گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيگۈزۈپ، ئازادە ئۆيلەردە، تاۋار يوتقان-كۆرپە سېلىنغان تۆشەكتە ياتقۇزۇپ باقىدىكەن، ئوزۇقى ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان چىلاننى توغراپ بېرىدىكەن. ئەپسۇسكى، ئات بارغانسىرى سەمرىپ، تازا تولغاندا، مۇدۇرۇپ كېتىپتۇ-دە، يىقىلىپلا جان ئۈزۈپتۇ.

ئاتنىڭ ئۆلۈمى پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ ۋەزىرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ:

— سىلەر بېرىپ يەر يۈزىدىكى ئۆلۈك سالىدىغان ساندۇقنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى تېپىپ كېلىپ، ئاتنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭغا سېلىڭلار-دە، ئۈستىدىن يەنە بىر قەۋەت قىلىپ قاپلاڭلار، ماتەم مۇراسىمىنى قوماندانلارنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا ئوخشاش قىلىپ ئۆتكۈزۈڭلار، — دەپتۇ.

بىر قىسىم ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ھايۋانغا كاتتا ئەمەلدارلارغا ئۆتكۈزىدىغان ماتەم مۇراسىمىدەك مۇراسىم ئۆتكۈزسەك قانداق بولىدۇ؟— دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپتۇ ـ دە، ئۇلارغا:
ــ كىمكى ماڭا ئاتىنىڭ ئۆلۈمىنى كاتتا ئۇزاتماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدىكەن، شۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، ــ دەپتۇ.
ۋەزىرلەرنىڭ كاللىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە، لام ـ جىم دېمەي جىم تۇرۇشۇپتۇ.
بۇ چاغدا ئوردىنىڭ ئەرتىسى يۇ مېڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.
ــ نېمىگە يىغلايسىز؟ ــ سوراپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.
ــ ئاتقا يىغلايمەن، ــ دەپتۇ يۇ مېڭ يىغلاپ تۇرۇپ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ــ بۇ ئات پادىشاھ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئات ئىدى. بىزنىڭ شۇنداق كاتتا چۇ بەگلىكىمىزدە قىلالمايدىغان نېمە ئىش بار؟ ئاتنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى قوماندانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى قاتارىدا ئۆتكۈزسەك، بۇنداق قىلىش ئاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كىچىك كېلىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى پادىشاھلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى قاتارىدا ئۆتكۈزەيلى.
ــ قانداق قىلىپ پادىشاھنىڭ دەپنە مۇراسىمى قاتارىدا ئۆتكۈزىمىز؟ ــ سوراپتۇ پادىشاھ.
ــ ۋەزىرلەر نەققاشلارنى تەكلىپ قىلىپ، قاش تېشىدىن نەقىشلەنگەن ئۆلۈك ساندۇقى ياسىتىدۇ. سىرتىدىن قاپلايدىغانغا ئېسىل ياغاچتىن چوڭ ساندۇق ياسىتىپ، ئۆلۈك ساندۇقىنى بۇنىڭ ئىچىگە سالىمىز. ئەسكەرلەر چوڭ ئازگال كولايدۇ، پۇقرالار توپا توشۇيدۇ، ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى سالىمىز. تەزىيە ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتتىن ئەلچى تەكلىپ قىلىمىز. كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ كىشىلەرنى نەزىرىگە ئىلماي، ئاتقا

ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى بىلدۈ، ـ دەپتۇ.

چۈ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ مېڭىنىڭ ئاتقا يىغلىماستىن بەلكى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پادىشاھنى ئاتقا ئۇنچىلا قىلىپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن:

ــ مېنىڭ خاتالىقىم شۇنچە ئېغىرمۇ؟ بۇ ئاتنىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ شاھ ئالىيلىرى، بۇنى ئۆي ھايۋانلىرى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىمىز، يەنى ئۆلۈك ساندۇقىنىڭ تاشقى بىر قەۋىتى ھېسابىدا، يەرگە چوڭ بىر ئوچاق كولايمىز، يوغان مىس داڭقاندىن بىرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ساندۇقنىڭ ئۆزى قىلىپ، ئاتنى شۇنىڭغا سالىمىز، زەنجىۋىل، چىلان، جىگدە گۈرۈچى قاتارلىقلارنى تاۋۇتقا سالىدىغان نەرسە قاتارىدا داڭقانغا تاشلاپ، ئوتنى تازا قالاپ، ئوبدان پىشۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى كىشىلەرنىڭ قارنىغا دەپىن قىلىمىز. بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مۇشۇ، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ يۇ مېڭىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاشپەزلەرگە ئاتنىڭ گۆشىنى تازا مەززىلىك قىلىپ پىشۇرۇپ، تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

## زىرائەتنىڭ بەدىلىگە كالىنى تارتىۋېلىش

چۈ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئېگىز تەختتە ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يوللىغان تەبرىك سالاملىرىنى قوبۇل

قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېغىشلانغان يېقىملىق مۇزىكا ۋە شوخ، خۇشال ئۇسسۇللاردىن مەست بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان چىن بەگلىكىدە ئىچكى توپىلاڭ بولۇپ، پادىشاھ چىن لىڭگوڭ ۋەزىر شىيا جېڭشۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىكەن. چىن بەگلىكىنىڭ بىرنەچچە ۋەزىرى چۇ بەگلىكىگە قېچىپ كېلىپ، چۇ بەگلىكىدىن چىن بەگلىكى ئۈچۈن توپىلاڭنى تىنچىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ھەققانىيەتنى ياقلاش دېگەن نام بىلەن، چوڭ قوشۇننى باشلاپ چىن بەگلىكىگە يۈرۈش قىلىپ، چىن بەگلىكىنى تارمار قىلىپ، ئۇنى چۇ بەگلىكىنىڭ بىر ناھىيىسى قىلىپ قوشۇۋاپتۇ.

مانا ئەمدى قۇدرەتلىك چۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپتۇ.

پادىشاھ چۇ جۇاڭۋاڭ كۆرەڭلىگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتىكەن، كۆڭۈلسىز بىر خىيال تاسادىپىي ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋاپتۇ: جەنۇبتىكى ماڭا قاراشلىق بەگلىكلەر ۋە بىرمۇنچە ئۇششاق قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ مېنى مۇبارەكلىدى، بەگلىك تەۋەسىدىكى ۋەزىرلەرمۇ كېلىپ مۇبارەكلەشتى، نېمە ئۈچۈن تۆرە شېن شۇشى كۆرۈنمەيدۇ؟

شېن شۇشىنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، شېن شۇشى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئەسلىدە چى بەگلىكىگە ئەلچىلىككە بېرىپ، تېخى باياتىن قايتىپ كەلگەنىكەن.

شېن شۇشى چى بەگلىكىگە بېرىپ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەمدى مېنى مۇبارەكلەيدىغان گەپنى قىلار دەپ ئويلاپ-

تىكەن، شىن شۇشى بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ، پادىشاھ چۇ جۇاڭۋاڭنىڭ غەزىپى كەپتۇ-دە، ئۇنىڭغا دوق قىلىپ:

— چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى شيا جېڭشۇ پادىشاھ چىن لىڭگۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغانىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. مەن ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ، شيا جېڭشۇنى ئۆلتۈردۈم، بىزگە بىرمۇنچە زېمىن قوشۇلدى. ۋەزىرلەر ۋە ئەتراپتىكىلەردىن كېلىپ مۇبارەكلىمىگەن ئادەم قالمىدى، بىراق سىز بۇ ھەقتە لام-جىم دېمىدىڭىز، ئەجەبا، مېنىڭ قىلغان ئىشىم توغرا ئەمەسمىكەن؟ — دەپتۇ.

شىن شۇشى ئالاقزادە بولغان ھالدا، ئالدىراپ پادىشاھقا سالام بېرىپ:

— ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، كۆڭلۈمدە ھەل قىلالمايۋاتقان بىر ئىش بار ئىدى، شۇڭا باشقا گەپلەرنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم، — دەپتۇ.

— نېمە ئىشتى ئۇ؟ — سوراپتۇ پادىشاھ قىزىققان ھالدا.

— مۇنداق ئىش ئىدى، — دەپتۇ شىن شۇشى، — بىر ئادەم كالىسىنى يېتىلەپ باشقا بىرسىنىڭ ئېتىزلىقى بىلەن مېڭىپتىكەن، كالا ئېتىزدىكى زىرائەتنى دەسسەپ ساپتۇ. بۇنى كۆرۈپ زىرائەت ئىگىسىنىڭ ئاچچىقى راسا كەپتۇ-دە، گەپ-سۆز قىلمايلا بېرىپ ئۇنىڭ كالىسىنى تارتىۋاپتۇ. كالىنىڭ ئىگىسى شۇنچە گەپ قىلسىمۇ بەرمەپتۇ. شاھ ئالىيلىرى، مۇبادا مۇشۇنداق ئىش ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالسا، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىلا؟

— كالىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— كالىنى يېتىلەپ خەقنىڭ زىرائەت تېرىغان ئېتىزى بىلەن
مېڭىش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. لېكىن، مۇشۇنچىلىق بىلەنلا خەق-
نىڭ كالىسىنى ئېلىۋېلىش بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدىغۇ دەيمەن؟ —
پادىشاھ چۇ جۇاڭگۇاڭ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت
بىر داۋلىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ-دە، شىن شۇشىغا تازا بىر قارى-
ۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئەسلىدە سىز گەپنى ئەگىتىپ، ماڭا تەگكۈزۈپ ئېيتقان
ئىكەنسىز-دە، بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى، مەن "بۇ
كالا"نى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەي.

پادىشاھ چۇ جۇاڭگۇاڭ چېن بەگلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ.
چېن بەگلىكىنىڭ يېڭى پادىشاھى چېن چېڭگۇڭ جىن بەگلىكىدىن
چېن بەگلىكىگە قايتىپ كېلىپ چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا رەھمەت
ئېيتىپتۇ، چېن بەگلىكى چۇ بەگلىكىگە قارايدىغان بوپتۇ.

## يەنزىنىڭ چۇ بەگلىكىگە ئەلچى بولۇپ بېرىشى

چۈنچيۇ دەۋرىدە، چى بەگلىكىدە يەن يىڭ ئىسىملىك بىر
سىياسىئون بار ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ يەنزى (ئۇستاز
يەن) دەپ ئاتايدىكەن.

مىلادىدىن 531 يىل بۇرۇن، يەنزى چى بېگىنىڭ ئەمرى بويىچە
چۇ بەگلىكىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپتۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ كۆرەڭ، ھاكاۋۇر
بېگى چۇ لىڭۋاڭ ۋەزىرلىرىگە:

— يەن يىڭ ئانىسىدىن پاكار تۇغۇلۇپ قالغان ئادەم، بىراق ئەل
ئىچىدە ناھايىتى بەك ئابرويلۇق. بۇ قېتىم بىزنىڭ ئەلگە كەلگەندە

تازا بىر مازاق قىلىپ، چۇ بەگلىكىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى، — دەپتۇ ۋە ھەممە ۋەزىرلەرگە مۇشۇ بويىچە ئىش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يەنزى ھارۋىغا ئولتۇرۇپ چۇ بەگلىكى-نىڭ پايتەختى يىڭچېڭ-نىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا كەپتۇ. قارىسا چۇ بەگلىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە شالاڭ تىزىلىپ تۇرۇپتۇ، چوڭ دەرۋازا مەھكەم تاقالغانىكەن. يەنزى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ تۇرسا، شەھەرنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يېڭى ئاچقان ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆككۈرنىڭ ئاغزىغا ئوخشايدىغان مۇشۇ كىچىك ئىشىكتىن كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ ۋە يەنزىگە قاراپ:

— بىزنىڭ ئەلنىڭ قائىدىسى مۇشۇنداق: بويى ئېگىزلەر چوڭ دەرۋازىدىن ماڭىدۇ، پاكارلار كىچىك ئىشىكتىن ماڭىدۇ، — دەپتۇ.

يەنزى چۇ بەگلىكى بېگىنىڭ ئۆزىنى ھاقارەتلىگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئۆككۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، تازا بىر قارىۋېتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ شەھەر دەرۋازىسى ئەمەس، ئىت ئۆككۈرنىڭ ئاغزى ئىكەن. بىزنىڭ ئەلدىمۇ مۇنداق قائىدە بار: ئىت بەگلىكىگە ئەلچى-لىككە بارغان ئادەملا مۇشۇنداق ئىت ئۆككۈرنىڭ ئاغزىدىن ئۆتىدۇ.

دەرۋازىغا قاراۋاتقانلار يەنزىنىڭ گېپىنى دەرھال پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ.

— ئەسلى مەن ئۇنى چۈشۈرمەكچى بولغانىدىم، ئەكسىچە ئۇ مېنى چۈشۈردى، — دەپتۇ-دە، ئىلاجىسىز دەرۋازىنى ئېچىشقا بۇيرۇق بېرىپ، يەنزىنى شەھەرگە تەكلىپ قىپتۇ.

يەنزى ئۇردىغا كىرىپ چۇ بەگلىكىنىڭ بېگىگە سالام بېرىپتۇ.
پادىشاھ توساتتىن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— چى بەگلىكىڭلەردە ئادەم يوقمىدى؟

يەنزى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ:

— چى بەگلىكىمىزدە ئادەمدىن تولا نېمە يوق. ئادەملىرىمىزنىڭ ھەربىرسى بىردىن تىنىپ قويىدىغان بولسا، ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كېتىدۇ؛ ئادەملىرىمىزنىڭ ھەربىرسىدىن بىر تامچىدىن تەر تامچىلايدىغان بولسا، خۇددى يامغۇر ياغقاندەك بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئەلدە چوڭ كوچىلارغا ئادەم پاتماي، ماڭغانلارنىڭ مۈرىسى مۈرىسىگە، پۇتلار بىر-بىرىگە تېگىشىپ ماڭىدۇ. بۇنى قانداقمۇ ئادەم يوق دېگىلى بولسۇن؟— دەپتۇ.

— ئادەم شۇنداق كۆپ ئىكەن، ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن سىزدەك بىر پاكار ئادەمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى؟— دەپتۇ بەگ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىزنىڭ چى بەگلىكىمىزدە، — دەپتۇ يەنزى جاۋاب بېرىپ، — ئەلچى ئەۋەتىشتە مۇنداق بىر قائىدە بار: چۈپچىرەك بەگلىكلەرنى زىيارەت قىلىشقا مەرتىۋىسى تۆۋەن چۈپچىلەرنى ئەۋەتىدۇ، مەن دېگەن تازىمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان چۈپچى ئادەم، شۇڭا مېنى سىلەرنىڭ بەگلىكىڭلارغا ئەۋەتتى.

چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى كىشىنى مەسخىرە قىلغانغا بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تەڭ كۈلۈشۈپ بېرىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، ئەسكەرلەر بىر جىنايەتچىنى ئۇردىغا

ئەكىرىپتۇ. بەگ ئۇلاردىن:

— بۇ جىنايەتچى نەلىك ئادەم ئىكەن، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ؟ — دەپ قەستەن سوراپتۇ.

— چى بەگلىكىدىن ئىكەن، ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسكەرلەر.

— چى بەگلىكىنىڭ ئادەملىرى نىمانداق قاملاشمىغان ئادەملەر، مۇشۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىغان بارمۇ؟ — دەپتۇ بەگ يەنزىنى مەسخىرە قىلىپ.

— بەگ، سىز شۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ — دەپتۇ يەنزى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قەتئىي ھالدا، — ئاپلىسىن دەرىخى خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئۆسسە، ئۇنىڭدىن ئاپلىسىن مېۋىسى چىقىدۇ؛ خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئۆسكەنلىرىدىن ئاپلىسىن مېۋىسى چىقمايدۇ. بۇ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما مېۋىسىنىڭ تەمى زادىلا ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ھاۋاسى ئوخشاش ئەمەس، چى بەگلىكىنىڭ ئادەملىرى ئۆز ئېلىدە بولسا، شۇنداق ئوبدان ئىشلەپ ئۆتەتتى، چۇ بەگلىكىگە كېلىپلا ئوغرى بولۇپ قاپتۇ. بۇ چۇ بەگلىكىنىڭ ھاۋاسىنىڭ كىشىلەرنى ئۇستا ئوغرىلاردىن قىلىپ چىقىدىغانلىقىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟

چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى ۋە ۋەزىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يەنزىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلىپ، ئەمدى ئۇنى ھۆرمەتلەشكە باشلاپتۇ.

## مۇھاپىزەتچىنىڭ ئەپچىل تەكلىپى

چۇنچيۇ دەۋرىدە، پادىشاھ ۋۇ ۋاڭ ئەسكەر چىقىرىپ چۇ بەگلىكىگە

ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ.

ۋەزىرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن:

— چۇ بەگلىكى ھازىر تازا كۈچلىنىۋاتقان چاغ، ھازىرچە ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇشقا بولمايدۇ، شۇڭا ئالىيلىرى ئويلىنىپراق ئىش قىلسىلا بولارمىكىن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋۇ ۋاڭ زومىگەرلىك نىيىتىدىن يانمايۋاتقاندا، بۇنداق گەپلەر قانداقمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرسۇن. ئۇ پارقىراپ تۇرغان شەمشىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— مەن چۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشنى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن. كىمكى مېنى مۇشۇ نىيىتىمدىن ياندۇرماقچى بولىدىكەن، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، پارچە-پارچە قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن گەپ-سۆز قىلالماي تۇرۇپ قاپتۇ.

ئوردىدا ياش بىر مۇھاپىزەتچى بار ئىكەن، ئۇ كۆڭلىدە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققانى ئۇرۇش ئەمەس، ئۇرۇش قىلىدىغان بولساق چوقۇم مەغلۇپ بولىمىز، دەپ ئويلاپتۇيۇ، بۇنى پادىشاھ ۋۇ ۋاڭغا ئۇدۇللا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇ ئويلا، ئويلا ئاخىرى بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوبدان بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ.

بىركۈنى ئەتىسى، ئۇ ئەتىگەندىلا ئوردىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى گۈللۈككە كىرىپتۇ-دە، رەگەتكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. شەبنەم سۈيىدە ئۈستىبېشى ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ ئايلىنىشنى زادىلا توختاتماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاشۇ يەردە ساق ئۈچ كۈن ئايلىنىپتۇ.

پادىشاھ ۋۇ ۋاڭ ئۇنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران

بوپتۇ ـ دە، مۇھاپىزەتچىنى ئالدىغا چاقىرىپ سوراپتۇ:

ـــ سەن نېمىشقا بۇ گۈللۈكنى ئايلىنىۋېرىسىپ، ئۈستىبېشىڭنى ھۆل قىلىۋەتتىڭ؟

مۇھاپىزەتچى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئالىيلىرى، مەن ناھايىتى قىزىق بىر ئىشنى كۆزىتىۋاتىمەن ـــ گۈللۈكتە بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، دەرەختە بىر تومۇزغا بولۇپ، دەرەخنىڭ ئېگىز يېرىگە قونۇپ ئولتۇرۇپ شەبنەم سۈيىنى ئىچىدىكەن ـ دە، كۆرەڭلەپ سايراپ كېتىدىكەن، بىراق ئارقا تەرىپىدە بىر ياچۇەكنىڭ ماراپ تۇرۇپ ئالدى پۇتىنى چىقىرىپ، ئۇنى تۇتۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىدىن بىزەمۇ خەۋىرى يوق ئىكەن، بىراق ھېلىقى ياچۇەكنىڭمۇ ئارقا تەرەپتە بويىنىنى سوزۇپ ئۇنى چوقۇشقا تەمشىلىۋاتقان سېرىق قۇچقاچ ئېسىگە كىرىپمۇ چىقماپتۇ. ئۇ سېرىق قۇچقاچمۇ مېنىڭ رەگەتكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېتىپ چۈشۈرۈشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيدىكەن.

ـــ راست قىزىق ئىكەن، ـــ دەپتۇ پادشاھ كۈلۈپ.

ـــ ھۆرمەتلىك شاھىم، ـــ دەپتۇ مۇھاپىزەتچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـــ تومۇزغا، ياچۇەك، سېرىق قۇچقاچلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، ئارقىسىدا تۇرغان خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

پادىشا ۋۇ ۋاڭ بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرھال ئېسىنى يىغىپ، مۇھاپىزەتچىسىنىڭ تەمسىل ئارقىلىق ئۆزىگە چۇ بەگلىكىگە قىلىدىغان ھۇجۇمنى توختىتىش توغرىسىدا ئەپچىل بىر تەكلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يوللۇق، ـــ دەپتۇ ۋە چۇ بەگلىكىگە

ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ.

## بيەن جۇاڭزىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرۈشى

لۇ بەگلىكىدە بيەن جۇاڭزى ئىسىملىك ھەربىي ماھارىتى يۇقىرى بىر ئادەم بولغانىكەن. بىركۈنى ئۇ مەلۇم بىر يەرگە بېرىپ قونۇپ قاپتۇ. ئۇ يەردە ئىككى يولۋاس بار ئىكەنلىكى، ھەمىشە يۇرتقا كېلىپ ئۆي ھايۋانلىرىنى نابۇت قىلىپ كېتىدىغانلىقى، ھەتتا ئادەملەرنى چىشلەپ زەخىملەندۈرىدىغانلىقى ياكى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپتۇ. بيەن جۇاڭزى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەتنى يوقىتىش قارارىغا كەپتۇ-دە، پارقىراپ تۇرغان تۇچ خەنجىرىنى ئېلىپ، يولۋاسنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. شۇ يەردىكى سارايدا ئىشلەيدىغان بىر بالا خىزمەتچى بار ئىكەن، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ھالدا:

— باتۇر ئاكا، مەنمۇ سىزگە ھەمراھ بولۇپ بارسام، — دەپتۇ.

ئىككىيلەن بىللە يولغا چىقىپ، تاغ ئارىسىدىكى بىر جىلغىغا كەپتۇ. بىركىم "قارا" دېگەندەك قىپتۇ-دە، قارىسا، بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككى يولۋاس بىر كالىنى تالىشىپ يەۋاتقۇدەك. بيەن جۇاڭزى ئۇيلاپمۇ ئولتۇرماستىن خەنجىرىنى كۆتۈرۈپ، يولۋاسقا قاراپ ئېتىلماقچى بوپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ بالا خىزمەتچى:

— باتۇر ئاكا، ئالدىراپ كەتمەڭ. كۆرمىدىڭىزمۇ، ھازىر ئۇلار پۈتۈن زوقى بىلەن گۆش يېگىلى تۇرۇشۇپتۇ. گۆش ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئۇلار چوقۇم گۆش تالىشىدۇ، گۆش تالىشىدىكەن، جەزمەن

بىر-بىرى بىلەن ئېلىشىدۇ، ئېلىشىش جەريانىدا كىچىكى ئۆلىدۇ-دە، چوڭى يارىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بارسىڭىز تازا پەيتى. بەردەم ئىككى يولۋاسقا تاقابىل تۇرغانىدىن كۆرە، يارىلانغان بىر يولۋاسقا تاقابىل تۇرۇش ئاسانغا چۈشىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

بيەن جۇاڭزى بېشىنى لىڭشىتىپ بۇ مەسلىھەتكە كۆنۈپتۇ. ئىككىيلەن ئورمانلىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، راست دېگەندەك ئىككى يولۋاس بىر-بىرى بىلەن ئېلىشقىلى تۇرۇپتۇ. ئېلىشقاندىمۇ شۇنداق قاتتىق ئېلىشىپتىكى، بىر-بىرىگە ئېتىلىپ، چىشلەپ تۈكلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ، چىشلىشىپ بەدەنلىرىنى قانغا مىلىشىپتۇ. ئەتراپتىكى تاشلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، قاراس-قۇرۇس قىلغان ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئاپتۇ، چاڭ-تۇزاڭ ھەممە يەرنى قاپلاپتۇ. كىچىك يولۋاس بەرداشلىق بېرەلمەي ئاستا-ئاستا بوشىشىپ كېتىپتۇ، چوڭ يولۋاس ئۇنىڭ كارنىيىدىن ئېلىپ چاينىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، قان جىق چىقىپ كېتىپ، ئۆلۈپ قاپتۇ. چوڭ يولۋاسنىڭ بەدەنلىرى تىتما كاتاڭ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بولالماي يەردە يېتىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا بيەن جۇاڭزى ئېتىلىپ بېرىپ خەنجەرنى يولۋاسنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تىققانىكەن، يولۋاس خارتىلداپتۇ-دە، ئۆلۈپتۇ.

## سۇ پەرىشتىسىنىڭ ئۆيلىنىشى

تەخمىنەن مىلادىيىدىن 408 يىل بۇرۇن، شى مېنباۋ ياچېڭنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپتۇ.

شى مېنباۋ ياچېڭغا كېلىپ قارىسا، بۇ يەر تولىمۇ كۆڭۈلسىز،

ئاھالىلارمۇ بەك شالاڭ كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يۇرت ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ ئۇلاردىن:

— بۇ يۇرت نېمانداق چۆلدەرەپ كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ يەردە جاڭخىپ دېگەن بىر دەريا بار، — دەپتۇ ئاقساقاللار، — جاڭخىپ دەرياسىدىكى سۇ پەرىشتىسىنىڭ ئىسمى خىپ بو. يۇرتىمىزدىكى ئايال پېرىخۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە، خىپ بو چىرايلىق قىزلارنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇ ھەر يىلى بىر قىزغا ئۆيلىنىدۇ، خىپ بونىڭ تەلىپىنى قاندۇرساق، ھاۋا جايىدا بولۇپ، ھۆل-يېغىن ئوبدان بولىدۇ-دە، زىرائەتلىرىمىز ئوخشايدۇ، ئۇنداق قىلمىساق، خىپ بو بىر ئالىتوپىلاڭ چىقىرىپ، كەلكۈن قويۇپ بېرىدۇ-دە، زىرائەتلەرنى قويماي ئېقىتىپ كېتىپ، ئادەملىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. شۇڭا، ئەمەلدار بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى دەپ ئاتالغانلار بىزدىن ئالۋان يىغىدۇ. يىغىلغان پۇللار نەچچە مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بۇ پۇلدىن ئىككى-ئۈچ يۈزمىڭ يۈەنىنى خىپ بونىڭ ئۆيلىنىشىگە ئىشلەتسىمۇ، قالغان قىسمىنى ئايال پېرىخۇنلار بىلەن تەڭ بۆلۈشىدۇ. ئايال پېرىخۇنلارنىڭ چوڭىنىكى تولغاندىن كېيىن، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ چىرايلىق قىزلارنى تەكشۈرىدۇ. ئۇلار "مۇشۇ قىز خىپ بوغا خوتۇن بولۇشقا يارايدىكەن" دېدىمۇ بولدى، ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. قىزنى دەرھال يۇيۇندۇرۇپ، يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ تەييار قىلىدۇ. ئاندىن دەريا بويىغا مەخسۇس بىر دۇئا-تىلاۋەت ئۆيى ياساپ، قىزنى شۇنىڭغا سولاپ قويىدۇ، قىز شۇنىڭ ئىچىدە دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ جىم ئولتۇرىدۇ. خىپ بو ئۆيلىنىدىغان كۈنى قىزنى ئۆي بىلەن بىللە دەرياغا ئىتتىرىۋېتىشىدۇ. ئۇ دەريادا بىردەم لەيلىگەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا دەرياغا چۆكۈپ كېتىدۇ.

شۇڭلاشقا، چىرايلىق قىزى بار ئائىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قىزىنى ئېلىپ يىراق جايلارغا كېتىشتى.

— خې بونىڭ بۇ يىلقى ئۆيلىنىدىغان كۈنى قايسى كۈن؟ — دەپتۇ شى مېنباۋ، — سىلەر بۇنى ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار، قىزنى ئۇزۇتۇشقا مەنمۇ باراي.

خې بونى ئۆيلەندۈرىدىغان كۈنى شى مېنباۋمۇ دەريا بويىغا كەپتۇ. چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار، يەرلىك مۆتىۋەر دېيىلگەنلەر ۋە يېزا ئاقساقاللىرى بولۇپ، ئىككى-ئۈچ مىڭدەك كىشى خې بونى ئۆيلەندۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يىغىلىپتۇ.

مۇراسىمنى باشقۇرىدىغان كاتتا ئايال پېرىخۇن 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان موماي ئىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئون نەچچە ئايال كىرىپ كەپتۇ، بۇلار ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىكەن.

شى مېنباۋ ئايال پېرىخۇنغا قاراپ:

— خې بوغا بەرمەكچى بولغان قىزنى چاقىرتىڭلار، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ. ئايال پېرىخۇن شاگىرتلىرىنى بۇيرۇپ قىزنى چاقىرتىپ كەپتۇ. شى مېنباۋ قىزغا قاراپ بېقىپ:

— بۇ قىز چىرايلىق ئەمەسكەن، ئايال پېرىخۇن سىزنى ئاۋارە قىلدىغان بولدۇق، سىز دەرياغا چۈشۈپ خې بوغا ئېيتىڭ، باشقا بىر چىرايلىق قىز تېپىپ، ئۆگۈنلۈككە ئەۋەتىپ بېرەيلى، — دەپتۇ-دە، ئايال پېرىخۇننى ئەسكەرلىرىگە كۆتۈرتۈپ، دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئايال پېرىخۇن سۇ ئىچىدە جان تالىشىپ بېقىپ، ئاخىرى چۆكۈپ كېتىپتۇ.

— ئايال پېرىخۇن نېمىشقا شۇ چاققىچە كەلمەيدۇ، — دەپتۇ شى مېنباۋ بىر دەمدىن كېيىن، — يەنە بىرنى ئەۋەتەيلى، بېرىپ ئۇنى سۈيلىسۇن، — دەپلا پېرىخۇننىڭ شاگىرتىدىن بىرنى سۇغا تاشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئۈچى سۇغا تاشلىنىپتۇ.

— ئاياللارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، — دەپتۇ شى مېنباۋ بىر دەمدىن كېيىن، — پۇل يىغىشقا قاتناشقان مۆتىۋەرلەرمۇ بىرەر قېتىم چاپا چېكىپ باقسۇن.

ئاللىقاچان تەييار بولۇپ تۇرغان ئەسكەرلەردىن بىرقانچىسى دەرھال بېرىپ، ھېلىقى ئايال پېرىخونلار بىلەن بىللە ئەسكىلىك قىلغان يېزا مۆتىۋەرلىرىدىن بىرنەچچىسىنى تۇتۇپ خۇددى تاشنى ئىرغىتقاندەك دەرياغا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ. شى مېنباۋ دەرياغا قاراپ بىر سالام قىلىۋېتىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بىردەم تۇرۇپتۇ-دە، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— بۇ ئادەملەر ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا خې بونى ئۆيلەندۈرۈشنى باھانە قىلىپ، پۇل توپلاپ چۆنتىكىنى تولدۇرغان ئەمەلدارلار، مۆتىۋەر دەپ ئاتالغانلار يەرگە تىزلىنىپ، باشلىرىدىن قان چىققۇچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، شى مېنباۋدىن سۇغا تاشلىماسلىقنى تىلەپ تۇرۇۋاپتۇ.

شى مېنباۋ ئەمدى ئۇلارغا:

— سۇنىڭ ئىچىدە خې بو نېمىش قىلىدۇ؟ ئايال پېرىخونلار بىلەن سىلەر خې بونى ئۆيلەندۈرۈش باھانىسى بىلەن نۇرغۇن قىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭلار، خەلقتىن ناھايىتى كۆپ مال-مۈلۈك يىغىۋالدىڭلار، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەسكىلەر تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى. بۇنىڭدىن كېيىن، كىمكى يەنە خې بونى ئۆيلەندۈرۈشنى ئاغزىغا ئالىدىكەن، ئۇنى دەريادىكى خې بو بىلەن كۆرۈشتۈرىمىز، — دەپتۇ.

شۇندىن باشلاپ، ياچېڭدا سۇ پەرىشتىسىنى ئۆيلەندۈرىدىغان ئىش

بولماپتۇ. سىرتقا قېچىپ كەتكەنلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىشىپتۇ. شى مېنباۋ خەلققە باشچىلىق قىلىپ، 12 ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، جاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېتىزغا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زىرائەتلەر ئوخشاپ، خەلق خاتىرجەم كۈن كەچۈرىدىغان بوپتۇ.

## تيەن جىنىڭ ئات مۇسابىقىسى

چى بەگلىكىنىڭ باش جياڭجۈنى تيەن جى، چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بىلەن ۋە ئوردىدىكى بايلار بىلەن داۋاملىق دو تىكىشىپ ئات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ھەر قېتىمقى ئات مۇسابىقىسىدا 100 سەر ئالتۇن تىكىدىكەن. ئۇ جەڭ مەيدانىدا تاغۇتاشلارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ھەيۋە بىلەن جەڭ قىلىپ، زور ئۇتۇقلار قازانغان بولسىمۇ، قىمار مەيدانىغا كەلگەندە، ساپلا ئۇتتۇرىدىكەن. ئەمما ئۇ تەلەي سىناپ، ھەممە ئۇمىدىنى كېيىنكى قېتىملىق مۇسابىقىغا باغلايدىكەن - دە، ئۇتتۇرۇۋەتكەنسېرى تېخىمۇ قىزىقىپ ئوينايدىكەن.

بىركۈنى كەچقۇرۇن گۇگۇم مەزگىلىدە، تيەن جىنىڭ ئائىلىسىگە ئاددىي بىر مېھمان كىرىپ كەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئۇستىبېشى ئاددىي بولغىنى بىلەن، كۆرۈنۈشىدىن ئاددى ئادەمدەك كۆرۈنمەيدىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى سۈن بىن بولۇپ، تېخى يېقىندىلا ۋېي بەگلىكىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، زىياپەت جوزىسىدا بۇ ئىككەيلەن ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتىكى ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ كېتىپتۇ، گەپ ئۇرۇش ئۈستىگە كەلگەندە، تيەن جى ئاجايىپ روھلىنىپ كېتىپتۇ. بولۇپمۇ سۈن

بىنىڭ كارامەت سۆزلىرى ۋە ئاجايىپ ھەربىي ماھارىتىنى تىلغا ئالغاندا، تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىپتۇ-دە، ھاراقنىڭ ئۇچ پىيالىدىن ئايلانغانلىقىنى بىلمەي قاپتۇ. بۇ چاغدا تيەن جىنىڭ ئېسىگە بىر دىنلا ئات مۇسابىقىسى كېلىپ قاپتۇ. ئۇ يېقىنقى بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە، يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇتتۇرۇۋەتكەنىكەن. ھايت-ھۇيت دېگىچە 500 سەر ئالتۇن خەقلەرنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ بولغان گەپ ئىكەن...

ئىككىيلەننىڭ پارىڭى تازا قىزىۋاتقاندا، تيەن جى بىردىنلا گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋېتىپتۇ، چىرايى تۇرۇلۇپ باشقىچە بولۇپ قاپتۇ. سۇن بىننىڭ كۆڭلى بىرقىسما بوپتۇ-دە، ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، كۆڭلىڭىزنى بۇزۇدىغان نېمە ئىش بولدى؟

تيەن جى بىرھازا خىيالغا پېتىپ جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى خىجىل بولغان ھالدا كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ يۈرگەن قايغۇ-ئەلەمنى ئېيتىپتۇ.

سۇن بىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ بىردەم ئويلىنىۋاپتۇ-دە، ئاندىن:

— بۇ دېگەن ئۇنچە تەس ئىش ئەمەس، بۇ نۆۋەت سىز ئالدىنقى قېتىمقىدىن ئۇچ ھەسسە ئارتۇق تىكىڭ، مەن ھۆددە قىلىمەنكى، سىز چوقۇم ئۇتىسىز، — دەپتۇ.

— بۇرادەر، بۇنىڭدا بىرەر ئەپچىل ئامالىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تيەن جى ئىشىنىپ-ئىشەنمەيرەك.

سۇن بىن ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— شۇنداق، ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالسىز، بولدى ئۇنچىۋالا كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ.

ئات مۇسابىقىسى بولغان كۈنى تيەن جى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىد-
دىلا 1000 سەر ئالتۇن تىكىپتۇ، چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋە باشقا
بايلار تيەن جى ئۇتتۇرۇۋەتكەنسېرى خۇدىنى بىلەلمەي قىلىۋاتقان
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ-دە، كۈلۈشۈپ:

— ئۇ بۇ قېتىم ئۇتتۇرغاندىمۇ قاتتىق ئۇتتۇرىدىغان بولدى،
قېنى كۆرەيلى، — دېيىشىپتۇ.

ئۇ چاغدا ئات مۇسابىقىسى مۇنداق بولىدىكەن: مۇسابىقىغا قاتناش-
قۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېتىنى 1-، 2-، 3-دەپ دەرىجىگە
ئايرىيدىكەن-دە، ئاندىن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە 1-نى 1-بىلەن،
2-نى 2-بىلەن، 3-نى 3-بىلەن سالىدىكەن. مۇسابىقە تۈگىگەندە
كىمنىڭ ئېتى ئىككى قېتىم ئالدىدا چىقسا، شۇ ئۇتقان بولىدىكەن.

ئۇ كۈنى تيەن جى شۇنچە كۆپ ئالتۇننى ئىككى تەرىپىگە قاراپمۇ
قويماي غاچ قىلىپ تىككىنى بىلەن، كۆڭلىدە "بۇ قېتىممۇ ئۇتتۇرۇ-
ۋەتسەم، ئۇ چاغدا..." دېگەننى ئويلىمايمۇ قالماپتۇ.

بۇ چاغدا، سۇن بىن تيەن جىگە يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا دەپتۇ:

— بۇرادەر، غەم قىلماڭ، كېلىڭ. ئالدى بىلەن سىزنىڭ 3-
دەرىجىلىك ئېتىڭىزنى ئۇلارنىڭ 1-دەرىجىلىك ئېتى بىلەن سالىمىز،
ئاندىن 1-دەرىجىلىك ئېتىڭىزنى ئۇلارنىڭ 2-دەرىجىلىك ئېتى
بىلەن سالىمىز، 2-دەرىجىلىك ئېتىڭىزنى ئاخىرىغا قالدۇرۇپ قويىمىز،
بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ 3-دەرىجىلىك ئېتى ئېشىپ قالغان بولىدۇ.
چۈشەندىڭىزمۇ؟

— بەللى، بەللى، — دەپتۇ تيەن جى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يوتىسىغا
ئۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مەن نېمىشقا
بۇلارنى ئويلىمىغاندىمەن؟ — ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە ئىشنى

مۇشۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېيتىپتۇ.

مۇسابىقە نەتىجىسى ئويلىغان يەردىن چىقىپتۇ. تيەن جى خۇشال هالـدا چى پادىـشاهىنىڭ قولـدىن 1000 سەر ئالـتۇننى ئاپـتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، تيەن جى ئۆزىـنى تۇتالـماي ئات مۇسابـىقىسىدا ئۇتۇپ چىققانلىقىنىڭ سىرىـنى چى بەگلىكـىنىڭ پادىشاهىغا ئېيتـىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشـاه دەرهـال سۇن بىنـنى چاقىرتىپـتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ سـۇن بىن چـى بەگلىكـىنىڭ هەربىـي مۇشاۋىرى بوپتۇ-دە، ئۇرۇشتا ئارقا-ئارقىـدىن غەلـبە قىلىپ، هەممە يەردە داڭ چىقىرىپ، جۇڭگو تارىخىدا مەشهۇر هەربىي ئىشلار ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ.

## ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش

مىلادىدىن 353 يىل بۇرۇن، ۋېـي بەگلىكى ئەسكەر چىقىرىپ جاۋ بەگلىكىگە هۇجۇم قىپتۇ. ۋېـي بەگلىكـىنىڭ هەربـىي ئىشلار قائىدى-لىرىنى پىششىق بىلىدىغان قوماندانى پاڭ جۇەن قوشۇن باشلاپ جاۋ بەگلىكـىنىڭ پايتەخـتى خەندەنگـچە هۇجۇم قىلىپ كەپـتۇ. هالاك بولۇش خەۋپىگە چۇشۇپ قالغان جاۋ بەگلىـكى ئارقا-ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، چى بەگلىكىدىن ياردەم سوراپتۇ.

جاۋ بەگـلىكـىنىڭ ئەلچىـلىرى ياردەم سوراپ كەلـگەن كۈنى، پادىـشاه چـى ۋېيـۋاڭ هەربـىي مۇشاۋىر سـۇن بىنـنى چاقىرىـپ، ياردەمگە بارىدىغان قوشۇنغا جياڭجۇنلىكـكە تەكلىـپ قىپـتۇ. سۇن بىن پادىشاهقا رەهمەت ئېيتىپ:

— مەن جازاغا تارتىلـغان، بەدەنلىرىمـنىڭ ساق يېرىنىڭ تايىنى

يوق ئادەم، مەن بۇ ئۇرۇشنىڭ باش جىياڭجۈنى بولۇشقا لايىق ئەمەس، — دەپتۇ.

ئەسلىدە، سۇن بىن ھەربىي ئىشلار دەستۇرىنى پاڭ جۈەن بىلەن بىللە ئوقۇغانىكەن. پاڭ جۈەن كېيىن ۋېي بەگلىكىنىڭ قوماندانى بوپتىكەن. ئۇ ھەربىي ماھارەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ سۇن بىنغا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، سۇن بىننى ئالداپ ۋېي بەگلىكىگە ئېپكەلىدىكەن، ئاندىن ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئالدىدا ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ، لېپىكىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، يۈزىگە خەت ئويۇپ قويۇپ، ئۇنى مەڭگۈ ئەمەلدار بولالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىكەن، يېقىندا ئۇ چى بەگلىكىگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ تەرىپىدىن ھەربىي مۇشاۋىرلىككە تەكلىپ قىلىنىپتىكەن.

چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سۇن بىننىڭ كەمتەرلىك بىلەن بۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باش جىياڭجۈنلىككە تيەن جىنى بەلگىلەپ، سۇن بىننى ھەربىي مۇشاۋىر قىلىپ بەلگىلەپ، ئىنىڭ هارۋىدا ئولتۇرۇپ، مەخسۇس باش قوماندانغا مەسلىھەت بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ.

چوڭ قوشۇن چى بەگلىكىنىڭ چېگرىسىغا كەلگەندە، تيەن جى قوشۇننى باشلاپ، ئۇدۇل جاۋ بەگلىكىگە بېرىپ، خەندەننى قورشاۋدىن ئازاد قىلماقچى بوپتۇ.

سۇن بىن تيەن جىنى توسۇپ:

— باش جىياڭجۈن، مەن سىزگە ئىككى ئىشنى مىسال قىلىپ بېرەي، سىز ئاڭلاپ بېقىڭ: چىگىلىشىپ كەتكەن شوينىنى يېشمەن دېگەن ئادەم ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ شوينىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى تارتماستىن، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىنى تېپىشى،

ئاندىن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا يېشىشى لازىم. بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشۋاتقان ئىككى تەرەپنى ئاجرىتىمەن دېگەن ئادەم ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمەسلىكى، ئۇلارنىڭ مۇشتى ۋە پەشۋاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئالدىرىماي بىرەر بوشلۇقنى تېپىپ، شۇنىڭ ئىچىدىكى تەييارلىقسىز تۇرغان بىرسىنىڭ قورسىقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى قويۇشى كېرەك. ئاندىن كالتەكنى بوينىغا قويۇپ يەرگە تىزلاندۇرغاندا، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ، — دەپتۇ.

— سىزنىڭچە، — دەپتۇ تيەن جى، — ھازىرچە جاۋ بەگلىكىگە بارماسلىقىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ سۇن بىن، — ھازىر ۋېي بەگلىكىنىڭ ئاساسىي كۈچى جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى خەندەنگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولۇۋاتىدۇ، دۆلىتىنىڭ ئىچى قۇرۇق قالدى. بىز ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى دالياڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ موھىم قاتناش يوللىرىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ مۇداپىئەسى بوش قالغان جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، ۋېي بەگلىكىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى جاۋ بەگلىكىدىن چېكىنىپ، ياردەم ئۈچۈن قايتىپ كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلساق، ھەم خەندەننى مۇھاسىرىدىن ئازاد قىلالايمىز، ھەم ۋېي بەگلىكى قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بېرەلەيمىز. بۇنداق قىلىش ھۇجۇم قىلىپ خەندەنگە بارغانغا قارىغاندا كۆپ پايدىلىق ئەمەسمۇ؟

تيەن جى سۇن بىننىڭ "ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش" پىلانىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇل دالياڭغا يۈرۈش قىپتۇ، ۋېي بەگلىكىنىڭ باش جياڭجۇنى پاڭ جۈەن

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دۆلەتكە قايتىپ، دالياڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، خەندەننى تاشلاپ، ئالدىراپ قايتىپ كەپتۇ. بىراق، ۋېي بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى گۈيلىڭغا يېتىپ كەلگەندە، تيەن جى، سۈن بىنلارنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان ئەسكىرىي كۈچىگە دۇچ كەپتۇ. نەتىجىدە چارچاپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن ۋېي بەگلىكى قوشۇنلىرى مۆكتۈرمە كۈچ بىلەن بولغان ئېلىشىشتا تىرە-پىرەڭ بولۇپ، ۋەتۋەرىكى چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋېي بەگلىكى قوشۇنىنىڭ باش جياڭجۈنى پاڭ جۈەن قاچقان-يىتكەن، ئاقساق-چولاق ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئۈشتۈمتۇت يەرگە قاداپ قويۇلغان بايراققا كۆزى چۈشۈپتۇ، بايراققا "سۈن" دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. قارىسا سۈن بىن بىر يېنىك ھارۋىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پاڭ جۈەن ئاللا دېدىم... دەپ ۋارقىراپتۇ-دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا پاڭ جۈەن 20 مىڭ ئادىمىدىن ئايرىلىپتۇ، ئۆزىمۇ سۈن بىنغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشقا تاس قاپتۇ.

سۈن بىن قېچىپ كېتىۋاتقان پاڭ جۈەننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ:
ياخشىلارغا ئورا كولايدىغان ھەسەتخور ئەبلەخ، ئاخىر بىركۈن بېشىڭنى يەيسەن، — دەپتۇ.

## ئوچاقنى ئازايتىپ، دۈشمەننى ئالداش

سۈن بىننىڭ ۋېي بەگلىكنى قورشاپ، جاۋ بەگلىكنى قۇتۇلدۇرغىنىغا ھەش-پەش دېگۈچە 13 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ۋېي بەگلىكى بۇ

قېتىم جاۋبەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ، خەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىپتۇ. خەن بەگلىكى چى بەگلىكىگە كەينى-كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى چى ۋېيۋاڭ يەنە تيەن جىنى باش جياڭجۈن، سۈن بىننى ھەربىي مۇشاۋىر قىلىپ تەيىنلەپ، خەن بەگلىكىگە ياردەمگە مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ.

تيەن جىدە "ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش" تەجرىبىسى بولغاچقا، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلانى بويىچە، بۇ تەجرىبىنى يەنە بىر قېتىم ئىشلىتىپ باقماقچى بوپتۇ. نەچچە مىڭ ھارۋىلىق ئەسكەر چى بەگلىكى تەۋەسىدىن چىققاندا، تيەن جى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئۇدۇل ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى دالياڭغا ماڭماقچى بوپتۇ. بىراق، سۈن بىن چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ، چوڭ قوشۇننى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشقا دەۋەت قىپتۇ.

— ھەربىي مۇشاۋىر، — دەپ سوراپتۇ تيەن جى، — ئۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم ئىش تېز ھەرىكەت قىلىش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بالدۇرلا توختاپ دەم ئالىمىز؟

— ۋېي بەگلىكى خەن بەگلىكىگە تېخى ئەمدىلا ھۇجۇم باشلىدى، ئەگەر بىز ئالدىراپ ئەسكەر چىقىرىپ خەن بەگلىكىگە ياردەم بېرىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە، خەن بەگلىكىنى دەپ ۋېي بەگلىكىنىڭ دەسلەپكى ھۇجۇمىغا بىز ئۇچرايمىز. ئۇ چاغدا خەن بەگلىكىنىڭ قوشۇنىغا بىز ئەمەس، بەلكى خەن بەگلىكى بىزنىڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان بولىدۇ، شۇڭا دەرھال ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى دالياڭغا ھۇجۇم قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ۋېي بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يولۋاس بىرقەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاندىن دالياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چارچاپ ھالى

قالمغان ۋېي بەگلىكى قوشۇنغا زەربە بېرىپ، خەۋپ ئىچىدە قالغان خەن بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرساق، بۇ بىز ئۈچۈن پايدىلىق، — دەپتۇ سۈن بىن.

تيەن جى قايىل بولغان هالدا:

— ئۇستاز، ماڭا بەرگەن تەلىمىڭىز ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭقۇر بولدى، — دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چى بەگلىكى قوشۇنى يولدا بىر ئاي ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن داليائىڭا ھۇجۇم قىپتۇ.

ۋېي بەگلىكى پادىشاھى چى بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال پاڭ جۈەنگە خەن بەگلىكىدىن قايتىپ، ۋېي بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ، يەنە تەخت ۋارىسى شېننى جياڭجۈن قىلىپ تەيىنلەپ، پاڭ جۈەن بىلەن بىرلىشىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئارقىلىق، چى بەگلىكىگە قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

سۈن بىن پاڭ جۈەن قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تيەن جىگە ”ئوچاقنى ئازايتىپ، دۈشمەننى ئالداش“ تەدبىرىنى كۆرسىتىپتۇ.

ۋېي بەگلىكى بىلەن چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەمدى ئېلىشاي دەپ تۇرۇشىغا، سۈن بىن قوشۇنغا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. پاڭ جۈەن ئۇلارنى قوغلاپ، چى بەگلىكىنىڭ بارگاھى تىكىلگەن جايغا كېلىپ قارىسا، ھەممە يەردە قازان ئاسىدىغان ئوچاق تۇرغان، قول ئاستىدىكىلەرگە دەرھال ساناپ كۆرۈشنى ئېيتىپتۇ. پاڭ جۈەن ساناپ چىققان ئوچاقنىڭ سانىغا قاراپ، چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى 100 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق بولسا كېرەك دەپ مۆلچەرلەپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ

قوشۇنى كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ كۈن چېكىنىپتىكەن، پاڭ جۈەن يەنىلا ئۇچاق ساناشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. 2 ـ كۈنى قارىسا، چى بەگلىكنىڭ ئۇچاقلىرى 50 مىڭ كىشىگە تاماق ئەتكۈدەك قاپتۇ، 3 ـ كۈنى قارىسا، ئاران 30 مىڭ كىشىگە تاماق ئەتكۈدەك قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پاڭ جۈەن كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— چى بەگلىكى قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان توخۇ يۈرەكلەردىن ئىكەنلىكىنى ئالىلىقاچان بىلەتتىم، تەۋەيىمىزگە كىرگىلى ئۈچ كۈن بولا ـ بولماي، ئادەملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قېچىپ بوپتۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈك ـ ئەسلىھەلىرى ئېغىر ئەسكەرلىرىنى قالدۇرۇپ، چاققانلىرىنى باشلاپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ، چى بەگلىكى قوشۇنىنى قوغلاپ مېڭىپتۇ.

بىرىنچى كۈنى، چى بەگلىكى قوشۇنى چېكىنىپ مالىڭداۋغا يېتىپ كەپتۇ. سۈن بىن بۇ يەرنىڭ تار، ئىككى تەرىپى ئېگىز، يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، پاڭ جۈەننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئارىلىقنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە گۇگۇمغا يېقىن يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپتۇ ـ دە، ئەسكەرلەرگە دەرەخ كېسىپ كېلىپ يولنى توسۇشقا، چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى تاللاپ ئەكىلىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىپ قويۇپ، دەرەخ غولىنىڭ بىر پارچە يېرىنىڭ قوۋزىقىنى سويۇۋېتىپ، ئاپپاق كۆرۈنىدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، قارا سىيا بىلەن بىر قۇر خەت يېزىپ قويۇشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئاندىن 10 مىڭ كىشىلىك ئوقيا قوشۇنىنى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا:

— ۋېي قوشۇنى چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، بىرسى ئوت يېقىپ سىلەرگە بەلگە بېرىدۇ، شۇ چاغدا ھەممىڭلار بىردەك

ئوق ياغدۇرۇسلەر، — دەپتۇ.

قاراڭغۇ چۇشەي دېگەندە، پاڭ جۇەن راست دېگەندەك قوشۇن-لىرىنى باشلاپ مالگدۇاۋغا قوغلاپ كەپتۇ. ئەسكەرلەر يولنى توسۇۋالغان دەرەخلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، بىرسى چوڭ دەرەختىكى خەتنى كۆرۈپ قىلىپ، دەرھال پاڭ جۇەنگە مەلۇم قىپتۇ. پاڭ جۇەن ئەسكەرلىرىگە مەشئەل ياقتۇرۇپ قاراپتىكەن، ئۇنىڭغا "پاڭ جۇەننىڭ ئۆلۈمى مۇشۇ دەرەخ ئاستىدا بولىدۇ" دېگەن خەت يېزىلغانىكەن، پاڭ جۇەن بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا چى بەگلىكى قوشۇنىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەسكەرلىرى ئون مىڭ ساداقتىن خۇددى يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپتۇ. ۋېي قوشۇنىدىن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار ھەددى ھېسابسىز بوپتۇ، پاڭ جۇەنمۇ بىرنەچچە يېرىگە ئوق يەپ، يەرگە يىقىلىپ قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خەۋپتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ-دە، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

چى قوشۇنى غەلىبە بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، تەخت ۋارىسى شېننى ئەسىرگە ئاپتۇ، ۋېي قوشۇنىنى تەل-تۆكۈس يوقىتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ سۇن بىننىڭ نامى ھەممە يەرگە داڭ كېتىپتۇ.

## ئۆلۈش ئالدىدا ئېيتىپ بەرگەن تەدبىر ئارقىلىق قاتىلنى تۇتۇش

بۇ ۋەقە جەنگو دەۋرىدە چى بەگلىكىدە يۈز بەرگەن.

يازنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى، ئايئاق ئايدىڭ، ھاۋا سالقىن. سۇ چىن كىتابخانىسىدا ئولتۇرۇپ كىتاب

ئوقۇۋاتاتتىكەن. ئۇشتۇمتۇت دېرىزىدىن بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈنۈپتۇ-دە، سۇ چىن ۋارقىراپ بولغىچە نىقاپلىق بىر ئادەم سەكرەپلا سۇ چىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، يېنىدىن خەنجەرنى چىقىرىپلا ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپتۇ. كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان بىچارە سۇ چىننىڭ نەدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇدەك ماجالى بولسۇن. ئۇ "قۇتقۇزۇڭلار" دەپ ئاران ۋارقىرىيالاپتۇ-دە، ئورۇندۇقتا يىقىلىپتۇ.

سۇ چىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىردەمدىلا تۆت تەرەپتىن قومۇرۇلۇپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاتىل خەنجەرنى يەنە بىر ئۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئالدىراپ-تېنەپ دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىپتۇ.

سۇ چىننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى چى بەگلىكى پادىشاھىنى چۆچۈتىۋېتىپتۇ. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال سۇ چىننى يوقلاپ بېرىپتۇ.

سۇ چىن شۇ كەملەردە ھەممە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاتاقلىق ئەرباب ئىكەن.

جەنگو دەۋرىدە، چىن، چى، چۇ، يەن، جاۋ، خەن، ۋېي بەگلىكلىرى تازا كۈچلۈك بەگلىكلەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چىن بەگلىكى ھەممىدىن قۇدرەتلىك ئىكەن. لوياڭلىق ئالىم سۇ چىن چىن بەگلىكىدىن باشقا ئالتە بەگلىككە بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ چىن بەگلىكىگە قارشى تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتە بەگلىك ئۇنى ئورتاق ۋەزىر دەپ ئېتىراپ قىپتۇ. ئۇ يەن بەگلىكىدە ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى ئەيدان مەسلىھەتلەرنى كۆرسىتىپ، يەن بەگلىكى پادىشاھىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە سازاۋەر بوپتۇ. كېيىن چى بەگلىكىگە

كىلىپ، چى بەگلىكى پادىشاھىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بوپتۇ. ئەمما چى بەگلىكىدىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلار سۇ چىن بىلەن ئابرويى تالىشىدىكەن، ئاخىرى ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سۇ چىننىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپلەنگەن ھالدا:

— قاتىلنى چوقۇم تۇتۇپ، ئۇستاز ئۇچۇن ئىنتىقام ئالىمەن، — دەپتۇ.

— پادىشاھ، — دەپتۇ سۇ چىن نەپىسى قىسىلغان ھالدا، — قالايمىقان ئادەم ئۆلتۈرمەڭ، ھەقىقىي قاتىلنى تۇتۇش كېرەك.

— قاتىلنىڭ تەق - تۇرقىنى ئېنىق كۆرەلىدىڭىزمۇ؟

— ئۇ بەك ئۇشتۇمتۇت كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە نىقاپلىنىۋاپتۇ، شۇڭا ئېنىق كۆرەلمىدىم. پەقەت ئېگىز ۋە بەستلىك ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلەلىدىم.

— مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئۇنى تۇتۇشقا ئۇقتۇرۇش چىقارغىلى بولمايدۇ - دە؟ — ئىنتىك دەپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭ بىر پىلانىم بار...، — دەپتۇ سۇ چىن، ئاندىن پىلانىنى سۆزلەپ بوپتۇ - دە، گېپى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايمىز. پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ بېرىش بىلەن تەڭ، ئادەتتە سۇ چىن بىلەن ئابرۇيى تالىشىدىغان ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ سۇ چىننىڭ ئۆلۈمىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، كەينى - كەينىدىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگىلى تۇرۇشۇپتۇ.

— مەن ئەمدى چۈشەندىم، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن، —

سۇ چىن يەن بەگلىكىنىڭ بەگلىكىمىزنى ئاغدۇرۇشقا ئەۋەتكەن جاسۇسى ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭ جەستىنى بەش پارچە قىلىپ، بەش ئاتقا سۆرىتىپ، دەردىمنى چىقارمىسام بولمىدى.

پادىشاھ شۇ ھامان سۇ چىننىڭ بېشى ۋە تۆت ئەزاسىنى بەش ئات ھارۋىسىغا باغلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇيرۇق چۈشۈش بىلەن تەڭ سۇ چىننىڭ جەستى باغلانغان بەش ئات ھارۋىسى بەش تەرەپكە چېپىپ، سۇ چىننىڭ جەسىتىنى بىر دەمدىلا بەش پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ ئىشنى تۈگىتىپ ئوردىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، جەسەتنىڭ پارچىلانغانلىقىنى كۆرگەنلەردىن بىرسى چىقىپ، ئۆزىنى جاسۇس سۇ چىننى ئۆلتۈرگەن ئادەم مەن بولىمەن دەپ مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئىگىز ھەم بەستلىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتىپ باققىن، ئەگەردە ئۆلتۈرگەنلىكىڭ راست بولۇپ چىقسا، ساڭا ناھايىتى جىق ئىنئام بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم سۇ چىننى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاڭلاپ باقسا، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى پادىشاھ ئىگەللىگەن ئەھۋال بىلەن ئوخشاش چىقىپتىكەن، ئەمدى ئۇ ئادەمنىڭ راست قاتىل ئىكەنلىكىدە گۇمان يوقلىقىغا ئىشىنىپتۇ. پادىشاھ بۇ قاتىلنى تۇتۇش توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر مەن ئۇستاز سۇ چىننىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ئېيتىپ بەرگەن پىلانى بويىچە ئىش قىلمىغان بولسام، جىنىدىن تويغان سەن ئەبلەخنى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولاتتىمۇ؟

قاتىل ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ-دە، خەنجىرىنى چىقىرىپ،

پادىشاھنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، ئەتراپتا تۇرغان مۇھاپىزەتچىلەر شۇنداق چاققانلىق بىلەن كېلىپ، بۇ ئەبلەخنى قىلىچ بىلەن چاناپ قىيما قىلىۋېتىپتۇ.

## نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ ئات ئۇستىخىنىنى سېتىۋېلىش

مىلادىدىن 318 يىل بۇرۇن، يەن بەگلىكىدە ئىچكى توپىلاڭ يۈز بېرىپتىكەن، بۇ پۇرسەتتىنى غەنىيمەت بىلگەن چى بەگلىكى يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ يەن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى يەن ۋاڭكۇەينى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەن جاۋۋاڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپتۇ. يەن جاۋۋاڭ قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزى بىۋاستە يەن بەگلىكىدىكى دانىشمەن گو خۇەينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەقىل كۆرسەتكۈچى دانىشمەنلەرنى تېپىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

گو خۇەي مۇنداق دەپتۇ:

— خاقان بولغانلار دانىشمەنلەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئۇستاز دەپ بىلىدۇ؛ خان بولغانلار دانىشمەنلەرنى ئۆزى ئۈچۈن دوست دەپ بىلىدۇ؛ زومىگەر بولغانلار دانىشمەنلەرنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالىدۇ؛ دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرالمىغانلار بولسا، دانىشمەنلەرنى ئۆزى ئۈچۈن قۇل دەپ بىلىدۇ. ئەگەردە پادىشاھ دانىشمەنلەرنىڭ تەلىمىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، ئۇلارنى ئۇستاز ئورنىدا ھۆرمەت قىلىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادىكى دانىشمەنلەرنىڭ ھەممىسى يەن بەگلىكىگە كېلىدۇ.

— مەن ھەممە دانىشمەنلەردىن ئۆگىنىشنى خالايمەن، بىراق

بىلەلمەي قېلىۋاتقىنىم ئەڭ ئاۋۋال كىم بىلەن كۆرۈشۈش كېرەكلىكى بولىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

گو خۇەي بۇ سوئالغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ بىر تۇلپار سېتىۋالماقچى بوپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، تۇلپارنى تېخى سېتىۋالالماپتۇ.

بۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ پادىشاھقا:

— ئۆزلىرىگە مەن بىر خىزمەت كۆرسەتسەم، — دەپتۇ.

ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ۋەزىر بىر تۇلپار تېپىپتۇ، بىراق بۇ تۇلپار ئۆلۈپ قالغانىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، ۋەزىر بۇ ئاتنىڭ ئۇستىخىنىنى 500 سەر ئالتۇنغا ئېلىپتۇ.

— كىم سېنى مۇنچىۋالا ئالتۇنغا ئاتنىڭ ئۇستىخىنىنى ئېلىپ كەلسۇن دەپتۇ؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ پادىشاھ.

— ئۆلگەن تۇلپارنىڭ ئۇستىخىنىنى ئېلىش ئۈچۈن 500 سەر ئالتۇن كەتتى، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەگەر تىرىك بولغان بولسا، قانچىلىك ئالتۇن كېتەتتى؟ خەقلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ھەقىقەتەن تۇلپار ئالىدىغانلىقىنى بىلدى، ئەمدى ئۇلار تۇلپارلىرىنى چوقۇم ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىشىدۇ.

راست دېگەندەك بىر يىل بولماي تۇرۇپلا پادىشاھ ئۈچ تۇلپارغا ئىگە بوپتۇ.

گو خۇەي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— راستتىن دانىشمەنلەرنى ئۇستاز تۇتىدىغان بولسىڭىز، بۇ

ئىشنى مەندىن باشلاڭ. مەندەك بىر گو خۇەيمۇ ئالدىڭىزدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان بولسام، مەندىن ئۇستۇن تۇرىدىغان دانىشمەن-لەرنىڭ كېلىشىدە گەپ يوق. ئۇلار جەزمەن يىراق مۇساپىلارنى بېسىپ، بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

يەن جاۋۋاڭ بۇ گەپنىڭ ناھايىتى يولى بار گەپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گو خۇەيگە ئوردا سالدۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز قىپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا تارالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دانىشمەنلەر تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ، يەن بەگلىكى تەۋەسىگە ئۆتۈپتۇ. يەن بەگلىكى مۇشۇ دانىشمەنلەرگە تايىنىپ، ئاخىرى چى بەگلىكىنى مەغلۇپ قىپتۇ.

## 12 ياشلىق دىپلومات

جەنگو دەۋرىدە، چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ۋەزىر سەي زېنى يەن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن، يەن بەگلىكىگە ئەۋەتىپتۇ. يەن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سەي زېنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، تەخت ۋارىسى دەنىنى تۇتقۇن بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن چىن بەگلىكىگە ئەۋەتىپتۇ، چىن بەگلىكىدىن بىر ۋەزىرنى يەن بەگلىكىگە ۋەزىرلىككە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىپتۇ.

چىن بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى لۈي بۇۋېي جاڭ تاڭنى يەن بەگلىكىگە ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. جاڭ تاڭ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھ چىن جاۋۋاڭ ئۈچۈن جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇ چاغدا جاۋ بەگلىكى "جاڭ تاڭنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 100 لى يەر ئىنئام بېرىلىدۇ" دەپ ئېلان چىقارغان.

هازىر يەن بەگلىكىگە  بارىدىغان بولسام، چوقۇم جاۋ بەگلىكىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا مەن ئۇ يەرگە بارالمايمەن.

ۋەزىر  لۇي بۇۋېي كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان 12 ياشلىق بالا گەن لو گەن ماۋنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. ئۇ بالا  بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، لۇي بۇۋېيگە:

— ئۇنى مەن قايىل قىلىپ، جاۋ  بەگلىكىگە بېرىشقا كۆندۇ- رەي، — دەپتۇ.

— نېرى ماڭ، — دەپ قاتتىق كايىپتۇ  لۇي بۇۋېي بالىغا، — ئۆزەم بىۋاستە ئېيتسام ئۇنىمىغان ئادەم سەندەك بىر بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتىمۇ؟

— بۇرۇن شياڭ باۋمۇ يەتتە ياش ۋاقتىدا، — دەپتۇ گەن لو بوش كەلمەي، — كۇڭ زىغا ئۇستاز  بولغان، مەن هازىر 12 ياشقا كىردىم. ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمىسەم، شۇ چاغدا تىللىسىلىرىمۇ كېچىكىپ قالمايلا.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا بېرىپ دەپ باق، — دەپتۇ  لۇي بۇۋېي. گەن لو  جاڭ تاڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— جياڭجۈن، ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ۋۇ ئەن بېگى بەي چىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، قايسىلىرىنىڭ چوڭراق كېلىدۇ؟

— ۋۇ ئەن بېگى جەنۇب تەرەپتە قۇدرەتلىك چۇ بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلدى، شىمال تەرەپتە يەن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىنى يەڭدى. هەر قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، هۇجۇم قىلغانلا يېرىنى ئالماي قويمىدى. كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، نۇرغۇن شەهەرلەرنى ئالدى. مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشە-

لەيمەن؟

— ئۇنداقتا، ۋېنشىنخۇ بەگنىڭ ھوقۇقىنى يىڭ بېگى فەن چېينىڭ ھوقۇقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قايسىنىڭ ھوقۇقى چوڭ؟ — يەنە سوراپتۇ گەن لو.

— ئەلۋەتتە، ۋېنشىنخۇنىڭ ھوقۇقى چوڭ، — جاۋاب بېرىپتۇ جاڭ تاڭ.

— يىڭ بېگى جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ۋۇ ئەن بېگى بارغىلى ئۇنىماي، شىيەنياڭدىن يەتتە يول يىراقلىقتىكى دۇيۇ دېگەن جايدا ئۆلۈپ تۈگەشكەن، ھازىر ۋېنشىنخۇ بەگ سىلىنى يەن بەگلىكىگە بېرىپ ۋەزىر بولۇشقا ئۆزى تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، ئەگەردە بارمايمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولسىلىرى، ئۆلۈكلىرى قەيەرلەردە قالىدىكىن تاڭ؟ — دەپتۇ گەن لو.

جاڭ تاڭ ئالدىراپ يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرغۇزۇپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپتۇ.

— جاڭ تاڭ يەن بەگلىكىگە بارىدىغان بولدى، — دەپتۇ گەن لو لۈي بۇۋېيگە، — بىراق ئۇنىڭدا ئازراق قورقۇنچ بار ئوخشايدۇ. ۋەزىر ئەزەم ئۆزلىرى ماڭا بەش ھارۋا بەرگەن بولسىلىرى، جاۋ بەگلىكىگە ئۆزەم بېرىپ، ئۇ تەرەپنىڭ ئىشىنى يۈرۈشتۈرۈپ قويسام.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گەن لو جاۋ بەگلىكىگە كەپتۇ. جاۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، چىن بەگلىكىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى كۈتۈۋاپتۇ.

— يەن بەگلىكى تەخت ۋارىسى دەنىنىڭ چىن بەگلىكىنىڭ قولىدا تۇتقۇن بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرى بارمىكىن؟ — سوراپتۇ گەن لو.

— خەۋىرىم بار، — جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

— جاڭ تاڭنىڭ يەن بەگلىكىگە ۋەزىر بولۇپ بارىدىغانلىقىدىن شاھ ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرى بارمىكىن؟ — يەنە سوراپتۇ گەن لو.

— شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرى بار ئىكەن، — دەپتۇ گەن لو، — ئۇنداقتا، بەگلىكلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنى بىلشىڭلار كېرەك. يەن بەگلىكى تەخت ۋارىسى دەنىنىڭ چىن بەگلىكىدە تۇتقۇن قىلىنىشى يەن بەگلىكىنىڭ چىن بەگلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ جاڭ تاڭنىڭ يەن بەگلىكىگە ۋەزىر بولۇپ بېرىشى چىن بەگلىكىنىڭ يەن بەگلىكىدىن خاتىرجەم بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. چىن بەگلىكى بىلەن يەن بەگلىكىنىڭ دوست بولۇشى بەگلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قىستاپ ئۇجۇقتۇرۇپ، ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بولغان. سىز ياخشىسى دەريا ئارىلىقىدىكى بەش شەھەرنى چىن بەگلىكىگە ئايرىپ بېرىڭ، مەن بېرىپ چىن بەگلىكى پادىشاھىدىن جاڭ تاڭنى يەن بەگلىكىگە ئەۋەتمەسلىكنى ۋە يەن بەگلىكىنىڭ تەخت ۋارىسىنى قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلاي، ئۇلار يەن بەگلىكى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزسۇن، بىز ئىككى بەگلىك ئىناق خوشنىلاردىن بولايلى. مۇشۇنداق قۇدرەتلىك جاۋ بەگلىكى ئاجىزلىشىپ كەتكەن يەن بەگلىكىنى تۈگەشتۈرىدۇ، بۇ چاغدا سىزنىڭ ئېرىشكىنىڭىز قولدىن بېرىپ قويغان بەش شەھەرگە قارىغاندا چوڭ بولمامدۇ؟

جاۋ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى شۇ ھامان بەش شەھەرنى چىن بەگلىكىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. چىن بەگلىكى يەن بەگلىكىنىڭ تەخت ۋارىسى دەننى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. كېيىن جاۋ بەگلىكى يەن بەگلىكىگە

هۇجۇم قىلىپ، 30 شەھەرنى ئىگىلەپ، بۇنىڭدىن 11 شەھەرنى چىن بەگلىكىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چىن پادىشاھى 12 ياشلىق گەن لونى ئالىي ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

# چىن، خەن، ئۈچ پادىشاھلىق، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى

## يۇ جەننىڭ چىن پادىشاھىغا ئۈچ قېتىم نەسىھەت قىلىشى

يۇ جەن چىن پادىشاھىنىڭ ئوردا ئارتىسى ئىكەن. ئۆزى پاكار، سەت بولغىنى بىلەن، گەپكە ئۇستا بولغانلىقىدىن ھەممە ئادەمنى كۈلدۈرىدىكەن.

قىش پەسلىنىڭ دەسلەپكى بىركۈنى، چىن شىخۇاڭ ئوردىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ھەربىي ۋە مۇلكى ۋەزىرلىرىنى مېھمان قىپتۇ. بىراق شۇ كۈنى قېرىشقاندەك يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئوردىنىڭ سىرتىدىكى پەلەمپەيلەردە پوستتا تۇرغان مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ ئاغزى گەپكە كەلمەي، چىشلىرى كاسىلداپ كېتىپتۇ. يۇ جەن زىياپەتتىن چاڭچىلە ناخشىسىنى ئېيتىپ سىرتقا چىقىپتىكەن، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بۇلارغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— مەن ئامال قىلىپ سىلەرنى دەم ئالدۇراي، مەن بىردەمدىن كېيىن ئاۋازىمنىڭ بېرىچە سىلەرنى چاقىرىمەن، سىلەرمۇ ئاۋازىڭلارنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ "بار" دەپ ۋارقىراڭلار، — دەپتۇ. مۇھاپىزەتچىلەر بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

يۇ جەن ئۇردىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، "مۇھاپىزەتچىلەر" دەپ ۋارقىراپتۇ.

مۇھاپىزەتچىلەرمۇ "بار" دەپ بىردەك جاۋاب بېرىپتۇ. ئاندىن يۇ جەن مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر ئېگىز ۋە بەستلىك ئادەملەر، بىراق مۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سىلەر يامغۇردا تۇرۇۋاتىسىلەر، مەن پاكار ھەم ۋىجىك بولساممۇ، تەلەيلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇردا ئىچىدە دەم ئېلىۋاتىمەن.

چىن شىخۇاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۇ جەننىڭ مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ دەردىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، شۇ يەردىلا:

— مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ يېرىمى دەم ئېلىپ، ۋاقتى توشقاندا، قالغانلار بىلەن ئالماشسۇن، — دەپتۇ.

بىر قېتىم چىن شىخۇاڭ ۋەزىرلىرىنى يىغىپ، بىرنەچچە يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا چوڭ بىر قاشا ياساپ، ھەر خىل قىممەت باھالىق ھايۋان ۋە ئۇي قۇشلىرىنى بېقىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

يۇ جەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قەستەن ئاپىرىن ئوقۇغاندەك قىلىپ:

— خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىلانى تولىمۇ ياخشى پىلان بوپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھايۋانلارنى جىقراق باقساق، دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەندە، بىرلا بۇيرۇق بەرسىلە، ئۇلار چىقىپ دۈشمەنگە مۈڭگۈزى بىلەن قارشى تۇرسا بولىدى، — دەپتۇ.

چىن شىخۇاڭ كۈلۈپ كېتىپ، قاشا ياسىتىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ.

چىن شىخۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى خۇ خەي چىن خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى چىن 2 ـ بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ پادىشاھ

پايتەخت شيەنياڭنى تېخمۇ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، شەھەر سېپىلىنى بىر قېتىم سىرلاپ چىقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئەمدى بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ بولىدىكەن.

يۇ جەن بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، چاۋاك چېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

پارقىرىتىپ سىرلىساق شەھەر سېپىلىنى،
كەلگەن دۈشمەن چاپلىشىدۇ قوپالماي؛
تۇرسا سېپىل پارقىراپ ئۇلار ئالدىدا،
دۈشمەنلەر چېكىنىدۇ قەدەم باسالماي.

يۇ جەن ناخشىسىنى ئېيتىپ بولۇپ، قەستەن بىرنەرسىدىن قىنىلىۋاتقاندەك قىلىپ:

— سىرلىغان نەرسىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى سايىدا قۇرۇتۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا سىرى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. خان ئالىيلىرى، مېنىڭچە، ئالدى بىلەن پۈتۈن شەھەرنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرگىلى بولىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر قاپقاق ئۆي ياسايلى — دە، سېپىلنى ئاندىن سىرلايلى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشنى بولدى قىلايلى، — دەپتۇ پادىشاھ.

## چېنساڭغا يوشۇرۇن بېرىش

چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممە يەرگە ئۆزى يالغۇز خوجا بولۇش قەستىدە بولۇپ كەلگەن شياڭ يۈي تاقابىل تۇرۇش ھەممىدىن تەس بولىدىغىنى ليۇ باڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قەستەنگە با، شۇ، خەنجۇڭ ۋىلايەتلىرىنى ليۇ باڭغا بۆلۈپ بېرىپ،

خەن بېگى دەپ ئاتاپ، خەنجۇڭنىڭ نەنجىڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلەپ، بۇنىڭ بىلەن لىيۇ باڭنى چەت بىر تاغلىق رايونغا كىرگۈزۈپ قويماقچى بوپتۇ. ئاندىن گۈەنجۇڭنى ئۈچ قىسمغا بۆلۈپ، ئۇنى چىن سۇلالىسىنىڭ تەسلىم بولغان جياڭجۇنلىرىدىن جاڭ خەن، سىماشىن ۋە دۇڭ يىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق لىيۇ باڭنىڭ شەرققە ماڭىدىغان يولىنى توسماقچى بوپتۇ. شياڭ يۈي ئۆزىنى غەربىي چۇ باۋاڭى (خوجايىنى) دەپ ئاتاپ، يەتتە ۋىلايەتنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمى ھەم خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى كەڭرى مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلەپ، پېڭچېڭنى پايتەخت قىلىپ بېكىتىپتۇ.

لىيۇ باڭ شياڭ يۈينىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن، ئىلاجسىز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ۋاقتىنچە غەربكە يول ئېلىپ نەنجېڭغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ، شۇنىڭدەك جاڭ لياڭنىڭ پىلانىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى مېڭىپ ئۆتكەن بىرنەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىكى ياغاچ قويۇپ ياسىغان تار يولنىڭ ياغاچلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، بىرىنچىدىن، مۇداپىئە ئۈچۈن بولسا، ئىككىنچىدىن، شياڭ يۈينى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنى لىيۇ باڭ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ لىيۇ باڭغا بولغان ھوشيارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىكەندۇق.

لىيۇ باڭ نەنجېڭغا بارغاندىن كېيىن، شياۋخېنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، خەن شىنى باش جياڭجۇن قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا شەرققە قاراپ مېڭىپ، ھەممە يەرنى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پىلانلاشنى تاپشۇرۇپتۇ.

خەن شىن شەرققە يۈرۈشنى پىلانلاپ بولغاندىن كېيىن، فەن

كۆەي، جۇ بولارنى چوڭ ئەترەتنى باشلاپ ھېلىقى تار يولنى ياساشقا، ئۈچ ئايدا پۈتتۈرۈپ بولۇشقا ئەۋەتىپتۇ. بىراق، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن تار يول 300 نەچچە چاقىرىم بولۇپ، تۈز يېرى يوق، ئىنتايىن خەتەر ئىكەن. بىرنەچچە كۈن يول ياساش جەريانىدا بىرنەچچە ئون ئادەم ئۆلۈپتۇ. يول ياساش ئىشى داغدۇغا كۆتۈرۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ليۇ باڭنىڭ شەرقىقە قاراپ يول ياساۋاتـ قانلىق خەۋىرى بىردەمدىلا گۇەنجۇڭغا يېتىپ كەپتۇ.

گۇەنجۇڭنىڭ غەربىي رايونىنى ساقلاۋاتقان يۇڭۋاڭ بېگى جاڭ خەن بىر تەرەپتىن پايلاقچى ئەۋەتىپ، تار يولنى ياساش ئەھۋالىنى تىڭ ـ تىڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسكەر يۆتكەپ، شەرق تەرەپتىن تار يولنىڭ ئېغىزىنى توساپتۇ. ئۇ، كىشىلەردىن خەنۋاڭنىڭ باش جياڭجۈن قىلىپ تەيىنلىگەن ئادەمى ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ چاترىقىدىن ئۆتكەن نان يېمەس خەن شىن ئىكەن، خەنۋاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا قايىل ئەمەس ئىكەن، يول ياساۋاتقان ئەسكەرلەر ۋە ھاشارغا كەلگەن خەقلەر قېچىپ تۇرىدىكەن، بۇ يولنى بىر يىلدىمۇ ياساپ بولۇش مۇمكىن ئەمەسكەن، دەپ ئاڭلاپ، ئۇلارغا بولغان ھوشيارلىقنى بوشىتىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت جىددىي خەۋەر كېپقاپتۇ: خەنۋاڭ قوشۇنلىرى گۇەنجۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، چېنساڭ قولدىن كەتتى. بۇ نېمە ئىش! يول تېخى پۈتمىسە، خەنۋاڭ قوشۇنلىرى قانات چىقىرىپ ئۇچقانمىدۇ؟! ئەمەلىيەتتە، خەن شىن ئەسكەر ئەۋەتىپ يول ياساپ، مۇشۇ يول بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك بىر ساختا كۆرۈنۈشنى بېرىپ قويۇپ، ليۇ باڭ بىلەن بىللە ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ، مەخپىي ھالدا كىچىك يول بىلەن مېڭىپ چېنساڭغا

ھۇجۇم قىلغانىكەن. بۇنى "ئاشكارا ھالدا تار يولنى ياساپ، مەخپىي ھالدا چېنساڭغا كىرىش" دەپ ئاتاشقانىكەن. خەنـۋاڭ قوشۇنـلىرى ئارقىدىنلا يۈگىدى، شيەنياڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىۋاپتۇ، جاڭ خەن قوشۇنى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ خەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي دۇڭ يى، سىماشىن قاتارلىق ۋاڭلار كەينى-كەينىدىن تەسلىم بوپتۇ. ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، گۇەنجۇڭ خەنۋاڭ ليۇ باڭنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپتۇ.

## بوتۇلكىنى سال قىلىپ، قوشۇننى دەريادىن ئۆتكۈزۈش

خەن گاۋزۇنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادىدىن 205 يىل بۇرۇن)نىڭ مەلۇم بىركۈنى، ليۇ باڭ رۇڭياڭ ئوردىسىدا تازا كايىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كايىپ كېتىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىكەن: بۇرۇنلا ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ بولغان ۋېيۋاڭ باۋ ليۇ باڭنىڭ پېڭچېڭ ئۇرۇشىدا شياڭ يۈي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن يۇرتىغا بېرىۋاپتۇ. بىراق ئۇ يۇرتىغا بېرىش بىلەنلا شياڭ يۈي ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپتۇ. نەتىجىدە ۋېيۋاڭ باۋ خەن بەگلىكىگە ئاسىيلىق قىلىپ، چۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپتۇ. ئۇ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن پىڭياڭگۇەننى چىڭ ساقلاپ، كېچىكىنى ئۈزۈۋېتىپ، خەن قوشۇنىغا قارشى تۇرۇپ، جايلارنىڭ ھەممىسىنى چۇ، خەن بەگلىكى بىلەن ئۆزىنى قوشۇپ ئۈچكە بۆلۈۋالماقچى بوپتۇ.

ليۇ باڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا،

مەسلىھەتچى لى يىجى مەن بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ كۆرەي دەپتۇ. لى يىجى بېرىپتىكەن، ۋېيىۋاڭ باۋ ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ليۇ باڭنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، ئاچچىقى تۇۋىدىن قوپۇپتۇ-دە، خەن شىننى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، ئۇنى گۇەن يىڭ، ساۋ سەنلەر بىلەن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، دەريادىن ئۆتۇپ ۋېي قوشۇنىغا زەربە بېرىپ، شىمالدىكى ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىشقا ئەۋەتىپتۇ.

ۋېيىۋاڭ باۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاساسىي قوشۇننى پۇجۇغا توپلاپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كېچىكى بولغان لىنجىنگۇەننى قامال قىپتۇ.

خەن شىن لىنجىنگۇەنگە كېلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپتىكەن، دەريانىڭ ئۇ تەرىپى پۈتۈنلەي ۋېي قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى شىاياڭ دېگەن جايدا ۋېي ئەسكەرلىرى كۆپ ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇلار شىاياڭدا دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ. دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن ياغاچ قېيىق كېرەك بولىدىكەن، ئۇلاردا ئاران 100 قېيىق بولۇپ، يەتمەيدىكەن. خەن شىن ياغاچ كېسىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ ۋە يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنى ئاغزى كىچىك، قورسىقى يوغان بوتۇلكا سېتىۋېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

گۇەن يىڭ بىلەن ساۋ سەن خەن شىننىڭ نېمە ئۈچۈن بوتۇلكا سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭدىن چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

خەن شىن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاغزى كىچىك، قورسىقى يوغان بوتۇلكىدىن بىرنەچچە ئۇننى

يىغىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، چاسا شەكلىدە تىزىپ، ئاغزىنى ئاستىغا، ئاستىنى ئۈستىگە قىلىپ شوينا بىلەن باغلاپ، ئىككى تەرىپىگە ياغاچ بىكىتىلىدىغان بولساق، بۇ تازا ئوبدان بوتۇلكا قېيىق بولىدۇ. بۇنىڭدا ياسىغان سالىغا باشقا سالىغا قارىغاندا ئادەم كۆپ سىغىدۇ.

گۇەن يىسىڭ بىلەن ساۋ سەن بۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ-دە، ئالدىراپ ئۆزلىرىنىڭ ياغاچ كېسىش، بوتۇلكا يىغىش ئىشىغا مېڭىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈپتۇ.

تەييارلىقلار پۈتكەن كۈنى خەن شىن گۇەن يىڭغا ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن ۋە 100 نەچچە قېيىقنى ئېلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ لىنجىنگۇەن كېچىكىدە سەپ تۈزۈپ تۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈشكە ھازىرلىنىۋاتقان بىر كۆرۈنۈشنى بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ۋېيىۋاڭ باۋ ئاساسىي كۈچى بىلەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىنى قاتتىق ساقلاپ، خۇددى يېرتقۇچ ھايۋانلاردەك خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ. خەن شىن بىلەن ساۋ سەننىڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ، تۈيۈقسىز ماستىن كېچىلەپ بوتۇلكا سالىلارنى شيايائىغا يۆتكەپ بولغانلىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ.

ۋېيىۋاڭ باۋ بىرنەچچە كۈن ساقلاپتىكەن، قارىسا، لىنجىنگۇەننىڭ ئۇ تەرىپىدىن ھۇجۇمغا كېلىدىغان ئادەم بولماپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ئۇلار خەن قوشۇنلىرى دەريادىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئەنىيىنى ساقلاۋاتقان قوشۇندىن خەن شىن ئەنىيىنى ئىگىلەپ، پىڭياڭ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەپتۇ. ۋېيىۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ: دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى شيايائىدا ئەزەلدىن قېيىق

بولۇپ باقىغان ئەمەس، ئەجەبا خەن قوشۇنلىرى بۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتكەنمىدۇ؟ ئۇلار ئادەملىرىنى توپلاپ ئالدىراش ئۇلارنى توسۇشقا مېڭىپتۇ. بىراق بوتۇلىكا سال بىلەن دەريادىن ئۆتكەن خەن قوشۇنلىرى ئەنىينى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شۇنداق روھلىنىپ كېتىپتۇكى، يول بويى ھېچ نەرسە ئۇلارنى توسالماپتۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋېي قوشۇنلىرى قانداقمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلىسۇن؟ ۋېيۋاڭ باۋ لىنجىنگۇەنگە چېكىنمەكچى بوپتۇ، ئەمما گۇەن يىڭنىڭ قوشۇنلىرى لىنجىنگۇەننىڭ بوش قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، بۇ يەرنى ئىگىلەپ، پىڭياڭغا قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. ئىككى تەرەپتىن كەلگەن قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ۋېيۋاڭ باۋ ئامالسىز تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

خەن شىن ناھايىتى تېزلا ۋېي ئىگىدارلىقىدىكى جايلارنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇنى خېدۇڭ ۋىلايىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپتۇ.

## بەيدىڭ تېغىدا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش

مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن (خەن گاۋزۇنىڭ يەتتىنچى يىلى)، ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر تەڭرىقۇت) 400 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، تەيىيۇەنگىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، جىنياڭنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ. خەن گاۋزۇ — ليۇ باڭ چوڭ قوشۇنغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، كەلگەن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپتۇ. ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ جىنياڭغا كەلگەندىن كېيىن، ليۇ باڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، بۇ تەرەپكە قاراپ چوڭ ھۇجۇم باشلىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

تەكشۈرۈشكە كەتكەنلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ليۇ باڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھونلارنىڭ مودۇ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قېرى، ئاجىز، ئاقساق - چولاق ئەسكەرلەر ئىكەن، ئاتلىرىمۇ بەك ئورۇق ئىكەن. خان ئالىيلىرى بۇيرۇق بەرسىلە، ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرەيلى.

ليۇ باڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپمۇ تازا خاتىرجەم بولالماي، ليۇ جىڭنى ھونلار بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىپتۇ، بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ بېقىشتىن ئىبارەت ئىكەن. ليۇ جىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— قارىسام ھونلارنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ راستتىن تايىنى يوق ئىكەن. بىراق، مېنىڭچە، بۇنىڭدا بىر ئويۇن بار. خان ئالىيلىرى ئويلاپ باقسىلا، ئەگەردە ھونلارنىڭ ھەربىي كۈچى ئاشۇنچىلىك ئاجىز بولىدىغان بولسا، قانداقچە بىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە پېتىنالايدۇ؟ مېنىڭچە بۇ چوقۇم ھونلارنىڭ "ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىش ئويۇنى" بولسا كېرەك. ئۇلار مۇشۇنىڭ بىلەن بىزنى ئالداپ ھۇجۇم قىلغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە كىرگۈزۈۋالماقچى، شۇڭا، خان ئالىيلىرى، ئويلىشىپراق ئىش قىلساق بولارمىكىن، — دەپتۇ.

ليۇ باڭ، ھەممەيلەننىڭ كۆرگىنى قېرى، ئاجىز، ئاقساق - چولاق ئەسكەرلەر تۇرسا، ئەمدى ئۇلاردىن قورقۇپ نېمە قىلاتتۇق، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ليۇ جىڭنى تىللاپ رەسۋا قىلىپ، تۈرمىگە تاشلاپ، ئۇرۇشتىن غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرمەكچى بوپتۇ.

ليۇ باڭ سەل كېچىكىپ قالسا، تەگرىقۇت مودۇنى قاچۇرۇپ قويىدىغاندەك، سەۋر قىلىپ تۇرالماي، بىر ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئالدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. كىم بىلسۇن، ئۇلار ئەمدى پىڭچېڭغا بېرىشىغا هونلارنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇلارنى قورشاپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى شۇنداق كۈچلۈك، ئاتلىرى تىمەن، ئۆزلىرى روهلۇق ئىكەن. ليۇ باڭ مۇشۇ چاغدىلا ليۇ جىڭنىڭ نەسھەتىنى ئەسلەپ، بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق جىددىي پەيتكە كېلىپ قالغاندا، ليۇ باڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، قانلىق يول ئېچىپ، پىڭچېڭنىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىغا چېكىنىپ كەپتۇ. بۇ تاغلىق رايوننىڭ شارائىتى ناهايىتى ئەپلىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، "بىر ئەزىمەت چىقىپ يولنى تورىۋالسا، مىڭ ئەزىمەت كېلىپمۇ ئاچالمايدىغان" جاي ئىكەن. هونلار تاغقا هۇجۇم قىلىپ چىقالمىغىنى بىلەن، بىرنەچچە ئون مىڭ ئادىمى بىلەن بەيدىڭ تېغىنى قورشىۋاپتۇ، قالغان 300 نەچچە مىڭ ئادىمى بۆلۈنۈپ يوللارنى توسۇپ، ئارقىدىن كېلىۋاتقان خەن قوشۇنىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بەيدىڭ تېغىدىكى خەن قوشۇنى ئىچكى جەھەتتە ئۈزۈق-تۈلۈكسىز، تاشقىي جەھەتتە ياردەمسىز يالغۇز قوشۇن بولۇپ قاپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى سەھەردە، ليۇ باڭ بىلەن چېن پىڭ تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراققا قاراپتىكەن، تاغنىڭ تۆۋىنىدە بىر ئايال ئەسكەرنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇقۇشۇپ كۆرۈپتىكەن، تەگرىقۇت مودۇنىڭ ئۇرۇشقا خانىشىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ چېن پىڭنىڭ خىيالىغا ئوبدان بىر پىلان كەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، چىن پىلىك خانىشنىڭ ئالدىغا بىر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى يول بويى ھون ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئالتۇن بىلەن سېتىۋېلىپ، ناھايىتى تېزلا خانىشنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

ئەلچى خانىشنىڭ ئالدىغا كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر دۆۋە ئۈنچە-مەرۋايىتنى قويغاندىن كېيىن، يەنە ناھايىتى كېلىشكەن بىر گۈزەلنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ:

— ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھى ھون شاھىنى بۇ يەردىن چېكىنىپ كېتىشكە ئۈندىماسمىكىن دەپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەڭ گۈزەل قىزنى ھون شاھىغا تەقدىم قىلماقچى. مانا بۇ قىزنىڭ سۈرىتى، پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ باقسۇن، — دەپتۇ.

ھون خانىشى سۈرەتنى ئېچىپ كۆرۈپتىكەن، راست دېگەندەك شۇنداق گۈزەل قىز ئەمەسمۇ، قاشلىرى قەلەمدەك، يۈزى تولۇن ئايدەك، مەڭزى توغاچتەك، قوللىرى ئاپئاق سەدەپتەك پارقىراپ تۇرىدىكەن، بېلى بىر تۇتام كېلىدىكەن، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىكەن. بىر قارىغان ئادەم ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمايدىكەن. ھون خانىشمۇ بۇنى كۆرۈپ كۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىردىنلا خانىشنىڭ كۆڭلى "قارت" قىلىپ قاپتۇ: ئەگەر تەڭرىقۇت دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل بۇ قىزغا ئېرىشىدىغان بولسا، مەن تاشلىنىپ قالمايمەنمۇ؟ خانىشنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئالدىراپ ئەلچىگە:

— بولدى بۇ نەرسىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، مەن تەڭرىقۇتقا ئېيتىپ، ئۇنى چېكىنىشكە كۆندۈرەي، — دەپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە، خانىش تەڭرىقۇتنى چېكىنىشكە دەۋەت قىپتۇ. تەڭرىقۇت خەن قوشۇنى نۇرغۇن سوۋغات بەرسە، تار بىر يول ئېچىپ بېرىپ، ليۇ باڭلارنى شۇ يەردىن چىقىرىۋېتىشكە ماقۇل بوپتۇ.

لىيۇ باڭ ئۆز جايىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن لىيۇ جىڭنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، بەگ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئاندىن ئۆزىگە دەرھال قوغلاپ زەربە بېرىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سالغان ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.

## خې ۋۇنىڭ شەمشەرگە ھۆكۈم قىلىشى

غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن فېيى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى خې ۋۇ بىر كۈنى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلماقچى بوپتۇ. دەۋاگەر 15 ياشلىق ياش بالا بولۇپ، جاۋابكار بۇ بالىنىڭ ئاچىسى ۋە ئاچىسىنىڭ ئېرى ئىكەن.

بۇ بالا ئۈچ ياش چېغىدا ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. دادىسى بولسا مال-مۈلكى 200 مىڭ تەڭگىگە توغرا كېلىدىغان چوڭ بىر باي ئىكەن. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، دادىسىمۇ ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قاپتىكەن، كېسەل يېتىپ كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: قىزىم تازا ئوبدان ئادەم چىقمىدى، ئۇنىڭدا ئىنساپ يوق، كۈيئوغلۇم تازىمۇ ئاچكۆز، تويماس ئادەم، ئۇلار مال-مۈلۈكنى دەپ ئوغلۇمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن يانمايدۇ، ئائىلىمىزدە باشقا تۇغقىنىم يوق. شۇڭا بۇ باي جەمەتىدىكىلەرنى يىغىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بىر ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇپتۇ. ۋەسىيەتنامىدا بارلىق مال-مۈلۈك قىزىغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغان، ئائىلىدە بىرلا شەمشەر بولۇپ، ئوغلى 15 ياشقا كىرگەندە، بۇ شەمشەرنى ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئېيتىلغان. ئوغۇل 15 ياشقا تولۇپ، ئىشلارنىڭ ئۇچ-تەتۈرىنى بىلىدىغان بوپتۇ. بىركۈنى ئۇ ئاچىسى ۋە ئاچىسىنىڭ

ئېرىدىن ھېلىقى شەمشەرنى بىرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلار شەمشەرنى بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. بۇ ئىشقا بالىنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ-دە، ۋىلايەتكە بېرىپ ۋالىغا ئەرز قىپتۇ.

ۋالى خې ۋۇ ئادەم ئەۋەتىپ بالىنىڭ ئاچىسى ۋە ئاچىسىنىڭ ئېرىنى چاقىرتىپتۇ ۋە شەمشەرنى بىللە ئېلىپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ.

ۋالى زالدا دەۋاگەر ۋە جاۋابكارغا قاراپ تۇرۇپ، باينىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى بىرقۇر ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— بۇ ۋەسىيەتنامە يالغانمۇ؟

— ھەرگىز يالغان ئەمەس، — ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ باينىڭ قىزى ۋە كۈيئوغلى.

— يالغان ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ خې ۋۇ، — ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن شەمشەرنى تاپشۇرمايسىلەر؟

ھېلىقى ئاچكۆز، تويماس ئىككىيلەن خۇددى جېنىنى سۇغۇرۇپ بېرىۋاتقانغا ئوخشاش، تەسلىكتە شەمشەرنى يېنىدىن چىقىرىپ بېرىپتۇ.

— قاراڭلار، — دەپتۇ خې ۋۇ ئەتراپتا تۇرغان ئەمەلدارلارغا، — باينىڭ قىزى بىلەن كۈيئوغلى بىر تال شەمشەرنىمۇ ئۆزلىكىدىن ئۆزىنىڭ ئىنىسىگە بېرىشنى خالىمىغان. بۇلار نېمە دېگەن قارا نىيەت، ئاچكۆز ئادەملەر-ھە! ھېلىقى باي بۇ ئىشلارنى ئالدىن بىلىپ، ئەگەردە مال-مۈلۈك ئوغلۇمغا قالسا، ئوغلۇمنىڭ جېنى ئامان قالمايدۇ، دەپ ھېسابلاپ، مال-مۈلۈكنى ۋاقىتىنچە قىزى ۋە كۈيئوغلىغا تاپشۇرۇپ تۇرغان. — خې ۋۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قولىدىكى شەمشەرنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — بۇ شەمشەر مۇشۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. باي

شۇنى مۆلچەرلىگەنكى، كېيىن قىزى بىلەن كۆي ئوغلى شەمشەرنى بېرىشكە ئۇنىمايدۇ، ئۇ چاغدا ئوغلى 15 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتىن ئۆزىنى قوغدىيا ـ لايدىغان بولىدۇ ـ دە، ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ ئەرز قىلىدۇ. موبادا تەلىيى كېلىپ، پاك ۋە ئادىل ئەمەلدارغا يولۇقۇپ قالسا، ئۇلار بالىنىڭ دەردىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلىدۇ. قاراڭلار، باي نېمە دېگەن چوڭقۇر ئويلىغان.

ئەتراپتىكى تۇرغان ئەمەلدارلار "توغرا" دەپ بىر ئېغىزدىن بۇ سۆزنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

خې ۋۇ ئاخىرىدا باينىڭ كۆيئوغلىغا:

ــ قېيىن ئاتاڭنىڭ كۆڭلىدىكى گېپى بويىچە، بارلىق مال ـ مۈلۈك قېيىن ئىنىڭغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ــ دەپتۇ.

بالىنىڭ ئاچىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ ئېرى خې ۋۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قايتا ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ــ سىلەر، ــ دەپتۇ خې ۋۇ، ــ ئاچكۆز، تويماس ئادەملەر، مال ـ مۈلۈكنىڭ پايدىسىنى ئون يىل يېدىڭلار، بۇنىڭغىمۇ تويمامسىلەر؟!

## كرېست شەكىللىك مەشئەل

مىلادى 73 ـ يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسى مىڭدى خانىنىڭ يۇڭپىڭ 13 ـ يىلى) نىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچلىكى، ئاسماندا يۇلتۇزلار شالاڭ، ئاي غۇۋا يورۇپ تۇرغانىكەن، ھەممە ياق جىمجىت. يۈنجۇڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لىيەن فەن قوشۇنلار

ئۇرۇنلاشقان چېدىرنىڭ ئىچىدە، بىردەم ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ ئويلىنىپ كېتىدىكەن، بىردەم ئۆزىگە ئالىقاچان تونۇش بولۇپ كەتكەن ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ كېتىدىكەن.

يېقىندا شىمالدىكى ھونلار كەڭ تۈردە ھۇجۇم قوزغىغان بولغاچقا، يۈنجۇڭنىڭ ۋالىيسى ليەن فەن بۇيرۇققا بىنائەن بۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ليەن فەننىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنى ھونلارنىڭ قوشۇنىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان بولغاچقا، ئەھۋال تولىمۇ خەۋپلىك ئىكەن.

— دارىن خوجام، پېقىرنىڭ پىكرى ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەردىن ياردەم سورىساق قانداق بولاركىن، — دەپتۇ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئەمەلدار تەكلىپ بېرىپ.

— ياردەم ئېلىشنى ئويلاپ بېقىشقا بولىدۇ، بىراق — دەپتۇ ليەن فەن بېشىنى چايقاپ، — ھونلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى چوڭ ھۇجۇم، شۇڭا، خوشنا ئەللەر ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ياردەم بېرىشكە ئۇنىماي قالسا، ياكى راستتىن ئەسكەر چىقىرالماي قالسا، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك دۈشمەنگە ئۆز كۈچىمىز بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز كېرەك.

— ھازىر بىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز ھەقىقەتەن بەك ئاز، — دەپتۇ ھېلىقى ئەمەلدار.

— ئۇرۇش دېگەننىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ ليەن فەن، — بىزمۇ ساختا كۆرۈنۈش بىلەن دۈشمەننى ئالدىشىمىز لازىم، توغرا، يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىش ھىيلىسىنى قوللىنىشىمىز كېرەك....

— يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىش؟ — چۈشەنمەي ھەيران بولغان

ھالدا سوراپتۇ ھېلىقى ئەمەلدار، — قانداق قىلىپ يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىمىز؟

بۇ چاغدا لىيەن فەننىڭ كۆزلىرى ئويناپ كېتىپتۇ-دە، ھېلىقى ئەمەلدارغا بۇ پىلاننىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەمەلدار بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، لىيەن فەننىڭ پىلانى بويىچە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئىشىك ئالدىدا بىرنەچچە قاراۋۇل قولىدا مەشئەل كۆتۈرگەن ھالدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ، مەشئەلنىڭ بىر تەرىپى تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەنە بىر تەرىپى قاراۋۇلنىڭ قولىدا تۇتۇغلۇق ئىكەن. بىراق بىردەمدىن كېيىن بارگاھتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ، قولىغا بىردىن كىرىست شەكىللىك مەشئەل ئاپتۇ، مەشئەلنىڭ بىر تەرىپىنى قولىدا تۇتۇپ، ئۈچ تەرىپىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپتۇ-دە، ئاندىن بارگاھنىڭ ئالدىدا بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ تۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، بىر ئادەم ئۈچ بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

بۇ چاغدا، خەن قوشۇنى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ھون قوشۇنىنىڭ بارگاھىدا، باش سەركەردە ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ: لىيەن فەننىڭ بارگاھىنىڭ ئالدى مەشئەل تۇتقان ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇلار چوڭ ھۇجۇم قوزغىماقچى ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى بەك قورقۇنچ ئىچىدە قاپتۇ.

يۇلتۇزلار تارقاپ، تاڭ يورۇشقا باشلاپتۇ، ئەتراپ كەڭرى كەتكەن بىپايان زېمىن. ھون قوشۇنلىرى ئالدىراپ چېدىرلىرىنى

يىغىشتۇرۇپ، شىمالغا قاراپ چېكىنىشكە باشلاپتۇ.

ليەن فەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ليەن فەن قوشۇنى داقا-دۇمباق ياڭرىتىپ، نەرە تارتىپ ئىلگىرىلەپ، بىر ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننىڭ بىرنەچچە يۈز ئادىمىنى ئۇجۇقتۇرۇپتۇ. ھون قوشۇنلىرى پات-پاراق ئىچىدە ئۆزئارا سوقۇشۇپ كېتىپ، يەنە مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ قېچىپتۇ.

## شۈي تۈگىنىڭ دەرەخنى ساقلاپ قېلىشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى نەنچاڭدا شۈي فامىلىلىك بىر بالا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ بالا 11 ياش بولۇشىغا قارىماي تولىمۇ ئۆتكۈر، ئەقىللىق ئىكەن، مۇنازىرىلىشىشكە ماھىر ئىكەن. چوڭلار بۇ بالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىركۈنى گو لىنزۇڭ ئىسىملىك بىر پېشقەدەم ئۇستاز شۈي تۈگىنى مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ.

شۈي تۈگىنىڭ گو لىنزۇڭنىڭ ھويلىسىغا كىرىشى پېشقەدەم ئۇستازنىڭ بىرنەچچە ئادەمگە ھويلىسىدىكى يوغان بىر تۈپ تۇخۇمەك دەرىخىنى كەستۈرۈۋاتقىنىغا توغرا كېپقاپتۇ.

— گو تاغا، — دەپتۇ شۈي تۈك، — قاراڭ، بۇ دەرەخ خۇددى سايىۋەندەك ئۆسۈپتۇ، شاخلار يوپۇرماقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، ياز كۈنلىرى سىزگە سايە چۈشۈرۈپ بېرىدىكەن، قىش كۈنلىرى شامالنى توسىدىكەن. ئۇنىڭ ھەيۋەت، مەردانە تۇرغىنىغا قاراڭ، نېمە دېگەن ئېسىل! شۇنداق تۇرسا، سىز ئۇنى كېسىۋەتمەن

دەۋاتسىز، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟ تولىمۇ رەھىمسىزلىك ئەمەسمۇ؟

— يېقىندا مەن بىر كىتاب كۆردۈم، — دەپتۇ پېشقەدەم ئۇستاز گو لىنزۇڭ بېشىنى چايقاپ، — كىتابتا "ھويلا تۆت چاسا بولسۇن، چاسا بولغاندىمۇ راۋرۇس تۆت چاسا بولسۇن، ھويلا ئوتتۇرىسىدا دەرەخ بولۇپ قېلىپ، چاسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالسا، بۇ كىشىگە پالاكەت كېلىدۇ" دېيىلگەن. ئويلاپ بېقىڭ، چاسىنىڭ ئىچىدە دەرەخ بولسا، بۇ 困 (قىيىنچىلىق) دېگەن خەت بولىدۇ. قىيىنچىلىقتا ياشاشنى كىممۇ خالايدۇ؟

شۆي تۇڭ پېشقەدەم ئۇستازنىڭ گېپىنى تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ بولدى دەپ قاراپتۇ-دە، ئۇمۇ گەپنى تازا ئەگىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇستاز، مەنمۇ يېقىندا بىر كىتاب كۆردۈم. كىتابتا: "ئۆيلەر چاسا سېلىنسۇن، چاسا بولغاندىمۇ رەسمىي تۆت چاسا بولسۇن، بىراق ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەم بولۇپ قېلىپ، چاسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالسا، بۇ كىشىگە پالاكەت كېلىدۇ" دېيىلگەن. ئويلاپ بېقىڭ، چاسىنىڭ ئىچىدە ئادەم (人نى دېمەكچى) بولسا، بۇ "囚" (مەھبۇس) دېگەن خەت بولىدۇ. قاماقخانىغا كىرىپ ياشاشنى كىم خالايدۇ؟ 困 خېتى كىشىگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ دەپ ھويلىدىكى دەرەخنى كېسىۋەتسەك، "囚" خېتىمۇ كىشىگە پالاكەت كەلتۈرىدۇ دەپ ئۆيلەردە ئادەم ئولتۇرمىسا بولىدۇ، — دەپتۇ.

گو لىنزۇڭ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپ، دەرەخنى كەسمەكچى بولغانلارنى كەسمەسلىككە بۇيرۇپتۇ.

# خۇا تونىڭ ئۇستاز تۇتۇشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، يەتتە ياشلىق خۇا تو سەي فامىلىلىك بىر دوختۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپتۇ.

خۇا تو ئۇستازىغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ تەلىمىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپتۇ.

سەي فامىلىلىك بۇ دوختۇرنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇشقا كەلگەنلەر بەك كۆپ ئىكەن. شۇڭا دوختۇر ئەقىل-پاراسەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغانلارنى ئۆزىگە شاگىرت قىلماقچى بوپتۇ.

— قاراڭ، — دەپتۇ دوختۇر خۇا توغا ئىشىك ئالدىدىكى بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئەڭ ئېگىز شېخىدىكى يوپۇرماقلارنى ئېلىشقا ئادەمنىڭ قولى يەتمەيدۇ، سىزنىڭچە بۇنى قانداق ئېلىش كېرەك؟

— شوتا قويۇش كېرەك، — دەپتۇ خۇا تو.

— بىزنىڭ ئۆيدە شوتا يوق، — دەپتۇ دوختۇر.

— ئۇنداق بولسا دەرەخكە چىقىپ يۈتاپ چۈشەي.

— بولمايدۇ، مەن سىزنى باشقىچە ئامال قىلسۇن دېمەكچى.

خۇا تو ھويلىدىن بىر تال شوينا تېپىپ، شويىنىنىڭ بىر ئۇچىغا بىر تال كىچىك تاشنى باغلاپ، دەرەخنىڭ ئەڭ يۇقىرى شېخىغا ئېتىپتىكەن، ھېلىقى شاخ يەرگە ئېگىلىپتۇ. خۇا تو قولىنى ئۇزۇتۇپ ئېگىلگەن شاخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يۈتىغلى تۇرۇپتۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ سەي فامىلىلىك دوختۇر خۇشال بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ.

بىر دەمدىن كېيىن، ھويلىدىكى ئىككى ئۆچكە سوقۇشقىلى تۇرۇپتىكەن، بىرنەچچە بالا بېرىپ ئۇلارنى زادىلا ئاجرىتالماپتۇ.

— سىز بېرىپ بىر ئامال قىلىپ ئىككى ئۆچكىنى ئاجرىتىۋېتىڭ، — دەپتۇ دوختۇر خۇا توغا.

خۇا توئۇجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بىردەم ئايلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، يەرگە ئېڭىشىپ ياپيېشىل، يۇمران ئوتتىن بىر باغلام يۇلۇپ، ئىككى ئۆچكىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. سوقۇشۇپ چارچىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقلىرى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئۆچكىلەر ئوتنى كۆرۈپلا سوقۇشۇشنى توختىتىپ، ئوتقا تۇتۇش قىپتۇ.

— كاللىڭىز بەك ئىشلەيدىكەن، سىزگە ئۇستاز بولغانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇشالمەن، — دەپتۇ دوختۇر.

دەل مۇشۇ خۇا توئۇچ پادىشاھلىق دەۋرىگە كەلگەندە مەشھۇر دوختۇر بولۇپ قالغان.

## جۇگې لياڭنىڭ ئۇستازىغا ئەپچىللىك بىلەن جاۋاب بېرىشى

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، جۇگې لياڭ كىچىك چېغىدا، دادىسى ئۇنى ئۇستاز شۇي جىڭغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

ئۇستاز شۇي جىڭ جۇگې لياڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاب بېرەلىسەڭ، شاگىرتلىققا ئال-

مەن. — ئۇستاز سۆزىنى توگىتىپلا بىر گاچا سوئال سوراپتۇ: ئۇ بىگىز قولىنى چىقىرىپ ئېگىپ، جۇگې لياڭىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، مىدىرلىتىپتۇ.

جۇگې لياڭ ئۇستازىغا چوڭقۇر ئېگىلىپ بىر تەزىم قىلىپ، ئاندىن ئارقىسىغا ئۈچ قەدەم چېكىنىپتۇ ـ دە، بىر تەرەپكە ئۆتۈپ ئۆرە تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ: "سىز مېنى ئالدىنقى قاتاردىكى چوڭ ئەمەلدارلاردىن بولسەن دېدىڭىز، خىزمىتىڭىز ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى ۋە پۈتۈن ھاياتىمنى ئايىمايمەن."

ئۇستاز يېكەندازنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىككىنچى سوئالىم شۇكى، بىر ئامال قىلىپ مېنى ئولتۇرغان مۇشۇ ئورنۇمدىن قوپۇرىۋەت.

جۇگې لياڭ تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ بىر تال ئۇزۇن تاياقنى ئاپتۇ ـ دە، ئۆگزىنىڭ كاھىشلىرىنى قومۇرۇۋەتكىلى تۇرۇپتۇ.

ئۇستاز ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ جۇگې لياڭنى توسۇپ:

— بولدى قوي، ئۆينى ئېشۇەتمە، — دەپتۇ.

— ئۇستاز، سىز ئولتۇردىڭىز، مەن ئۆگزىنى تەشمەكچى بولدۇم، نەتىجىدە ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىز، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ جۇگې لياڭ.

— سەن مېنى ماڭالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويالامسەن؟ — دەپتۇ ئۇستاز ئورۇندۇقتا مەھكەم ئولتۇرۇۋېلىپ.

جۇگې لياڭ ئۇستازىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىز بىر نادان قېرى، سىزدە ھېچقانداق كارامەت يوق، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلۈيسىز، — دەپتۇ.

ئۇستازنىڭ ئاچچىقى كېلىپ رەڭگى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. جوگې لياڭ ئۇستازنىڭ ئاچچىقلىغىنىنى ئىككى پۇلغا ئالماي، ئۇنىڭ بۆكىنى ئۆگزىگە تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇستاز غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپتۇ-دە، ئايىغىنى سېلىپ قويۇپ، ئىلاجىسىز جوگې لياڭنىڭ دادىسىنىڭ مورىسىگە دەسسەپ ئۆگزىگە چىقىپ بۆكىنى ئاپتۇ. بۇ چاغدا جوگې لياڭ ئۇستازنىڭ ئايىغىنى ئېلىپ، تاپالمايدىغان بىر جايغا تىقىپ قويۇپتۇ. ئۇستاز بۆكىنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ-يۇ، ئايىغىنى تاپالماپتۇ، جوگې لياڭ ئۇستازغا:

— ماڭالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز، — دەپتۇ.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، بولدى مەن سېنى شاگىرتلىققا ئالدىم، — دەپتۇ ئۇستاز شۈي جىڭ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىركۈنى ئەتىگەندە ئۇستاز شۈي جىڭ شاگىرتلىرىغا:

— بۈگۈن سىلەرنى سىنايمەن: ھازىردىن باشلاپ چۈش بولغىچە ئارىلىقتىكى چارەك كەم بىر سائەت ۋاقىت ئىچىدە، كىمكى مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئېلىپ، مۇشۇ شۈي جىڭجۇاڭ ھويلىسىدىن چىقىپ كېتەلىسە، شۇ كىشى ئۇستاز بولىدۇ، — دەپتۇ.

شاگىرتلار ئالدىرىشىپ قاپتۇ، بەزىلەر: "قورۇنىڭ سىرتىغا ئوت كەتتى" دەپ ۋاقىرىسا، بەزىلىرى يالغاندىن: "ئائىلەمدە ئۆلۈم ئىشى بوپتۇ، بارمىسام بولمايدىكەن" دەپتۇ. ئۇستاز شۈي جىڭ بۇ گەپلەرنىڭ ھېچقايسىغا قۇلاق سالماپتۇ. جوگې لياڭلا ئەتىگەندىلا ئۇستىلىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇخلىغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتىكى، سىناق مەيدانىنى بېشىغا كىيىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇستاز شۈي جىڭنىڭ ئاچچىقى

كەپتۇ.

دېگەن ۋاقىت تولاي دەپ قاپتۇ. جۇگې لياڭ ئۇيقىدىن ئويغىنىپ، ئۇستازىنىڭ سىناق سوئالى چىقارغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇستازىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپتۇ-دە، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۇستاز سىز تولىمۇ ھېيلىگەر ئىكەنسىز، ساپلا مۇشۇنداق چاتاق سوئالنى چىقىرىپ، بىزگە زىيان سالىسىز. بولدى مەن سىزگە شاگىرت بولمايمەن، ئۈچ يىللىق ئوقۇش پۇلۇمنى تۆلەڭ، تېز بولۇڭ، ئۈچ يىللىق پۇلۇمنى تۆلەڭ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇستاز شۈي جىڭ ھەممىگە مەشھۇر ئادەم، كىممۇ ئۇنى ھۆرمەتلىمىسۇن؟ ئەمدى كېلىپ جۇگې لياڭنىڭ ھاقارىتىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالايدۇ. ئۇستاز ئاچچىقىنىڭ كەلگىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ-دە، جۇگې لياڭنى قورودىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپتۇ. جۇگې لياڭ چىقىپ كەتكىلى ئۇنىمىدۇ دەيسىز. ئاخىرى بولماي ئۇستاز شۈي جىڭ شاگىرتلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنى قورودىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

جۇگې لياڭ قورودىن چىقىپلا قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يولنىڭ بويىدىن بىر تال كالتەكنى ئېلىپ قوروغا قايتىپ كىرىپتۇ-دە، ئۇستازىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قوللاپ كالتەكنى ئۇستازىغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

— بايا سىناقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، سىز ئۇستازىمنى رەنجىتىپ قويدۇم، قانداق جازا بەرسىڭىز قولۇم كۆكسۈمدە، — دەپتۇ.

ئۇستاز شۈي جىڭ دەرھال ئېسىنى تېپىپ، خاپىلىقنى خوشاللىققا ئايلاندۇرۇپ، جۇگې لياڭنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— قارىغاندا، بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئەمدى سىز راستتىن ئۇستاز بولىسىز بولىدىكەن، — دەپتۇ.

## ساۋچۇڭنىڭ ئامبار بېگنى قۇتۇلدۇرۇشى

ساۋ ساۋنىڭ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئات ئېگەرى بار ئىكەن، ئادەتتە ئۇنى ئوردا ئامبىرىدا ساقلايدىكەن. بىركۈنى ئامبارنى باشقۇرغۇچى ئامبار بېگى قارىسا ئېگەرنى چاشقان تېشىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئامبار بېگىنىڭ قورقۇپ جېنى چىققاي دەپ قاپتۇ. چۈنكى، ۋېي بېگى ناھايىتى قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام بەلگىلىگەن بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەردە ئازراق سەۋەنلىك كۆرۈلسە، بەك ئېغىر جازالايدىكەن. شۇڭا ئۇ غەمگە پاتقان ھالدا، ئامبار ئىشكىنىڭ ئالدىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، بىراق ھەرقانچە قىلىپ بىلەن گۇناھىنى يېنىكلىتىدىغان بىرەر ئامال تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۆزىنى باشقىلارغا باغلىتىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىقرار قىلىپ گۇناھىغا كەچۈرۈم سوراش قارارىغا كەپتۇ. بىراق، مۇشۇنداق قىلغان بىلەنمۇ، ھاياتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ناتايىن ئىكەن.

ئامبار بېگى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ساۋ ساۋنىڭ كىچىك ئوغلى ساۋ چۇڭ ئامبارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ-دە، ئامبار بېگىنىڭ مەيۈس ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

ئامبار بېگى ساۋ چۇڭنى كۆرۈش بىلەنلا، كۆزى يورۇپ

كېتىپتۇ ـ دە، مۇنداق بىر ئىش ئېسىگە كەپتۇ.

بىر قېتىم ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سۇن چۈەن ئادەملىرىدىن ساۋ ساۋغا چوڭ بىر پىل ئەۋەتكەنىكەن. ساۋ ساۋ پىلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلىرىدىن سوراپتۇ:

ــ قايسىڭلار بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ چىقالايسىلەر؟

بۇ سوئالغا سورۇندىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بېرەلمەپتۇ. ساۋ ساۋنىڭ كىچىك ئوغلى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

ــ دەريادا بىر كېمە تەييارلاپ، پىلنى كېمىگە چىقىرىڭلار، پىل كېمىگە چىققاندىن كېيىن كېمىنىڭ سوغا چۆككەن يېرىگە بەلگە قويۇۋېلىپ، ئاندىن پىلنى قىرغاققا چىقىرىڭلار ـ دە، كېمىنى قايتىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولدۇرۇڭلار، كېمىنىڭ چۆكۈشى ھېلىقى بەلگە قويغان يەرگە كەلگەندە، كېمىگە بىرنەرسە سېلىشنى توختىتىڭلار. دەل مۇشۇ چاغدا كېمىدىكى نەرسىنىڭ ئېغىرلىقى پىلنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن تەڭ بولغان بولىدۇ. مۇشۇ نەرسىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تارتىپ، ئاندىن ئومۇمىي سانىنى چىقارساڭلار، بۇ ئارقىلىق پىلنىڭ ئېغىرلىقىمۇ چىقىدۇ، ــ دەپتۇ. ساۋ چوڭ ئېيتقان چارە بويىچە ئۆلچەپ كۆرۈپتىكەن، بىر دەمدىلا پىلنىڭ ئېغىرلىقى چىقىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋ ساۋ ئوغلىنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولغانىكەن.

ئامبار بېگى مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، ئىگەرنى چاشقان تېشىۋەتكەن ئىشنى ئەقىللىق ساۋ چوڭغا ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ.

ساۋ چوڭ دەرھال ئۆيىگە قايتىپ پىچاق بىلەن ئۆزىنىڭ كىيىگە-

لىكىنىڭ بىرنەچچە يېرىنى خۇددى چاشقان تەشكەندەك تېشىپتۇ-دە، يالغاندىن مەيۈسلەنگەن قىياپەتتە دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

ساۋ ساۋ ئوغلىنىڭ يىغا چىراي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— كىشلەرنىڭ ئېيتىشىچە، — دەپتۇ ساۋ چۇڭ كۆڭلىكىدىكى تۆشۈكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — كىيىمنى چاشقان تېشىۋەتسە، ئادەمگە خوۋلۇق بولمايدىكەن، ئەمدى مەن تۈگىشىدىغان بولدۇم.

— دۇنيادا نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن؟ — دەپتۇ ساۋ ساۋ ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ، — بۇنچىلىك ئىشلارغا كۆڭلۈڭنى بۇزماي، خۇشال-خورام ئويناۋەر.

خېلى بۇرۇنلا ئىشىك ئالدىدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئامبار بېگى ئەگەر كۆتۈرگەن هالدا ئالدىراپ كىرىپ، يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ساۋ ساۋغا ئىگەرنى چاشقان تېشىۋەتكەن ئەهۋالنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

— ئۆلگۈر چاشقان، — دەپ ئىستىك سۆز قىستۇرۇپتۇ ساۋ-چۇڭ، — مېنىڭ كوڭلىكىمنى تېشىشىۋەتكىنى يەتمەي دادامنىڭ ئىگىرىنىمۇ تېشىۋېتىپتۇ.

ساۋ ساۋ بۇ ئىشقا بىرئاز خاپا بوپتۇ، بىراق ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكۈسى كەلمەپتۇ، شۇڭا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇمنىڭ يېنىدا قويۇپ قويغان كۆڭلىكىنى چاشقان تېشىۋەتكەن يەردە، ئامبارغا ئېسىپ قويغان ئىگەر ساق قالاتتىمۇ، بولدى قايت، — دەپتۇ.

ساۋ چۇڭ بىلەن ئامبار بېگى خۇددى ئۇستىدىكى ئېغىر يۈك

ئىلىۋېتىلگەندەك، كۆڭلەك بىلەن ئىشىكنى كۆتۈرگەن ھالدا، ساۋ ساۋنىڭ ئالدىدىن چىقىپتۇ.

## ياڭ شيۇنىڭ سىرنى ئېچىشى

ساۋ ساۋ ئوردا ياساتماقچى بوپتۇ، ئوردا ياساش ئىشى تازا قىزىق كېتىۋاتقاندا، تېخى پۈتمىگەن ئوردىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ-دە، ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ قايتىدىغان چاغدا، بىرەيلەنگە ئىشىك بېشىغا ”活“ دېگەن خەتنى يازدۇرۇپ قويۇپ كېتىپتۇ. بۇ ”活“ خېتى زادى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ كىشىلەر ئۇ ياق ئويلاپ، بۇ ياق ئويلاپ بۇنىڭ مەنىسىنى زادى چۈشىنەلمەپتۇ. باش دەپتەرچى ياڭ شيۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىشىكنى تۇتۇپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، بىردىنلا:

— تېز بولۇڭلار، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى بۇزۇۋېتىپ، كىچىكرەك سېلىڭلار، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۆزگەرتىمىز؟

ياڭ شيۇ ”活“ دېگەن خەتنى كۆرسىتىپ، ئىشىكنى ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىشىك ( ”门“ )نىڭ ئىچىگە ”活“ دېگەن خەتنى يېزىپ، ئىككىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغاندا ”阔“ (”كاتتا“) دېگەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ باش ۋەزىر بۇنداق بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ.

ياڭ شيۇنىڭ بۇ سۆزىنى بىرسى بېرىپ ساۋ ساۋغا دەپتىكەن، ساۋ ساۋ كۈلۈپ كېتىپ:

— باش دەپتەرچى ياڭ شيۇ ھەقىقەتەن زېرەك ئادەم-دە! —

دەپتۇ.

ساۋ ساۋ گەپنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا بىرەيلەن ساۋ ساۋغا بىر قۇتا كەمپۇت ئەكىرىپ بېرىپتۇ. ساۋ ساۋ كەمپۇتتىن بىرنەچچىنى يەپ كۆرگەندىن كېيىن، ياڭ شيۇنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قولىغا قەلەم ئاپتۇ-دە، چىرايلىق قىلىپ ئىشلەنگەن قۇتىنىڭ ئاغزىغا "一合酥" دېگەن ئۈچ خەتنى يېزىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا بېرىپتۇ.

ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ چىقىپ ماختىشىپتۇ.

بەزىلەر:

— خەت گويا ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپتۇ. باش ۋەزىرنىڭ خەتتاتلىقىدىمۇ سالاپىتى ئەكس ئەتكەن، — دەپتۇ.

بەزىلەر:

— بۇ قۇتا راستتىن چىرايلىق قۇتا ئىكەن، — دەپتۇ.

ياڭ شيۇ ئۈچ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، گەپ-سۆز قىلماي، قۇتىنى ئېچىپ كەمپۇتتىن بىرنى يەپ، كۆپچىلىككە:

— شۇنداق تاتلىقكەن، ھەممىڭلار يەپ تېتىپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

ساۋ ساۋدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىلىرىنى ئېچىپ، ھاڭۋېقىشىپ قاپتۇ: كىچىككىنە بىر باش دەپتەرچى تۇرۇپ، باش ۋەزىرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى!

— نېمە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇسىلەر؟ — دەپتۇ ياڭ شيۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — باش ۋەزىر ھەممەيلەننى بىردىن كەمپۇت يېسۇن دەۋاتىدۇ، قاراڭلار "合" خېتىنى پارچىلىساق، "人一口" (بىر ئادەمگە بىر) دېگەن بولىدۇ، بۇنىڭغا قۇتىغا يېزىلغان خەتنى

قوشـوپ ئوقۇساق ”人口酥一“ (بىر ئادەمگە بىر كەمپـۇت) دېگەن بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ياڭ شيۇ ئىككى سىرنى ئاچتى، — دەپتۇ ساۋ ساۋ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ساۋ ساۋ ليۇ بېي بىلەن خەنجۇڭ ئارىلىقىدا سوقۇشۇپ قاپتۇ. بىراق بىرنەچچە ئاي سوقۇش قىلىپمۇ غەلىبە قىلالماپتۇ.

بۇگۇن ساۋ ساۋ توخۇنىڭ قوۋۇرغا گۆشىنى يەپ ئولتۇرغىنىكەن، بۇ چاغدا قوماندانلاردىن بىرسى كىرىپ سوراپتۇ:

— باش ۋەزىر، بۈگۈنكى كوماندا بەلگىسى نېمە بولىدىكىن؟

ساۋ ساۋ قولىدىكى يەۋاتقان نەرسىگە قاراپ:

— توخۇ قوۋۇرغىسى بولسۇن، — دەپ قويۇپتۇ.

ھېلىقى قوماندان سىرتقا چىقىپ كۆپچىلىككە كوماندا بەلگىسىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ، ”توخۇ قوۋۇرغىسىمۇ كوماندا بەلگىسى قىلغان بارمۇ؟“ دېيىشىپتۇ.

ياڭ شيۇ دەرھال بېرىپ يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرغىلى تۇرۇپتۇ ۋە باشقىلارغا قاراپ:

— تەييارلىق قىلماي قاراپ تۇرىسىلەرغۇ، باش ۋەزىر ھازىرلا چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ، — دەپتۇ.

— سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — سوراپتۇ بىرەيلەن.

— تۆشنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۆڭەك توخۇنىڭ قوۋۇرغىسى دېيىلىدۇ. بۇ سۆڭەكنى غاجىسا، تۈزۈك گۆش چىقمايدۇ، تاشلىۋېتەي دېسە كۆز قىيمايدۇ، — دەپتۇ ياڭ شيۇ يۈك-تاقلىرىنى تاڭغاچ، ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ساۋ ساۋنىڭ

خەنجۇڭ رايونىنى "توخۇنىڭ قوۋۇرغىسى"غا ئوخشاتقىنى دەل جايىدا بولغان، خەنجۇڭ رايونىدا شۇنچە تىركەشسەكمۇ، ھېچقانداق ئۇنۇم بولمىدى، ئەمدى چېكىنىشتىن باشقا ئامال يوق.

بىردەمدىن كېيىن، بۇيرۇقچى ئەسكەر راست دېگەندەك ساۋساۋنىڭ چېكىنىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپتۇ.

## شەھەرنى قۇرۇقداپ قويۇش ھىيلىسى

ئۈچ پادىشاھلىق زامانىدا، شۇ بەگلىكنىڭ باش ۋەزىرى جۇگې لياڭ ماسۇنى ئىشلىتىپ خاتا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، جيېتىڭنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، 2500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىچېڭ ناھىيىسىنى قوغداپ تۇرۇپتۇ.

توساتتىن قاراۋۇل ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جۇگې لياڭغا خەۋەر قىپتۇ:

— سىمايى 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، شىچېڭغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ چاغدا، جۇگې لياڭنىڭ يېنىدا بىرەرمۇ ھەربىي قوماندان يوق، پەقەت مۈلكى ئەمەلدارلارلا قالغانىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان ئەمەلدارلارنىڭ قورقۇپ چىرايىدا قان قالماپتۇ. جۇگې لياڭ، سېپىلگە چىقىپ قاراپتىكەن، راست دېگەندەك ۋېي قوشۇنلىرى چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋېتىپتۇ. جۇگې لياڭ شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ:

— تۇغ-ئەلەملەرنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇپ قويۇڭلار، ئەسكەرلەر ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇل-

خانىدا قوغدىنىپ تۇرسۇن، ئەگەردە كىمىكى تۇرغان جايىدىن ئىختىيارى قوزغالسا ياكى ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلەيدىغان بولسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ. شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىۋېتىپ، ھەربىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا 20 ئەسكەر پۇقراچە ياسىنىپ كوچا سۈپۈرگەن بولۇپ تۇرسۇن. ۋېي قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە قالايمىقانلىشىپ كەتمەڭلار، قالغىنىنى ئۆزەم توغرىلايمەن. — بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئۈستىگە تۇرنا تۈكىدىن ئىشلەنگەن پەلتۇسىنى يېپىنىپ، بويىنىغا شارپىسىنى تاشلاپ، ئىككى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، سازدىن بىرنى ئېلىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىخىرامان ئولتۇرۇپ ساز چېلىشقا باشلاپتۇ.

ۋېي قوشۇنىنىڭ چارلىغۇچىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرھال سىمايىغا خەۋەر قىپتۇ. سىمايى دەرھال قوشۇنغا بۇيرۇق بېرىپ ئىلگىرىلەشنى توختىتىپتۇ-دە، ئۆزى ئۇچقاندەك ئالدى تەرەپكە بېرىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپتۇ. راست دېگەندەك، جۇگې لياڭ سېپىل ئۈستىدە بىخىرامان ئولتۇرۇپ، ھۇزۇر قىلىپ ساز چېلىۋېتىپتۇ. سول تەرىپىدە بىر ياش بالا قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا تۇرۇپتۇ، ئوڭ تەرىپىدە يەنە بىر بالا قولىدا قورۇغۇچ تۇتقان ھالدا تۇرۇپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئاران 20 چە پۇقرا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كوچا سۈپۈرۈۋېتىپتۇ، باشقا ھېچقانداق ئادەم يوق. سىمايى بۇلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسىي قوشۇن شەھەرگە يوشۇرۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىپ، ئالدىراپ تېنەپ قوشۇننى چېكىندۈرۈپتۇ.

— جۇگې لياڭنىڭ ئەسكىرى كۆپ قالمىغاچقا، قەستەن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانمۇ نېمە؟ دادا، ئەھۋال مۇشۇنداق

تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن چېكىنىمىز، — دەپتۇ سىمايىنىڭ ئوغلى سىماجاۋ.

— جۇگېلياڭ ئادەتتە تولىمۇ ئېھتىياتچان ئادەم، زادىلا تەۋەككۈلچىلىك قىلغان ئەمەس. بۈگۈن ئۇنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى چوڭ ئېچىۋەتكىنىدىن قارىغاندا، ئاساسىي كۈچىنى چوقۇم شەھەرگە يوشۇرغان. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان بولساق، جەزمەن ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشىمىز. سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ گەپنى ئاز قىلىپ چېكىن، — دەپتۇ سىمايى ئاچچىقلانغان ھالدا.

ۋېي قوشۇنى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، جۇگېلياڭ قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— سىمايى ۋېي بەگلىكىنىڭ ئاتاقلىق قوماندانى، ئۇ 150 مىڭ ئادىمىنى باشلاپ كېلىپ، باش ۋەزىرنى كۆرگەندىن كېيىن ئال-دىراپ-تېنەپ چېكىنىپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئەمەلدارلار.

— ئۇ مېنى ئادەتتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ، زادىلا تەۋەككۈلچىلىك قىلمايدۇ، دەپ ئويلىغان، شۇڭا مېنىڭ بۈگۈن بىخىرامان ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، ئاساسىي كۈچىنى شەھەرگە يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلىنىپ، بۇ يەردە تۇرماي چېكىنگەن. مېنىڭ بۈگۈن تەۋەككۈل قىلىشىم ئىلاجسىزلىقتىن بولغان، — دەپتۇ جۇگېلياڭ.

— باش ۋەزىرنىڭ ھىيلىسىنى جىن-شاياتۇنلارمۇ بىلەلمەيدىكەن، ئەگەردە قوماندانلىق قىلىش بىزگە قالغان بولسا، شەھەرنى تاشلاپ قېچىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك باش ۋەزىرگە ئاپىرىن ئوقۇغان ھالدا.

— بىزدە ئاران 2500 ئادەم تۇرسا، — دەپتۇ جۇگې لياڭ، — شەھەرنى تاشلاپ قاچقان بىلەنمۇ يىراققا بارالمايتتۇق، ئۇ چاغدا دۈشمەن ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ قالامدۇ؟

## يەتتە قەدەمدە شېئىر پۈتتۈرۈش

مىلادى 220 ـ يىلى، ساۋ ساۋ ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ ئالەمدىن ئۆتتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ساۋ پى دادىسىنىڭ ۋەزىرلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ساۋ پى "خانلىق ئورۇننى ئۆتكۈنۈپ بېرىش"نى باھانە قىلىپ، خەن شيەندىنى پادىشاھلىق ئورنىدىن ئاغدۇرۇۋېتىپ، بەگلىكنىڭ نامىنى ۋېيگە ئۆزگەرتىپ، ئۆزى پادىشاھلىق ئورنىغا چىقىۋاپتۇ ۋە ئىسمىنى ۋېي ۋېندىگە ئۆزگەرتىپتۇ.

ساۋ ساۋنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ساۋ جى دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ غەمكىن يۈرۈپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىكى ئوردا ئىچىدە بولىۋاتقان سىياسىي كۈرەشلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، ئەدىبلەر، قەلەمكەشلەر، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، قوپۇش قىلىپتۇ، شېئىر يېزىشىپتۇ. ئۇ شېئىرىيەتتە شۇنداق يېتىشىپ چىقىپتۇكى، ئاغزىدىن چىققان سۆز شېئىر بولۇپ چىقىدىكەن، تىلدىكى ماھارىتى ھەممىنى قايىل قىلىدىكەن.

جىلىخور، ئىچى تار ساۋ پى ئۆز ۋاقتىدا ئىنىسى ئۇنىڭ بىلەن ۋارىسلىق تالىشىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئىنىسى ساۋ جىغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپتۇ. كىشىلەر ساۋ جىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارىتىنى ماختايدىغان بولسا، ھەسەتخورلۇق قىلغانىنىڭ دەستىدىن ئولتۇرالماي

قالىدىكەن.

بىر كۈنى، تۇساتتىن بىرسى سارايغا كىرىپ، ساۋ جىننىڭ ئامبال يامۇلىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھاراق ئىچىپ، شەھەرنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپتۇ.

ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىغان ساۋ پېي دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ساۋ جى قاتارلىقلارنى ئوردىغا يالاپ ئېپكېلىشنى ئېيتىپتۇ.

ياشىنىپ قالغان ساۋ خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ، دەلدەڭشىپ ماڭغان پېتى ئوردىغا كېلىپ، كۆزىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ساۋ پېيغا:

— ئىنىڭ ئادەتتىكى چاغدا ئازراقلا ئۆز خالىغىنى بويىچە ئىش قىلىپ قويسا، مۇشۇمۇ گۇناھ بولامدۇ؟ بۈگۈن قېرىنداشلىق ھۆرمەتىدىن بولسىمۇ ئۇنى قويۇپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ مۇشۇنداق قىلساڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ دۇنيادا خاتىرجەم ياتقان بولاتتىم، — دەپتۇ.

ساۋ پېي سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— ئانا، مەن بۇ دېگەنلىرىڭىزنى بىلمەمدىمەن؟ بىراق ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىشى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، مەن ئۇنى قانداقمۇ كەچۈرۈم قىلالايمەن؟ ئانا، سىز بۇ ئىشتىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئانا دېمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتۇرغان پېتى چىقىپ كېتىپتۇ.

— سەن ھەمىشە ئۆزەڭنىڭ شېئىر يېزىشقا ماھىر ئىكەنلىكىڭنى ماختاپ يۈرەتتىڭغۇ؟ — دەپتۇ ساۋ پېي ئىنىسى ساۋ جىننىڭ ئالدىغا

كېلىپ، — ھازىر مەن ساڭا يەتتە قەدەمدە بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ بولۇشنى تاپشۇرىمەن، بۇ شېئىردا ئىككىمىزنىڭ ئاكا-ئۇكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيسەن، بىراق "ئاكا-ئۇكا" دېگەن سۆز ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك. يېزىپ پۈتتۈرەلمىسەڭ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن، بولمىسا مېنى ئاكا-ئۇكىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدى دېمە.

پۈتۈن سورۇن جىمجىت بولۇپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك ساۋ جىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىشىپتۇ.

يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ساۋ جى بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۇ ئىشقا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قەددىنى رۇسلاپ، كۆزىنى يۇمۇپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىغا ئۈچ قەدەم مېڭىپ، ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ.

ماڭغاچ شېئىر ئوقۇپتۇ، يەتتە قەدەم بېسىپمۇ بوپتۇ، شېئىرمۇ پۈتۈپتۇ.

ھەممەيلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا قايىل بولۇشۇپتۇ.

ساۋ پى شېئىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانداقتۇ بىر ئەلەم ئوتى ئاغزىدىن كىرىپ ئايىغىدىن چىقىپ كەتكەندەك بوپتۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كۆپچىلىككە قاراپ قول پۇلاڭشىتىپ، ساۋ جىنىڭ جازاسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ.

## سۇن لياڭنىڭ چاشقان مايىقىنى پەرق قىلىشى

سۇن لياڭ ئۈچ پادىشاھلىق زامانىدىكى ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سۇن چۈەننىڭ كىچىك ئوغلى. سۇن چۈەن ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇ

تېخـى ئۇن ئەچـچە ياش بولۇپ، دادىـسـىنىڭ ئورنىـغا پادىـشاھ بوپتۇ.

بىر كۈنى باغۋەن پادىشاھقا بىر سېۋەت كـۆكـسۇلـتان ئەكىـرىپ بېرىپتۇ. سۇن لياڭ بۇنى يەي دەپ ئاغـزىغا ئاپىـرىـپتۇ ـ دە، ئۇردا ئامبىرىدىكى ھەسەل ئېسىگە كېـلىپ، ئۇردا نازارەتـچىسىنى ھەسەل ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئۇردا نازارەتچىسى ئۇردىدا ساقلانغان ھەسەلنىڭ تولىمۇ تەملىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىكەن، شۇڭـا، ئـۆز ۋاقـتىـدا ئۇردىـنىڭ ئىچكى ئامبار بېگىدىن ھەسەل سورىغاندا، ئامـبار بېـگى ئۇنىڭ تەلـپىـنى رەت قىلغانىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇردا نازارەتچىسى قورسـقىدا غۇم ساقلاپ كەلگەنىكەن. ئەمدى ئۇ ئۆچ ئېلىش نـىيىتىگە كەپـتۇ ـ دە، ھەسەلنى ئىچكى ئامباردىن سـىرتـقا ئېـلـىپ چىـققانـدىن كېـيىن، ھەسەلگە ئۇن نەچچە تال چاشقان مايىقى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇردا نازارەتـچىسى ھەسەلـنى ئېپـكىلـىپ بەرگەنـدىن كېـيىن، سۇن لياڭ كۆكسۇلتاننى ھەسەلگە چىلاپ يەي دەپ ئاغزىغا ئاپىرىۋە-تىپ، ھەسەلنىڭ ئىچىدە چاشقان مايىقى تۇرغانلىقىنى سېزىپ قاپـتۇ، ئۇ غەزەپ بىلەن ئامبار بېگىنى يالاپ ئېپكېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ــ سەن دېگەن مەخسۇس ئامبارغا قارايـدىغان ئادەم، ــ دەپـتۇ سۇن لياڭ، ــ چاشقاننى ھەسەلگە ماياقـلـتـىـپ قويۇشـىنىڭ قانـداق جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ئامبار بېگى بۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايـىتى بولۇپ، يەڭـگىل بولغاندا، خىزمەتتىن قوغلاپ قالىدىغان، ئېـغىـر بولغانـدا، سولاقـتا ياتىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. بىراق ئۇ ناھايىتى ئېـھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ھەسەل قاچىـلىغانـدا، ئالـدى

بىلەن ھەسەلنى ئوبدان تەكشۇرۇپ، بىرەر نەرسە ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن كوزىغا قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم بىكىتىۋېتىدىكەن، ئۇنىڭغا چاشقان مايىقىنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى زادى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ زادىلا ئىقرار قىلماي، بۇ ئىشتا ماڭا تۆھمەت قىلىندى دەپ ۋارقىراپتۇ.

سۇن لياڭ بۇ ئادەمنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئەزەلدىن بىرەر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويمىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئوردا نازارەتچىسى سەندىن ھەسەل سورىغانمۇ؟

— ئۇ ئۆزى ئۇچۇن مەندىن كۆپ قېتىم ھەسەل سورىغاندى، مەن ئۇنىڭغا بەرمىگەندىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئامبار بېگى.

— يالغان، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئوردا نازارەتچىسى، — مەن سەندىن ئۆزەم ئۇچۇن زادىلا ھەسەل سوراپباققان ئەمەس.

بۇ چاغدا سۇن لياڭنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ۋەزىرلەر:

— ئۇلارنىڭ ئىقرارى ئوخشاش چىقمايۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى تەكشۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ سوراق قىلىشىغا سۇنساق قانداق بولار، — دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ سۇن لياڭ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرمەي، — بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ناھايىتى ئوڭاي، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئوردا نازارەتچىسىگە ھەسەلنىڭ ئىچىدىكى چاشقان مايىقىنى ئايرىپ چىقىرىپ پىچاق بىلەن ئوتتۇرىسىدىن يېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

سۇن لياڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى پارچە قىلىنغان چاشقان مايىقىنى

بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، كۈلۈپ كېتىپ ئەتراپىدىكى ۋەزىرلەرگە:

— مانا قاراڭلار، ئەگەردە چاشقان ھەسەلگە بۇرۇنلا مايالاپ قويغان بولسا، چاشقان مايىقىنىڭ ئىچى، تېشى ئوخشاشلا نەم بولغان بولاتتى. بىراق بۇ چاشقان مايىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ سىرتى ئازراق نەم بولغان، ئىچى قۇپقۇرۇق. بۇنىڭدىن چاشقان مايىقىنىڭ تېخى ھېلىراقتىلا سېلىنغانلىقى مەلۇم. ئوردا نازارەتچىسىنىڭ ھەسەلنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن سالغانلىقىدا گەپ يوق.

بۇ چاغدا ئوردا نازارەتچىسى "جاقىقىدا" تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ، گۇناھىغا كەچۈرۈم سوراپتۇ.

سورۇندىكىلەر بالا پادىشاھنىڭ يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ھەق، ناھەق ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشىپتۇ.

## چوشقىنى كۆيدۈرۈپ ئادەم ئۆلۈكنى تەكشۈرۈش

ئۈچ پادىشاھلىق زامانىدا، ۋۇ بەگلىكىدىن جاڭ جۈي دېگەن كىشى جۈيجاڭ ناھىيىسىگە ئامبال بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ.

بىركۈنى، بىرەيلەن "بىر ئايالنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى" توغرىسىدا خەۋەر ئېپكەپتۇ.

جاۋابكار 30 نەچچە ياشلاردىكى ئايال بولۇپ، ئاددىي كىيىنۋالـ غانىكەن، ئۇ يامۇلغا كىرىش بىلەن تەڭلا ئاۋازىنى قويىۋېتىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

داۋاگەر ئەرز قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:
— مەن بۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاكىسى بولىمەن، ئۇ ئايال تۇنۇگۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنىدى، خۇددى كېلىشىپ قويغاند- دەك يېرىم كېچە بولغاندا ئۇكامنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى. ئەتراپتا ئادەم بولمىغاچقا، بىز يېتىپ بارغىچە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، ئۇكام كارۋاتنىڭ ئاستىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. ئادەتتە بۇ ئايال توغرا يولدا ماڭمايتتى، ئۇ چوقۇم ئاشنىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭكىگە قايتقان بولۇپ، يېرىم كېچىدە ئاشنىسى بىلەن بىللە قايتىپ كېلىپ، ئۇكامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆيىگە ئوت قويۇپ بېرىپ، "ئوتتا ئۆلدى" دەپ ئىشنى تۈگەتمەكچى بولغان. دارىن ئۇكام ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويسىلا.
ھېلىقى ئايال ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىراپ:
— سەن مېنى ئاشنىسى بار دەيسەن، ئاشنام كىمكەن؟ سەن مېنى ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈردى دېدىڭ، نېمە ئىسپاتىڭ بار؟ — دەپتۇ.
ھېلىقى ئادەم گەپ قىلالماي ئاغزىنى ئېچىپ قاپتۇ.
ئايال تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ:
— مەن نېمە دېگەن شور پېشانە! ياش تۇرۇپ تول قالدىم، ئۇنى ئاز دەپ تېخى يەنە تۆھمەت چاپلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ياش- غىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپتۇ-دە، تۈۋرۈككە ئۇسۇۋالغىلى مېڭىپتۇ، ئۇنى يېنىدا تۇرغان يايى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ شۇنداق قاتتىق يىغلاپتىكى، ئاۋازى يامۇلنى بىر ئاپتۇ، مۇڭزارى كىشىنىڭ يۈرىكىنى

تىترىتىپتۇ.

ئامبال جاڭ جۇي ئەتراپقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: ھازىرچە بۇنىڭدا ھېچقانداق پاكىت يوق، ئالدى بىلەن ئۆلۈكنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، ئۆيلەر ئۆرۈلگەن، كۈللەر شامالدا ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھېچقانداق گۇمان چىقماپتۇ. ئامبال جاڭ جۇي ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىپ، بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، قولىنى شىلتىپ:

— بولدى. ئۆلۈمنى ئۈزىتايلى، — دەپتۇ-دە، ھېلىقى ئايالغا قاراپ قويۇپتۇ. قارىسا ئايالنىڭ چىرايىدا چوڭ بىر پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇپ، تەسەللى تاپقاندەك بىر ئالامەت بىلىنىپتۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئاكىسى بولسا تىت-تىت بوپتۇ. ئامبال بۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي:

— ئۆلۈمنى ئۈزىتىش ئۈچۈن، ئىككى چوشقا سويساق بولار؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دەپتۇ ئايال.

ئامبال جاڭ جۇي ئۆلگۈچىنىڭ ئاكىسىغا ئىككى چوشقىنىڭ پۇتىنى باغلاشنى ئېيتىپ، يەنە باشقىلارغا ئىككى يەرگە ئوت يېقىشنى تاپىلاپتۇ. كۆپچىلىك نېمە بولىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. بۇ چاغدا ئامبال:

— چوشقىنىڭ بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈڭلار، يەنە بىرسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئوتتا كۆيدۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

بىردەمنىڭ ئىچىدە ئوت كۆيۈپ بوپتۇ.

ئامبال جاڭ جۇي بىرسىنى ئەۋەتىپ، ئۆلتۈرۈپ ئوتقا تاشلانغان

چوشقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ كۆرۈپتۇ، قارىسا ئاغزىدا كۇل يوق، يەنە بىر ئادەم ئەۋەتىپ تىرىك تۇرغۇزۇپ ئوتقا تاشلانغان چوشقىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ كۆرۈپتىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدا كۇل تۇرغانلىقى بىلىنىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئامبال جاڭ جۇي مۇنداق دەپتۇ:

— قاراڭلار، ئۆلگۈچىنىڭ ئاغزىدىمۇ كۇل يوق ئىكەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئۆلگۈچى ئۆلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئوتقا تاشلانغان. — ئامبال ئۆرۈلۈپ ئايالغا قاراپ:

— يەنە قىلىدىغان گېپىڭىز بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى ئايال ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئاشنىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## يول بويىدىكى ئاچچىق ئامۇت

غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەزىر ۋاڭ رۇڭ كىچىك ۋاقتىدا بەك ئەقىللىق ئىكەن.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئۇ بىرنەچچە ئادىشى بىلەن لىنيى شەھىرىنىڭ سىرتىغا ئوينىغىلى چىقىپتۇ. ئۇلار قوغلىشىپ، سەكرىشىپ شۇنداق ئوبدان ئويناپتۇ. بىردەم ئويىنىغاندىن كېيىن، بالىلار ئۇسساپ قاپتۇ.

— يۈرۈڭلار، — دەپتۇ بالىلارنىڭ بىرى، — بېرىپ ئاز - تولا مېۋە تېپىپ يەيلى.

ئۇلار يىراقتىن يول بويىدا بىر تۈپ ئامۇت دەرىخىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، يۇگۇرگەن پېتى ئامۇت دەرىخىگە قاراپ

مىڭىپتۇ، ئىش ئوڭىدىن كەپتۇ، قارىسا ئاموت دېگەن شاخ كۆتىرەل-مىگىدەك ھالدا پىشىپ ساڭگىلىشىپ تۇرۇپتۇ.

— نېمە دېگەن ئېسىل، نېمە دېگەن پەيىز ئاموت، تازا قانغۇچە يەيدىغان بولدۇق، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ باللار.

شۇنداق قىلىپ، باللار ھايت-ھۇيت دېگىچە ئاموت دەرىخىگە چىقىپ بوپتۇ. پەقەت ۋاڭ رۇڭلا تۇرغان جايىدىن قوزغالماپتۇ.

— ھەي ۋاڭ رۇڭ، — دەپتۇ باللاردىن بىرى، — نىمىدىرلىماي تۇرۇسەنغۇ؟

— بۇ ئاموت ئاچچىق، يېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ ۋاڭ رۇڭ.

بۇ چاغدا كىچىك باللاردىن بىرى ئاموتنى بىر چىشلەپلا:

— راست ئاچچىق ئىكەن، يېگىلى بولمايدىكەن، تۇفى-تۇفى...، — دەپ تۈكۈرۈپتۇ.

باللارنىڭ ھەممىسى ئاموتنىڭ ئاچچىقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قوللىرىدىكى ئاموتنى تاشلاپ، ۋاڭ رۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بۇ ئاموتنىڭ ئاچچىقلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟

— بۇ ئاموت دەرىخى چوڭ يولنىڭ بويىدا ئىكەن، ئەگەر تاتلىق بولىدىغان بولسا، كىشىلەر ئاللىقاچان ئۇنى پۇتاپ بولغان بولاتتى. بۇ بىر ياۋا ئاموت، — دەپتۇ ۋاڭ رۇڭ.

## قامچىنى قالدۇرۇش

«جىننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 324-يىلى (شەرقىي جىن سۇلالىسى مىڭدى خانىنىڭ 2-يىلى) 6-ئاينىڭ

مەلۇم بىركۈنى بولغانىكەن.

ئاسىي ۋەزىر ۋاڭ دۈننىڭ بارىگاھى يۈيخۇدا ئىكەن. بۇ كۈنى خالتا ئىپسۋالغان سودىگەر سىياقىدىكى بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قاپتۇ، بۇ ئادەم كوچمۇ كوچا ئارىلاپ ۋارقىراپ مېڭىپتۇ:

— تاغ مەھسۇلاتلىرى بار، ئالىدىغانلار بارمۇ؟

— ھەي، — دەپتۇ كۆزەتچى ئەسكەرلەردىن بىرى ئىككىنچى بىرسىگە، — مېنىڭچە، بۇ ئادەم تاغلىق سودىگەرگە ئوخشىمايدىغۇ.

— يۈر، بېرىپ قاراپ باقايلى.

بۇ ئىككى كۆزەتچى ئەسكەر يېقىنراق بېرىپ، ھېلىقى ئادەمگە سىنچىلاپ قارىغىلى تۇرۇپتۇ. قارىسا، بۇ ئادەم يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى سېرىق ساقال قاپلىغان، باتۇر قىياپەتتىكى، چىرايىدىن ئۇقۇمۇشلۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن.

— بۇ ئادەم ھەرگىز تىجارەتچى ئەمەس، ئوردا ئەۋەتكەن پايلاقچىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ، — دېيىشىپتۇ ھېلىقى ئىككى كۆزەتچى ئەسكەر كۇسۇرلىشىپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنى كىچىك ئىش ئەمەس دەپ ئويلاپ، ۋاڭ دۈننىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ مەلۇم قىپتۇ.

ۋاڭ دۈن بۇ ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى سېرىق ساقال قاپلىغان، دېگەننى ئاڭلاپ، جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ئاپلا، مېنىڭ ئۆزى شۇ ئەمەسمۇ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

بەش ئاتلىق ئەسكەر ھېلىقى ئىككى كۆزەتچى ئەسكەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن بارىگاھتىن چىقىپ، قوغلاپ مېڭىپتۇ، بىراق مېڭىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. زادى قايسى تەرەپكە

قوغلاپ مېڭىش كېرەك؟ دەپ ئۇلارنىڭ تازا بېشى قېتىپ تۇرۇش-قاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى:

— ئاۋۇ تەرەپتىكى يولدا ئات تېزىكى تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا يولنىڭ بويىدىكى بىر سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئۇششاق-چۈشەك يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان بىر موماي ئېلىڭلار، يەڭلا...دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ.

ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— موماي، باياتىن سېرىق ساقاللىق بىر ئاتلىق ئادەم مۇشۇ يولدىن ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆتتۇپ كەتتى. بۇ چاققىچە خېلى يەرگە بېرىپ قالدى. ھە، مانا بۇ ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن قامچا، — دەپتۇ موماي، يېنىدىن پارقىراپ تۇرغان قامچىنى چىقىرىپ ئۇلارغا بېرىپتۇ.

— يەتتە ئۆرۈملۈك قامچا، — دەپتۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى، — بۇ دېگەن ئوردىنىڭ ئېسىل نەرسىسى.

ئەسكەرلەر بۇ ئېسىل قامچىنى قولىدىن قولغا ئېلىپ تالىشىپ كۆرۈشۈپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى گويا ئۇيقىدىن ئويغانغان ئادەمدەك بېشىنى ئىتتىك سىلكىۋېتىپ:

— ئاپلا، بىز تېخى ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايتتۇق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— بولدى، ئەمدى يېتىشەلمەيمىز، قاراڭ ئاتنىڭ تېزىكىمۇ سوۋۇپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ ئەسكەرلەردىن بىرسى. بىرنەچچىسى بېرىپ تېزەككە قاراپتىكەن، تېزەك راستتىن سوۋۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يېتىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ ـ دە، يەنە ئۆزۈملۈك ئىسىل قامچىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىشىپتۇ.

بۇ ئادەم راستتىن مىڭدىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ھەربىي ئەھۋاللار ئۈستىدىن پايلاقچىلىققا پادىشاھنىڭ ئۆزى چىقىشى زادىلا بولۇپ باقمىغان ئىش ئىكەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر ھېلىقى ئات تېزىكى بار جايغا كەلگەندە، مىڭدى تېخى ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا ئىكەن. ھېلىقى ئىككى كۆزەتچى ئەسكەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلغاندىن باشلاپلا، مىڭدى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغان. ئىكەن. ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ دەرھال بۇ يەردىن چىقىپ، ئېتىغا مىنىپلا يولغا راۋان بوپتىكەن. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقانچە ئات چاپتۇرغان بىلەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپتىكەن، يول بويىدا ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان بىر موماينى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال كۆڭلىگە بىر پىلان كەپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئېسىل قامچىسىنىمۇ بېرىپتۇ، ئاندىن ئىشلارنى مۇشۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ، تېزەككە سوغۇق سۇ سېپىۋېتىپتۇ ـ دە، ئېتىغا مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بايانقى ئويۇن مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بولغانىكەن.

مىڭدى قوغلاپ كەلگەنلەردىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئىگىلىگەن مەلۇماتلارنى ئېلىپ، شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ.

## لى چۈڭنىڭ بالىنى قايتۇرغۇزۇپ بېرىشى

بۇ ۋەقە جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شۆەن ۋۇدى خانىنىڭ يەنچاڭ يىللىرىدا بولغانىكەن.

شۇچۇن ناھىيىسىنىڭ يېزىسىدا شۈن تەي ئىسىملىك بىر دېھقان بار ئىكەن، ئوغلى ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى يۇرتىدا قالايمىقانچىلىق بولۇپ كېتىپ، ئوغلىنى يولدا يوقىتىپ قويىدىكەن ـ دە، بىرنەچچە يىلغىچە دېرىكىنى ئالالماي، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كۈن بويى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتىدىكەن.

بىركۈنى شۈن تەي بازارغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى بېرىپ، توساتتىن ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىر ناھىيىدىن بولغان جاۋ فېڭبونىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ قاپتۇدە، ئامبال يامۇلىغا ئەرز قىلىپ، ئامبالىنىڭ ئوغلىنى قايتۇرغۇزۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

ناھىيە ئامبىلىنىڭ بۇنداق ئەنزىنى بىرىنچى قېتىم ئۇچرىتىشى ئىكەن، شۇڭا بېشى بەك قېتىپ كېتىپتۇ. ئامبال ئادەم ئەۋەتىپ، شۈن تەي بىلەن جاۋ فېڭبونى يامۇلغا ئېپكەلدۈرۈپ سوراق قىپتۇ. سوراقتا ھەر ئىككىسى بالىنى ئۆزەمنىڭ دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۆز يۇرت ـ داشلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپتۇ. ئامبال بۇ دەۋا ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىلاجسىز يۇقىرىغا يوللاپتۇ.

ياڭجۇ ئايىمىقىنىڭ ئايماق بېگى لى چۈڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

ــ چوڭ ئىش ئەمەسكەن، بىر تەرەپ قىلىش ئوڭاي، ــ دەپتۇ

ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا.

لى چۇڭ شۇن تەي بىلەن جاۋ فېڭبونى بالىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، باردى ـ كەلدى قىلىغۇزماپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شۇن تەي بىلەن جاۋ فېڭبوغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارغا:

ــ بالا جىددىي كېسەل بولۇپ قالغاندى، شۇنچە داۋالىساقمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئاخىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئايىماق بېرىگىدىن بۇيرۇق، بالىنى كۆرۈشكە بارساڭلار بولىدۇ. پۇل تەييارلاپ بالىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا ھازىرلىق قىلىڭلار، ــ دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇن تەي ئۆز-ىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ، ئېغىر ھەسرەت ئىچىدە قاپتۇ. جاۋ فېڭبو بىرنەچچە ئۇھ تارتىپ قويۇپتۇ ـ دە، قايغۇرماپتۇ، ھەسرەتمۇ چەكمەپتۇ.

لى چۇڭ مۇلازىملاردىن ئىككىيلەننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بالىنى دەرھال شۇن تەيگە بۇيرۇپتۇ ۋە جاۋ فېڭبونىڭ بالىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىق جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

ــ ئۆز ئوغلۇم كىچىك ۋاقتىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندى، قېرىغاندا چىرىغىمنى ياقىدىغان ئادەم چىقسۇن دەپ، خەقنىڭ بالىسىنى ئېپكىلىۋالغانىدىم، ــ دەپتۇ جاۋ فېڭبو جىنايىتىگە ئىقرار قىلىپ.

## قوي تېرىسىنى كالتەكلەش

جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، شىمالىي ۋېي بەگلىكى يۇڭجۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى لى خۇي مۇنداق بىر ئەنزىنى قاراپتۇ:

بىر تۇزچى بىر خالتا تۇزنى يۈدۈپ، يۇگجۇ شەھىرىگە تۇز ساتقىلى مېڭىپتۇ، يېرىم يولغا كەلگەندە بىر ئوتۇنچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بىرپەس يول ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەپتۇ-دە، ئولتۇرۇپ دەم ئاپتۇ. ئۇلار بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ماڭىدىغان چېغىدا، ئاستىغا سالغان بىر پارچە قوي تېرىسىنى تالىشىپ قاپتۇ. بۇ تېرىسىنى ھەر ئىككىسى مېنىڭ دەيدىكەن. ئۇلار ئاخىرى سوقۇشۇپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئۇلارنى ئاجرىتىپ، ۋالىي لى خۇيغا بېرىپ ئەرز قىلىڭلار دەپتۇ.

— بولدى، بارساق باردۇق، — ئىككىيلەن قىزىرىشىپ ۋالىينىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپتۇ.

ۋالىي لى خۇي ئىككىيلەنگە بولغان ۋەقەنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ.

— بۇ قوي تېرىسى مېنىڭ، — دەپتۇ تۇزچى گەپنى تارتىۋېلىپ، — بۇ تېرىنى نەگىلا بارسام ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگىنىمگە بەش يىل بولدى.

— ئۇزا تارتمايدىكەنسەن، — دەپتۇ ئوتۇنچى بوش كەلمەي، — مېنىڭ تېرەمنى تەپ تارتماستىن مېنىڭ دەۋاتقىنىڭنى قارا! تاغقا ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا، توڭۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ تېرىنى ئۇچامغا ئارتىپ يۈردۈم، ئوتۇن كۆتۈرگەندە مۈرەمگە سېلىۋالدىم.

ئىككىيلەننىڭ ئاغزى بېسىلماپتۇ، ھە دېگەندىلا قايسىنىڭ راست، قايسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولماپتۇ.

ئىككىڭلار سارايىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇڭلار، بىردەمدىن كېيىن سوراقنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ، — دەپتۇ لى خۇي بۇ ئىككىسىگە.

ئىككىيلەن سارايدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لى خۇي ئەتراپىدىكى مۇلازىملارغا:

— مۇشۇ قوي تېرىسىنى كالتەكلىسەك، ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرەرمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ، كۆڭلىدە كۈلۈپ قويۇشۇپ، جاۋاب بەرمەپتۇ.

— قوي تېرىسىنى بورىدا قويۇپ، 40 كالتەك ئۇرۇڭلار، — دەپتۇ لى خۇي مۇلازىملىرىغا.

مۇلازىملار ئىلاجسىز بۇيرۇقنى ئورۇنداپتۇ.

40 كالتەك ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، لى خۇي بېرىپ تېرىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىپتۇ ـ دە:

— ئۇ كالتەككە چىداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى ئىقرار قىپتۇ، — دەپتۇ ۋە ئۇلارنى ئېپكېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

تۇزچى بىلەن ئوتۇنچى زالغا كىرگەندىن كېيىن، لى خۇي ئۇلارغا قاراپ:

— قوي تېرىسى ئىقرار قىلدى، ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، تۇزچى ئۇنىڭ ئىگىسى ئىكەن، — دەپتۇ.

— دارىن، — دەپتۇ ئوتۇنچى قىزارغان ھالدا، — تېرە قانداق قىلىپ ئىقرار قىلىدۇ، تېرىنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق، — دەپتۇ لى خۇي بورىغا چۈشكەن تۇز ئۇۋاقلىرىنى كۆرسىتىپ.

ئوتۇنچى ئەمدى ئالداشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىرى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

# تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، بەش سۇلالە دەۋرى

## تىبەتلىكلەر پادىشاھىنىڭ يالۋاچ ۋەزىرى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تىبەتلىكلەرنىڭ سۇڭزەن گەنبۇ ئىسىملىك بىر پادىشاھى بولغانىكەن. ئۇ ئىچكى ئۆلكىدە ۋېن چېڭ ئىسىملىك قولىدىن ئىش كېلىدىغان، گۈزەل بىر مەلىكىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ۋەزىر دۇڭزەننى توي قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاغدا، ھىندىستان، پېرسىيە قاتارلىق بىرمۇنچە دۆلەت-لەرمۇ يالۋاچ ۋەزىرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىگە ئەۋەتىپ، توي قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى توي قىلىش تەلىپىنى ئېلىپ كەلگەن يالۋاچ ۋەزىرلەرنى ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— كىم ئەقىللىق بولسا، مەلىكىنى شۇلارنىڭ يۇرتىغا بېرىمەن.

بىرىنچى قېتىم، پادىشاھ ئادەملىرىگە 100 تايچاق بىلەن 100 بايتال ئەكەلدۈرۈپ، يالۋاچ ۋەزىرلەرگە قايسى تايچاقنىڭ قايسى بايتالنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئايرىشنى ئېيتىپتۇ. باشقا يالۋاچ ۋەزىرلەر رەڭگىگە قاراپ ئايرىپ، ئاق تايچاق ئاق بايتالنىڭ بالىسى، قارا تايچاق قارا بايتالنىڭ بالىسى، تورۇق تايچاق تورۇق بايتالنىڭ بالىسى دەپتىكەن، دېگەنلىرى پۈتۈنلەي خاتا چىقىپتۇ.

دۇگزەن مۇنداق ئايرىپتۇ: ئاۋال تايچاقلار بىلەن ،ايتاللارنى ئايرىپ قوتانغا سولاپتۇ، بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، تايچاقلارنى بىردىن-بىردىن بايتاللار ئارىسىغا قويۇپ بېرىپتىكەن، تايچاقلار ئۆزىنىڭ ئانىسىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئېتىلىپ بېرىپ ئەمگىلى باشلاپتۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىردىن-بىردىن قويۇپ بېرىپ ئانىسىنى تونۇتۇش ئارقىلىق، بىردەمنىڭ ئىچىدە قايسى تايچاقنىڭ ئانىسى قايسى بايتال ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بوپتۇ.

پادىشاھ يەنە بىر قىيىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: ئادەملىرىگە ئىككى ئۇچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، سىلىقلىقى ئوخشاش قىرىلغان بىر تال سەندەل ياغىچىنى ئەكەلدۈرۈپ، يالۋاچ ۋەزىرلەردىن قايسى تۈۋى؟ دەپ سوراپتۇ. يالۋاچ ۋەزىرلەر ئۇ بۇنىڭغا، بۇ ئۇنىڭغا قارىشىپ، جاۋاب بېرەلمەپتۇ. پەقەت دۇگزەنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تال شوينا بىلەن ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باغلاپ، ئاندىن ئۇنى باغدىكى كۆلگە تاشلاپتۇ. ئۇ ياغاچنىڭ سۇغا چۆككەن تەرىپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سۇغا چۆككەن تەرىپى تۈۋى، لەيلىگەن تەرىپى ئۇچى، — دەپتۇ. پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئاخىرىدا پادىشاھ يالۋاچ ۋەزىرلەرنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر پارچە قاش تېشىنى قويۇپ، ئۇلارغا قاش تېشىنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزۈشنى ئېيتىپتۇ. بۇ ناھايىتى كىچىك تۆشۈك بولۇپ، قاش تېشىنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگىچە بارىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۈز بولماستىن، ئەگرى-بۈگرى، ناھايىتى ئۇزۇن تۆشۈك ئىكەن. يالۋاچ ۋەزىرلەر سىناپ كۆرۈپ بېقىپتۇ، بىراق زادىلا ئۆتكۈزەلمەپتۇ دۇگزەنمۇ بېشى قېتىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ

مېڭىپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەرگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ-دە، كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇ يىپەك يىپنى چۈمۈلىنىڭ بېلىگە چىگىپ، ئاندىن چۈمۈلىنى تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا قويۇپ بېرىپ، تۆشۈكنىڭ بۇ بېشىدىن ئاستا پۈلەپتۇ، ئۇ بېشىغا بىرئاز ھەسەل قويۇپ قويۇپتۇ. چۈمۈلە لۆمۈلدەپ، بار كۈچى بىلەن ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يىپەك يىپنى قاش تېشىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ دۈگزەننىڭ ئۈچ قېيىن مەسىلىنى قويىماي ھەل قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر يالۋاچ ئەلچىسى بۇنداق ئەقىللىق، قابىل بولغان يەردە، پادىشاھى بۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىق ۋە قابىل بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ۋېن چېڭ مەلىكىنى تىبەتكە بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

## سۇ ۋۇمىڭنىڭ قەبرە قېزىشى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، ۋۇ زېتيەن تەختتە ئولتۇرغان چاغ، تەيپىڭ مەلىكىنىڭ غەزىنىدىكى ئىككى قۇتا ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتى ئوغرىلىنىپتۇ. ۋۇ زېتيەن بۇنى ئاڭلاپ، لوياڭدا تۇرۇشلۇق دورغاپقا بۇ ئەنزىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە پاش قىلىشنى تاپشۇرۇپتۇ، پاش قىلالمىسا، دورغاپنىڭ ئۆزىنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دورغاپ بۇ ئەنزىنى پاش قىلىشنى ناھىيە ئامبىلىغا تاپشۇرۇپتۇ، ناھىيە ئامبىلى ئوغرىنى تۇتۇپ كېلىشنى يايىلارغا تاپشۇرۇپتۇ.

يايىلار تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ تەكشۈرۈپتۇ، بىراق ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالماپتۇ. ئۇلار يولدا ئەنزە پاش قىلىشنىڭ باشىسى

خۇجۇنىڭ ئورۇنباسار ئايىماق بېگى سۇ ۋۇمىڭنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ-دە، ئۇنى ئامبال يامۇلىغا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپتۇ، ئامبال بۇ خەۋەرنى شۇ زامات دورغاپقا يەتكۈزۈپتىكەن، دورغاپ بۇ ئىشتىن ۋۇ زېتيەننى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ.

ۋۇ زېتيەن سۇ ۋۇمىڭنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئەنزىنى پاش قىلالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پاش قىلىمەن، — دەپتۇ سۇ ۋۇمىڭ، — بىراق جانابىي ئالىيلىرىدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ۋاقىت بەك قىس بولۇپ كەتمىسە، بۇنىڭدىن باشقا بۇ يەردىكى يايلار مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە.

ۋۇ زېتيەن بۇ تەلەپكە ماقۇل بوپتۇ.

سۇ ۋۇمىڭ ئامبال يامۇلغا كەلگەندىن كېيىن، يايلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدا تۇرۇڭلار، مۇبادا ماتەم كىيىمىنى كىيگەن غۇزلاردىن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ بېيىماڭ تەرەپكە ماڭغانلىرىنى كۆرسەڭلار، دەرھال ماڭا كېلىپ خەۋەر قىلىڭلار.

قەبرە سۈپۈرۈش كۈنى، يايلار راست دېگەندەك غۇزلاردىن ئون نەچچە كىشىنىڭ بېيىماڭ تېغى تەرەپكە قەبرە سۈپۈرۈشكە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار يېڭى بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، نەزىر-چىراغ ئۈچۈن ئېپكەلگەن نەرسىلىرىنى قويۇپ، شاڭ يېقىپ، قەغەز كۆيدۈرۈپتۇ، ئاندىن قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆزىدىن ياش تېمىتماي قۇرۇق يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ، دەرەخ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان يايلار بۇلارنىڭ يىغىسىدىن قايغۇ-ئەلەمنى ھېس قىلماپتۇ،

ئۇلار يىغلىرىنى يىغلاپ بولغاندىن كېيىن قەبرىنى بىر ئايلىنىپتۇ-
دە، كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، يايىلار ئۇچقاندەك بېرىپ بۇ ئەھۋالنى
سۇ ۋۇمىڭغا خەۋەر قىپتۇ.
— مەلىكىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرىنى ئوغرىلە-
غان ئوغرىلار ئاشۇلار، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ سۇ ۋۇمىڭ.
يايىلار ھېلىقى غوزلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپتۇ. قەبرىنى كولاپ،
گۆھنسەيىنى ئېچىپ قارىسا، مەلىكىنىڭ دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسى گۆھن-
سەيدە تۇرۇپتۇ.
ۋۇ زېتيەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۇ ۋۇمىڭنى چاقىرىپ،
ئۇنىڭدىن سىزنىڭ نېمە كارامىتىڭىز بار؟ دەپ سوراپتۇ.
— مەندە ھېچقانداق كارامەت يوق، — دەپتۇ سۇ ۋۇمىڭ، —
مەندىكى بىرلا نەرسە شۇ، مەن ئىنچىكە كۆزىتىشكە دىققەت قىلىمەن،
مەن شەھەرگە كەلگەن كۈنى غوزلاردىن ئون نەچچە كىشىنىڭ بىر
گۆھنسەيىنى كۆتۈرۈپ، قەبرىستانلىق تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى
كۆردۇم. قارىسام بۇ ئادەملەرنىڭ قىياپىتى باشقىچە، شۇڭا بۇلار
ئوغرىلار گۇرۇھى بولسا كېرەك، گۆھنسەيدىكى چوقۇم زاڭ مال دەپ
گۇمانلاندىم. بىراق ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ گۆھنسەيىنى نەگە كۆمىدىغان-
لىقىنى بىلەلمىدىم. قەبرە سۈپۈرۈش كۈنى ھەممە ئادەم قەبرە سۈپۈ-
رىدۇ، ئۇلارنىمۇ شەھەردىن چىقىپ قەبرە سۈپۈرۈشكە ماڭىدۇ دەپ
پەرەز قىلدىم، شۇڭا ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈشكە دەرۋازىغا ئادەم
قويدۇم، نەتىجىدە گۆھنسەيىنى كۆمگەن يەرنى بىلىۋالدۇق. ئۇلارنىڭ
يىغلىغان چاغدا ھېچقانداق قايغۇرۇش ھېسسىياتىدا بولمىغانلىقى
بۇ يەرگە كۆمۈلگەن نەرسىنىڭ ئۆلگەن ئادەم ئەمەسلىكىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىنى ئايلىنىپ بولۇپ كۈلۈپ كەتكەن-

لىكى قەبرىگە ھېچكىشى تەگمەپتۇ دەپ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرسەتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا جانابىلىرىدىن ۋاقتىنى كەڭرەك بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىم مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئىدى، ئۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئالدىن قول سېلىپ قوياتتى-دە، ھېچ نەرسىگە قارىماي زاڭ مالنى ئېلىپ تىكىۋېتەتتى. ئۇ چاغدا ئەنزىسىنى پاش قىلىش قىيىن بولاتتى.

ۋۇ زېتيەن خۇشال بولۇپ، سۇ ۋۇمىڭغا جىق مۇكاپات بېرىپتۇ.

## ئەمەن ياغىچىنى ئۇق قىلىپ ئېتىش ھىيلىسى

جاڭ شۇن لىن خۇچاۋنىڭ ئاسىي قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ ئىككىنچى يىلى — مىلادى 757-يىلى سۇيياڭ شەھرىگە كىرىپ، سۇيياڭنىڭ ۋالىيسى شۇي يۈەنگە ياردەملىشىپتۇ.

شەھەرنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدە ئەن لۇشەن (ئۆگلۈك)نىڭ يەنە بىر سەركەردىسى يىن زىچى تۇرىدىكەن. ئۇ 130 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەھەرنى قورشاپ تۇرغانىكەن.

سۇيياڭنىڭ ۋالىيسى شۇي يۈەن جاڭ شۇن ۋە جاڭجۇن نەن چىيۇنلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— جانابلار، شەھەردە ئوزۇق-تۈلۈك، ئوتۇن-سامان ۋە يانىڭ ئوقلىرى تۈگەي دەپ قالدى. ئاسىي قوشۇنىنى تېز چېكىندۇرەلمەسەكلا، سۇيياڭنى قورشاۋدىن ئازاد قىلالمايمىز. بىراق دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىزنىڭكىدىن بىرنەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق، ئۇلار ئۇرۇش قىلمايمۇ بىزنى مۇشۇ يەرگە قاماپ تۇرۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ.

— ۋالى دارىن، كونىلاردا "ئوغرىنى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت" دېگەن گەپ بار، — دەپتۇ جاڭ شۈن، — يىن زىچېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى سەركەردىسىز قالدۇرساق، بۇ بىز ئۈچۈن ئۇلارنى چېكىندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى بولىدۇ.

— دۈشمەننىڭ بارگاھىغا يېقىنلىشىپ، يىن زىچېنى تونۇۋالالىساقلا، — دەپتۇ مەرگەن نەن چىيۈن، — ئۇنى بىر ئوق بىلەن جايلايمىز. لېكىن يىن زىچېنى ھېچقايسىمىز تونۇمايمىز، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟

— مەندە بىر ئامال بار...، — دەپتۇ جاڭ شۈن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

بۇ كۈنى كېچىدە سۈيياڭ شەھىرىدە جەڭ دۇمبىقى ياڭرىغىلى تۇرۇپتۇ. شەھەر سىرتىدىكى ئاسىي قوشۇن جاڭ شۈن شەھەردىن چىقىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى، دەپ كېچىچە ئۇخلىماي قايتۇرما ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا جەڭ دۇمبىقى توختاپتۇ، شەھەردىن ئادەممۇ چىقماپتۇ. يىن زىچېنىڭ چارلىغۇچىلىرى كۆزىتىش راۋىقىدا تۇرۇپ شەھەرنى كۆزىتىپتىكەن، شەھەردە بىر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. يىن زىچى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىگە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇق قىپتۇ.

ئۇلار تازا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندە، جاڭ شۈن بىلەن نەن چىيۈن باشلىق ئون نەچچە قوماندان بىرنەچچە ئوندىن ئادەمنى باشلاپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، يىن زىچېنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغىچە يېتىپ كەپتۇ. ئاسىي قوشۇننىڭ بارگاھى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ،

بىرنەچچە مىڭ ئەسكەر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلىپتۇ.

جاڭ شۈن بىلەن نەن چىيۈنلەر باش سەركەردە بارگاھى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. يىن زىچى بىلەن بىرنەچچە قوماندان ئەتراپتىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپتۇ.

يىن زىچى دېگەن زادى قايسى؟ نەن چىيۈن ساداقىنى تارتىپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. يېنىدا تۇرغان جاڭ شۈن باشقىلارغا قوماندانلىق قىلىپ، "ئوق"نى بىر-بىرلەپ ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئوق ئەمەن ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى يەڭگىل، يىراققا بارالمايدىغان ئوق ئىكەن، بەدەنگە تەگسىمۇ، بەدەننى زەخملەندۈرەلمەيدىكەن، ئادەمنىڭ يۈزىگە تېگىپ قالسا، ئاز-تولا زەخملەندۈرىدىكەن.

يىن زىچىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر كىشىنى زەخملەندۈرەلمەيدىغان بۇ ئوقنى ئېلىپ قارىسا، "ئەمەن ياغىچىدىن قىلىنغان ئوق" ئىكەن، ئۇلار يىن زىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ. يىن زىچى سۈيياڭ شەھىرىدە ئوق تۈگىگەن ئىكەن، دېگەننى ئويلاپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋاتقاندا، نەن چىيۈن يىن زىچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، ساداققا راست ئوقنى سېلىپ "شارت" قىلىپ ئۈزگەن ئىكەن، ئوق بېرىپ يىن زىچىنىڭ سول كۆزىگە تېگىپتۇ. يىن زىچى "ۋايجان" دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاتتىن يىقىلىپتۇ-دە، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئاسىي قوشۇن ئەسكەرلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاڭ شۈنلەر بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپتىكەن، ئاسىي قوشۇن ئەسكەرلىرىنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ.

يىن زىچى ئېغىر يارىلىنىپ، قايتا جەڭ قىلىشقا ماغدۇرى يەتمىگەنلىكتىن، ئىلاجىسىز چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ.

# لەگلەك ئارقىلىق ياردەم سوراش

مىلادى 781 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ياڭ چاۋگۇاڭنىڭ ئاسىي قوشۇنىنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان لىنمىڭ شەھىرى ئىچىدە شەرقتىن غەربكە قاراپ ماڭغان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۈگۈن لىنمىڭ شەھىرىنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى جاڭ پى ئۆزى ئەسكەر باشلاپ، ھەربىر چېدىر ـ بارگاھنى تەكشۈرگەنىكەن، يول بويى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، جاڭ پىنىڭ كۆرگەن ئەھۋالى شۇ بوپتىكى، ئەسكەرلەر ۋە ئەسكەر باشلىقلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپتۇ، بەزىلىرى كوچا ئىستىھكاملىرىنى ياساۋېتىپتۇ، بەزىلىرى دۈربۈن بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىۋېتىپتۇ، يەنە بەزىلىرى قوراللىرىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ...، بىراق ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ.

جاڭ پى ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈرگەچ، كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: قوشۇنىنىڭ بۇ يېگانە شەھەرنى ساقلاپ تۇرغىنىغا بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى، شەھەر ئىچىدىكى ماددىي ئەشيالارمۇ بىر يەرگە باردى، شەھەرگە قامىلىپ تۇرۇۋەرگەنسىرى ئەسكەر ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىدا ئۆز ئىستىقبالىغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولۇپ، ھەربىي روھىي ھالەتتىمۇ تەۋرىنىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ــ سەركەردە، سىزگە مەلۇمات.

جاڭ پى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قول ئاستىدىكى ھەربىي مۇلازىمەت ئەمەلدارى ئىكەن.

ــ سەركەردە، ھازىر شەھەردە ئۈچ كۈنگە يەتمەيدىغان ئوزۇق

قالدى.

ــ نېمە؟ ئۈچ كۈنگە يەتمەيدىغان ئۇزۇق قالدى؟

ئۈچ كۈنگە يەتمەيدۇ، ئۈچ كۈنگە يەتمەيدۇ. جاك پى بۇ سۆزنى ئىچىدە تەكرارلاپ ماڭغاچ، قانداق قىلىپ قورشاۋدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ.

جاك پى ئۆزىنىڭ قوماندانلىق ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىشكتىن سىرتقا چىقماي، قورشاۋنى يېرىپ چىقىشنىڭ پىلانى ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ. بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئوردىدىن ئادەم كېلىپ، قورشاۋ ئىچىدە تۇرغان جاك پىغا ئوردا سەركەردە ما سۈينى لىنىڭغا ياردەمگە ئەۋەتتى، دەپ خەۋەر بەرگەنىكەن. بىراق، يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ياك چاۋگۇاڭنىڭ ئاسسي قوشۇنى شەھەرگە بولغان قورشاۋنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەچكە، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولماي قاپتۇ. شەھەردە ئۇزۇق ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالنى قانداق قىلىپ سىرتقا چىقىرىپ، سىرتتىكىلەرنى خەۋەرلەندۈرگىلى بولىدۇ؟

جاك پى قەدەملىرىنى ئېغىر ـ ئېغىر بېسىپ، كىتابخانىسىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ماڭغىلى تۇرۇپتۇ.

ئۇ ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىۋاتقاندا، كۆزى بىردىنلا تامغا ئېسىپ قويۇلغان بىر پارچە قەدىمكى رەسىمگە چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ ئالدىنقى پادىشاھ زامانىدا ئۆتكەن مەشھۇر بىر رەسسامنىڭ سىزغان رەسىمى بولۇپ، بۇنىڭدا بىر پادىچى بالىنىڭ لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقانلىقى سىزىلغان. قولىدا كېپىنەك شەكىللىك لەگلەكنىڭ يىپىنى تۇتقان بالا پايانسىز دالىدا سەكرەپ يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ، لەگلەك بارغانسېرى ئېگىزلەپ بولۇتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەچكە، رەسىمدە تازا ئۇچۇق

كۆرۈنمەي قاپتۇ. رەسىمگە قاراپ، جاڭ پىڭنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ: توغرا، مەنمۇ ئاشۇ پادىچى بالىدىن ئۆگىنىشىم كېرەك.

جاڭ پى پىلاننى كۆڭلىگە پۈككەندىن كېيىن، دەرھال كىتابخانىدىن چىقىپتۇ.

— لەشكەر بېشى.

— مانا مەن تەييار.

— لەگلەك ياسايدىغان ئادەم تېپىپ، دەرھال ماڭا بىر چوڭ لەگلەك ياسىتىپ كېلىڭ.

— بولىدۇ.

لەشكەر بېشى ئاغزىدا ماقۇل دېگەن بولسىمۇ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قاپتۇ: بۈگۈن جاڭ سەركەردىگە نېمە بولدى؟ ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قېلىۋاتسا، قانداقمۇ لەگلەك ئوينىغۇسى كېلىدۇ. بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق ـ دە، كۆڭلىدە تازا قايىل بولمىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى يەنىلا تەلەپ بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن لەگلەك تەييار بوپتۇ، جاڭ پىڭنىڭ ياردەم سوراپ يازغان جىددىي ئاخباراتىمۇ يېزىلىپ بوپتۇ. ئۇ ئاخباراتنى لەگلەكنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىغاندىن كېيىن، لەشكەر بېشى ۋە ئەسكەرلەر رازى بولغان ھالدا كۈلۈشۈپ، جاڭ سەركەردە ھەقىقەتەن تەدبىرلىك قوماندان ـ دە، دېيىشىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن، لىنىمىڭ شەھىرىنىڭ ئىچىدىن ئۈشتۈمتۈت بىر لەگلەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە، بارغانسېرى ئۆرلەپ، شامالدا ئاسىي قوشۇن بارگاھىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇ.

ئاسىي قوشۇن ئەسكەرلىرى بۇ غەلىتە لەگلەكنى كۆرۈپ، دەرھال

ياڭ چاۋگۇاڭغا خەۋەر قىپتۇ. بىراق ياڭ چاۋگۇاڭ مەرگەنگە بۇيرۇق بېرىپ ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرگىچە، لەگلەك بىرەر يۈز جاڭ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئوقيا ئوقىنىڭ تېگىش ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن لەگلەك ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەپ، كېلىشىپ قويغاندەك ما سۈينىڭ بارگاھىغا چۈشۈپتۇ. ما سۈي لەگلەكتىكى: "ئۈچ كۈنگىچە ياردەمگە ئادەم كېلىپ قۇتقۇزۇۋالمىسا، لىنمىڭ شەھىرى ھۇجۇمسىزمۇ تۈگەپ كېتىدۇ" دېگەن خەتنى كۆرۈپ، جاڭ پىنىڭ ئوزۇقى تۈگىگەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ، لىنمىڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئاسىي قوشۇنغا ھۇجۇم قىپتۇ، جاڭ پىمۇ شەھەر ئىچىدە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىچى ـ تېشىدىن ماسلىشىپ، ئاخىرى ئاسىي قوشۇننى مەغلۇپ قىپتۇ.

## ۋالىينىڭ كۆمۈشنى سۈزۈپ چىقىشى

بۇ ۋەقە تاڭ سۇلالىسى زامانىدا بولغانىكەن.

سالقىن كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى بىر يۈك پاراخوتى چاڭجياڭ دەرياسىدا كېتىۋېتىپتۇ، پاراخوتنىڭ يۈكى بەك ئېغىر بولغاچقا، مېڭىش سۈرئىتى بەك ئاستا ئىكەن. سودىگەرلەر يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزسە، مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ۋە بىرمۇنچە پايلىقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاتتا بىر سودىگەر بار ئىكەن، ئۇ يېنىدىكى كۆمۈشنى يامان ئادەملەرنىڭ ئوغۇرلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، باشقا سودىگەرلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا تۇيدۇرماستىن، كۆمۈشنى ماللارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى

پاراخوت ھەيدەۋاتقان بىر ياش يىگىت كۆرۈپ قاپتۇ.

پاراخوت ئۇنى چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن بىر پورتقا كېلىپ توختاپتىكەن، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرەر نەرسە ئېلىش ياكى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن بازارغا كېتىپتۇ.

سودىگەرلەر دەريانىڭ بويىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ياش پاراخوتچى چوڭ سودىگەرنىڭ كۆمۈشىنى ئوغۇرلاپ، ماللارنى ئۆز زېپىتى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن دەريانىڭ بويىغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى پاراخوت ئاخىرى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى بىر پورتقا يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى چوڭ سودىگەر مالىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان كومۇشىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى بىلىپ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ، ئۆرۈپ-چۆرۈۋېتىپتۇ، كۆمۈش يەنىلا ھېچيەردىن چىقماپتۇ.

ئاخىرى، چوڭ سودىگەر ھېلىقى پاراخوتچى ياش يىگىتنى تۇتتۇۋېلىپ، يامۇلغا ئاپىرىپتۇ. يامۇل ئەۋەتكەن ئادەملەر پاراخوتنى قايتىدىن ئاختۇرۇپتىكەن، كۆمۈش تۈگۈل ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

— تازا قىزىق ئىش بولدى. — سودىگەر ئولتۇرۇپ ھەسرەت چەككىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ ئەنزە ۋالىي يەن جىمبىننىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ۋالىي پاراخوتچىنى چاقىرتىپ سوراق قىپتىكەن، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ. ئاخىرى بىرنەچچە سودىگەردىن پاراخوتنىڭ تۈنۈگۈن كەچتە نەدە توختىغانلىقىنى سوراپتۇ. پاراخوتنىڭ توختىغان يېرىنى تەپسىلىي بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى مۇلازىملىرىغا دەرھال تۈنۈگۈن كەچ پاراخوت توختىغان پورتقا بېرىپ، كومۇشنى سۇدىن سۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئوغۇرلانغان

كۆمۈشنى كىم سۈزۈپ چىقسا، ئۇنىڭغا جىق ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار راست دېگەندەك ھېلىقى يەردىن ئىچى لىق كۆمۈش بىلەن توشقۇزۇلغان كىچىك بىر ساندۇقنى سۈزۈپ چىقىپتۇ.

ئەسلىدە، بۇ پاراخوتچى يىگىت دائىم مۇشۇنداق ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتتۈۋالغاندىن كېيىن، گەپ - سۆزلەر بېسىقاندا، ئوغۇرلىغان مالنى ئۆزى ئالىدىكەن. ئەمدىلىكتە ئۇ زاڭماللار ئالدىدا ئۆز جىنايىتىگە ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## ئېشەكنى قويۇپ بېرىپ، توقۇمنى تېپىش

تاڭ سۇلالىسى زامانىدا جاڭ جو ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ خېباڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبال بېگى بولۇپ، ھەربىي ۋە ساقچى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، مۇنداق بىر ئەنزىنى بىر تەرەپ قىپتۇ:

بىر دېھقان ئېشىكىنى ھويلىنىڭ سىرتىدىكى كەپە ئېغىلدا باقىدىكەن. قىش كۈنى قار ناھايىتى قېلىن يېغىپتۇ. دېھقان ئېشىكىگە ئوت سېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇلۇپ قالغاچقا، ئېشەك سوغۇقىنىڭ دەردى ۋە قورساقنىڭ ئاچلىقىغا چىدىيالماي، چېچاڭشىپ سەكرەپ بىرھازا ھاڭرىغان بولسىمۇ، ئىگىسىنى زادىلا ئويغىتالماپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئېشەك ئاچچىقىغا پايلىماي ئاغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ - دە، ئېغىلدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ياش كېلىنچەك ئوت سېلىپ بېرەي دەپ ئېغىلغا كىرسە، ئېشىكى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ پايپاسلاپ چىقىپ بۇ خەۋەرنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن سىرتقا قاراپتىكەن،

ھەممە يەر ئاپئاق قار، ئېشەكنىڭ ئىزىمۇ قارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. كەنتكە بېرىپ ئۆيمۇ ئۆي ئۈچ كۈن ئاقتۇرۇپمۇ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى يامۇلغا بېرىپ ئەرز قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئامبال بېگى جاڭ جو تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدىتىپ-تۇ، ئېلان چاپلاپتۇ، ئىشقىلىپ ئېشەك ئىزدەشنى ناھايىتى جىددىي تۇتۇپتۇ. ئېشەكنى تۇتۇپ ئۆيىگە سولىۋالغان ئادەم بەلكى بۇنداق جىددىي ئىزلەشتىن قورقۇپ قالغان بولسا كېرەك، كېچىدە ئېشەكنى ئاستا ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مەقسىتىدە توقۇمنى تىقىۋاپتۇ.

— ئېشەك قايتىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ توقۇمىنى تېپىش ئاسان، — دەپتۇ جاڭ جو.

جاڭ جو كېچىدە دېھقاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېشىكىڭگە بىرنەرسە بەرمە، نوختىسىنى چىقىرىۋېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيدىن چىقىرىپ قويۇۋەت، — دەپتۇ.

ئېشەك قورساقتا بىرنېمە يېمىگەچكە، ئاچلىقتا چىدىماي، تۈنۈگۈن ئۆيىگە ئەكىرىۋېلىپ باققان ئادەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ. بىر-نەچچەيلەن كۆرۈنە — كۆرۈنمەس ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

ھېلىقى ئېشەكنى تۇتۇۋېلىپ باققان ئادەم ئېشەكنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم خۇشال بوپتۇ. بىراق، بىردەمنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە يايى ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەر-بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ، چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئىچىدىن توقۇمنى تېپىپتۇ.

# ئالتۇن ئەنزىسى

لى ميەن فېڭشياڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇلىڭغا قاراشلىق ناھىيىدىكى بىر دېھقان ئۆز ئېتىزلىقىدا زەيكەش چېپىۋات-قاندا، ئۇنىڭغا بىر كوزا ئۇچراپ قاپتۇ. ئېچىپ قارىسا ئىچى پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن تولغانىكەن. دېھقان ئىككى تەمبەل يىگىتنى چاقىرىپ، ئالتۇن قاچىلاقلىق كوزىنى كۆتەرتىپ، يامۇلغا ئاپىرىپىتۇ. ئامبال بۇ نەرسىنىڭ يامۇلدا ساق تۇرمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، كوزىدىكى دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاپارغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇ كېچىچە ناھايىتى ياخشى چۈش كۆرۈپتۇ.

ئەتىسى ئەمدى تاڭ يوراي دېگەندە، ئۇ چىراغنى ياندۇرۇپ، كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئالتۇننى تازا ئوبدان بىر كۆرۈۋالاي دەپ ئېچىپ قاراپتىكەن، كوزىنىڭ ئىچىدە لىقمۇلىق قاتتىق سېغىز چالما تۇرۇپتۇ. ئامبال ئالدىنىپتىمەن، دەپ بىرنەچچىنى ۋارقىرىتىپتۇ، بىراق ئامال قانچە؟ ئۇ بارلىق مال-مۈلكى، خوتۇن، بالا-ۋاقىلىرىنى ساتسىمۇ بۇنچىلىك پۇلنى تۆلىيەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى يوشۇرۇشمۇ مۇمكىن بولمايدىكەن. كوزىنىڭ ئېتىزدىن قېزىۋېلىنغانلىقىنى، ئىچىنىڭ ئالتۇن بىلەن تولغانلىقىنى پۈتۈن يېزىدىكى ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنىڭ ھەممىسى بىلىدىكەن. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئالتۇن ئامبالنىڭ ئۆيىدە چالمىغا ئايلىنىپ قاپتۇ دېگەننى ناھىيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتسە، كۆپچىلىك بۇ ئىشقا ھەيران قالىدۇ، بىرمۇنچە ئادەملەر ئامبال يەڭ ئىچىدە ھۈنەر ئىشلىتىپتۇ، دەپ قارايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئامبالنىڭ كۆڭلى چىركىن

يېگەندەك بولۇپ قاپتۇ. ۋىلايەتتىن مەخسۇس ئادەملەر كېلىپ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپتىكەن، ئامبال ھەممىگە ئىقرار قىپتۇ، ئەمما يۈز-كۆزىدىن مۇنچاق-مۇنچاق تەر ئاققىلى تۇرۇپتۇ، ئالتۇننى نەگە قويغانلىقىنى سورىسا، ھېچ نەرسىنى دەپ بېرەلمەپتۇ. فېڭشياڭنىڭ ۋالىسى لى ميەن ئەنزىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ئەمما ئامبالغا ئالتۇننى تاپشۇرغۇزۇشنىڭ بىرەر ئۇبدان ئامالىنى تاپالماپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق زىياپەتتە لى ميەن ئەمەلدارلارغا بۇ ئىشنى ئېيتىپتىكەن، ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ. بۇ چاغدا يۈەن زى ئىسىملىك بىر كىچىك ئەمەلدار گويا كۆڭلىدە بىرنەرسە ئويلاۋاتقاندەك گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. لى ميەن ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سوراپتىكەن، يۈەن زى ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ، ئولتۇرغان ئەمەلدارلارغا:

— بۇ ئىشتا بىرەر ئۆۋاللىق بولدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، — دەپتۇ.

لى ميەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سىزدە بىرەر ئامال بار ئوخشايدۇ، مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج. مېنىڭچە، سىزدىن باشقا ئادەم بۇ ئىشنىڭ راست-يالغىنىنى ئايرىپ چىقالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، بۇ ئەنزىنى مەن بېجىرەي، — دەپتۇ يۈەن زى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئەنزىنى فېڭشياڭ ۋىلايىتىگە ئەكەلدۈرۈپ بىجىرىپتۇ.

يۈەن زىنىڭ بۇ ئەنزىنى بېجىرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان

ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى مازاق قىپتۇ، بەزىلىرى زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىپتۇ.

يۈەن زى بەك تەدبىرلىك ئىكەن، ئۇ كىشىلەرگە كوزىنى ئاچقۇزۇپتىكەن، ئىچىدىن شەكلى ئالتۇن يامبۇغا ئوخشايدىغان چالمىدىن 250 پارچىدەك چالما چىقىپتۇ. ئۇ بازارغا ئادەم ئەۋەتىپ، نۇرغۇن ئالتۇن ئەكەلدۈرۈپتۇ-دە، كوزىدىن چىققان ئالتۇن يامبۇنىڭ شەكلىدە قىلىپ قۇيدۇرۇپتۇ. قۇيۇلغان ئالتۇن ئوخشاش سان بويىچە تەييار بولغاندىن كېيىن، جىڭ بىلەن ئۆلچەپ كۆرۈپتىكەن، يېرىمى 300 جىڭ كەپتۇ. يۈەن زى خەقلەردىن كوزىنى يېرىدىن قانچە ئادەمنىڭ ئەكەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

بۇنى يېرىلىق ئىككى ئادەم بامبۇكتىن ياسالغان بالداق بىلەن كۆتۈرۈپ ئەكەلگەنىكەن. ئالتۇن يامبۇنىڭ سانىنى ھېسابلاپ كۆرۈپتىكەن، ئىككى ئادەمنىڭ بالداق بىلەن كۆتۈرۈپ كېلەلىشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى بىلىنىپتۇ. ھەممە ئىش ئاشكارا بوپتۇ. ئەسلىدە ئالتۇن يولدىلا ھېلىقى ئىككى ئادەم تەرىپىدىن چالمىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئامبالمۇ ئاقلىنىپتۇ.

## يۈي خاۋنىڭ مۇنار ياسىشى

بەش دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ۋۇيۆۋاڭ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى چيەن لىيۇ شەرقىي جېجياڭ ۋە جەنۇبىي جېجياڭنى ساقلاپ تۇرغان چاغدا، خاڭجۇنىڭ چۈتيەنسى ئىبادەتخانىسىدا بىر ياغاچ مۇنار ياسىتىپتۇ. مۇنارنىڭ تېخى ئەمدى 2-، 3-قەۋىتى پۈتكەندە،

چيەن ليۇ مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپىنى كۆزەتمەكچى بولغانكەن، مۇنار لىڭشىپ كېتىپتۇ، پادىشاھ ئارخېتېكتور (بىناكارلىق ئۇستىسى)دىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— بۇنىڭ سەۋەبى مۇنار تېخى پۈتمىدى، ئۈستىگە كاھىش قويۇلمىدى، مۇنارنىڭ ئۈستى يەڭگىل، شۇڭا لىڭشىيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئارخېتېكتور.

چيەن ليۇ ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، مۇنارنىڭ ئۈستىگە كاھىش قويغۇزۇپتىكەن، مۇنار يەنىلا لىڭشىپ توختىماپتۇ. ئارخېتېكتور جىلە بولغىنىدىن تۇرالماي قاپتۇ-دە، ئاتاقلىق يۇخاۋ ئۇستامدىن تەلىم سوراپتۇ.

— بۇ مۇنارنى لىڭشىمايدىغان قىلىش ئاسان، — دەپتۇ يۇخاۋ، — ھەربىر قەۋىتىنى تاختاي مىخلاپ پۇختىلاش كېرەك.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز؟ — سوراپتۇ مۇنار ياسىغۇچى ئارخېتېكتور.

— تاختاينىڭ ئاستى-ئۈستى پۇختا مىخلانسا، — دەپتۇ يۇخاۋ، — خۇددى ساندۇق ياغىچىدەك ئالتە تەرەپ بىر-بىرىگە كىرىشىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئۈستىگە چىقىپ دەسسىگەندە، ئاستى-ئۈستى ۋە تۆت تەرەپ ئۆزئارا بىر-بىرىنى يۆلەپ، كىرىشىپ تۇرىدۇ-دە، لىڭشىمايدىغان بولىدۇ.

ئارخېتېكتور يۇخاۋنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتىكەن، راست دېگەندەك مۇنار لىڭشىمايدىغان بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يۇخاۋنىڭ نامى ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، سۇڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 978-يىلى چيەن ليۇ شەرقىي ۋە جەنۇبىي جېجياڭلاردا

قۇرغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپتۇ. ئۇ ئىسلاھلاردىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى شەرقىي ئاستانە بىيەنلىياڭدا چوڭ بىر ياغاچ مۇنار ياسىتىشنى قارار قىپتۇ. يۇخاۋ ئاستانىغا چاقىرتىلىپ، بۇ ياغاچ مۇنارنى لايىھىلەش ۋە ياساش ئىشىغا مەسئۇل قىلىنىپتۇ.

مىلادىنىڭ 989 ـ يىلى سەككىز بۇرجەكلىك كاتتا بىر ئېگىز مۇنار كەيباۋسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا شەرقىي ئاستانىدىكى ئەمەلدارلار، ئېسىلزادىلار ۋە پۇقرالار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، ھەيۋەتلىك مۇنارنى زىيارەت قىپتۇ.

ھاي، ھاي! مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى كۆككە تاقاشقان، زىننەتلىك قىلىپ ئېسىل ياسالغان، ئېگىزلىكى 120 چى بولۇپ، جەمئىي 13 قەۋەت، ئاستانىدىكى ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھەيۋەتلىك ئېسىل مۇنار بولغان. بىراق سەل چېنىپ قالغان يېرى شۇكى، مۇنار غەربىي شىمال تەرەپكە قىڭغىيىپراق قالغان.

بىر ئەمەلدار يۇخاۋنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن مۇنارنى بۇنداق لايىھىلىگەنلىكىنى سوراپتۇ.

ــ مەن بۇنى قەستەن مۇشۇنداق لايىھىلىگەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يۇخاۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ــ بۇ شەھەرنىڭ يەر شەكلى تۈز، ــ دەپتۇ يۇخاۋ چۈشەندۈ-رۈپ، ــ ئەتراپتا تاغ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋاملىق غەربىي شىمال شاملى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مۇنار تۈز بولىدىغان بولسا، غەربىي شىمال شاملىنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىدۇ، مەلۇم ۋاقىتقا كەلگەندە ئۆرۈلۈپ كېتىشمۇ

مۇمكىن. ھازىر مەن مۇنارنى غەربىي شىمال تەرەپكە بىرئاز قىڭغاي-
تىپ قويدۇم، بۇنىڭدىن مەقسەت شامال كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش.
100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، مۇنار تەبىئىي ھالدا غەربىي شىمال
شامىلىنىڭ كۈچى بىلەن تۈزلىنىپ قالىدۇ.

ھېلىقى ئەمەلدار ئويلىنىپ قاپتۇ: شۇنداق، شامال كۈچىمۇ ئېگىز
قەۋەتلىك ياغاچ قۇرۇلمىلارنى لايىھىلەشتە سەل قارىغىلى بولمايدى-
غان تەڭشىگۈچ ئىكەن!

ئەتراپتىكىلەر يۇخاۋنىڭ بۇنى ناھايىتى ئوبدان ئويلاپ قىلغانلى-
قىنى ماختىشىپتۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مىلادى 1044-يىلى كەيباۋسىدىكى بۇ
ئېسىل مۇنار بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ تۈگەپتۇ.

## سۇلۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى

### چىرايلىق گەپ بىلەن ئارقا ئىشكنى ئېتىش

سۇ دۇڭپو ئوردىدا چوڭ ئەمەل تۇتقانىدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغانلار كۆپىيىپ كېتىپتۇ.

بىركۈنى ئۇنىڭ يۇرتىدىن يېقىن بىر ئاغىنىسى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ:

— ئامال قىلىپ ماڭا كىچىككىرەك بولسىمۇ بىرەر ئەمەل بەرسە-ڭىز، — دەپتۇ.

سۇ دۇڭپو ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، ئاغىنىسىگە مۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈن بىر كىتاب كۆردۈم، ئوقۇپ قارىسام، ئىچىدە قىزىق بىر ھېكايە بار ئىكەن، ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامسىز؟

— ئېيتىڭ، ئاڭلايمەن، — دەپتۇ ھېلىقى يېقىن ئاغىنىسى قىزىققان ھالدا.

سۇ دۇڭپو كۈلۈپ تۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ—

زاراتگاھلىقتا ئوغرىلىق قىلىدىغان بىر ئوغرى شەھەرنىڭ غەربى-دىكى دۆڭلۈككە چىقىپ، ئىككى كېچە ھەپىلىشىپ، ساپال لېيىدا ياسالغان بىر قەبرىنى ئېچىپتۇ. ئۇ قەبرە ئىچىدىكى جەسەت ساندۇ-قىنى ئېچىپ قاراپتىكەن، پادىشاھ سىياقىدىكى بىر ئادەم ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ قورقۇپ كېتىپ ھېلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— سەن كىم بولىسەن؟

— مەن ئۆلۈك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەبرە ئىچىدىكى ئادەم كۆلۈپ تۇرۇپ، — خەن سۇلالىسى تۆتىنچى خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى بولىمەن، ئىسمىم ۋېندى. سەن كىم بولىسەن؟

زاراتكاھلىق ئوغرىسى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھىنىڭ قەبرىسىدە ئالتۇن، كۈمۈش جەزمەن كۆپ بولىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ۋە ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن زاراتكاھلىق ئوغرىسى، بۈگۈن ساڭا كۆپ رەھمەت!

— قەبرىنى خاتا كولاپ قويۇپسەن، — دەپتۇ خەن ۋېندى ئەپسۇسلانغان ھالدا، — مەن ئۆلۈكلەرنى ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بىللە كۆمۈشنى ياقتۇرمايدىغان ئادەم، لازىم بولسا يېنىمدا ئەسكى كوزا، ئىدىشلار بار.

زاراتكاھلىق ئوغرىسى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلىپ، شەھەرنىڭ شەرقىدىكى بوز يەرگە بېرىپ، ساق بىر كېچە ھەپىلىشىپ، خىش بىلەن قوپۇرۇلغان بىر قەبرىنى ئېچىپتۇ. ئۆلۈك ساندۇقىنى ئېچىپ قارىسا، قىپيالىڭاچ بىر ئادەم ئولتۇرغىدەك. ئوغرى قورقىنىدىن ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن كىم بولىسەن؟

— مەن ئۆلۈك، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قەبرىدىكى ئادەم خىجىل بولغان ھالدا، — خەن سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ۋاڭ ياڭسۇن بولىمەن، ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟

ئوغرى كۈلۈپ كېتىپتۇ: يەرلىك ئەمەلدارلاردا پادىشاھلارغا ئوخشاش ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار جىق بولىسىمۇ، قەھرىۋا، مىس تەڭگە دېگەنلەر ئەلۋەتتە بولماي قالمايدۇ، دەپ

ئويلاپتۇ ۋە ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— مەن زاراتىگاھلىق ئوغرىسى، بۈگۈن ساڭا كۆپ رەھمەت.
— قەبرىنى خاتا كولاپ قويۇپسەن، — دەپتۇ ۋاڭ ياڭسۇن سوغۇق كۈلۈپ، — مەن ئۆلۈكلەرنى يالىڭاچ پېتى دەپىن قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ئادەم، مەندە ساڭا بەرگۇدەك نېمە بولسۇن؟
ئوغرى كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بۇ يەردىن ئايرىلىپ، شەھەرنىڭ شىمالىدىكى سايغا بېرىپ، يېرىم كۈن ھەپىلىشىپ، لايدىن قاتۇرغان بىر قەبرىنى ئېچىپتۇ. قارىسا قاخشال ياغاچقا ئوخشايدىغان ئورۇق بىر ئادەم ئازگاللغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوغرى بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ - دە، ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— سەن نېمە ئادەم؟
— مەن ئۆلۈك، — جاۋاب بېرىپتۇ قەبرىدىكى ئادەم يىغلامسىرىغان ھالدا، — شاڭ سۇلالىسى ۋەزىرىنىڭ چوڭ ئوغلى بولىمەن، سەن نېمە ئادەم؟
ئوغرىدا ئۈمىد پەيدا بوپتۇ: شاڭ سۇلالىسىنىڭ مىس ئەسۋابلىرى داڭلىق، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆمگەن نۇرغۇن مىس ئەسۋابلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— مەن زاراتىگاھلىق ئوغرىسى بولىمەن، بۈگۈن ساڭا كۆپ رەھمەت.
— قەبرىنى خاتا كولاپ قويۇپسەن، — دەپتۇ بو يى ھالسىزلانغان ھالدا، — مەن ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئادەم، مېنى سېلىپ كۆمىدىغانغا ئۆلۈك ساندۇقىمۇ چىقمىغان تۇرسا، ساڭا بەرگۇدەك نېمە بولسۇن؟
— ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قەبرىنى كولىسام، ھېچ نەرسە چىقمىدى، — دەپتۇ ئوغرى غەزەپلەنگەن ھالدا، — ئاشۇ غەربتىكى

قەبرىنى كولاپ باقسام، بىرەر نەرسە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

— بىكار ئاۋارە بولما، — دەپتۇ بو يى ئۇنى توسۇپ، — بۇ ئىنىم شۈچىنىڭ قەبرىسى، ئۇمۇ مەن بىللە ئاچلىقتىن ئۆلگەن. سەن بۇ يەردە ئاۋارە بولماي، باشقىچە يول تۇت. مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمغا قاراپ باقساڭ، دادامنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

سۇ دۈگىپونىڭ ياردەم سوراپ كەلگەن ھېلىقى يۇرتدىشى ھېكايىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ-دە، ئۆزىنى سوراپ ئاستا يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

## ئىككى قېتىملىق كالا ئەنزىسى

باۋگۇڭ تيەنچاڭ ناھىيىسىگە ئامبال بولۇپ كېلىپلا ئىككى قېتىملىق تېرىلغۇ كالىسى ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىپتۇ.

ئۇ چاغ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى ئىكەن. شەرقىي يېزىدىكى دېھقان ۋاڭ بىلەن جاڭ بىر كۈنى ئېتىزلىقتا بىرىپ يەر ھەيدەپتۇ. ئۇلار دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئېتىزنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ-دە، ئىككى كالىنى دۆڭلۈككە ئوتلىغىلى قويۇپ بېرىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئىككى كالا ئۇسۇشقىلى تۇرۇپتىكەن. ۋاڭ بىلەن جاڭ بۇنى ئانچە چوڭ ئىش دەپ قارىماي، چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. كىم بىلسۇن، ئۇسۇشۇش نەتىجىسىدە، ۋاڭنىڭ كالىسى جاڭنىڭ كالىسىنى ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. كالا دېگەن دېھقاننىڭ جېنى، ئەمدى بۇ ئىككى ئاغىنە خاپا بولۇشۇپ قاپتۇ-دە، جاڭ دېگەن كىشى ۋاڭ دېگەن كىشىنىڭ كالىسىنى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ

قىلىپ يامۇلغا ئەرز قىپتۇ.

بۇ چاغدا باۋگۇڭ تېخى مەنسەپتە ئولتۇرمىغانىكەن. سابىق ئامبال بەي جى بۇ ئەرزنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇنداق ئويلاپتۇ: تۆلەشكە هۆكۈم قىلىپ قويسام ۋاڭ زىيان تارتىدۇ؛ تۆلەشكە هۆكۈم قىلمىسام، جاڭ زىيان تارتىدۇ. ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، بۇ ئەرزە ئۈستىدە مۇۋاپىق، ئادىل هۆكۈم چىقىرالماي، بۇلارنىڭ هەر ئىككىسىنى سولاققا ئاپتۇ.

ئەتىسى باۋگۇڭ ئامباللىق مەنسىپدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى دېهقاننىڭ سولاقتا تۇرۇپ ئادەم تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى چاقىرىپ سوراق قىلغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىكەنسىلەر، دىققەتسىزلىكتىن كالاڭلار ئۇسۇشۇپ قېلىپ، بىرسى ئۆلۈپ قاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن يېقىن ئاغىنىلەر رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قاپسىلەر، بۇ تولىمۇ ئەپلەشمىگەن ئىش بوپتۇ. مەن ئىككىڭلارنىڭ ئەپلىشىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇ مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپلا قولىغا قەغەز ئېلىپ مۇنۇ تۆت قۇر خەتنى يېزىپتۇ:

ئىككى كالا سوقۇشسا،<br>
بىرسى ئۆلمەي قالمايدۇ؛<br>
ساق چېغىدا يەرنى بىللە تېرىغانلار،<br>
ئۆلگىنىدە بىللە يېمىسە بولمايدۇ.

هېلىقى ئىككى دېهقان بۇ هۆكۈمنى ئاڭلاپ ناهايىتى بەك خۇشال بوپتۇ-دە، بۇ تازا ئادىل، مۇۋاپىق بولدى دېيىشىپ، قول تۇتۇشۇپ

يامۇلدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك، بۇ ئىككىيلەننىڭ يامۇلدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، بىرەيلەن كىرىپ يەنە بىر ئەنزىنى مەلۇم قىپتۇ.

بۇ غەربىي يېزىدىن كەلگەن دېھقان بولۇپ، ئىسمى ليۇ چۈەن ئىكەن. بۇگۈن ئەتىگەن كالىنى ئېتىزغا ئاپىرىپ ئىشلەي دەپ، كالا قوتۇنىغا كەپتىكەن، قوتانغا قاراپ چۆچۈپ كېتىپتۇ: ئۇنىڭ سېرىق كالىسىنىڭ ئاغزى قان بولۇپ كېتىپتۇ، كىمدۇ بىرسى كالىنىڭ تىلىنى كېسىۋاپتۇ. ئۇ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغلاپتۇ ـ دە، ئاخىرى يامۇلغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ.

باۋگۇڭ ئەرزنامىنى كۆرۈپ ئويلاپتۇ: بۇ ئىشنى ئېھتىمال ليۇ چۈەن-نىڭ رەقىبلىرى قىلغان گەپ. ئۇ ليۇ چۈەنگە مۇنداق دەپتۇ:

— قارىغاندا كالىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، سىز كالىنى سويۇپ، گۆشىنى سېتىڭ، مەن سىزگە ئازراق پۇل ياردەم قىلاي، بۇنى قوشۇپ يېڭىدىن بىر كالا سېتىۋالسىڭىز بولىدۇ.

ليۇ چۈەن ھاياجان ئىچىدە كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپتۇ ليۇ چۈەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋگۇڭ كالا ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بىر ئېلان چىقىرىپتۇ:

ناھىيىمىزدىكى پۇقرالارغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىمىز: ئەتىيازدىكى يەر ئاغدۇ-رۇش ۋە يەر تېرىش ئىشلىرىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تېرىلغۇ كالىلىرىنى ياخشى بېقىش كېرەك، كالىلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. كالىدا كېسەل بولسا، مال دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىش، داۋالىتىش كېرەك؛ داۋالاش ئۈنۈم بەرمىسە، يامۇلغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتـ-كەندىن كېيىن، ئاندىن سويۇشقا بولىدۇ. تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزمەي، ئۆزى

خالىغانچە كالا سويغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلدۇ. كالا سويغانلارنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە يامۇل 300 تىزىق كۆمۈش ئىنئام قىلىدۇ.

بۇ ئېلاندىن ۋاقىپ بولغايسىزلەر.

**ئىككىنچى كۈنى، ليۇ چۈەننىڭ ھەقەمسايىسى ليۇ چۈەننىڭ كالا ئۆلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ.**

باۋگۇڭ مۇنداق ئويلاپتۇ: يېزىدىكىلەر ليۇ چۈەننىڭ ناكا بولۇپ قالغان كالىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. ئۆزىنى ليۇ چۈەننىڭ قوشنىسى دەۋالغان بۇ ئادەمنىڭ ليۇ چۈەننىڭ سويغان كالىسىنىڭ ناكا بولغان كالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى يامۇلغا مەلۇم قىلغانلىقى بۇ ياخشى ئادەم ئۈستىدىن تۆھمەت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ ئادەم چوقۇم ليۇ چۈەننىڭ رەقىبى بولۇشى مۇمكىن. ئىسمىنى سوراپ، ئىسمىنىڭ لى ئەن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ليۇ چۈەن باۋگۇڭغا لى ئەننىڭ ئۆزى بىلەن ئۆچلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. قارىغاندا، كالىنىڭ تىلىنى ئوغرىلىغان ئادەم جەزمەن مۇشۇ.

سوراق قىلىش نەتىجىسىدە لى ئەن ئۆزىنىڭ كالا تىلىنى ئوغرىلىغانلىقى ۋە باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىپتۇ.

## ئوت قويۇپ بەرگۈچى ئىككى جىنايەتچى

باۋگۇڭ ئاستانا كەيفېڭدا ئامبال بوپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاستانىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرى بەك ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. پۇقرالار بۇ ئىشتىن تولىمۇ خۇشاللىنىپتۇ، ئەمما لۈكچەك، خولىگەنلەر بۇ ئىشقا بەكمۇ نارازى بوپتۇ ـ دە، پۇرسەت چىقسىلا بۇزغۇنچىلىق قىلىش كويىدا بوپتۇ.

بىركۈنى ئاخشىمى، ئىككى لۈكچەك مەلۇم بىر كوچىغا ئوت قويۇۋېتىپتىكەن، دەھشەتلىك ئوت يالقۇنى پۈتۈن كوچىنى قاپلاپ، تۆت ئەتراپقا كېڭەيگىلى تۇرۇپتۇ. سان ـ ساناقسىز ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاسمانغا كۆتىرۈلۈپ، پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىنى ئوت قاپلاپ كېتىپتۇ.

باۋگوڭ يامۇل خادىملىرىنى ئېلىپ كوچىلارنى كۆزىتىپ يۈرۈپتىكەن، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شۇ ھامان تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، خەقلەرنى ئوت ئۆچۈرۈشكە تەشكىللەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن كىشىلەر چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كەپتۇ.

ئوت كەتكەن جايدا ئىككى كوچا بار ئىكەن، بىرسى، تاتلىق سۇ كوچىسى، يەنە بىرسى، ئاچچىق سۇ كوچىسى ئىكەن.

كىشىلەر توپى ئىچىدىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇشتۇمتۇت سوراپ قاپتۇ:

ــ تاتلىق سۇ كوچىسىنىڭ سۈيىنى ئىپكېلىمىزمۇ، ئاچچىق سۇ كوچىسىنىڭ سۈيىنى ئىپكېلىمىزمۇ؟

يەنە بىرسى ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ تاتلىق سۇ كوچىسىنىڭ سۈيى تاتلىق، ئاچچىق سۇ كوچىسىنىڭ سۈيى ئاچچىق، ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاچچىق سۇ كوچىسىنىڭ سۈيىنى ئىپكېلىمىز.

كىشىلەر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئويدانىراق ئويلاپ بېقىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ھېلىقى بىرى سوئال سوراپ، بىرى جاۋاب بەرگەن ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاچچىق سۇ كوچىسىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ھايت ـ ھۇيت دېگىچە كوچا ئادەمگە لىق تولۇپتۇ، بۇ ئەھۋالدا قانداقمۇ سۇ ئېلىپ چىققىلى بولسۇن!

باۋگوۈك يېنىدا تۇرغان ئىككى ئادەمگە:
— ھېلىقى بىرى سوراپ، بىرى جاۋاب بەرگەن ئىككى ئادەمنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.
بۇ ئىككىسى تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، بىزگە نېمە ئۈچۈن ئۈۋال بولدى، دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.
باۋگوۈك كىشىلەرگە مۇنداق دەپتۇ:
— ئوت قويغان جىنايەتچى مانا مۇشۇ ئىككىسى، سىلەر ئالدان-دىڭلار. ھازىر بىر قىسمىڭلار ئاچچىق سۇ كوچىسىغا بېرىپ، ئاچچىق سۇ ئېپكېلىڭلار، يەنە بىر قىسمىڭلار تاتلىق سۇ كوچىسىغا بېرىپ، تاتلىق سۇ ئېپكېلىڭلار-دە، ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار.
كىشىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاچچىق سۇ كوچىسى ۋە تاتلىق سۇ كوچىسىدىن سۇ ئېپكېلىپ، ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ، ئاندىن ھەممىيلەن بىللە كەيفىڭغا بېرىپ، باۋگوۈكنىڭ ئوت قويغان جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلغىنىنى كۆرۈپتۇ.
بۇ ئىككى جىنايەتچى باۋگوۈكنىڭ سوراقلىرىغا بەرداشلىق بېرەل-مەي، قۇيرۇقىنى تۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، ئاخىرى ئوت قويغان جىنايىتىگە ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.
جىنايەتچىلەرنى يالاپ ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، بەزىلەر باۋگوۈك-دىن سوراپتۇ:
— دارىن، باياتىن ئوت ئۆچۈرۈۋاتقاندا، قانداق قىلىپ ئۇلار-نىڭ ئوت قويغان جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭىز ؟
— ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئۆزى بەكمۇ جىددىي ئىش، ئەھۋال شۇن-داق تۇرسا، ئوت ئۆچۈرۈشتە تاتلىق سۇ، ئاچچىق سۇ دەپ ئايرىش-نىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى سوئال سوراپ، بىرى

جاۋاب بېرىپ، مالىماتاڭچىلىق ئىچىدە تۇرغان ئاممىنى ئاچچىق سۇ كوچىسىغا قىستاپ قويۇشى قەستەن ئۇتنى ئۇلغايتىقانلىق ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ سوئال ـ جاۋابلىرىنىڭ ئالدىن كېلىشىۋالغان ئىش ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم. يەنە بىرسى، بۇ ئىككىيلەن ماڭا تونۇشتەك بىلىندى، توغرا، ئويلاپ قارىسام، بىرسىنىڭ دادىسى، بىرسىنىڭ ئاكىسى مېنىڭ قولۇمدا سوراق قىلىنغانىكەن، بۇلار ماڭا شۇنداق ئۆچ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزۇپ، مەندىن ئۆچىنى ئېلىش غەرىزى بولغان. مۇشۇ ئىككى نۇقتىغا ئاساسەن، بۇلارنى ئوت قويغۇچى جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلدىم. سوراق قىلىش نەتىجىسىدە ئەھۋال راست مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىقتى. ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ دېگەن شۇ.

ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار باۋگۇڭنىڭ ھۆكمىنىڭ ھەقىقەتەن ئەقلىغە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.

## پەيتكە توغرىلاپ، ئاسىيلارنى جايلاش

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جېنزۇڭ خان زامانىدا، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن شيا سۇلالىسى چېگرىسىدا داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇرىدىكەن.

مەلۇم بىرىيلى شىمالىي سۇڭ بىلەن شيا سۇلالىسى چېگرىسىدىكى ۋېيجۇ دېگەن جايدا، سۇڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىدىن دۇشمەن تەرەپكە ئوغۇرلۇقچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش ناھايىتى كۆپ بوپتۇ. غەربىي شيا سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرى بۇ ئىشتىن ناھايىتى بەك خۇشال بوپتۇ.

— قاراڭ، سوۋېت سوۋېت سوۋېت بوشاڭ پادىشاھى تەربىيىلىگەن بوشاڭ ئەسكەرلەر ئۇرۇشماي تۇرۇپ تۇگىشىدىغان بولدى.

— سوۋېت سوۋېت بۇنداق ئەسكەرلىرى شىيا سۇلالىمىزنىڭ شىركەبى قوشۇنغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟

بىراق، بىركۇنى شىمالىي سوۋېت قوشۇنىنىڭ چېدىرىغا يوشۇرۇ-نۇۋالغان شىيا قوشۇنىنىڭ پايلاقچىسى ئۆزىنىڭ باش قوماندانىغا مۇنداق بىر ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ:

ئۇلۇشكۇن چۈشتىن كېيىن، سوۋېت قوشۇنىنىڭ ۋېيجۇنى قوغدا-ۋاتقان قوشۇن باشلىقى ساۋ ۋېي مېھمانلىرى بىلەن شاھمات ئوينا-ۋاتقاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى كىرىپ ئۇنىڭغا:

— قوماندان، بۈگۈن يەنە بىزدىن 50 نەچچە ئەسكەر شىيا سۇلا-لىسى تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— بىلدىم، — دەپ قويىدى شاھماتنى قىزىقىپ ئويناۋاتقان ساۋ ۋېي مەلۇماتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن. ئۇ ناھايىتى تەمكىن ئىدى، ئۇنىڭدا قىلچە ئالاقزادىلىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى. مەلۇمات بەرگۈچى-نىڭ كېيى تۈگىشى بىلەن ئۇ قىلچە ئويلاپ تۇرماستىنلا ھېلىقى مەلۇ-مات بەرگۈچى ئادەمگە جاۋاب بېرىپ:

— نېمە ھولۇقسەن، ئۇلارنى مەن ئەۋەتكەن، — دېدى.

ساۋ ۋېي بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، گويا دىققەتسىزلىكتىن ئاغزىدىن بىرەر مەخپىيەتلىكنى چىقىرىۋەتكەندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ تۆت ئەت-راپقا قاراپ قويىدى-دە، ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆز ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، گەپ-سۆز قىلمىدى.

بىراق، بۇ مۇھىم ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىرسى بىزنىڭ

سۇڭ قوشۇنىدىكى ھېلىقى پايلاقچىمىزغا ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ.

— مۇنداق دە، مەن زادى سۇڭ قوشۇنىدىن قېچىپ كەلگەن بۇ نېمىلەرنىڭ راست قېچىپ كەلگەن- كەلمىگەنلىكىدىن گۇمانلىناتتىم، — دەپتۇ شيا قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى دەرھال ئېسىنى يىغقاندەك بولۇپ.

— كېلىڭلار، سۇڭ قوشۇنىدىن قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈش بىلەن تەڭ، سۇڭ سۇلالىسىدىن قېچىپ كەلگەن نەچچە يۈز ئەسكەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، چېگرىغا تاشلىنىپتۇ.

تەسلىم بولۇپ كەلگەن بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شيا قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى ئىشىنىڭ ئالدى-كەينىنى تەپسىلىي ئويلاپ:

— بولمىدى، بىز ساۋ ۋېينىڭ دامىغا چۈشۈپتۇق، — دەپتۇ.

شيا قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى پۇشايمان قىلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، ۋېيجۇدىكى ھەربىي مەھكىمىدە ساۋ ۋېي قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ ھۇزۇرلانغىلى تۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە ساۋ ۋېي پەيتكە توغرىلاپ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۆزى تەرەپتىن قېچىپ بارغان قاچقۇنلارنى ئۆلتۈرگۈزگەنىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇڭ قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى قېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بوپتۇ.

## كۆنلۈن ئېغىزىنى تۇيدۇرماي ئېلىش

1053 ـ يىلى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باش سەركەردىسى دى چىڭ قوشۇننى باشلاپ، نۇڭ جىگاۋنىڭ ئاسىي قوشۇنى ئۈستىگە يۈرۈش قىپتۇ. ئۇ كۆنلۈن ئېغىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، نۇڭ جىگاۋ ئىشغال قىلىۋالغان فاجۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما نۇڭ جىگاۋ كۆنلۈن ئېغىزىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بىلەن قوغداپ تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ يەردىن ئۆتۈش مۇمكىن بولماپتۇ.

بۇ چاغ دەل دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بولۇپ، ئەتىسى يۈەنشياۋ بايرىمى بولىدىغان كۈن ئىكەن. دى چىڭ قوشۇنىنىڭ چېدىرلىرىدا پانۇسلار ياندۇرۇلۇپ، زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ھەممە ياقنى بايرام خۇشاللىقى قاپلاپتۇ. دى چىڭ ئۇدا ئۈچ كۈن زىياپەت قىلىپ، بايرامنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشنى جاكارلاپتۇ. ئالدى بىلەن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارغا، ئاندىن مۇلكى ئەمەلدارلارغا زىياپەت بېرىپتۇ. نۇڭ جىگاۋنىڭ پايلاقچىسى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال بېرىپ نۇڭ جىگاۋغا مەلۇم قىپتۇ. نەتىجىدە، كۆنلۈن ئېغىزىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن بوشىشىپ، بىخۇدلاشقىلى تۇرۇپتۇ.

دى چىڭ بىرىنچى كۈنى ئاخشىمى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن بولۇشىغا يەپ ـ ئىچىپ، تاڭ ئاتقىچە ھۇزۇر قىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى يۈەنشياۋ بايرىمى ئىكەن. دى چىڭ يېرىم كېچىگىچە ئىچىشكەندىن كېيىن، بىردىنلا كۆڭلى ئاينىپ ياندۇرۇشقا باشلاپتىكەن، يېنىدىكى ئادەملىرى ئۇنى يۆلەپ ئىچكى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ

قويۇپتۇ. دې چىڭ زىياپەتنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرۇشنى بىر ھەربىي ئەمەلدارغا ھاۋالە قىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، دې چىڭنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى جامدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— باش سەركەردە دورا ئىچىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆزىگە ۋاكالىتەن باي-رام مۇناسىۋىتى بىلەن سىلەردىن ھال سوراشقا مېنى چىقاردى، — دەپتۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دې چىڭ يەنە ئادەم چىقىرىپ ئولتۇرغانلارغا سالام يوللاپتۇ ۋە ئۇلاردىن كۆپرەك ئىچىشنى تەلەپ قىپتۇ. دې چىڭنىڭ ئادەملىرى ئۇزۇلمەي چىقىپ ھاراققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ، كۆپچىلىك ناھايىتى قىزغىن ئىچىشىپتۇ، زىياپەت تاڭ يوراي دېگىچە داۋاملىشىپتۇ.

تاڭ يوراي دېگەندە، يىراقتىن كەلگەن ئاتنىڭ دۈپۈرلىشى جىملىقنى بۇزۇپتۇ. بىر ئاتلىق ئەسكەر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، بارگاھقا كىرىپ كەپتۇ-دە، تازا قىزىپ ئىچىشىۋاتقان مۇلكى ئەمەلدارلارغا:

— باش سەركەردە دې چىڭ كۇنلۇن ئېغىزىنى ئىشغال قىلدى، — دەپتۇ.

مۇلكى ئەمەلدارلار ھەم ھەيران بوپتۇ، ھەم خۇشال بوپتۇ: بۇنى قارىمامدىغان، باش سەركەردە تېخى باياتىن بولۇشىغا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرمايتتىمۇ؟ قانداق قىلىپ كۇنلۇن ئېغىزىنى ئالغاندۇ!

دې چىڭنىڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئارقا-ئارقىدىن ئادەم چىقى-رىپ مېھمانلارنى ھاراققا تەكلىپ قىلىپ، ھەربىي ئەمەلدارلارنى زىياپەت ئورنىدىن ئايرىلماسلىققا ئۈندىشى نۇڭ جىگاۋ ئەۋەتكەن پايلاقچىلارنىڭ دىققىتىنى مۇشۇنىڭغا تارتىش ئىكەن. نەتىجىدە، نۇڭ

جىگاۋ خاتا ھالدا دې چىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى زىياپەتتە بولـ-
ۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈەنشياۋ بايرىمى كېچىسى كۆڭلى ئېغىزىغا
ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغانىكەن. شۇنداق قىلىپ
دې چىڭ ئۇلار تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇيدۇر-
ماستىن ھۇجۇم قىلىپ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا كۆڭلى ئېغىزىنى
ئالغانىكەن.

## راھىبنىڭ تۆمۈر كالىنى سۈزۈپ ئېلىشى

سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا (مىلادىنىڭ 1066 ـ يىلى)، خۇاڭخې
دەرياسىنىڭ سۈيى تېشىپ، دەريانىڭ كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ.
بۇ كۆۋرۈك بىرمۇنچە ياغاچ كېمىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئارقى-
لىق ياسالغان بولۇپ، دەريانىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا بارىدىكەن،
ئۈستىگە نۇرغۇن ياغاچ تاختاي قويۇلغانىكەن. بۇ لەيلىمە كۆۋ-
رۈكنىڭ لىڭشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر سەككىز دانە چوڭ
تۆمۈر كالا قويغانىكەن، ھەربىر تۆمۈر كالىنىڭ ئېغىرلىقى ئون مىڭ
جىڭچە كېلىدىكەن. كۆۋرۈكنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، تۆمۈر
كالىلار كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلىپتۇ. بۇ كۆۋرۈك ئادەممۇ
ئۆتىدىغان، ئات ـ ئۇلاغ ۋە ھارۋىلارمۇ ماڭىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ،
دەريانىڭ مۇھىم قاتناش يولى ئىكەن. بۇ يىلقى كەلكۈن لەيلىمە
كۆۋرۈكنىڭ ھېچنېمىسىنى قويماي ئېقىتىپ كېتىپلا قالماستىن، سەككىز
چوڭ تۆمۈر كالىنىمۇ ئېقىتىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.
كەلكۈن قايتقاندىن كېيىن، قاتناش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشقا
توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەر لەيلىمە

كۆۋرۈكنى قايتىدىن ياسىماقچى بوپتۇ. دەريانىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتاشتۇرىدىغان كېمىلەر تەخ بوپتۇ، بىراق ياغاچ كېمىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر كاللار يوق بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى قايتىدىن قۇيۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، ۋاقتىمۇ جىق كېتىدىكەن، ماتېرىيالمۇ كۆپ زايا بولىدىكەن. شۇڭا، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى دەريادىكى تۆمۈر كاللارنى سۈزۈپ چىقىش ئىكەن. لېكىن ئۇن نەچچە مىڭ جىڭ تۆمۈر كالىنى دەريانىڭ ئاستىدىن ئەمەس، دەريانىڭ قىرغىقىدىن بىرەر قەدەم يۆتكەشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر كالا دەريانىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، قۇم ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن تۇرسا، بۇنى كىممۇ سۈزۈپ ئالالايدۇ؟

لەيلىمە كۆۋرۈكنى تېزدىن ياساپ چىقىش ئۈچۈن، شۇ يەردىكى هۆكۈمەت "دانىشمەنلەرنى تەكلىپ قىلىش ئېلانى"چىقىرىپ، ئۇنىڭدا تۆمۈر كالىنى دەريادىن سۈزۈپ چىقالايدىغان دانىشمەنلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، لەيلىمە كۆۋرۈكنى قايتىدىن ياساپ، پۇقرالارغا بەخت يارىتىش لازىملىقى يېزىلغان. يولدىن ئۆتكەنلەر بۇ ئېلاننى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ كۈنى خوەي بىڭ ئىسىملىك بىر راهىب كەپتۇ، ئۇ ناهايىتى بىلىملىك ئىكەن. راهىب خوەي بىڭ هېلىقى ئېلاننىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بىرىسىپ ئېلاننى سويۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلاننى كۆرۈۋاتقان بىرسى ياخشى كۆڭلى بىلەن ئۇنىڭغا نەسىهەت قىلىپ:

— ئۇستاز، ئېلاننى سويۇۋېلىش چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس، تۆمۈر كالىنىڭ بىرسى ئۇن مىڭ جىڭ كېلىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ ھەم-

ـمسنى سۇزۇپ چىقالامسىز، سىزگە ياردەم قىلىدىغان ئەۋلىيالار بارمۇ؟ — دەپتۇ.
— ماڭا ياردەم قىلىدىغان ئەۋلىيا نېمىش قىلسۇن، — دەپتۇ راھىب كۈلۈپ قويۇپ، — تۆمۈر كالىنى سۇ ئېقىتىپ كەتكەن، ئۇنى سۇ ئۆزى ئېپكېلىپ بېرىدۇ.
خوەي بىك راھىب ئېلاننى سويۇۋالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال سۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئادەملەرنى تەكلىپ قىلىپ، سۇنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، سەككىز تۆمۈر كالىنىڭ تۇرغان ئورنىنى ئېنىقلاپتۇ. بۇ يەردىكى پۇقرالار راھىبنىڭ ئېلاننى سويۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەريا بويىغا راھىبنىڭ تۆمۈر كالىنى قانداق سۇزۇپ ئېلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىشىپتۇ.
بۇ كۈنى تۆمۈر كالىنى قانداق سۇزۇشىنى كۆرۈش ئۈچـۈن كەلـ گەنلەر دەريا بويىغا تولۇپ كېتىپتۇ. راھىب خوەي بىك بىر توپ كېمىچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، چوڭ ئىككى كېمىگە لىق لاي قاچىـ لاپتۇ ـ دە، بۇلارنى تەڭ قىلىپ چېتىپتۇ. ئىككى كېمىنىڭ ئارىسىغا ياغاچتىن جازا باغلاپتۇ. خوەي بىك كېمىچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، كېمىنى ئاۋۋال تۆمۈر كالا چۆككەن يەرگە ھەيدەپ بېرىپ، كېمىچىـ لەرگە ياغاچ جازىغا ئورالغان ئارقاننى سۇنىڭ ئاستىغا ئەكىرگۈزۈپ، تۆمۈر كالىنى مەھكەم باغلىتىپتۇ. ئاندىن تارتقۇزۇپ، ئارقىدىن كېمىـ دىكى لاينى دەرياغا تاشلاتقۇزۇپتۇ. كېمىدىكى لاي ئازايغانسىرى كېمە ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئىككى كېمىنىڭ لەيلەش كۈچى كېمىنىڭ ۋە تۆمۈر كالىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئارتىقاندا، قۇمغا چۆكۈپ كەتكەن تۆمۈر كالا بىر ـ بىرلەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپتۇ، كېمە لەيلەپ، تۆمۈر كالىنى سۇغا ئېلىپ چىققاندا، خوەي بىك كېمىچىـ

لەرگە كىمىنى قىرغاقىقا ھەيدەپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. مۇشۇنىداق بېرىپ ـ كېلىشنى سەككىز قېتىم تەكرارلاش ئارقىلىق، سەككىز تۆمۈر كالا دەريادىن سۈزۈۋېلىنىپتۇ.

بۇ يەردىكى پۇقرالار راھىب خېۋەي بېگىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

## كىشىنىڭ بالىسىنى ئوغلۇم دەۋېلىش ئەنزىسى

سۇڭ شېنزۇڭنىڭ نىڭشى يىللىرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى تەپتىش ئەمەلدارى بولغان لىوياگىلىق چېڭ خاۋ سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جىڭچېڭ ناھىيىسىگە ئامبال بولغان چېغىدا، بىر ئالدامچىلىق ئەنزىسىنى ھېچقانچە كۆچمەيلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىپتۇ.

شۇ چاغدا جاڭ فامىلىلىك بىر باي جىددىي كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى يەرلىككە قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى بىر بوۋاي بۇ ئۆيگە كېلىپ، باينىڭ ئوغلىغا:

ـــ مەن سېنىڭ داداڭ بولىمەن، ئەمدى يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ھېچقانىداق تايىنىدىغان ئادىمىم يوق، سەن بىلەن بىللە ئۆتەي دەپ كەلدىم، ـــ دەپتۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى باينىڭ ئوغلىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران قاپتۇ ـ دە، بوۋاينىڭ قولىدىن تۇتۇپ يامۇلغا ئاپىرىپ، ئامبالىنىڭ بىرنېمە دەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

ـــ مەن بىر يېزا دوختۇرى، ـــ دەپ ئاۋۋال سۆز باشلاپتۇ بوۋاي، ـــ يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ كېسەللەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايمەن،

بىر يىل ئىچىدە ئائىلىگە قايتىدىغان ۋاقتىم بەك ئاز بولىدۇ. ئائىلىمۇ كەمبەغەل بولغاچقا، خوتۇنۇم ئوغۇل تۇغقاندا، بالىنى بېقىشقا قۇربىمىز يەتمەي، لېۋىمىزنى چىشلەپ، بالىنى جاڭ فامىلىلىك بايغا بېرىۋەتكەنىدۇق. پالانى يىل، پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى يېزىمىزدىكى لى فامىلىلىك ئادەم بالىنى ئاپىرىپ بەرگەن، بۇنى قوشنىمىز ئاماۋ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

— ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن تۇرسا، سىز قانداقچە بۇ ئىشنى شۇنچە تەپسىلىي سۆزلىيەلىدىڭىز؟

— مەن يىراق جايدىن دوختۇرلۇق قىلىپ قايتىپ كەلگىنىمدە ئاڭلىغان، ئۇ چاغدا مەن بۇنى رېتسېپنىڭ ئارقىسىغا يېزىپ قويغان، — دەپتۇ بوۋاي، شۇ ئان يېنىدىن رېتسېپنى چىقىرىپ چېڭ خاۋغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە موي قەلەم بىلەن: پالانى يىلى، پالانى ئاينىڭ پالانى كۈنى بىر ئادەم بالىنى ئېلىپ كېتىپ جاڭ بوۋايغا بەرگەن، دەپ يېزىلغانىكەن.

— سىز بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سوراپتۇ چېڭ خاۋ باينىڭ بالىسىدىن.

— 36 ياش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باينىڭ بالىسى.

— دادىڭىز بۇ يىل قانچە ياشقا كىرگەن؟ — يەنە سوراپتۇ چېڭ خاۋ.

— 76 ياشقا.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — سوراپتۇ چېڭ خاۋ بوۋايغا بۇرۇلۇپ قاراپ، — بۇ بالا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ دادىسى ئەمدى 40 ياشقا كىرگەنىكەن. مۇشۇنچىلىك ياشتا قاندىغىسقا باشقىلار جاڭ فامىلىلىك باينى جاڭ بوۋاي دەپ ئاتايدۇ؟

بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى بەك چۆچۈپ كېتىپتۇ-دە، ئالدامچىلىق بىلەن باينىڭ مال-مۈلكىگە ئىگە بولىۋېلىش مەقسىتىدە، باينىڭ ئوغلىنى بالام دەۋالغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ.

## پۈرچاق ھىيلىسى

مىلادىنىڭ 1206-يىلى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى بى زەيىۈي جىن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىپتۇ.

بى زەيىۈي بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن تەڭ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باتۇر قوشۇنى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، جەڭ تۇلپارلىرىغا ئاتلىنىپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. جەڭ مەيدانىنى ئۇر-چاپ ئاۋازى قاپلاپ كېتىپتۇ. جىن سۇلالىسى قوشۇنىمۇ بوش كەلمەپتۇ. جەڭ مەيدانى بىردەمدىلا ئۇر-چاپ بىلەن قانغا بويىلىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بى زەيىۈي قوشۇنلىرىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. سۇڭ قوشۇنى تەرتىپلىك چېكىنىشكە باشلاپتۇ.

جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى قوشۇننى باشلاپ سۇڭ قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. لېكىن سۇڭ قوشۇنلىرى چېكىنىپ كېتىۋېتىپ، قايتۇرما زەربە بېرىشنى توختاتماپتۇ. جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى سۇڭ قوشۇنىغا بەكرەك يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

سۇڭ قوشۇنى بارگاھىغا چېكىنىپ بارغاندىن كېيىن، ئىككى سائەتلا دەم ئېلىشىغا بى زەيىۈينىڭ بۇيرۇقى بىلەن يەنە ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ.

بى زەيىۈي مۇشۇنداق قىلىپ ھەرە تارتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر ھۇجۇم قىلىپ، بىر چېكىنىپ، جىن سۇلالىسى قوشۇنىنى

قارشىلىق كۆرسەتكۈزۈپ، ئارقىدىن قوغلىتىپ دىگەندەك چارچىتىپ جۇلقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ.

مۇشۇنداق بىر ئۇرۇشۇش، بىر توختاش نەتىجىسىدە كۈننىڭ ئولتۇراي دەپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

— ئەسكەرلەر، تۈنۈگۈن دورا - دەرمان بىلەن پىشۇرۇپ قويغان پۇرچاقلارنى ئېلىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىڭلار، — بى زەييۈي بەشىنچى قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

سۇڭ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى بولىۋاتقان ئىشنى زادىلا چۈشىنەلمەپتۇ: تۈنۈگۈن بىزگە بىر - مۇنچە پۇرچاق پىشۇرغۇزدى، ئەجەبا پۇرچاق دىگەندىمۇ ئۇرۇش قىلغىلى بولامدۇ؟

بىر دەمدىن كېيىن، سۇڭ قوشۇنى يېڭى ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ.

لېكىن، سۇڭ قوشۇنى دۈشمەن بىلەن تېخى ئەمدى تۇتۇشۇپلا كونا مۇقام بويىچە ئىش قىلىپ، يالغاندىن چېكىنگەن بولىۋاپتۇ، جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپتۇ. چاتاق بولغىنى، قوغلاپ تېخى ئۇزاقىمۇ بارماي تۇرۇپلا، جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاتلىرى زادىلا ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋاپتۇ. بىر كۈن كەچ - كىچە قوغلاپ ھېرىپ - چارچاپ، ئاچلىقتىن قورساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن ئاتلار سۇڭ قوشۇنىدىكىلەر پۇرچاق چېچىۋەتكەن يەرگە كەل - گەندىلا باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، پۇرچاق يېيىشكە باشلاپتۇ.

— ئۆلگۈر ھايۋانلار، بول، ئىتتىك مېڭە! — جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى شۇنچە قامچىلىسىمۇ، ئاچ قالغان بۇ ئاتلار خۇددى مىخلاپ قويغاندەك زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ.

بى زەييۈينىڭ ھىيلىسى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال

قوشۇنلىرىغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئېتىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز ئالغان جىن سۇلالىسى قوشۇنى بىردەمنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئادىمىدىن ئايرىلىپتۇ.

## قالقانلىق قوشۇننىڭ تۆمۈر مۇنار قوشۇننى بەربات قىلىشى

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى، جىن سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى قوشۇننىڭ قەھرىمانى يۆ فېي ئۇرۇشتا جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ۋۇشۇ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، يۆ فېي قوشۇنىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرماقچى بوپتۇ.

بىر قېتىم، جىن ۋۇشۇ يۆ فېينىڭ يەنچېڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قول ئاستىدا ئاز ساندا ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەر بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنى تازا ئوبدان پەيت دەپ بىلىپتۇ-دە، قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرگە:

— مەن تۆمۈر مۇنار قوشۇنى بىلەن يانداش قوشۇننى بىللە ئېلىپ بېرىپ، يۆ فېينى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى قىيما-چىيما قىلىپ، دەردىمنى بىر چىقىرىمەن، — دەپتۇ.

ھېلىقى مۇنار قوشۇنى جىن ۋۇشۇنىڭ ئۆزى بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان قوغدىغۇچى قوشۇنى بولۇپ، بۇلارنى جىن سۇلالىسى قوشۇنىدىن يۈزدىن بىرنى تاللاپ يۈرۈپ تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۆزلىرى قاۋۇل، مىنگەن ئاتلىرى چىدامىلىق قوشۇن ئىكەن. بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن، يۈزىگە تۆمۈر نىقاب تاقىغان، ئۈستىگە تۆمۈر ساۋۇت، پۇتىغا

تۆمۈر ئۆتۈك كىيگەن، ئىتىنىڭمۇ بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە تۆمۈردىن يوپۇق ياپقان بولۇپ، پەقەت يول ماڭىدىغان بولغاچقىلا، تۆت پۇتى ئوچۇق قالغانىكەن. تۆمۈر ئادەملەر تۆمۈر ئاتنىڭ ئۈستىدە خۇددى بىر تۆمۈر مۇناردەك كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن، تۆمۈر مۇنار قوشۇن دەپ ئاتالغانىكەن. ھېلىقى ياندىش قوشۇن تۆمۈر مۇنار قوشۇنغا ماسلىشىپ ئوڭ، سول تەرەپتە جەڭ قىلغۇچى ئاتلىق ئەس-كەرلەر قوشۇنى ئىكەن. بۇ قوشۇندىكى ئەسكەرلەر باتۇر، ئاتلار يۈگرەك بولۇپ، تۆمۈر مۇنار قوشۇن ئۇدۇلدىن ھۇجۇمغا ئۆتسە، ئۇلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىكەن. قارشى تەرەپنىڭ ئادىمى ئاز بولسا، قورشايدىكەن، كۆپ بولسا، ئوڭ، سول تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىكەن. تۆمۈر مۇنار قوشۇن بىلەن ياندىش قوشۇن بىرلەشسە، خۇددى بىر چوڭ تۆمۈر بولقا بىلەن ئىككى تۆمۈر كالتەك بىرلىشىپ كەلگەندەك تولىمۇ قىيىن بىرنەرسە بولىدىكەن.

جىن ۋۇشۇ خىللانغان 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يەن-چېڭ شەھىرىگە قىستاپ كەلگەندە، يەنچېڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان يۆ فېي ئەسكەر ۋە سەركەردىلەردىن بىرنەچچە مىڭ كىشىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ تاكتىكىسىنى سۆزلەپتۇ:

تۆمۈر مۇنار قوشۇندىكىلەر ھەيۋەتلىك كۆرۈنگىنى بىلەن، تولىمۇ كالامپاي بىرنىمىلەر؛ تۆمۈر يوپۇق مۇستەھكەم بولغىنى بىلەن، ئات-لىرىنىڭ پۇتى سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ دەل قالقان قوشۇنىمىزنىڭ ئۆز قوراللىرىنى ئىشقا سالىدىغان يېرى، تۆت پۇتىنىڭ بىرىنى كېسى-ۋېتىدىغان بولساق، تۆمۈر مۇنار ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ياندىش قوشۇننى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەيۋىتى، يامانلىقى ئىككى تەرەپتىن

هۇجۇم قىلىشتا. بىز پۈتۈن كۈچ بىلەن دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ قىلىپ قويىمىز. ئۇلار ئارقىسىغا قايتىپ كەلگەندە، ھەيۋىتى چۈشۈپ، ئادەتتىكى ئاتلىق قىسىملارغا ئوخشاپ قالىدۇ.

يەنچېڭ شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان يۆ فېي قوشۇنىدىكى پىيادە قىسىملار قالقانلىق قوشۇن دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇلار جەڭ قىلغاندا، بىر قولىغا قالقان ئېلىپ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلسا، يەنە بىر قولىغا ئۆتكۈر قىلىچ ئېلىپ، دۈشمەنلەرنى قىرىدىكەن. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا، قالقانلىق قوشۇن باش سەركەردە يۆ فېينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، تۆمۈر مۇنار قوشۇنىنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىنى نىشانغا ئېلىپ شارت-شۇرت قىلىپ قىلىچ ئۇرغىلى تۇرۇپتىكەن، ئاتلارنىڭ پۇتى چېپىلغاندىن كېيىن، تۆمۈر مۇنار قوشۇنىنىڭ ئادەملىرى ئاتتىن يىقىلىپ، هايت-هۇيت دېگىچە يېرىمى ئۇجۇقتۇرۇلۇپتۇ. يۆ فېي قالقانلىق قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال خىللانغان قوشۇننى باشلاپ، چاقماق تېزلىكىدە جىن سۇلالىسى قوشۇنى سېپىگە هۇجۇم باشلاپتۇ. جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يانداش قوشۇنى قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراپ بولۇپ، ئۆز سېپىگە قايتىپ كەلگەندە، هېچقانچە ھەيۋىسى قالماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يۆ فېي قوشۇنى تۆمۈر مۇنار قوشۇنى بىلەن يانداش قوشۇننى بەربات قىپتۇ.

## لەنجېينىڭ ئوغرى تۇتۇشى

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شاۋشىڭ يىللىرى، ۋاڭ فامىلىلىك

باي جىن سۇلالىسى قوشۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، لىنجياڭ ۋىلايىتىنىڭ شىنگەن ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، تاۋنىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. ئۇ ئادەم بىركۈنى مېھمان چاقىرىپتۇ، مېھمانلار تازا ئوبدان مېھمان بولۇپ، يېرىم كېچىدە تارقىلىشىپتۇ. باي مېھمانلارغا قوشۇلۇپ جىقراق ئىچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپلا خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

بىرنەچچە دېدەك قىز ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتسا، ئاق كىيىم كىيگەن ئوغرىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ:

— جېنىڭنى دېيىشسەڭ، ئورنۇڭدىن قىمىرلاشما، خوجايىنىڭ قېنى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

لەن جىيې ئىسىملىك بىر دېدەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— خوجايىنغا تېگىشمە، ئامبارنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭدە، — دەپتۇ‑دە، ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئۇلارغا بېرىپتۇ. باغلاپ قويۇلغان دېدەكلەر كۆڭلىدە ئويلاپتۇ:

"خوجايىن ئادەتتە سەن لەن جىيېگە خېلى ئوبدان قارىغان، ئەمدى كېلىپ سەن خوجايىنىنىڭ شەپقىتىنى ئۇنۇتتۇڭ، سەندە يۈز دېگەن يوق ئىكەن."

بۇ چاغدا لەن جىيې ئاچا‑سىڭىللىرىنىڭ بۇنداق مەسخىرىلىك قاراشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماي، زىبايەت جوزىسىدىكى شامنى قولىغا ئېلىپ، ئوغرىلارغا خۇشامەت قىلغان ھالدا:

— غوجام، پېقىر ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ، — دەپتۇ.

ئوغرىلارنىڭ باشلىقى جوزىدىكى ئېشىپ قالغان بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ ئۇنىڭغا:

— يارايسەن، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولغىنى ياخشى، بولمىسا ئاكاڭنىڭ قولىدىكى پىچاق ئادەم تونىمايدۇ-دە؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق غوجام، شۇنداق، — دەپتۇ لەن جيې تىترەپ تۇرۇپ، — ئۆيدىكى ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى مەن بەك ئوبدان بىلمەن، يۈرۈڭلار سىلەرگە ئېلىپ بېرەي، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا شامدىن يەنە بىرنى ئېلىپ، ئۇلارنى باشلاپ ئامبارغا بېرىپتۇ.

ئامبارغا بارغاندىن كېيىن، لەن جيې ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن بىر ساندۇقنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېچىپتۇ. قارىسا ساندۇقنىڭ ئىچى جۇلالاپ تۇرغان ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن تولغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئوغرىلارنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ-دە، ئېتىلىپ بېرىپ كۆرۈشكىلى تۇرۇپتۇ. لەن جيې ئىككى شامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلارغا يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ.

ئوغرىلار ساندۇقنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە ئۆينىڭ ئۇ ياق-بۇ يېقىنى ئاختۇرغىلى تۇرۇپتۇ، لەن جيې ئىككى تال شامنى قولىدىن ئايرىماي، ئوغرىلارغا يولغا يارايدىغان نەرسىلەرنى ئاختۇرۇشۇپ بېرىپتۇ. ئوغرىلارنىڭ ئىشى ئوڭىدىن كەپتۇ، شۇڭا ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا لەن جيې ۋە دېدەكلەرگە چېقىلماپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، خوجايىن مەسلىكتىن يېشىلىپ، دېدەكلەردىن ئاخشام بولغان ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن:

— تېز بېرىپ لەن جيېنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇشۇپتۇ، بىراق لەن جيېنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

خوجايىن، لەن جيې قاچقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە،

ئۆيدىكى خىزمەتچىسىدىن بىرنى ئېلىپ، ئەنزىسىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ يامۇلغا كەپتۇ. كىم بىلسۇن، ئامبالنىڭ سوراقخانىسىغا كىرسە، لەن جيې ئالللقاچان بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىكەن.

— خوجايىن، ئالللبۇرۇن ئەنزىسىنى مەلۇم قىلىپ بولدۇم، — دەپتۇ لەن جيې.

— سەن ئوغرىلارغا ياردەم قىپسەن، — دەپتۇ خوجايىن لەن جيېنى قاتتىق ئەيىبلەپ، — ئەمدى مېنىڭ جازاغا تارتىشىمدىن قورقۇپ، ياخشى ئادەم بولىۋالدىڭ. قۇرۇق ئەنزە مەلۇم قىلغانىڭنىڭ نېمە پايدىسى!؟

— شۇ چاغدا ئاق كىيىملىك ئوغرىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلمىغان بولسام، — دەپتۇ لەن جيې، — ئېھتىمال ھېچقايسىمىز ساق قالمىغان بولاتتۇق، شۇڭا ئۇلارغا يالغاندىن بويسۇنغان بولىۋالدىم، بىراق مەقسەتلىك ھالدا ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىيىمىنىڭ ئارقىسىغا قەستەن شام تېمىتىپ قويدۇم، مۇشۇ ئىسپات بىلەن ئۇلارنى پات ئارىدا قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

بىردەمدىن كېيىن، بىرقانچە يايى كىرىپ ئامبالغا مەلۇم قىپتۇ:

— ئاق كىيىملىك بىر ئادەم تۇتۇلدى، دۈمبىسىدە تېمىتىلغان شام يېغى تۇرىدۇ.

ئۇ ئادەمنى يالاپ ئېلىپ كىرىپ، لەن جيې بىلەن يۈزلەشتۈرگەنىكەن، راست دېگەنىدەك ئوغرىلارنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ.

ھېلىقى ئوغرى تەدبىرلىك لەن جيېنىڭ ئالدىدا شېرىكلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

## ئىككى يېڭى خەت

شىمالىي سۇڭ زامانى، مەلۇم بىركۈنى ئامبال كۇ جۈن پۇقرالار-نىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. بىر قىش-لاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، قىشلاق تەرەپتىن خاپا چىراي بىر بوۋاي چىقىپ كەپتىكەن، بوۋايدىن نېمە ئۈچۈن خاپا بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— خاپىلىقىم تولا، ئېغىزدىن چىقىرالمايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— بوۋا، — دەپتۇ كۇ جۈن، — نېمە خاپىلىقىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، مەن بۇنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىمەن.

— دېسەم مېنى زاڭلىق قىلىشىڭىز مۇمكىن، — دەپتۇ بوۋاي زورلاپ كۈلۈپ، — مەن بىر كىچىك بالا ئالدىدا توسۇلۇپ قالدىم...

ئەسلىدە بۇ ئادەم شۇ يېزىدا بالا ئوقۇتىدىكەن. بۇ ئادەم تۇرغان ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلى ئاباۋ تولىمۇ كەپسىز بالا بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق تەنقىد قىلغانىكەن. ئاباۋ بۇ ئوقۇتقۇ-چىنىڭ قاتتىق باشقۇرغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئامال قىلىپ ئۇنى بۇ يەردىن قوغلىماقچى بوپتۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، ئاباۋ يوقلا بىر خەتنى يېزىپ ئوقۇتقۇچىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم، ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ نېمە خەت؟

بۇ پېشقەدەم ئۇستاز بۇنداق خەتنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغا-نىكەن، شۇڭا نائىلاج بېشىنى سىلكىپ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— قاراڭ ئەپەندىم، — دەپتۇ ئاباۋ، — مۇشۇ خەتنىمۇ بىلمىگەن

ئادەم قانداق قىلىپ بىزگە ئۇستاز بولىسىز؟
پېشقەدەم ئۇستاز بۇ ھاقارەتكە چىدىماي، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.
كۇ جۇن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پېشقەدەم ئۇستازغا ھېلىقى كەپسىز بالىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشنى ئېيتىپتۇ.
كۇ جۇن يېزىنىڭ بېشىدا كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن، ئەپەندى بىردەمدىن كېيىن ئاباۋنى بۇ يەرگە باشلاپ كەپتۇ.
كۇ جۇن يەرگە غەلىتە بىر خەتنى يېزىپ، ئاباۋدىن سوراپتۇ:
— ئېيتىپ باقە، بۇ نېمە دېگەن خەت؟
ئاباۋ ھېچنېمىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.
كۇ جۇن پېشقەدەم ئۇستازنىڭ قولىغا ئىنچىكە بىر تال بامبۇك چىۋىقنى بېرىپ، ئۇنىڭغا:
— ئۇنىڭ كاسىسىغا كەلتۈرۈپ ئوننى ئۇرۇڭ، — دەپتۇ.
پېشقەدەم ئۇستاز ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.
— مەن دېگەن ئامبال، مەن ئۇر دېگەندىن كېيىن ئۇرۇڭ، — دەپتۇ كۇ جۇن ئۇنىڭغا.
ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇ جۇن ئاباۋدىن ھېلىقى خەتنى يەنە سوراپتۇ.
ئاباۋ يىغلاپ تۇرۇپ باش سىلكىپتۇ.
— ئاستىدىكى "肉" (گۆش)، ئۈستىدىكى "竹" (بامبۇك)، — دەپتۇ كۇ جۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدىن قانداق ئاۋاز چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟
ئاباۋ ئەمدى چۈشىنىپتۇ. ئۇ باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئىقرار قىپتۇ:

— خوجام، سىلىدىن كەچۈرۈم سورايمەن، مەن ھېلىقى خەتنى پىشقەدەم ئۇستازنى مات قىلىش ئۈچۈن قەستەن ياساپ چىققانىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدان ئوقۇ، تېز بول، ئۇستازىڭنى ساۋاق ئۆيىگە باشلاپ بار، — دەپتۇ كۇ جۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ۋالا ميەننىڭ تېپىشماق تېپىشى

يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن مەشھۇر رەسسام شائىر ۋاڭ ميەن بالا ۋاقتىدا باينىڭ كالىسىنى باقىدىكەن.

يىلنىڭ ئاخىرى ئىش ھەققىنى ئالىدىغان چاغدا، باي ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭ، ئىش ھەققىڭنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— قېنى، سوراڭ، — دەپتۇ ۋاڭ ميەن.

— بۇرۇنىسىدا، — دەپ سۆز باشلاپتۇ باي، — بىر توپ كەمبەغەل يەر ئاغدۇرۇۋاتقاندا، ئۇلارغا بويۇنىغا ئاسىدىغان بىر دانە ئېسىل تاش ئۇچراپتۇ. كۆپچىلىك: "بۇ ئېسىل تاش ئىكەن، بۆلۈشەيلى" دەپتۇ-دە، بۇ ئېسىل تاشنى پارچىلاپ، ھەربىرى بىر پارچىدىن بۆلۈشۈپتۇ. بىراق ئۇلار شۇنى بىلمەپتىكى، نۇرغۇن ئالتۇنغا يارايدىغان بۇ ئېسىل تاش پارچىلانغاندىن كېيىن ئىككى پۇلغىمۇ يارىمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ كەمبەغەللەر يەنىلا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قۇرۇق قول قاپتۇ. — بۇ بىر ھېكايە تېپىشماق، قېنى بىرلا خەت بىلەن جاۋاب بەر.

— سىز، — دەپتۇ ۋاڭ ميەن، — "كەمبەغەللەر ھەرقانچە ئېسىل

نەرسنى ئۆلەشىسمۇ يەنىلا كەمبەغەل تۇرۇۋېرىدۇ" دېمەكچى، بۇ دېگىنىڭىز "贫" دېگەن خەت ئەمەسمۇ؟

باي ئۆلاجىنىڭ يوقىدىن ۋاڭ مېھنىنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

باينىڭ ئۆيىدە كالا بېقىپ، ۋاڭ مېھنىنىڭ تارتمىغان جاپاسى قالماپتۇ. بىركۈنى ئۇ بايغا:

— غوجام، مەن بىر ھېكايە دەپ بېرىمەن، سىلە بىر خەت بىلەن جاۋاب بەرسىلە. جاۋاب بېرەلىسىلىرى، مەن سىلىگە بىر يىل بىكارغا ئىشلەپ بېرىمەن، جاۋاب بېرەلمىسىلىرى، ئىشمىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئائىلەمگە قايتىمەن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، قېنى سۆزلە، — دەپتۇ باي.

— بۇرۇنىسىدا، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ۋاڭ مېيەن، — بىر باي بولغانىكەن، ئۇ سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىپ، تېخىمۇ چوڭراق باي بولۇشنى ئويلاپتۇ. ئۇ بىر ئادەم يالىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان توختامغا ئىمزا قىلىپ: ياللىغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچىنى چىقىرىدۇ، بىر يىلدىن كېيىن تاپقان پۇلنى ئۈچ - يەتتە ئۈلۈش بويىچە بۆلۈشىدۇ، دەپ يېزىپتۇ. بىر يىل ئىشلەپ، بۇلار راست دېگەندەك جىق پۇل تېپىپتۇ. تاپقان پۇلنى ئۆزئارا ئېلىشىپ بېلىش ئۈچۈن، ھېلىقى ئادەم پايدىنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن كەلگەندە، باي يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— تۇنۇگۈن ئىككىمىز خوشلىشىپ ئايرىلغانىدا، ئات ئۈركۈپ كېتىپ، پۇل سالغان ساندۇقنى دەسسەپ يەنجىۋەتتى دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى باينىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپتۇ. قېنى تېپىپ بېقىڭ، بۇ نېمە دېگەن خەت؟

باي جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

— باي ھېلىقى ئادەمگە، — دەپتۇ ۋاڭ مېيەن، — ئات پۇل ساندۇقىنى يەنجۇەتتى دەپتۇ، "马" (ئات) بىلەن يەنجۇەتتى مەنىسىدىكى "扁"نى قوشساق "骗" دېگەن خەت بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بايلار ھەمىشە ئالدامچىلىق قىلىش كويىدا بولىدۇ.

ۋاڭ مېيەندىن بۇنداق تىل ئىشىتكەن باي بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئاخىرى ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىگە رازى بوپتۇ.

## "گۆەنسەي كېسىلى"

يۈەن سۇلالىسى زامانىدا، جىنخۇا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە شەھىرىدە شى ۋاڭسۇن ئىسىملىك بىر ياسانچۇق بايۈەچچى بولۇپ، ئەتىدىن كەچكىچە يەپ-ئىچىپ تاماشا قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇنى ئاز دەپ، دادام ئەمەلدار دەپ نوچىلىق قىلىپ پۇقرالارنى بوزەك قىلىدىكەن.

بىر قېتىم شى ۋاڭسۇننىڭ شەھەرنىڭ غەربىدىكى فاڭ يۈەنۇەينىڭ قىزى فاڭ جياۋشيەنگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ، فاڭ جياۋشيەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ، فاڭ يۈەنۇەي بولسا مەمنۇنىيەت بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. تاۋۇز چاغىنى بولغان كۈنى شى ئائىلىسىدىكىلەر فاڭ جياۋشيەننى جوغا سېلىپ مەجبۇرىي يۆتكەپ كەپتۇ. قىز تەزىم قىلىدىغان ئۆيگە كىرىشكە زادى ئۇنىماپتۇ. شى ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى سوغۇق بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، كېيىنچە نەسىھەت بىلەن ئەيۋاشقا كەلتۈرىمىز دەپ ئويلاپتۇ.

تازا قىزىق ئىش بوپتۇ، توي كېچىسىنى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزگەن شى ۋاڭسۇن ئەتىسى ئورنىدىن تۇرسا، پۈتۈن ئەزايى قىچىشىپ، يۈز-كۆزى ئىششىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يۈز-كۆزى بارغانچە ئىششىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۆيدىكىلەر جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ، دەپ يېقىندىكى ئاتاقلىق دوختۇر جۇ دەنشىنى تەكلىپ قىلىشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

جۇ دەنشى شى ئائىلىسىگە كېلىپ كېسەلنى كۆرگەندىن كېيىن، كېسەل ياتقان ئۆينى بىرقۇر كۆرۈپ چىقىپ، كېسەلگە دىئاگنوز قويۇپتۇ. ئۇ بۇ ياسانچۇق بايۋەچچىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ شى ۋاڭسۇننىڭ ئانىسىغا:

— بۇ بىر غەلىتە كېسەل ئىكەن، كىتابتىمۇ بۇ ھەقتە بىرنېمە دېيىلمىگەن. بۇنى "گۈەنسەي كېسىلى" دەيدۇ. بۇ غەلىتە كېسەلگە دورا يېگەننىڭ پايدىسى يوق. مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلسا بولىدۇ: بىرسى، تېخى يېڭى ئۆيگە كىرمىگەن "كېلىن"نى قايتۇرۇپ، جابدۇقلىرى بىلەن قوشۇپ ئائىلىسىگە ئەۋەتىش كېرەك؛ يەنە بىرسى، دەرھال تاغقا ئادەم چىقارتىپ، شەمشاد دەرىخىدىن 16 تۈپ كېسىپ، بىر گۈەنسەي ياسىتىش كېرەك، — دەپتۇ.

شى ۋاڭسۇننىڭ ئانىسىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلاپتۇ-دە، دوختۇردىن سوراپتۇ:

— گۈەنسەينى نېمىگە ئىشلىتىمىز؟

— بۇ، — دەپتۇ جۇ دەنشى، — غەلىتە كېسەلنى غەلىتە يول بىلەن داۋالاش دېگەن بولىدۇ. ئوغلىڭىزنىڭ بىر قىزنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا مەجبۇرلىشى چاتاق بولغان، ئەگەر ئاشۇ قىز بىلەن بىر يوتقاندا بولىدىغان بولسا، جەزمەن ئۆلەتتى، ھېلىمۇ ياخشى بىر يوتقاندا بولماپتۇ،

بۈگۈندىن باشلاپ ئايرىم كۈتۈڭلار، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەڭلار، بۈگۈنلا بىر يېڭى گۈەنسەي ياسىتىپ، ئىچىدە ئۈچ كۈن ياتقۇزۇڭلار، تاماقنىمۇ گۈەنسەي ئىچىگە ئەكىرىپ بېرىڭلار. ئۈچ كۈندىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىدۇ.

شى ئائىلىسىدىكىلەر دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، راست دېگەندەك گۈەنسەي ئىچىدە ياتقان شى ۋاڭسۇننىڭ كېسىلى ساقىيىپ، گۈەنسەي ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپتۇ.

كېيىن جۇ دەنشىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن، جۇ دەنشى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەسكى ئادەم كېسەل بولغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەسكىلىكىنى داۋالاپ، ئاندىن كېسىلىنى داۋالاش كېرەك. ئۇنىڭ كېسىلى "سىر كېسىلى" دېيىلىدۇ، بۇ كېسەل يېڭى ئۆيدىكى جابدۇقلارنى كۆرۈش ۋە تۇتۇشتىن پەيدا بولغان. شۇڭا مەن مەجبۇرلاپ ئەكەلگەن قىزنى قايتۇرغۇزدۇم، يېڭى جابدۇقلارنىمۇ بىللە قوشۇپ يولغا سالدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەسكى ئىشتىن قايتۇرۇپ، ياخشىلىققا يۈزلەندۈردۈم، ئاندىن ئۇنىڭ "سىر كېسىلى"نى داۋالىدىم. ئەسلىدە، بۇ كېسەلنى داۋالاش بەك ئاسان، شەمشاد دەرىخىنىڭ يېڭى قوۋزىقىنى قاينىتىپ بەدىنىنى يۇيسا، ساقىيىپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئۇنى ئۈچ كۈن گۈەنسەيدە ياتقۇزۇشۇممۇ مۇشۇنىڭغا يېقىن بارىدۇ ئەمەسمۇ؟

## جامنى تىقۋېلىپ، خائىننى ئۇجۇقتۇرۇش

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسى زامانىدا، بىر يىلى پادىشاھ

جېڭ دې تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەنىكەن، پۈتۈن ئوردىنى ۋە خەلقى ئالەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى ۋۇمېن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى جەم بوپتۇ. ئوردا ئىشلىرى ۋەزىرى ليۇ جىنمۇ چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ سۈت ئانىسىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغزى يۇمشاق، تىلى تاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى پادىشاھتىن قالسا مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى قىلىپ بېكىتكەنىكەن. بىراق ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، پادىشاھلىق ئورنىغا چىقىشنى قەستلەپ يۈرىدىكەن. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ قارا نىيىتىنى سېزىۋالالماپتۇ، پەقەت بىرلا ئادەم، يەنى پادىشاھنىڭ ئۇستازى خې تاڭ بىلىپ قاپتۇ.

بۇ كۈنى خې تاڭ ليۇ جىننى نىھايىتى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپتىكەن، ليۇ جىن ئاتتىن چۈشكەندە، ئۇنىڭ توق قىزىل رەڭلىك ئوردا كىيىمىنىڭ ئىچىدىن سېرىق رەڭلىك، گۈل ئىشلىگەن ئەجدىھا سۈرەتلىك يىلىڭ تون كۆرۈنۈپ قاپتۇ. خې تاڭ كۆڭلىدە، ئىش چاتاق، بۇ تونى پادىشاھتىن باشقا ئادەم كېيىشكە بولمايتتى، بۈگۈن چوقۇم ليۇ جىننىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش غەرىزى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. يەنە تۇرۇپ، ياق، ئىشنى يامان تەرىپكە ئويلاپ، خاتا كۆرۈپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن دەپمۇ ئويلاپتۇ. ئۇ ئىتتىك ئالدىغا ئۆتۈپ، قەستەن ئېھتىياتسىزلىق قىلغاندەك قىلىپ، ليۇ جىننىڭ يالاڭ تونىنىڭ پېشىگە دەسسىۋاپتىكەن، يەنە ھېلىقى سېرىق تونىنىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. خې تاڭ بىردەم ئويلىۋالغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىتىش قارارىغا كەپتۇ.

پادىشاھىنىڭ زىياپىتىدە، ھەربىي، مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئۆز رېتى بويىچە قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ، پادىشاھقا تەزىم بېرىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئوردا ئىچى تازا ئۆرە-تۆپە بولىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېي تاڭ توققۇز ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن جامدىن بىرنى تىقىۋاپتۇ. ھەرەم ئاغىسى نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىپ كېلىپ، جامدىن بىرسىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ-دە، ئۇ ياق-بۇ ياقنى ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ قەستەن ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ ۋارقىراپتۇ:

— جامنى كىم ئالدى، تېزدىن قايتۇرۇپ بېرىڭلار، بولمىسا ئاقتۇرىمىز!

ھەربىي، مۇلكى ئەمەلدارلار چاقچاق قىلىشىپ:

— ئاقتۇرساق، ئاقتۇرايلى، كىمدىن چىقىپ قالسا، شۇنىڭغا مىڭ جام ھاراق ئىچكۈزەيلى، — دەپتۇ.

ليۇ جىننىڭ قورسىقىدا جىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقتۇرغۇزۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇ:

— بىر تال جامغا نىمانچە قىپ كېتىسىلەر؟ كىرىپ يەنە بىرنى ئېپچىقساڭلار بولمىدىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھەزرەت، جامنى سىز تىقىۋالمىغاندىن كېيىن نېمىدىن قورقىسىز؟ — دەپتۇ خې تاڭ، ئاندىن خانغا بىر تەزىم قىلىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— مۇنداق قىلايلى، ئالدى بىلەن پادىشاھدىن باشلاپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەرتىپ بويىچە بىر-بىرلەپ ئاقتۇرايلى.

— تازا قىزىق گەپ بولدى، — دەپتۇ پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ، — ئوردىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تۇرسا، بىر جامنى تىقىۋې-

لىپ نېمە قىلاتتىم؟

— سىز دېگەن پادىشاھ، — دەپتۇ خې تاڭ، — ئاقتۇرۇشتا باشلامچى بولۇپ بەرسىڭىز.

پادىشاھ ئۇستازىنىڭ چاقچاقچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىرەر ئىشتىن بىشارەت بەرگەندەك، بىرقانچە قېتىم كۆزىنى قىسىپ قويۇپتىكەن. شۇڭا ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تونىنى يېشىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ ئاختۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خې تاڭ سۆز باشلاپتۇ:

— ئەمدى نۆۋەت كىمگە كەلدى؟

— ليۇ ھەزرەتكە! — دەپ توۋلاپتۇ كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن.

ليۇ جىننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جامنى چوقۇم ئاشۇ كىشى ئالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، جەزمەن ئاقتۇرۇش كېرەك دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ليۇ جىن ئىلاجسىز خې تاڭنىڭ ئاختۇرۇشىغا ماقۇل بوپتۇ. ئوردا تونىنى بىر قايرىپتىكەن، ئويلىمىغان يەردىن پادىشاھ كىيىدىغان ھېلىقى سېرىق تون كۆرۈنۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆپچىلىك قېتىپلا قاپتۇ. ليۇ جىن قارا نىيىتىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يېڭىنىڭ ئىچىدىكى پىچاقنى چىقىرىپ، پادىشاھقا ئېتىلىپتۇ. ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغان خې تاڭ پۇتىنى بىرنى تېپىپ ليۇ جىننى يەرگە ياتقۇزۇپتۇ-دە، يەنە بىر پۇتى بىلەن ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا دەسسىۋاپتۇ.

بىردەمدىلا ئوردىنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ بۇيرۇق بېرىپتۇ:

— بولۇڭلار، بۇ ئەبلەخنى تېز ئۆلتۈرۈڭلار.

بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەرلەر ليۇ جىننى قوناق سوققاندەك

دۇمبالىغلى تۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ليۇ جىننىڭ لەپسى توختاپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ.

بۇ چاغدا، خې تاڭ قويىندىن جامنى چىقىرىپ:

ـــ مېنىڭ جامىنى تىقىۋېلىشىم ئاشۇنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى، ـــ دەپتۇ.

## يەن ۋەزىرنىڭ مەكتەپ سېلىشى

مىڭ سۇلالىسى زامانىدا يەن نا ئىسىملىك بىر ۋەزىر ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر يىلى ئۆز يېزىسىغا قايتىپ بېرىپ، يېزا مائارىپىنىڭ ناھايىتى بەك ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، يېزىغا بىر مەكتەپ سالدۇرـ ماقچى بوپتۇ.

مەكتەپ سالىدىغان جاي پىلانلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قاراپ باقسا شۇ دائىرە ئىچىدە ئەسكى بىر ئۆي تۇرۇپتۇ. مەكتەپ قۇرۇـ لۇشىغا مەسئۇل بولغان ئادەم يېقىن بېرىپ قاراپ، بۇ ئۆينىڭ هاراق، تاماكا، كۆكتات ساتىدىغان دۇكان ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ دۇكان ئىگىسىگە:

ـــ ۋەزىرىمىز بۇ يەرگە بىر مەكتەپ سالدۇرماقچى، شۇڭا بۇ ئۆيىڭىزنى سېتىۋالماقچىمىز، باھا قويۇپ بېرىڭ، ئىشقىلىپ سىزنى زىيان تارتقۇزمايمىز، ـــ دەپتۇ.

ـــ مەكتەپ سېلىشقۇ ياخشى ئىش، ـــ دەپتۇ دۇكان ئىگىسى، ـــ بىراق مېنىڭ بۇ ئۆيۈم ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس قالغان، مۇبادا بۇنى قولدىن چىقىرىپ قويسام، جەمەتىمدىكىلەر مېنى مەسخىرە قىلىدۇ، شۇڭا بۇنى ساتمايمەن.

مەكتەپ سېلىش ئىشىغا مەسئۇل بولغان ئادەم ئۇنىڭغا ياخشىلىق-
چىمۇ، يامانلىقچىمۇ ئېيتىپتۇ، بىراق زادىلا ماقۇل كەلتۈرەلمەپتۇ.
ئاخىرى بېرىپ ۋەزىرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ.

— ئۇ ئۇنىمىسا، قىستىماڭلار، — دەپتۇ يەن نا، — قۇرۇلۇشنى
باشلاۋېرىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنى
كۆچۈرىمەن.

— ۋەزىرنىڭ قانداق ئەپچىل تەدبىرى بار ئىكىن؟ — سوراپتۇ
قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولغۇچى.

— مەندىمۇ ھېچقانداق بىر ئەپچىل تەدبىر يوق، — دەپتۇ يەن
نا، — قۇرۇلۇش ئورنىغا لازىم بولىدىغان ھاراق، تاماكا، كۆكتاتلارنى
ئاشۇ ئادەمگە كۆتىرە قىلىپ بەرسەڭلا بولىدۇ، باھا تالىشىپ ئول-
تۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، قانچە دېسە، شۇنچە بېرىڭلار، بەلكى تېخى
پۇلنى ئالدىن بېرىۋەتسەڭلىمۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ، بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنلايمەن، — دەپتۇ باشقۇرغۇچى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چوڭ قۇرۇلۇش باشلىنىپ، قۇرۇلۇش
ئورنىدا ئادەم كۆپىيىپ، قاينام-تاشقىن بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ.
بىرنەچچە يۈز ئادەمنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرى ھېلىقى دۇكان-
دارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ تىجارىتى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا
جانلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپمۇ يەنە
يېتىشەلمەي، ئىلاجىسىز ئادەم يالللاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي
نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ، ئۆيىنىڭ كونا نەرسىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يېڭى
ئۆي جاھازلىرىنى ئېپكەپتۇ، ئۆيىنىڭ ھەممە يېرى ھاراق، تاماكا،
پۇرچاق ۋە كۆكتاتلار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، كىشىلەرنىڭ بۇ
يەردىن ئۆتۈشى قىيىنلىشىپتۇ. قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئىشى تېخى ئەمدى

يېرىملاشقانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ بويىچە كېتىۋەرسە، بۇ ئۆينىڭ يېتىش-مەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىكەن.

شۇ كۈنى قۇرۇلۇشنى باشقۇرغۇچى نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ دۇكاندارغا:

— دۇكاندار، بىلىپ قويۇڭ، ئىش ئورنىمىزغا يەنە نۇرغۇن ئادەم كەلمەكچى، تىجارىتىڭلار بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

— ۋەزىرنىڭ ئىلتىپاتىغا مىڭ رەھمەت، — دەپتۇ دۇكاندار رازى-مەنلىك بىلەن، — شۇ كىشىنىڭ ئىلتىپاتى بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتۇق. ۋەزىر ئۆتكەندە مۇشۇ ئەسكى ئۆيۈمنى ئالماقچى بولغاندا، ئۇنىماي قويغانىدىم، ئويلىسام بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، ئەمدى مۇشۇ ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىشكە رازىمەن.

يەن ۋەزىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشنى باش-قۇرغۇچىغا ئېيتىپ، دۇكاندارغا شۇ ئەتراپتىن يېڭى بىر ئۆي ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى دۇكاندار خۇشال بولغان ھالدا، بۇ ئۆينى ناھايىتى تېز بىكارلاپ، يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ بېرىپتۇ.

كۆپچىلىك يەن ۋەزىرنى ھەم تەدبىرلىك، ھەم خەلقنىڭ ھالىغا يېتىدىغان پاك ئەمەلدار دەپ ماختىشىپتۇ.

## ئوغرىنىڭ دوختۇر بولۇۋېلىشى

بۇ ۋەقە مىڭ سۇلالىسى زامانىدا ئەنجى ۋىلايىتىدە بولغانىكەن. بىركۈنى، بۇ يەردىكى بىر باي ئادەم ئۆيلىنىپ توي قىلغانىكەن.

توي بەك قىزىپ كېتىپتۇ، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلەرنىڭ ھەممىسى توپ-توپ بولۇپ كېلىشىپ، توي زىياپىتىگە قاتنىشىپتۇ. بۇلارنىڭ قاتارىدا بىر ئوغرىمۇ بۇ زىياپەتكە ئىشتىراك قىپتۇ. ئوغرى ئەسلىدە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، پۇلغا يارايدىغان بىرەر نەرسە ئوغرىلاش مەقسىتىدە، ئادەملەر كىرىپ-چىقىپ تۇرغان قالايمىقانچىلىقتا غىپ كىرىۋېلىپ، يېڭى ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدىكى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. قىرىشقاندەك ئۈچ كۈنگىچە بۇ ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچمەپتۇ، باشقا ئۆيدىمۇ كىرىپ-چىقىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ. ئوغرى ھېچ نەرسە يېمەي ئۈچ كېچە-كۈندۈز كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ياتقاچقا، قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىپتۇ، ئۇسسىغاننىڭ دەستىگە گاللىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئوغرى بۇ ئەھۋالغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۆيدە قىز بىلەن يىگىتنىڭ يالغۇز قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سىرتقا قاراپ قېچىپتۇ.

يىگىت بىلەن قىز قورقۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ئوغرىنى تۇتۇڭلار، ۋاي ئوغرى قاچتى!

بۇ ئائىلىنىڭ بىر قىسىم خىزمەتكارلىرى تېخى قايتمىغانىكەن، ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىقچە قىز-يىگىتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئوغرىنى تۇتۇڭلار، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەرھال يۈگۈرۈشۈپ بېرىپتۇ-دە، ئوغرىنى چەمبەر چاس باغلاپ، ئامبال يامۇلغا ئاپىرىپتۇ.

ئامبال دەرھال سوراقنى باشلاپتۇ.

— مەن ئوغرى ئەمەس، دوختۇر، — دەپتۇ ئوغرى.

— دوختۇر بولساڭ، نېمە ئۈچۈن توي قىلغانلارنىڭ ئۆيىگە مۆكۈنۈۋالىسەن؟ — دەپتۇ ئامبال.

— دارىن، — دەپتۇ ئوغرى خۇددى راستتەك سۆزلەپ، — توي قىلغان قىزدا پەۋقۇلئاددە بىر ئايالىلار كېسىلى بار ئىدى. ئۇ توي قىلىش ئالدىدا، زۇرۇر بولۇپ قالسا، دەرھال دورا بېرىشىم ئۈچۈن، توي ئاخشىمى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان.

ئامبال قايتا ـ قايتا سوراق قىلسىمۇ، ئوغرى يېڭى تويى بولغان قىزنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى گويا راست شۇنداق بولغان ئىشتەك سۆزلەپتۇ. ئوغرى كارىۋاتىنىڭ ئاستىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ياتقاندا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىزىغا قىلغان گەپلىرىنى تىڭشىۋالغانىكەن. ئامبال بۇ ئىشلاردىن دەرگۇمان بولغان ھالدا دەۋاگەرگە دەپتۇ:

— جاۋابكار زادى دوختۇرمۇ، ئوغرىمۇ؟ بۇنىڭغا قىز ئۆزى گۇۋاھلىق بەرسۇن.

دەۋاگەر يىگىتنىڭ دادىسى ئىكەن، ئۇ ئۆيگە قايتىپ بىرىپ مەسلىھەتلىشىپتىكەن، قىز يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ سوراقخانىغا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە زادى ئۇنىماپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ سەتچىلىككە قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ: ئۇ ياقتىن توي قىلىپ، بۇ ياقتىن دەۋالاشسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە جاۋابكار كارىۋاتىنىڭ ئاستىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ياتقان تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن راستتىن چوڭ ئاھانەت بولدى ـ دە!

ئامبال قىزنىڭ سوراقخانىغا چىققىلى ئۇنىمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى پېشقەدەم مەسلىھەتچىدىن سوراپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاپتۇ.

— يېڭى تويى بولغان قىزنىڭ، — دەپتۇ مەسلىھەتچى، — سەت تۇرۇشتىن قورقۇپ سوراقخانىغا چىقمىغانلىقى ھەممىدە كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. مېنىڭچە، ئوغرىنىڭ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۈپ يېتىپ، ئۇ يەردىن قوپۇپلا قېچىشىدا بىر گەپ بار، ئۇ قىزنى تونۇمىسا

كېرەك. مۇبادا باشقا بىر قىزنى سوراقخانىغا چاقىرتىپ گۇۋاھچىلىققا سالىدىغان بولساق، تاماشا شۇ چاغدا چىقىدۇ.

ئامبال بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئويلىغانسىرى ئىچى-ئىچىدىن كۈلگۈسى كەپتۇ. ئۇ مەسلىھەتچىنى دەرھال بىر قىز تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ھېلىقى مەسلىھەتچى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىر پاھىشە ئايالنى تېپىپ، توي كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، تويى بولغان قىزدەك ياساپ، گۈللۈك جوغا سېلىپ، يامۇلنىڭ سوراقخانىسىغا ئېلىپ كەپتۇ.

جو توختاش بىلەن ئامبال دەۋاگارنى دەرھال سوراقخانىغا ئەكىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

— قىز كەلدى، — دەپتۇ ئامبال ئوغرىغا، — سەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىشەلەمسەن؟

— چاتاق يوق، — دەپتۇ ئوغرى نوچىلىق قىلىپ، — نېمىشقا يۈزلىشەلمەيدىكەنمەن!

ئامبال مەسلىھەتچىنى جونىڭ مېلەڭزىسىنى ئېچىشقا بۇيرۇپتۇ. جونىڭ ئىچىدىن چىرايلىق ياسانغان ھېلىقى پاھىشە ئايال چىقىپ كەپتۇ. ئوغرى ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— قىزچاق، بىللە بېرىپ كېسەلىمنى داۋالا دېگەنىتىڭىز، نېمە ئۈچۈن قېيىن ئاتىڭىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر مېنى ئوغرى دەپ تۇتتۇۋالىدۇ؟ — دەپتۇ.

پاھىشە ئايال ۋە سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئامبالنىڭ قايتا-قايتا سوراق قىلىشى ئارقىسىدا، ئوغرى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

## كۇنجۇت چېچىپ، جەسەت سىزىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ۋۇكاڭ ناھىيىسىدە لىيۇ تىڭ ئىسىملىك بىر تاغلىق بار ئىكەن. ئۇ ئاكىسى لىيۇ خېڭ بىلەن مال-مۈلۈك تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ-دە، ئاكىسىنى ئۇرۇپ ئايلان-دۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، ئاكىسىنى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھازىدارلىق كىيىمىنى كىيىپ، ئەنزە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يامۇلغا بېرىپتۇ.

ۋۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ ياندىش ئايماق بېگى ۋاڭ جيەنئەن لىيۇ تۇڭنى سوراقخانىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سىز يامۇلغا بىرەر ئەنزىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ؟

لىيۇ تۇڭ تازا بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— ئاكام لىيۇ خېڭنى بىر ئاچ قالغان يولۋاس تالىۋەتتى. ئۇ يولۋاس ھەمىشە تاغ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. دارىنىڭ تاغ ئىچىگە ئۇۋۇچى ئەۋەتىپ، خەلققە زىيان سالىدىغان بۇ يولۋاسنى يوقىتىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

قالغانلىقى ئۈچۈن، لىۋ تۇڭ ئامالنىڭ يوقىدىن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## جېڭ بەنچياۋنىڭ مەنسەپكە چىقىشى

جېڭ بەنچياۋ ۋېيشيەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. ئۇ چاغدىكى ۋېيشيەن ناھىيىسى زومىگەرلەر، بايلار، جېدەلخور، لۈكچەكلەر ئۆزئارا بىرلىشىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلىدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بۇ ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەنلەر، بىر بولسا ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكى ئىشلىرىغا شېرىك بولۇپ كېتىدىكەن، بىر بولسا ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدىكەن-دە، بۇ يەردىن قوغلىنىدىكەن.

بۈگۈن جېڭ بەنچياۋ مەنسەپكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ناھىيە بازىرىغا 20 چاقىرىمچە قالغان يەرگە كەلگەندە، ئۇنى ئېپ مېڭىش ئۈچۈن كەلگەن جو ئۇچراپتۇ. كىم بىلسۇن، ئۇ تېخى جوغا چىقىپ تۇزۇكرەك ئورۇنلىشىۋالماي تۇرۇپلا، جو خۇددى بوران ئېپقاچقان لەگلەكتەك "ئۇچ" قىلى تۇرۇپتۇ-دە، جېڭ بەنچياۋنى قوناق تاسقىغاندەك بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە تاسقاپ، ئۈستۈن-تۆۋەن قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بېشى ئىششىپ، دوۋىسىنىڭ ئىككى يېرى تىلىنىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە جو كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى زومىگەرلەر ۋە لۈكچەكلەر ئەۋەتكەن ئادەملەر بولغاچقا، تۆت ئادەم كۆتۈرىدىغان جونى 16 ئادەم كۆتۈرۈپ، ئالمىشىپ يۈگرەپ، جېڭ بەنچياۋنىڭ جۇلىقىنى چىقارغانىكەن. ئۇلار جونى كۆتۈرۈپ ماڭغاچ، يولدا ناخشا ئېيتىشىپ:

— ليۇ خېڭنىڭ يولۋاسقا تالانغانلىقىنى كۆرگىنىمىز يوق، بۇ ئىشنى بىزگە ليۇ تۇڭ خەۋەر قىلغان، — دەپتۇ.

ۋاڭ جيەنئەن ئادەملىرىنى باشلاپ، ليۇ تۇڭ ئولتۇرغان ئۆينى ئاقتۇرۇپتىكەن، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن قان يۇقى بىر پالتا چىقىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ ۋاڭ جيەنئەن ليۇ تۇڭغا:

— قاتىللىق قورالى مانا مۇشۇ، — دەپتۇ.

ليۇ تۇڭنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىپتۇ، بىراق جىنايىتىگە ئىقرار بولماپتۇ.

— مەن سېنى تولۇق قايىل قىلىمەن، — دەپتۇ ۋاڭ جيەنئەن، ئاندىن ئادەملىرىگە جەسەت كۆيدۈرگەن يەرگە كۆمۈر ئېپكېلىپ كۆيدۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈنجۈت چېچىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوت بىردەم كۆيگەندىن كېيىن، كۆمۈرلەرنى سۈپۈرۈۋېتىپتىكەن، جەسەت-تىن ئېقىپ، كېيىن ئۇيۇپ قالغان ماي قىزىغاندىن كېيىن ئېرىشكە باشلاپتۇ. كۈنجۈت قىزىغاندا ئۇنىڭمۇ مېيى چىقىپ، جەسەتتىن ئاق-قان ماي بىلەن قوشۇلۇپتىكەن، شۇ ئان توپىدا بىر ئادەم جەسىتىنىڭ شەكلى پەيدا بولۇپتۇ، قارىغاندا ئۇنىڭ قول، پۇتلىرى ۋە باشقا ئەزالىرى تولۇق ئىكەن. سول بېقىنىنىڭ ئاستىدىكى يېرىلغان يەرگە بىرنەچچە ئون تال كۈنجۈت كىرىپ قاپتۇ، كىندىك ئەتراپىدىكى مۇھىم جايلارغا كىرىپ قالغان كۈنجۈتلەرنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس-كەن، قارىغاندا، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى زەخىملەنگەن. ۋاڭ جيەنئەن سول بېقىن ۋە كىندىك ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە سەن پالتا ئۇرغان، مانا قارا، ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ.

ھوشيار سوراقچىنىڭ ئالدىدا جىنايىتىنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولماي

قالغانلىقى ئۈچۈن، ليۇ تۆك ئامالنىڭ يوقىدىن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## جېك بەنچياۋنىڭ مەنسەپكە چىقىشى

جېك بەنچياۋ ۋېيشيەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. ئۇ چاغدىكى ۋېيشيەن ناھىيىسى زومىگەرلەر، بايلار، جېدەلخور، لۈكچەكلەر ئۆزئارا بىرلىشىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلىدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بۇ ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەنلەر، بىر بولسا ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكى ئىشلىرىغا شېرىك بولۇپ كەپتىكەن، بىر بولسا ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدىكەن-دە، بۇ يەردىن قوغلىنىدىكەن.

بۈگۈن جېك بەنچياۋ مەنسەپكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ناھىيە بازىرىغا 20 چاقىرىمچە قالغان يەرگە كەلگەندە، ئۇنى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن كەلگەن جو ئۇچراپتۇ. كىم بىلسۇن، ئۇ تېخى جوغا چىقىپ تۈزۈكرەك ئورۇنلىشىۋالماي تۇرۇپلا، جو خۇددى بوران ئېپقاچقان لەگلەكتەك "ئۈچ" قىلى تۇرۇپتۇ-دە، جېك بەنچياۋنى قوناق تاسقىغاندەك بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە تاسقاپ، ئۈستۈن-تۆۋەن قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بېشى ئىششىپ، دوۋسىنىڭ ئىككى يېرى تېلىنىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە جو كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى زومىگەرلەر ۋە لۈكچەكلەر ئەۋەتكەن ئادەملەر بولغاچقا، تۆت ئادەم كۆتۈرىدىغان جونى 16 ئادەم كۆتۈرۈپ، ئالمىشىپ يۈگرەپ، جېك بەنچياۋنىڭ جۇلىقىنى چىقارغانىكەن. ئۇلار جونى كۆتۈرۈپ ماڭغاچ، يولدا ناخشا غىڭشىپ:

— غوجام كېپقالدى قاياقلاردىن، جودا ئۇلتۇرۇپ تاسقالسۇن ئالدىئالا؛ گېپىمىزگە كىرمىسە ئەگەر بۇندىن كېيىن، ئەمەلدارلىق قالپىقىدىن قۇرۇق قالا، — دەپتۇ.

جېك بەنچياۋ كۆڭلىدە: سەنلەرنى ئەمدى چۇشەندىم دەپ ئويلاپتۇ-دە، بىردىنلا ئۇلارغا ۋاقىراپتۇ:

— جونى توختات!

جو كۆتۈرۈۋاتقانلار جونى توختىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. جېك بەنچياۋ جودىن چۇشۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى بىر مەيداننى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ تۇرغان كېسەكلەرنى جوغا سېلىڭلار، بارغاندىن كېيىن غوجىكاڭلارغا ئۆي سالىسىلەر، — دەپتۇ.

جو كۆتۈرگۈچىلەردىن بىرى ئالدىراپ تەزىم قىلىپ:

— غوجام كەچۇرسىلە، ئۆزلىرىگە يامۇلدا مەخسۇس ياسالغان دەم ئېلىش كارىۋىتى بار...، — دەپتۇ.

— غوجىكاڭلار ئۇنداق نەرسىلەرنى بۇرۇنلا كۆرۈپ بولغان، گەپنى ئاز قىل، بىر ئادەم ئىككىدىن كۆتۈرۈپ، جوغا سېلىڭلار.

جو كۆتۈرگۈچىلەر غىڭ قىلماستىن چوڭ-چوڭ كېسەكلەرنى كۆتۈرۈپ جوغا سالغىلى تۇرۇپتۇ. بىر كېسەك ئون نەچچە جىڭ كېلىدىكەن، 16 ئادەم 32 كېسەك ئېلىپ كەلسە، شۇنىڭ ئۆزى 300 نەچچە جىڭ كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم چىقىپ ئولتۇرىدىغان بولسا، كۆتۈرگەنلەر قارا تەرگە چۆمىدىكەن. جېك بەنچياۋ جونىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تېخىمۇ جانلىنىپتۇ، ئۇ جونىڭ ئىچىدە بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ:

— ئەمدى تاسقاپ كۆرۈڭلار، ئۆچۈپ كەتسۇن ئۇنۇڭلا؛ بارغاندا يامۇلغا جونى ئېلىپ، ئۇچتىن بەنزە يەيسىلەر ھەربىرىڭلا، — دەپ

ناخشا ئېگىشىپتۇ.

ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا، جېك بەنچياۋ سىرتتىن يامۇلغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ تېخى يامۇلنىڭ دەرۋازىسىغا كەلمەي تۇرۇپ قارىسا، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر توپ ئادەم ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇلار بىر تەرەپتىن "ئامبال كەلدى، ئامبالنى قارشى ئالايلى!" دەپ ۋارقىراشسا، يەنە بىر تەرەپتىن يامۇلنىڭ دەرۋازىسىنى ئادەم ئۆتەلمىگۈدەك دەرىجىدە توسىۋاپتۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تەنزىسكەشلەر تەنزىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قاچقىلى تۇرۇپتۇ. شېپەن ساتىدىغان شۇي بوۋاي قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن، يولغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ شېپەن قاچىلايدىغان كورىسى يولنىڭ بويىدىكى يوغان بىر تاشقا تېگىپ، چېقىلىپ كېتىپتۇ، شېپەنلىرى يەرگە تۆكۈلۈپتۇ. بىر ئەبلەخ چىقىپ شۇي بوۋاينى تۇتۇۋاپتىكەن، لۈكچەكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غوغا چىقارغىلى تۇرۇپتۇ. جېك بەنچياۋ جودىن چۈشۈپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

ھېلىقى شۇي بوۋاينى تۇتۇۋالغان ئەبلەخ بۇ قېرىنىڭ شېپەن قاچىسى مېنى سوقۇۋەتتى دەپتۇ، شۇي بوۋاي بۇ ئادەم ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، دەپتۇ. سىمىزغىنا كەلگەن بىر باي سۆزلەپتۇ:

— پېقىر بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم، بوۋاينى ئەخلاقسىز بىرنېمە سوقۇۋەتتى، — دەپتۇ. ئۇ باي يەنە يول بويىدىكى بىر تاشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مۇغەمبىرلىك بىلەن:

— مەن دېگەن ئەخلاقسىز نەرسە مۇشۇ تاش، ئامبال غوجامنىڭ بۇنىڭغا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ جېك بەنچياۋ، — بۈگۈن ماڭا كاشىلا قىلغان مۇشۇ تاشنى سوراق قىلىپ كۆرەي.

سوراق باشلىنىپتۇ. جېك بەنچياۋ سوراقخانا ئالدىدا تۇرغان تاشقا
قاراپ سوراپتۇ:
— هەي لەنىتى تاش، سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا ھېچقانداق
كاشلىسى تەگمەيدىغان بوۋاينىڭ شىپىنىنى ئۆرۈۋەتتىڭ؟ ئەمدى بۇنى
تۆلەپ بەر. سوراقخانا جىمجىت بولۇپ كېتىپتۇ. جېك بەنچياۋ
تاشنى قىرىق كالتەك ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. يايىلار ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.
ئىككى تەرەپتە تۇرغان زومىگەر، باي، جېدەلخور لۈكچەكلەر بىر-
بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشكىلى تۇرۇپتۇ. جېك بەنچياۋ بىردىنلا ۋاقىراپ
كېتىپتۇ:
— سىلەر سوراقنىڭ گۇۋاھچىلىرى تۇرۇپ، سوراقنى ئوبدان
ئاڭلىماي يەنە نېمە دەپ كۈلىسىلەر؟
— ئامبالنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلغانلىقى، جىنايەتكە ئادىل
ھۆكۈم قىلغانلىقىغا كۈلۈۋاتىمىز، — دېيىشىپتۇ ئۇلار قالايمىقان ۋاقىرى-
شىپ، — ئەپسۇسكى، بۇ زۇۋانسىز تاشنى ئۈچ يىل سوراق قىلسى-
ڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز گەپ ئالالمايسىز!
— نېمە، بۇ تاش زۇۋانسىزمۇ؟
— زۇۋانسىزلىقىدا گەپ يوق.
— ئۇنداقتا ئۇ ماڭالامدۇ؟
— بۇ تاش يارالغاندىن تارتىپ شۇنداق، ئۇنىڭ ئاغزىمۇ يوق،
پۇتىمۇ يوق.
— ئاغزىڭنى يۇم، بۇ تاش سۆزلىيەلمىسە، مىدىرلىيالمىسا، قانداق
قىلىپ شىپەنچى بوۋاينى بوزەك قىلىپ، ئۇنىڭ شىپەن قاچىسىنى
چېقىۋېتەلەيدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، سەنلەرنىڭ نىيىتىڭ بۇزۇق،
سەنلەر مېنى ئالدىماقچى. كېلىڭلار، بۇ مۇتتەھەملەرنى 40 كالتەكتىن

ئۇرۇڭلار.

بۇ ئەبلەخلەر ئەسلىدە جېڭ يەنچياۋنى ئەخمەق قىلىشماقچى بولغانىكەن، كىم بىلسۇن، ئۆزلىرى جاجىسىنى يەپتۇ، ئەمدى ئۇلار يەرگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئامبالدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. جېڭ بەنچياۋ ئادەملىرىگە بىر سېۋەت كەلتۈرگۈزۈپتۇ-دە، مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر مەندىن كەچۈرۈم سورىساڭلار، مەنمۇ سىلەرنى تەڭلىكتە قويمايمەن. كىمىكى جازاغا تارتىلىشنى خالىمىسا، مۇشۇ سېۋەتكە گۇناھىنى يۇيۇش ھەققىنى سالسۇن، شۇ چاغدا ئۇ كىشى قويۇپ بېرىلىدۇ. — ھېلىقى ئەبلەخلەر ئارقا-ئارقىدىن سېۋەتكە پۇل تاشلاپ، يامۇلدىن چىقىپ قۇيرۇقنى تىكىپتۇ. جېڭ بەنچياۋ يىغىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى شۇي بوۋايغا بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ۋېيشيەن ناھىيىسىدىكى زومىگەر، باي، جېدەلخور، لۈكچەكلەر جېڭ بەنچياۋ بىلەن ئېيتىشمايدىغان بولغانىكەن.

## سىرنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنىشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، شەندۇڭنىڭ لىنچىڭ ناھىيىسىنىڭ يېزىسى ساڭشاڭدا لو جۇلىن ئىسىملىك بىر دېھقان ئۆتكەنكەن، ئۇ ئەقىللىق ۋە قىزىق ئادەم بولۇپ، ئەتراپتىكى خېلى يىراق جايلارغىچە ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ يېزىنىڭ ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر كەنتتە گۇ دادۇ ئىسىملىك بىر پومېشچىك بولۇپ، تولىمۇ ھىيلىگەر ئادەم ئىكەن، شۇ كەنتتە ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان ئادەم يوق ئىكەن، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئۆچ ئىكەنۇ، لېكىن كۈچى يەتمەيدىكەن. بىر كۈنى، بۇ

كەنتتىكىلەر لو جۇلىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، گۇ دادۇنىڭ ئەدەبسىنى بىرىشىنىڭ ئامالىنى قىلىپ بىرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. لو جۇلىن ئۇلارنىڭ تەلپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا:

— بولىدۇ، ئەتىلا بىرىپ سىلەرنىڭ ئىنتىقامىڭلارنى ئېلىپ بىرىمەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى لو جۇلىن بازاردىكى مىلىچ ماللار دۇكىنىدىن ئۈچ سەر سىر سېتىۋېلىپ، ئۇنى گۇ دادۇنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇ رەتلىك كىيىنىپ يامۇلغا ئەرز قىلغىلى بىرىپتۇ ـ دە، ئامبالنىڭ ئالدىغا بىرىپ، گۇ دادۇ مېنىڭ تۆت سەر ئالتۇنۇمنى يوشۇرۇۋالدى دەپتۇ.

ئامبال گۇ دادۇنى چاقىرىتىپ، لو جۇلىن بىلەن سوراقخانىدا دۈيلەشتۈرۈپتۇ.

— غوجام، مەن ھېچكىمنىڭ ئالتۇنىنى يوشۇرۇۋالمىدىم، — دەپتۇ گۇ دادۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— سەن مېنىڭ تۆت سەر ئالتونۇمنى يوشۇرۇۋالغان تۇرۇپ، يەنە تېخى يوشۇرۇۋالمىدىم دەۋاتىسەنغۇ؟ — دەپتۇ بىر چەتتە تۇرغان لو جۇلىن.

گۇ دادۇنىڭ بىردىنلا ئېسىگە كەپتۇ ـ دە، ئامبالغا ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ:

— غوجام، تۆت سەر ئالتۇن ئەمەس، ئۈچ سەر سىر، — دەپتۇ.

— لۇ جۇلىن ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئېنىق تۆت سەر تۇرسا، سەن نېمشقا ئۈچ سەر يەتتە مىسقال (بۇ يەردە سىرنىڭ خەنزۇچە تاۋۇشى "چى" بولغاچقا، "يەتتە"نىڭ خەنزۇچە "چى"دېگەن تاۋۇشىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. — تەرجىماندىن) دەيسەن؟

— غوجام، راست گەپنى قىلسام، ھەقىقەتەن ئۈچ سەر سىر، — دەپتۇ گۇ دادۇ ئۆزىنى ئاقلاپ.

ئامبال گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى بىر سىلكىپتۇ-دە:

— بولدۇ، ئۈچ سەر يەتتە مىسقال بولسىمۇ مەيلى، — دەپ، ئەتراپىدىكى ئادەملىرىگە:

— بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئۈچ سەر يەتتە مىسقال ئالتۇن ئېلىپ كېلىڭلار، بولدى، سوراق ئاخىرلاشتى، — دەپتۇ.

گۇ دادۇنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، خاپا ھالدا سوراقخانىدىن چىقىپتۇ.

## ئۈچ ئەرنىڭ بىر قىزنى تالىشىپ قېلىشى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ مەلۇم بىركۈنى، خېفېي ناھىيىسىنىڭ يامۇل سوراقخانىسىدا، سۇن فامىلىلىك ناھىيە ئامبىلى بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى تەس بولغان بىر ئەنزىنى بىر تەرەپ قىپتۇ. بۇ ئەنزە ئۈچ ئەرنىڭ بىر قىزنى تالىشىش ئەنزىسى ئىكەن.

سوراقخانىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان قەددى-قامىتى كېلىشكەن ساھىبجامال قىزنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزىدىن قانداقتۇر بىر غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتىكەن، ئۇنىڭ كەينىدە ئۈچ ئەر تۇرۇپتۇ. سول تەرەپتە تۇرغىنى قاۋۇل، كېلىشكەن، روھلۇق بىر ياش يىگىت؛ ئوتتۇرىدا تۇرغىنى ئوتتۇرا ياشلىق سېمىز سودىگەر بولۇپ، قارىغاندا تەجرىبىلىك ئادەم ئىكەن؛ ئوڭ تەرەپتە تۇرغىنى ئورۇق ھەم پاكارغىنا كەلگەن بىر ياش بولۇپ، كۆزىنى ئامبالدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ، قارى-

غاندا تولىمۇ ئېھتىياتچاندەك كۆرۈنىدىكەن، بۇ ھەم بىر كىچىكرەك بايى ئىكەن. چەتتىرەك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، بۇ ئايال ھېلىقى قىزنىڭ ئانىسى ئىكەن.

سۇن ئامبال ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سوراپتىكەن، ئەھۋال مۇنداق بولۇپ چىقىپتۇ: بۇ ناھىيىنىڭ پۇقراسى ليۇ بىلەن ھەربىي ئەمەلدار چېن ياخشى دوستلاردىن ئىكەن. ليۇ بىر قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى شياۋجيا قويۇپتۇ؛ چېن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى داتۇڭ قويۇپتۇ. كېيىن بۇ ئىككى ئائىلە بالىلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ چاي ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، ھەربىي ئەمەلدار چېن ئائىلىسى بىلەن ئۆز يۇرتىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ليۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ قېلىپ، ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ليۇ شياۋجياۋ 18 ياشقا تولغاندا، ئانىسى ساقلاۋېرىشكە چىدىماي، قىزىنى بىر سودىگەرگە بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. بۇ سودىگەر توي سوغىلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، تىجارەت ئۈچۈن سىرتقا كېتىپتۇ-دە، ئىككى يىلغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. شياۋجياۋنىڭ ئانىسى بۇنىڭغىمۇ سەۋرى قىلىپ تۇرالماي، قىزىنى ئۆز يېزىسىدىكى كىچىك بىر بايغا بەرمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى كىچىك باينىڭ توي قىلىدىغان كۈنى يېقىنلاشقاندا، سودىگەر قايتىپ كېلىپ، توي كۈنىنى بەلگىلەشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ئوغلى چېن داتۇڭمۇ تويلۇقلارنى ئېلىپ يېتىپ كەپتۇ، شۇڭا بۇ ئۈچەيلەن ليۇ شياۋجياۋنى تالىشىپ، دەۋا قىلىشقانىكەن.

سۇن ئامبال ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، بۇ ئەنزە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرالماي، سوراقنى توختىتىشنى جاكارلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سوراق باشلىنىپتۇ، سۈن ئامبال قىزغا دەپتۇ:
ــ سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، شۇڭا بۇلارنىڭ سىزنى تالىشىۋاتقانلىقىنى ئەيىب كۆرگىلى بولمايدۇ.
شياۋجياۋ ئىزا تارتىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەپتۇ ـ دە، ئۇنىنى چىقارماي تۇرۇۋاپتۇ.
ــ سىز بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ئەر كىشى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولالـمايسىز، ــ دەپتۇ سۈن ئامبال، ــ ئانىڭىز بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسىنىڭ سوغىسىنى قوبۇل قىپتۇ، مېنى ئالسىڭىز بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھېچقايسىغا مايىللىق بىلدۈرەلمەيمەن. قارىغاندا بۇ ئۈچەيلەندىن بىرنى ئۆزىڭىز تاللىسىڭىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.
شياۋجياۋ تېخىمۇ ئىزا تارتىپ كېتىپتۇ ـ دە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.
سۈن ئامبال ئۇنى بىرنەچچە قېتىم جاۋاب بېرىشكە دەۋەت قىلىپتىكەن، ئۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. سۈن ئامبال ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
ــ ئۇنداقتا، سىز نېمە قىلىشنى خالايسىز؟
ئەگەردە شياۋجياۋ ئەرنى ئۆزى تاللايدىغان بولسا، باشقىلار زادىلىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، قالغان ئىككىسى ئۇنى بوش قويۇۋېتەرمۇ؟ ئۇ تەڭلىكتە قاپتۇ، بىر تەرەپتىن ئىزا تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ئاخىرى گەپنى ئۇزۇۋپلا دەپتۇ:
ــ مەن ئۆلۈشنى خالايمەن.
ــ سىز تېخى قەتئىي نىيەتكە كەلمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟ ــ دەپتۇ سۈن ئامبال.
شياۋجياۋ ئاچچىقىنىڭ كەلگىنىدىن بېرىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئۈچۈن تېزرەك ئۆلۈشتىن باشقىسى بىكار.

سۇن ئامبال بىر يايىنىڭ قۇلقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ بولۇپ، قىزغا قاراپ:

— قارىغاندا، بۇ دەۋانى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سىزنىڭ ئۆلۈشىڭىز كېرەكتەك تۇرىدۇ. بوپتۇ، زەھەر قوشۇلغان ھاراقنى تېزرەك كەلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، يايى راست دېگەندەك بىر چەينەك زەھەر قوشۇلغان ھاراقنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. شياۋجياۋ نائىلاج كۆز يېشىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ھاراقنى ئىچىۋېتىپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى بىلەن ھېلە-قى قاۋۇل يىگىت ھاراق چەينىكىگە ئېسىلىپتىكەن، يايىلار ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ.

شياۋجياۋ زەھەر سالىغان ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەردە بىرنەچچە دومىلاپتۇ-دە، سوزۇلۇپ گەپ-سۆزسىز يېتىپتۇ. يايىلار "ئۆلدى" دەپ مەلۇم قىپتۇ.

— جەسەتنى سىز ئېپكېتەمسىز؟ — سوراپتۇ سۇن ئامبال ھېلىقى كىچىك بايدىن.

— قانداقمۇ ئۇ ئۆلۈكنى جوغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ بارىمەن؟ — دەپتۇ كىچىك باي، — ئۇ ھايات ۋاقتىدا پۈتۈشۈپ قويغان لايىقى بار ئىكەن، بۇ جەسەتنى شۇ كىشى ئېلىپ كەتسۇن.

ھېلىقى سودىگەرمۇ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۆلۈكنى ئېلىپ كەت-مەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ئوغلى چېن داتۇڭلا كۆز يېشى قىلىپ، سۇن ئامبالغا تەزىم قىلىپ دەپتۇ: ئاتامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان، ئۇ ھازىر ئۆلدى،

شۇنداقتىمۇ ئاتامىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلمايمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز خوتۇنۇمنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقانغا ئوخشاش ئۇزىتىمەن.

چېن داتۇڭ شىياۋجىياۋنى يۇدۇپ، ئۆزى تۇرغان جايغا ئېلىپ بېرىپتىكەن، شۇ كۈنى ئاخشىمى شياۋجياۋ ھوشىغا كەپتۇ. ئەسلىدە سۇن ئامبالنىڭ شىياۋجياۋغا ئىچكۈزگىنى زەھەر سالغان ھاراق بولماستىن، ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى ئىكەن.

## چوشقا ئوغرىلىغان كىم

لى بوۋاي ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ، راسا تىللىغىلى تۇرۇپتۇ:

— يېرىم كېچىدە كېلىپ، 60 نەچچە جىڭلىق چوشقامنى ئوغرىلاپ قاچقان قايسى ئۆلگۈر ئۇ، بۇ ئوغرى ئاخىرى بېشىنى يەيدۇ!

بىرەيلەن كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپتىكەن، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ-دە، خوشنا يېزىدىكى پاكارغىنا كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ھوي دوغلاق كاۋا، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن.

بۇ دەۋا نەنخەي ناھىيىسى ئامبىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

شۈي ئامبال دەۋاگەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دوغلاق كاۋا لەقەملىك جاۋابكاردىن راست-يالغانلىقىنى سوراپتۇ.

— غوجام، — دەپتۇ دوغلاق كاۋا كۆزىدىن ياش ئاقتۇزۇپ تۇرۇپ، — پېقىر ئەزەلدىن قائىدە، قانۇنلۇق پۇقرا، كەمبەغەل بولغىنىم بىلەن بىر چوشقا ئۈچۈن نامىمنى بۇلغىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈس-

تىگە چوشقا دىگەن يولدا ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ، شۇڭا چوشقا ئوغرىلىغان ئادەم كىشلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ھەرگىز ئۇنى يېتىلەپ ماڭمايدۇ. چوشقا ئوغرىلىغۇچىلار ھامان چوشقىنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، ئۆزلىرى قاراپ باقسىلا، ئۆزۈم بىر قۇرۇق ئۇستىخان، قولۇمدا قۇشقاچنىڭ ماغدۇرىچىلىك ماغدۇر يوق، ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بىر چوشقىنى قانداق ئوغۇرلاپ كېتەلەيمەن؟

شۇي ئامبال ئۇنىڭغا تازا بىر تەپسىلىي قاراپ چىقىپ:

— راست شۇنداق ئوخشايدۇ، مەنمۇ سېنى يامان ئىش قىلمايدىغان ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئائىلەڭنىڭ قىينچىلىقىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. مۇنداق قىلايلى، مەن ساڭا ئۈن تىنىق داچەن بېرەي، قايتىپ بارغانىدىن كېيىن ئاز-تولا تىجارەت قىلىپ جېنىڭنى باققىن، ھەرگىز كۆڭلۈمنى يەردە قويما، — دەپتۇ.

يايىلار رازى بولمىغان ھالدا بىرمۇنچە داچەننى ئېپچىقىپ ئامبالنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ. پارقىراپ تۇرغان پۇللارنى كۆرۈپ دوغىلاق كاۋىنىڭ ئاغزى يۇمۇلماي قاپتۇ-دە، ئامبالغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

— ئامبال غوجام، ئۆزلىرى مېنى يېڭىدىن دۇنياغا تۆرەلدۇرگەن ئاتا بولىلا، — دەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: "مەن دوغىلاق كاۋا ئۆمرۈمنى يەپ، ئىچىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش ۋە قىمار ئويناش بىلەن ئۆتكۈزدۇم، نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلدىم. يەنە بۈگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بالا-قازانىڭ ئورنىغا بەخت كېلىۋاتىدۇ. بۇ كالۋا ئامبالمۇ مەرد بىرنېمە ئىكەن، بولدى، نېمە بولسا بولمامدۇ، بىرنەچچە يىل ياشىۋالاي، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمەن."

ئۇ تىنىق-تىنىق داچەنلەرنى رەتلەپ تىزىپ، يەڭگىللا مۈرىسىگە

ئاپتۇ ـ دە، مىڭىشقا تەمشىلىپتۇ.

ــ ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ــ دەپتۇ شۇي ئامبال، ــ جاۋابكار، بۇ داچەنلەر 60 جىڭدىن كەم كەلمەس؟

ــ شۇنداق، شۇنچىلىك كېلە، ــ دەپتۇ دوغىلاق كاۋا تۇرۇپ قېلىپ، دەڭسەپ كۆرۈپ.

ــ قولۇمدا قۇشقاچىنىڭ ماغدۇرىچىلىك ماغدۇر يوق دەۋاتاتتىڭىز، ــ دەپتۇ شۇي ئامبال سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، ــ قانداق قىلىپ بۇ شۇنچە ئېغىر پۇلنى ھېچ نەرسە كۆتۈرمىگەندەكلا كۆتۈرۈپ مۇردىگە ئالدىڭىز؟ قارىغاندا، ھېلىقى 60 جىڭلىق چوشقىنىمۇ كۆتۈرەلەيسىزغۇ دەيمەن؟

ــ بۇ...

ــ ئالدىرىماي تۇرۇڭ، يەنە بار، باياتىن مەن سىزدىن چوشقا ئوغرىلاشنىڭ ئۇسۇلىنى سورىمىغانىدىم، بۇنى ئۆزىڭىز دېدىڭىز. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، سىز چوشقا ئوغۇرلاشنىڭ باشىسى ئىكەنسىز! بۇنىڭدىن تېنىۋالالامسىز؟

دوغىلاق كاۋا تېنىۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، چوشقىنى ئوغرىلاپ ×× غا ساتقانلىقىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرسە، ئەھۋال راست شۇنداق چىقىپتۇ.

## دادىنىڭ بالا ئۈستىدىن ئەرز قىلىشى

بىركۈنى جاۋ ئامبال يامۇلدا سوراق قىپتۇ. سوراققا قاتناشقان دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئىكەن.

— جاۋابكار كىم؟ — سوراپتۇ جاۋ ئامبال.

— دارىن، — دەپتۇ بوۋاي، — مەن مۇشۇ بىۋاپا ئوغلۇم ئۈستى-دىن ئەرز قىلىمەن. ماڭا قاراپ بېقىڭ، ئورۇقلۇقىنىڭ دەستىدىن شىلىۋالسا بىر چىشلەم گۆش چىقمايدۇ، بۇ ئوغلۇمنىڭ ماڭا تويغۇدەك ئاش-نان بەرمىگەنلىكىدىن بولغان، دارىن ئۆزلىرى ماڭا ئاتىدارچى-لىق قىلىپ قويسىلا. ئۇ سۆزلىگەندە كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپتۇ.

جاۋ ئامبال جوزىنى ئۇرۇپ، هېلىقى ياشقا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— هەي دادىسىغا ۋاپا قىلمايدىغان، سەن نېمە ئۈچۈن داداڭنىڭ باقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

هېلىقى ياش يىگىت كېكەشلىگەن هالدا:

— دا، دارىن، بۇ ماڭا قىلىنغان تۆهمەت، مەن دادامدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، بېرىدىغان هەقىنى بىر پۇڭ كەم قىلماي بېرىمەن، — دەپتۇ.

— بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى ئىنكار قىپتۇ.

ياش يىگىت بۇ ماڭا قىلىنغان تۆهمەت دېگەن گەپنى تەكرارلاۋېرىپتۇ.

جاۋ ئامبال بىرهازا سوراق قىلىپمۇ هۆكۈم چىقىرالماپتۇ، ئۇ ئىلاجسىز يايىلىرىغا ئىككى داچەن ئېلىپ چىقىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئېلىپ چىققان يۈز دانىدىن ئىككى تىزىق داچەننى "شاراق" قىلىپ يەرگە تاشلاپ:

— بولدى قىلىڭلار، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىرىڭلار يۈزدىن داچەن ئېلىپ، قورساقنى تويغۇزۇپ بولۇپ ئاندىن كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئۇلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، جاۋ ئامبال سوراقنى باش-

لاپتۇ. ئۇ ئاغزىنى سۇرتىۋاتقان بوۋايغا قاراپ سوراپتۇ:
— ئەمدى قورسىقىڭىز تويغاندۇ؟
— غوجام سىلىگە كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ بوۋاي، — بۇ قېتىم قورسىقىم ئوبدان تويدى، شۇنىڭ بىلەن يۈز داچەنمۇ تۇگىدى.
— سىزنىڭچۇ؟ — سوراپتۇ جاۋ ئامبال ھېلىقى ياشتىن.
— دارىن، ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت، — دەپتۇ ياش 80 نەچچە داچەننى كۆتۈرۈۋالغان ھالدا، — پېقىرنىڭ قورسىقىمۇ تويدى، ئون نەچچە داچەن خەجلىدىم، ئاشقىنىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن.
جاۋ ئامبال بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، يايىلىرىغا ۋارقىراپتۇ:
— بوۋاينى ئېلىپ چىقىپ 40 كالتەك ئۇرۇڭلار.
بوۋاي دەرھال يەرگە تىزلىنىپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن:
— دارىن، يەنە نېمە سەۋەبتىن پېقىرنى ئۇرىلا؟ — دەپتۇ.
— بىر قېتىملىق قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن يۈز داچەننى تۈگىتىپسەن، ئوغلۇڭ دېھقان تۇرسا، سېنىڭ بۇزۇپ چېچىشىڭ ئۈچۈن نەدە ئۇنداق كۆپ پۇل بولسۇن؟ سەن ئۆز ئوغلۇڭ ئۈستىدىن تۆھمەت قىلىۋاتساڭ، سېنى ئۇرماي بولامدۇ؟ — دەپتۇ جاۋ ئامبال غەزەپلەنگەن ھالدا.
بوۋاي تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ، ئوغلىمۇ دادىسى ئۈچۈن سۆزلەپتۇ. بىراق جاۋ ئامبال بوۋاينى ئۇرۇش نىيىتىدىن زادىلا يانماپتۇ. يايىلار ئېتىلىپ كېلىپ، بوۋاينى بېسىپ تۇرۇپ، كالتەكنى كۆتۈرۈپتۇ، بوۋاينىڭ تاياق ئاستىدا قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىكەن.
ياش يىگىت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ-دە،

يىغلاپ تۇرۇپ:

— دارىن، دادام قېرىپ قالدى، تېنى ئاجىز، بۇ قىرىق كالتەكنى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيدۇ، دادامنىڭ ئورنىغا مېنى ئۇرۇڭلا، — دەپلا يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ.

جاۋ ئامبال دەل مۇشۇ چاغدا يايىلارنى توختىتىپ، بوۋاينى بوشىتىپتۇ. ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئوغلىڭىز ۋاپاسىزمىكەن، ۋاپادارمىكەن؟

— ۋاپادار ئىكەن، ۋاپادار ئىكەن، مەن ئىككىنچى ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-بالا ئىككىيلەن ئىناق، خۇشال-خورام ئۆتۈپتۇ.

## بىر گەپ بىلەنلا سىرنى ئاشكارىلاش

بۇرۇنىسىدا، چاۋجۇ دېگەن جايدا جاۋ سەن، جۇ شېڭ دېگەن ئىككى سودىگەر ئۆتكەنىكەن، ئۇلار سىرتقا سودىگەرچىلىككە چىقماقچى بولۇپ، ئىككىسى بىر كېمە كىرا قىپتۇ ۋە قايسى كۈنى يولغا چىقىدىغانلىقىنى پۈتۈشۈۋاپتۇ.

يولغا چىقماقچى بولغان كۈنى، تاڭ ئەمدى يوراي دېگەندە جۇ شېڭ يېزىسىنىڭ سىرتىدىكى كىچىك كىمىگە كېلىپ قاراپتىكەن، كېمىچى جاڭ چاۋ ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇ كېمىچىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— جاۋ چاۋ، جاۋ سەن كەلدىمۇ؟

— تېخى كەلمىدى، — جاۋاب بېرىپتۇ جاڭ چاۋ كېرىلىپ تۇرۇپ بىرنى ئەسنىۋېتىپ.

جۇ شېڭ كېمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆتۈپتۇ، كۈتە، كۈتە، تا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگىچە كۈتۈپتىكەن، جاۋ سەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. جۇ شېڭ ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالماپتۇ-دە، جاڭ چاۋغا:
— جاڭ چاۋ، جاۋ سەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ بېقىڭ، تېزراق كەلسۇن، — دەپتۇ.
جاڭ چاۋ جاۋ سەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىشىكنى قېقىپ تۇرۇپ توۋلاپتۇ:
— جاۋ سەن ئاغىچا، جاۋ سەن ئاغىچا، تېزرەك ئىشىكنى ئېچىڭ.
— نېمە ئىش بولدى؟ — سوراپتۇ جاۋ سەننىڭ خوتۇنى ئىشىكنى ئېچىپ.
— جاۋ سەن ئاغىچا، — دەپتۇ جاڭ چاۋ، — جاۋ سەن نېمىشقا شۇ چاققىچە كېمىگە چىقمايدۇ، جۇ شېڭ ئەپەندىنىڭ ئۇنى ساقلىغىنىغا خېلى ئۇزاق بولدى.
— ئۇ تاڭ يورۇماستىلا چىقىپ كەتكەن، — دەپتۇ جاۋ سەننىڭ خوتۇنى ھەيران بولغان ھالدا، — نېمىشقا تېخىچە بارمىغاندۇ؟
— توغرا، ھازىرغىچە كېمىگە كەلمىسە، نەگە كەتكەندۇ. — جاڭ چاۋ جىددىيلەشكەن ھالدا پېشانىسىغا ئۇرۇپتۇ-دە، يەنە سۆزلەپتۇ، — جاۋ سەن ئاغىچا، سىز بەك ھولۇقۇپ كەتمەڭ، بىز بېرىپ ئىزدەپ باقايلى.
جاڭ چاۋ كېمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى جۇ شېڭغا ئېيتىپتىكەن، جۇ شېڭمۇ ھەيران قاپتۇ. ئىككىيلەن بۆلۈنۈپ، تەرەپ-تەرەپنى ئىزدەپتىكەن، بىرھازا ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. جۇ شېڭ ئىشنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە بىرەر چاتاق كېلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ناھىيلىك ئامبال مەھكىمىسىگە

ئەرز قىپتۇ.

ئامبال جۇشىڭ، جاڭ چاۋ ۋە جاۋ سەننىڭ خوتۇنىنى چاقىرتىپ بىر ـ بىرلەپ سوراپتىكەن، ئۇلار جاۋ سەننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئامبال جاۋ سەننىڭ خوتۇنى باشقا بىرسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئېرىنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭدىن قىستاپ سوراپتىكەن، جاۋ ئاغىچا بۇنىڭغا زادىلا ئىقرار قىلماپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئەنزە ئۇزاققىچە بىر تەرەپ قىلىنماپتۇ. ئامبال ئىلاجىسىزلىقتىن بۇ ئەنزىنى مەركەزدىكى ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ سوتچىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

سوراقچىلاردىن ياڭ فامىلىلىك بىرسى دېلونى ئېچىپ كۆرۈپ، تەپسىلىي تەھلىل قىپتۇ. شۇ ئان بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىپتۇ ـ دە، جوزىنى ئۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىپتۇ:

ــ بىر گەپ بىلەن سىرنى ئېچىش دېگەن مۇشۇ.

ئۇ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ جاڭ چاۋنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇ كۈنى بولغان ئەھۋالنى بىر قۇر سۆزلىتىپتۇ. ياڭ بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

ــ جاڭ چاۋ، سەن جاۋ سەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىك قاققاندا، جاۋ سەننى چاقىرماي، ھە دەپ جاۋ ئاغىچىنى چاقىرىپسەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، جاۋ سەننىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى ئالدىقاچان بىلگەنسەن، سەن تېزدىن جاۋ سەننى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەن جىنايىتىڭنى تاپشۇر. بولمىسا تاياقنىڭ ئاستىدا ئۆلىسەن.

جاڭ چاۋ قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە، جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئەسلىدە ئەھۋال مۇنداق بولغانىكەن: شۇ كۈنى ئەتىگەندە

جاۋ سەن جاڭ چاۋنىڭ كېمىسىگە كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇل ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن جاڭ چاۋنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تازا سەھەر ۋاقتى ئىكەن، ئەتراپتا ھېچكىشى يوق، شۇڭا ئۇ جاۋ سەننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، بويىنىغا تاش باغلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىپ، پۇل ـ ماللىرىنى يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، جۇ شېڭ كەلگىچە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغانىكەن.

ياڭ ئۇنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، كېمە توختايدىغان يەرگە چۈشۈرگۈزۈپتىكەن، راست دېگەندەك سېسىپ كەتكەن بىر جەسەت چىقىپتۇ. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى تونۇغىلى بولمىغان بىلەن، ئۇچىسىدىكى كىيىمگە قاراپ جاۋ سەن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن، شۇنداق قىلىپ بۇ گۇمانلىق ئەنزە ئاخىرى بىر تەرەپ بوپتۇ.

## تۇل ئايالنىڭ ۋارىس بېكىتىشى

لى تېيېچياۋ گۇاڭدۇڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىگە ئامبال بولۇپ بېرىش بىلەنلا ۋارىسلىققا ئوغۇل تالالاشنى تالىشىش ئەنزىسىگە دۇچ كەپتۇ، بۇ ئالدىنقى ئامبالدىن قېپقالغان ئەنزە ئىكەن.

ئەرز قىلغۇچى ياشانغان بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئېرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە خېلى يىللار بولغانىكەن، ئېرىدىن بىرەر ئوغۇل قالماپتۇ، ئېرىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئادەم بۇ ئايالنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، بىر ئوغلىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، قانۇنى ۋارىس قىلماقچى بوپتۇ. بىراق بۇ ئايالنىڭ ئەخلاقى تولىمۇ ناچار بولۇپ، مال ـ دۇنيانى بۇزۇپ چې-

چىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغامنىڭ ئوغلى يوق، مال-دۇنيا چوقۇم ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك دەپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭا، ھېماتىم بار دەپ نوچىلىق قىلىپ، ھېچ نەرسىدىن تەپتارتماي، يەڭگىسىنى تىللاپ ھاقارەتلەيدىكەن، يەڭگىسى بۇ بالىدىن ناھايىتى بەك يېركىنگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا بىر ئادەمنىڭ بالىسىنى بېقىۋاپتۇ. ھېلىقى تۇل ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاكىسى ۋاقىراپتۇ:

— قانۇن بويىچە بولغاندا، مېنىڭ ئوغلۇم ۋارىس بولۇشى كېرەك!

— ۋارىس قىلىپ كىمنى بېكىتىش مېنىڭ ئىشىم، كىمنى ۋارىس قىلغۇم كەلسە، شۇنى قىلىمەن، — دەپتۇ ئايال بوش كەلمەي. ئىككى تەرەپ دەۋالىشىپ ئامبال يامۇلغا بىرقانچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، بۇ دەۋا ئۈستىدە تا ھازىرغىچە ھۆكۈم چىقىرىلماپتۇ.

يېڭى ئامبال لى تيېچياۋ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كېلىش بىلەنلا، بۇ ئىككىيلەن يەنە دەۋاغا كەپتۇ. ئامبال لى تيېچياۋ بۇ ئەنزە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئەپچىل بىر چارە ئويلاپتۇ.

بىركۈنى، بۇ ئىككىيلەن ئامبال يامۇلنىڭ سوراقخانىسىدا ھازىر بوپتۇ. ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاكىسى:

— مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم بار، قانۇن بويىچە بولغاندا، ئوغلۇمنىڭ بىرسى ئىنىمنىڭ ئائىلىسىنىڭ ۋارىسى بولۇشى كېرەك، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— توغرا، — دەپتۇ لى تيېچياۋ، — سۆزىڭىز يوللۇق. — ئۇ ئەمدى ھېلىقى ئايالدىن سوراپتۇ:

— سىزنىڭ دەۋايىڭىز نېمە؟

— قائىدە بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭ ئوغلىنى ۋارىس قىلىشىم كېرەك، — دەپتۇ ئايال، — بىراق مايىللىقتىن ئالغاندا، ئۆزەم تاللى-

شىنىم لازىم. ئۇنىڭ ئوغلى بۇزۇپ، چېچىپ لاغايلاپلا يۈرىدۇ، توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئائىلەمگە كېلىدىغان بولسا، ئائىلەمنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىجەزى ئوسال، ھەمىشە مېنىڭ دەككەمنى بېرىدۇ. ھازىر مەن قېرىپ قالدىم، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنى ۋارىس قىلغاندىن كۆرە، كۆڭلۈمدىكىدەك ئادەمدىن بىرنى تېپىپ ۋارىس قىلغىنىم تۈزۈك.

— سوراقخانىدا قانۇن ئۈستىدە گەپ بولىدۇ، — دەپتۇ لى تېيچياۋ ئاچچىقلانغان ھالدا، — مايىللىق ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. قانداقچە سىزنىڭ خالىغىنىڭىز بويىچە ئىش بولسۇن؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاكىسى ئامبالغا تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ بۇ ھۆكۈمنى توغرا دەپ تەستىقلاپتۇ. لى تېيچياۋ ئۇلارنى دەۋانى ئاخىرلاشتۇرۇش كېلىشىمىگە قول باستۇرۇپ، ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— دادىڭىز ئەمدى سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، يەڭگىڭىز سىزگە ئانا بولدى، ئۇنىڭغا تەزىم قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئىش يوللۇق بولىدۇ، كېيىن چاتاق چىقمايدۇ، — دەپتۇ.

ئوغۇل دەرھال يەڭگىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلىپ:

— خان ئانا، ئوغلىڭىزنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپتۇ.

— بۇ بىۋاپا بالىنى ئوغۇل قىلغىنىم تۈگەشكىنىم بولىدۇ، — دەپتۇ تول ئايال يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك.

— سىز بۇ بالىنى بىۋاپا دېدىڭىز، بۇنىڭغا پاكىتىڭىز بارمۇ؟ — دەپتۇ لى ئامبال.

ئايال ئۇنىڭ بىۋاپالىقىنى ئېنىق قىلىپ، بىر-بىرلەپ سۆزلەپ

بېرىپتۇ.

— قانۇن بويىچە، — دەپتۇ لى تيېنچياۋ، — ئاتا - ئانا ئوغلىنىڭ بىۋاپالىقى ئۈستىدە ئەرز قىلسا، ئوغۇل ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ئۇنداق ئوغۇلنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك. ھازىر بۇ بالىنىمۇ قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمىز، — دەپتۇ - دە، يايىلارغا بۇيرۇق قىپتۇ:

— بۇ بالىنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈڭلار.

ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاكىسى ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئامبالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ لى تيېنچياۋدىن بۇ بالىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

لى تيېنچياۋ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— قانۇن بويىچە ئىش قىلماسلىق مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بۇ ئىشنىڭ بىرلا ئامالى بار، ئۇ بالا ئەمدى يەڭگىسىنىڭ ئوغلى بولۇشقا بارمىسۇن، مۇشۇنداق قىلساق، ئايالمۇ بۇ ئوغۇلنىڭ بىۋاپالىقى ئۈستىدە ئەرز قىلمايدىغان بولىدۇ، ئوغلىڭىزمۇ كالتەك ئاستىدا ئۆلۈشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئاكىسى كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، ئامبالغا تەزىم قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ لى تيېنچياۋ ئاممىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىپتۇ، ئايالمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەمنى تاللاپ، ۋارىس قىلىپ بېكىتىپتۇ.

# سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە چىرايىنى بايقاش

بۇرۇنىسىدا، خىبىي ئۆلكىسى چىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ يېزىسىدا ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۆتكەن بولۇپ، ئۆيىنى بۆلەك قىلغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغانىكەن. ئىنىسى ئاقنانچى ئادەم بولۇپ، ئۇزاققا قالماي ئائىلىسىدىكى مال دۇنيانى بۇزۇپ، چېچىپ تۈگىتىپتۇ. ئاكىسى تىرىشچان ئادەم بولغاچ، داۋاملىق ئىنىسىنىڭ خىراجىتىگە پۇل بېرىپ تۇرىدىكەن. ئاكىسى 50 نەچچە ياشتا بولۇپ، بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، ئوغلى ئۆيلىنىپتۇ، بۇ كىچىك ئەر ـ خوتۇنلار بەك ئىناق ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئىنىسىنىڭ خوتۇنى پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئائىلىگە كەپتۇ، قارىسا بۇ ئائىلىنىڭ كىچىك كېلىنى ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقىدەك، ئۇ كىرىپلا كېلىنچەك بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا كېلىنچەكنىڭ ئېرى ئېتىزدىن قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئۆيگە كىرىپلا:

— قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دەپ قالدىم، — دەپتۇ.

خوتۇنى دەرھال تاماقنى ئۇسسۇپ ئالدىغا ئېلىپ كەپتىكەن، ئۇ تاماقنى ئاغزىغا سېلىپ، چايناي يۇتكىلى تۇرۇپتۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ ئارىدىن مىنۇت ئۆتمەيلا قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ، يەرگە يىقىلىپ بىرنەچچىنى دومىلاپتۇ ـ دە، قان قۇسۇپ ئۆلۈپتۇ. خوتۇنىنىڭ قورققىنىدىن چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالغانلىقىنى زادى چۈشەنمەپتۇ. قېيىن ئاتىسىنىڭ ئىنىسىنىڭ خوتۇنى بولسا ۋارقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ:

— جامائەت تېزرەك كېلىپ كۆرۈڭلار، غوجىكامنىڭ كېلىنى ئۆزد-

نىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، — دەپ توۋلاپتۇ.

ئاكا ھۆكۈمەتكە ئەرز قىپتۇ، ئىنىسىنىڭ خوتۇنىمۇ گۇۋاھچى سۈپىتىدە سوتقا بېرىپتۇ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئاكىنىڭ كېلىنىنى قاتتىق سوراق قىپتۇ، كېلىن دەھشەتلىك قىيىن-قىستاققا چىدىماي، "باشقىلار بىلەن ئاشنا ئوينىغانىدىم، ئاشنام بىلەن بىرلىشىپ ئېرىمنى ئۆلتۈردۈم" دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنى "ئاشنام" دەپ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. بىر نەۋرە ئاكىسىمۇ سوراقخانىدىكى جازا قوراللىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، راست شۇنداق دەپ يالغاندىن ئىقرار قىلىپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باش ۋالىي خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ ئەنزىنى كۆرۈپتۇ-دە، كۆڭلىدە: كۈپكۈندۈزدە خەلقى ئالەم ئالدىدا ئېرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئىش نەدە بار؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ تازا ئىقتىدارلىق ئامباللاردىن بىرنى چاقىرتىپ، بۇ ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. ئەنزىنى بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ئامبالدىمۇ گۇمان پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئالاقىدار ئادەملەرنى چاقىرتىپ، ئايرىم-ئايرىم سوراق قىپتۇ.

ئالدى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنىدىن شۇ كۈندىكى تەپسىلىي ئەھۋالنى سوراپتۇ، كېلىن بىر-بىرلەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، كېلىنىنىڭ ئادەتتە قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم ئىكەنلىكى، ئېرى بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ باقمىغانلىقى، بىر نەۋرە ئاكىسى بىلەن زادىلا بېرىش-كېلىش قىلىپ باقمىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى قىزنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنى چاقىرتىپ، قىز بىلەن بىرلىشىپ ئۇنىڭ

ئېرىنى ئۆلتۈرگەن، ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. بىر نەۋرە ئاكا كۆز يېشى قىلغان ھالدا:

— ئۇنداق قىلمىدىم دېسەم، قاتتىق جازاغا تارتىلىمەن، شۇنداق قىلدىم دېسەم، ماڭمۇ ئۆلۈم يېقىنلىشىدۇ، زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپتۇ.

ئامبال ئاخىرىدا ئۆلگۈچىنىڭ تاغىسىنىڭ خوتۇنىدىن سوراپتىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنىڭ ئۆز ئېرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاكىمىز 50 ياشتىن ئاشتى، بىرلا ئوغلى بار ئىدى، ئوغلىنى بۇ ئايال ئۆلتۈرۈپ، ئۇرۇقنى قۇرۇتتى، بۇ جالاپنى ئۆلۈم جازاسىغا تارتمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى يۇيۇلمايدۇ.

ئامبال ئەتىسى يەنە سوراق قىپتۇ. بۇ كۈنى ئەنزە بىلەن ئالاقىسى بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ، ئۇلارغا:

— ئاخشام كېچىدە چۈش كۆرسەم، چۈشۈمدە ئۆلگۈچى ماڭا مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى كۆكىرىپ كېتىدۇ، دېدى، — دەپتۇ-دە، گېپىنى توختىتىپ، ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇردىن قاراپ چىقىپتۇ، ئاندىن يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — ئۆلگۈچى يەنە مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى ساغىرىپ كېتىدۇ، دېدى، — دەپتۇ-دە، يەنە تۇرغانلارغا بىرقۇر قاراپ چىقىپتۇ. ئاندىن بىردىنلا جوزىنى ئۇرۇپ ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاتىل سەن، — دەپتۇ.

— ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئۇ ئۆلتۈرسە، قانداق قىلىپ مەن قاتىل بولاي؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئايال ھودۇققان ھالدا.

— مەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئوق قولىنىڭ ئالقىنىنى كۆكىرىپ كېتىدۇ دېسەم، — دەپتۇ ئامبال، — باشقىلار ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك تۇردى، پەقەت سەنلا قولۇڭغا قارىدىڭ، بۇ ئۆزلۈكىڭدىن ئىقرار قىلغانلىق، مەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى ساغرىدۇ دېسەم، باشقىلار جىم تۇرسا، ئېرىڭ ئىتتىك سېنىڭ كۆزۈڭگە قارىدى. بۇ ئۇنىڭ سەن ئۈچۈن قىلغان ئىقرارى. سەن يەنە نېمە دەپ قۇۋلۇق قىلسەن؟

ئىنىسىنىڭ خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئەسلى، ئىنىسى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئاللىقاچان ئاكىسىنىڭ مال-دۇنياسىغا ئىگە بولۇش قەستىدە بولۇپ كەلگەنكەن. ئۇلار ھەر قېتىم ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا سەنقىيا ئالغاچ بېرىپ، پۇرسەت تېپىپ، ئۇلارنى زەھەرلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي كەلگەنكەن، بۇ ئايال شۇكۇنى سەنقىياتى تۇيدۇرماي تاماققا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، پۈتۈن ئائىلىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن. ئۆيلەنمىغان يەردىن ئوغۇل قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئالدىن قايتىپ كېلىپ تاماق يەپتۇ-دە، زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ.

ئۇۋال قىلىنغان بۇ ئەنزە ئىككى قېتىملىق سوت ئارقىلىق پۈتۈنلەي بىر تەرەپ بوپتۇ. كۆپچىلىك ئامبالنى دانىشمەن دەپ ماختاپتۇ.

— مەن دانىشمەن ئەمەس، — دەپتۇ ئامبال، — بۇنىڭدا پەقەت "سۆز ھەرىكىتى ۋە چىراينى بايقاش" ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

## قارىغۇنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى

خېيبى ئۆلكىسىدە خۇ فامىلىلىك بىر ئامبال ئۆتكەنىكەن، ئۇ پاك ۋە ئوچۇق-يورۇق ئادەم بولغاچقا، پۇقرالارنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ.

بىركۈنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر قارىغۇ ئادەم كېلىپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. ئۇ ئامبالنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھاسىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئامبالنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ، ناھايىتى بەك غەزەپلىنىپ كەتكەچكە، دىققەتسىزلىك-تىن، دادىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، خۇ ئامبال-نىڭ ئۆزىنى جازالىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

خۇ ئامبال ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى ئەنزىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە يايىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىپ، نەق مەيداننى تەكشۈرۈپتۇ.

ئىشىكتىن كىرىپ قارىسا، چېچى ئاقارغان بىر بوۋاي سېرىق توپى-لىق دۆڭ تەرەپكە قاراپ، قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. خۇ ئامبال ئالدىغى-راق بېرىپ تەكشۈرۈپتىكەن، بوۋاينىڭ ئارقا مېڭىسى تەرەپتە ئۈچ جاينىڭ يارىلانغانلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ ئۈچ جايدىكى يارا خۇددى بەلگە-لەپ قويغاندەك ئايرىم-ئايرىم تۇرۇپتۇ. بوۋاينىڭ ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن بۇ ئېغىر زەربىگە چىدىماي، يىقىلىپ ئۆلگەنلىكى ئېنىقكەن. بۇنى كۆرۈپ خۇ ئامبالنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولۇپتۇ: بوۋاينى قارىغۇ ئادەم ئۇرغاندەك ئەمەس... ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، قارى-غۇغا قاراپ دەپتۇ:

— سىز ئادەم ئۆلتۈرۈپسىز، بۇ جىنايىتىڭىز ئۈچۈن جازاغا تارتىلىسىز، يۈرۈك بىز بىلەن مېڭىڭ، مۇشۇ ماڭغانچە قايتىپ كېلىشىنى ئويلىماڭ، ئائىلىڭىزدە يەنە كىملەر بار؟ چاقىرتىڭ، سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالسۇن.

قارىغۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىپتۇ-دە، بىرھازادىن كېيىن، پەس ئاۋاز بىلەن، ئائىلىدە بىر ئوغلۇم بار دەپتۇ. خۇ ئامبال دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ قارىغۇنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ كەپتۇ.

قارىغۇنىڭ ئوغلى كىرىپ، قورققان، ئەيمەنگەن هالدا دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ-دە، توختىماي قولىنى ئۇۋۇلاپ، بىردەم دادىسىغا، بىردەم كۆپچىلىككە قاراپتۇ، قانغا مىلىنىپ ياتقان چوڭ دادىسىغىمۇ قاراپ قويۇپتۇ.

بۇ چاغدا، چەتتە تۇرغان خۇ ئامبال ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ:

— ئاتا-بالا گەپ-سۆزۈڭلار بولسا، دېيىشىۋېلىڭلار، بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغۇل دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ پەس ئاۋاز بىلەن زارلىنىپ يىغلاپتۇ، دادىسىمۇ بالىغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدان ئادەم بول، سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدان كۈن كۆرىدىغان بولساڭ، داداڭنىڭمۇ ئارمىنى قالمايدۇ. مېنى ئەسلىمە، مەن بىر قارىغۇ، سېغىنىپ ئەسلىگۈچىلىكىم يوق، — دەپتۇ-دە، قارىغۇ يۈزىنى ئۆرۈۋاپتۇ.

بالا چىرايلىرى ئۆزگەرگەن، ئۆزى ھودۇققان هالدا، گەپ-سۆز قىلماستىن يەرگە قاراپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئامبال بالىنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قارىغۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئوغلىنى چاقىرتىپتۇ.

ئوغۇل قورققان هالدا ئامبالـغا قاراپ، نـېمه قىلىشىنى بىلـمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ئامبال ئالدىغاكېلىـپ، قاپاقـىنى تۈرۈپ، ئاچچىقلىغان ئاۋازدا:

— باياتىن داداڭ ھەممىنى ئىقرار قىلـدى، چوڭ داداڭـنى سەن ئۆلـتۈرگەن. ئۆلـتۈرۈشنى ئۆزۈڭ ئۆلـتۈرۈپ، جىـنايەتـنى داداڭغا ئارتىپ قويۇشـنىڭ قانـداق جىنايەت بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ تېز ئىقرار قىل، بولمىسا...، — دەپتۇ.

ئوغۇل دەرهال يەرگە تىزلىنىپ، ئەزمىلىك بىلەن:

— چوڭ دادامـنى راسـت مەن ئۆلتـۈرگەن. بىراق دادامـنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، جىنايەتكە ئىقرار قىلـىشى بۇ ئۆزىـنىڭ پىكرى بىلەن بولغان، بۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقـىسى يوق، دارىـىن، ماڭـا كەڭچىلىك قىلىسلا، — دەپـتۇ ـ دە، يەرگە چوقۇنۇپ تەزىم قىلغـىلى تۇرۇپتۇ.

ئەسلى بۇ ئائىلىدە تۆت جان ئادەم بار ئىكەن. بوۋاينىڭ يەنە بىر كىچىك ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغـلى قارىغۇ بولغاچـقا، بوۋاي كىـچىك ئوغـلىنى بەكـرەك ياخـشى كۆرۈپ، تولاراق شۇنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن. بوۋاينىڭ نەۋرىسى (قارىغۇنىڭ ئوغلى. — ت) كۆڭلىـدە بۇنىڭغا ئۆچلىك قىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ بىر كۈنى ئۆيدە بوۋاينىڭ يالغۇز قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تاش بىلەن بوۋاينىڭ كاللىسىغا ئۇرىدىكەن، بالىنىڭ دادىسى قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدىـكەن. ئۇ ئوغلىنى ساقلاپ قېلىـش ئۈچۈن، ئوغلىغا ۋاكالىـتەن جىنا ـ يەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش چارىسىنى ئويلاپ تاپقانىكەن.

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، كىشىلەر خۇ ئامبالدىن ھەيران بولغان هالدا بۇ ئوتتۇرىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارنى قانـداق بىلگەنلىـكىنى

سوراپتىكەن، خۇ ئامبال ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئويلاپ بېقىڭلار، قارىغۇ ئاچچىقى كېلىپ ئادەم ئۇرىدىغان بولسا، كەلگەن يېرىگە ئۇرىۋېرىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچ جايدىكى يارا بەلگىلەپ قويغاندەك ئايرىم-ئايرىم تۇرۇپتۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنى كۆزى ساق ئادەم قىلغان، نەق مەيداننى كۆرگەندىلا مەن بۇنىڭدىن گۇمانلانغان، كېيىن مەن ئۇنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ، قەستەن ئۇلارنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوغۇلنىڭ سۈنئىي ھەرىكەتلىرى ۋە نورمال بولمىغان ھالىتىگە قاراپ، كۆڭلۈمدە بىر ئاساسقا ئىگە بولدۇم-دە، شۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنىڭدىن قىستاپ سوراپ بەرسەم، ئەھۋال ئاشكارا بولدى.

## خەت يېزىلمىغان ئەرزنامە

پۇجۇنىڭ لىيىزى ناھىيىسىدە جاڭجياجۇاڭ دېگەن بىر قىشلاق بار بولۇپ، ئۇنىڭدا جاڭ فامىلىلىك بىر باي بولغانىكەن. باي لى فامىلىلىك بىرسىنى ئىشلەمچىلىككە ياللاپتۇ، ياللانغان بۇ ئادەم گاچا ئىكەن. باي بۇ ئىشلەمچىنى گاچا، گەپ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىگە-چاقىسى يوق دەپ بوزەك قىلىپ، ئۈچ يىلغىچە بىر تىيىن ئىش ھەققى بەرمەپتۇ. گاچا زۇۋانى بولمىغانلىقتىن، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئېغىزىدىن چىقىرالماپتۇ، ئەھۋالنى بىلىدىغانلارغا ئەرز يازدۇراي دېسە، ئەرز يېزىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. چۈنكى ئەتراپتا خېلى يىراق يەرلەرگىچە جاڭنىڭ بايلىقى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى ھەممە ئادەم بىلىدىكەن. گاچىنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپتۇ-دە، ئۇدۇل ئامبال يامۇلىغا بېرىپ، دۇمباق

ئۇرۇپ، ئۇۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ.
مېڭ فامىلىلىك ئامبال سۇنۇلغان ئەرزنىڭ خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەز ئىكەنلىكىنى، گاچىنىڭ قولىدا بىرنېمىلەرنى كۆرسىتىپ، "هو هو..." قىلىپ بىرھازا گەپ قىلىپ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەنزىگە بىرنېمە دېيىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ.
ئامبالنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار ئامبالغا قاراپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ-دە، ئويلاپتۇ: ئامبال ئادىل ئەمەلدار دېگەن نام بىلەن ئەتراپقا تونۇلغان، ئەنزىلەرنى ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلاتتى، بۇگۈنكى ئەنزىنى قانداق ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلاركىن؟
مېڭ فامىلىلىك ئامبال ئىككى تەرەپتە تۇرغانلارغا، ئاندىن كىيىمى جۇلجۇل، چىرايى غەمكىن تۇرغان گاچىغا بىرقۇر قاراپ چىقىپتۇ-دە، ئىككىلىنىپ قاپتۇ. خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، جوزىغا ئۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:
— كېلىڭلار، يولسىزلىق قىلغان بۇ گاچىنى ئېپچىقىپ، يېرىم كۈن كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىڭلار!
يايىلار گاچىنى قاتتىق باغلاپ، يامۇلدىن ئېچىقىپ كوچىدا سازايى قىپتۇ.
گاچا قاتتىق ئېچىنىپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاققۇزۇپتۇ. ئاغزىدا "هو...هۇ" قىلىپ، بىرنېمىلەرنى ۋارقىراپ، باي ۋە ئەمەلدار ئەبلەخلەرگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپتۇ. كوچىدا ئۇنى بىلگەنلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىچە پىچىرلىشىپ، توختىماي سۆزلەپ كېتىپتۇ:
— جاڭ دېگەن باي گاچىنى ئۈچ يىل ئىشلىتىپ، بىر تىيىن ھەق

بەرمىدى، بايلىقنى دەپ ئىنسابىنى يوقاتتى، ئۇ چوقۇم جازاسىنى تارتىدۇ.

— بۇ بىچارە يېتىم گاچىنىڭ ئەجەپمۇ تەلىيى كاج كەلدى.

— ئامبال غوجام نېمىشقا ئاق-قارىسىنى پەرق قىلماي، ياخشى ئادەملەرنى جازالاپ، يامانلارنى ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىدىغاندۇ؟...

يېرىم كۈن سازايى قىلىنغاندىن كېيىن، گاچا يەنىلا يامۇلنىڭ سوراقخانىسىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپتۇ، ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. قارىسا سوراقخانىدا ئۇنىڭ خوجايىنى جاڭ دېگەن باي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، بۇ نېمە ئىش؟

بۇ چاغدا، مېڭ فامىلىلىك ئامبال سوراقخانىدا تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— باي، سىز گاچىنى ئۈچ يىل ئىشلىتىپ، پۇل بەرمەپسىز، راستمۇ؟

— مەن، مەن ئۇنىڭغا پۇل بەرگەن...، — دەپتۇ باي دودۇقلىغان هالدا.

— يالغان، — دەپتۇ مېڭ فامىلىلىك ئامبال، — مەن باياتىن ئادەملىرىمنى گاچىنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئاممىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن. هەممەيلەن سىزنى پۇل ئۈچۈن ئىنسابىنى يوقاتقان، ئۆيدە شۇنچە كۆپ پۇل تۇرۇپمۇ، سىقسا بىر تىيىن چىقمايدۇ، يېتىم گاچا بالىنى بوزەك قىلدى، ئەمدى كېلىپ ئامبالنى بوزەك قىلمەن دەۋاتىدۇ دەپ تىللاپتۇ، كېلىڭلار، بۇ ئادەمگە جازا قورال-لىرىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇڭلار.

— خوپ، هازىر تېتىتىمىز، — دەپتۇ ئەتراپتا تۇرغان يايىلار يۇقىرى ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ، ئۇلار جازا قوراللىرىمۇ كۆتۈرۈپ

چىقىپتۇ.

— غوجام، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، — دەپتۇ باي، — پېقىر ئۆلۈمگە مەھكۇم، قانچىلىك جەرىمانە قويسىلىرى مەن تەييار.

مېڭ فامىلىلىك ئامبال ئۇنىڭغا خېلى جىق جەرىمانە قويۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى گاچىنىڭ ئۈچ يىللىق ئىش ھەققىگە بېرىپتۇ-دە، قالغىنىنى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. جاڭ دېگەن باي بىر مۇنچە پۇلدىن ئايرىلىشتىن باشقا يەنە يېرىم كۈن كوچىدا سازايى قىلىنىپتۇ.

## ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ، ئوغرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش

بىر سودىگەرنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، ھە دېگەندىلا قاتىلنى تۇتقىلى بولماپتۇ. ئامبال يامۇلنىڭ يايىلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ، قاتىلنى ئون كۈن ئىچىدە تۇتۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. يايىلار نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ.

يايىلار ئىچىدە ۋاڭ شياۋئېر ئىسىملىك بىر يايى بار ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ خوشنا ناھىيىدە تۇرۇشلۇق جاۋ مىڭ ئىسىملىك بىر دوستۇم بار، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق، ئۇنىڭ كۆزىتىشكە ماھىرلىقى ھەققىدە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭلار.

— بىر كۈنى جاۋ مىڭ دەريا بويىدا ئايلىنىپ يۈرسە، دەريادا قۇرۇق بىر كېمە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېمىچىگە: "كېمەڭدە يوشۇرۇپ قويغان نەرسە بار، ئاقتۇرۇپ كۆرسەمەن" دەپتىكەن، كېمىچى ئاچچىقلانغان ھالدا كېمىنىڭ كۆرۈدىغان يەرلىرىنى ئېچىپ بېرىپ:

"مانا ئاختۇر" دەپتۇ، قارىسا كېمىنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق. جاۋ مىڭ كېمىچىگە كېمىنىڭ ئاستىدىكى تاختاينى ئېچىشنى بۇيرۇپتۇ، كېمىچى قەتئىي ئۇنىماپتۇ، جاۋ مىڭ مەجبۇرى ئاچقۇزۇپ قاراپتىكەن، ئاستىدىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ۋە رەختلەر چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇپ قويغان نۇرغۇن زاك مال بار ئىكەن، جاۋ مىڭ كېمىچىنى ئالدىغا سېلىپ يامۇلغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى چوڭ ئوغرى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ، بىرەيلەن جاۋ مىڭدىن: كېمىدە ئوغرىلىغان مال بار ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ دەپ سوراپتىكەن، جاۋ مىڭ جاۋاب بېرىپ:

— يىراقتىن قارىساق كېمە ناھايىتى كىچىك ئىكەن، بىراق كىچىكلىكىگە قارىماي، بوران ۋە دولقۇندا تەۋرىمەي مېڭىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېمىگە باغلانغان ئاغامچىلار ۋە سۆرەپ ماڭغان قېيىقلار ناھايىتى ئېغىردەك تۇرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كېمىنىڭ ئاستىدا يەنە بىر قەۋەت بوشلۇق بارلىقىنى، تاختاينىڭ ئاستىدا مال بارلىقىنى بىلدىم، كېمىچىنىڭ ماللارنى شۇنداق پۇختا يوشۇرغىنىدىن قارىغاندا، بۇلار زاك مال بولماي نېمە؟

— قاراڭلار، — دەپتۇ يايى ۋاڭ شىياۋئېر ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر جاۋ مىڭ بىزدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياردەم سورىمايمىز؟

— ئۇنداق بولسا، سەن بېرىپ ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كەل، — دېيىشىپتۇ يايىلار.

جاۋ مىڭ تەكلىپ بىلەن چاقىرتىلىپتۇ. ئۇ ئەنزە ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ:

— سودىگەر كېمىدە ئۆلتۈرۈلگەنىكەن، قاراقچىلارنىڭ سۇ يولىدا

ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭا بىز كۆپرەك دەريا بويىدا كۆزىتىپ، گۇمانلىق ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

بىركۈنى جاۋ مىڭ دەريا بويىدىكى چايخانىدا ئولتۇرسا، بىر كېمە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قولىدىكى چاينى قويۇپ، يېنىدىكى ۋاڭ شياۋئېرگە:

ــ قىرغاقداشلارنى چاقىرىپ، ئاۋۇ كېمىنى توسۇڭلار، قاراقچى جەزمەن ئاشۇ كېمىدە، ــ دەپتۇ. كېمىدىكىلەر سوراقخانىغا يالاپ ئاپىرىلىپ سوراق قىلىنىپتىكەن، راست دېگەنىدەك سودىگەرنى ئۆل-تۈرگەن قاراقچىلار شۇلار بولۇپ چىقىپتۇ.

يايىلار جاۋ مىڭدىن: كېمىدە قاراقچىلارنىڭ بارلىقىنى قانداق بىل-دىڭىز؟ دەپ سوراپتىكەن، جاۋ مىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ مەسىلە ناھايىتى ئاددىي، قارىسام كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە يېڭى يۇيۇلغان بىر تاۋار يوتقان تېشى يېيىلغانىكەن، ئۇنىڭغا بىر-مۇنچە چىۋىن قونۇۋاپتۇ، بىلىش كېرەككى، ئادەمنىڭ قېنىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكىلى بولسىمۇ، قاننىڭ پۇرىقىنى چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇنچە كۆپ چىۋىننىڭ بۇنىڭغا قونۇۋالغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدا چوقۇم قاننىڭ پۇرىقى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېمىچى ھەرقانچە باي بولۇپ كەتكەن بىلەنمۇ، تاۋاردا يوتقان تېشى قىلمايدۇ. يوتقان تېشىنى ئەستەردىن ئايرىپ يۇمايدۇ، بەلكى قوشۇپ يۇيىدۇ. بۇنىڭدىن ئىسپاتلىنىدۇكى، كېمىدىكى ئادەم توغرا ئادەم ئەمەس، قاراقچىلار لا مۇشۇنداق چوڭ قوللۇق قىلىدۇ.

يايىلار جاۋ مىڭنىڭ ئۈستىلىق بىلەن كۆزىتىپ، پەم بىلەن ئوغرىنىڭ

ئىزنغا چۈشۈشتەك بۇ ماھىرلىقىغا ئىنتايىن قايىل بوپتۇ.

## ئىككى تۇرنا

مىلادى 1894 ـ يىلى مەلۇم بىر كۈنى، چاۋشيەنىنىڭ چېڭخۇەن دېگەن يېرىنىڭ جەنۇبىدا، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يۈتكىلىش سەپىرىدە، خاتالىشىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يوشۇرۇن مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ.

ـــ جياڭجۇن، سىزگە مەلۇمات، ئالدى تەرەپتە دۈشمەن قوشۇنى بايقالدى.

ـــ مەلۇمات، سول تەرەپتە دۈشمەن قوشۇنلىرى ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ.

ـــ جياڭجۇن، ئوڭ تەرەپتە ئالدىمىزدا ياپونلارنىڭ چوڭ بىر قوشۇنى بار ئىكەن.

ـــ جياڭجۇن، چېكىنىش يولىمىز كېسىلدى.

ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان ئەسكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئومۇمى قوشۇننىڭ سەركەردىسى نيې شىچېڭغا ئوھۋالنى مەلۇم قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

ـــ پۈتۈن قوشۇن تۇرۇۋاتقان ئورنىدا ئارام ئالسۇن، ـــ بۇيرۇق بېرىپتۇ نيې شىچېڭ، قوشۇنلار ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈپتۇ.

ـــ قارىغاندا، مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان ئوخشايمىز، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟

ـــ بۇ ياقا يۇرتتا ھەممە نەرسە بىزگە يات، مۇھاسىرىنى قانداق

قىلغاندا بۇزۇپ چىققىلى بولار؟

قوماندانلار، ئەسكەرلەر قالايمىقانلىشىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ، قوشۇن ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىغا چۆمۈپتۇ.

قوشۇندىكى بىر كىچىك ئەترەت باشلىقى نىپ شىچېڭغا تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— جياڭجۈن، بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋەرسەك بولماس. مېنىڭچە، ھەممىنى بىراقلا دو چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن قوشۇننى تەشكىللەپ، سول تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، بىزگە سال-غان تورنى بۇزۇپ تاشلىساقمىكىن.

— بولمايدۇ، سول تەرەپ تاغ ئېغىزى، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچى شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن، مۇھاسىرىنى ئاشۇ يەردىن بۇزىدە-مەن دېيىش تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق بولىدۇ، — دەپتۇ نىپ شىچېڭ.

— ئۇنداقتا، باشقا جايدىمۇ دۈشمەنلەر بار.

— ھودۇقماڭلار، تازا تەپسىلىي كۆزىتىپ باقايلى، — دەپتۇ نىپ شىچېڭ. ئۇ جىم تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپتۇ. ئۇ بىردىنلا ئوڭ تەرەپتىكى ئېگىز تاغقا ئورۇنلاشقان قاراۋۇل پونكىتى ئۈستىگە ئىككى تۇرنىنىڭ قونۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلار قاراۋۇلخانى-نىڭ ئۈستىدىكى چۆپلۈككە قونۇپ ئولتۇرۇپ، بىخىرامان ھالدا بىرنەر-سىلەرنى تېرىپ يېگەچ، بىردەم تۇمشۇقى بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئۈچە-ىسنى قاشلاشسا، بىردەم قاناتلىرىنى كېرىپ ئوينىشىدىكەن.

نىپ شىچېڭنىڭ كۆڭلى يورۇپ كېتىپتۇ-دە، كۆپچىلىككە قاراپ:

— قاراڭلار، ئۇ يەردە ئىككى تۇرنا قونۇپ تۇرۇپتۇ، بۇ يەردە

جەزمەن يوشۇرۇنغان دۈشمەن يوق، مۇھاسىرىنى ئاشۇ يەردىن بۇزۇپ چىقايلى، — دەپتۇ.

نىپ شىچىڭ قوشۇننى باشلاپ، تۇرنا قونغان يەردىن ئاستا ـ ئاستا سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. راست دېگەندەك يولدا يوشۇرۇنغان دۈشمەن ئۇچرىماپتۇ. ئۇن نەچچە يول ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئەسكەرلەر ئاۋازلىق سۆزلەيدىغان بوپتۇ.

— نېمە دېگەن خەتەرلىك ئىش بۇ، ئەگەردە نىپ سەركەردە ئەۋلىيادەك ئىش قىلمىغان بولسا، بۈگۈن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولاتتۇق. — ئەسكەرلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان ھالدا نىپ شىچىڭغا قارىشىپتۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىسكىلاردا تۇتۇڭلار، — دەپتۇ نىپ شىچىڭ بۇرۇنقىدەكلا سالماق ھالدا، — ئۇرۇشتا بىرەر ئىشقا يولۇقساڭلار، كۆپرەك كۆزىتىڭلار، پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، شۇنداق قىلغاندا، ئۇستىلىق بىلەن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. ئۆلۈم خەۋپىدىن قوتۇلۇپ قالغىلى بولىدۇ.

## رەسسامنىڭ سىشى تەيخۇنى تىللىشى

گېڭزى يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، قورقۇپ كەتكەن سىشى تەيخۇ شىجىمەن دەرۋازىسىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ، چاڭئەن تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ھەربىي، مۈلكى ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قېچىپتۇ. كېيىن سىشى تەيخۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئەجنەبىيلەر بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامە ئىمزالىغان

ـدىن كېيىن، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى ئاندىن بېيجىڭدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئىككىنچى يىلى سىشى تەيخۇ قايتىپ كەپتۇ.

سىشى تەيخۇ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماي، 60 ياشقا كىرگەنلىكىنى تازا كاتتا خاتىرىلەش كويىدىلا بوپتۇ. بۇ چاغدا يۇەنمىڭيۇەننىڭ كۆيۈپ ھېچ نەرسىسى قالـمىغانىكەن. يىخېيۇەننى ئوڭشىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشكە ئاتاپ، دېڭىز ئارمىيىسى راسخوتىنى ئىشلىتىپ يىخېيۇەننى ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

شەندۇڭنىڭ يەنتەي شەھىرىدە لى كۈييۇەن ئىسىملىك بىر رەسسام بار ئىكەن. ئۇ مەيلى سىياھ بىلەن سىزىدىغان رەسىم بولسۇن، ئادەم ۋە مەنزىرە رەسىملىرى بولسۇن، ھەممىسىگە شۇنداق ئۇستا ئىكەن. سىشى تەيخۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى بېيجىڭغا كېلىپ، يىخېيۇەنگە بىر رەسىم سىزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. لى كۈييۇەن يىخېيۇەنگە كېلىپ سىشى تەيخۇغا رەسىم سىزىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ يىخېيۇەننى ياساشقا ئىشلىتىدىغان پۇلنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ خىراجىتى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇـ دە، ئىچىدە سىشى تەيخۇنى تازا تىللاپتۇ.

سىشى تەيخۇ ناھايىتى ئازادە بىر دەرپەردە ياساتماقچى بوپتۇ. 20 نەچچە ئۇستا ئۈچ ئاي ئىشلەپ، ئالتۇن ۋە قاش تېشى ئىشلىتىپ، شۇنداق ئېسىل بىر دەرپەردە ياساپ چىقىپتۇ. سىشى تەيخۇ ئۇنى ئۆمۈر تىلەش ئۈچۈن ياسىتىلغان ئۆمۈر تىلەش ئىبادەتخانىسىغا قويۇش ئۈچۈن، رەسسامغا ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەڭ ياخشى، ئەڭ گۈزەل بىر رەسىم سىزىشنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لى كۈييۇەن

ئىشىكنى تاقاپ ئۆيگە كىرىۋېلىپ، رەسىم سىزىشقا باشلاپتۇ.
رەسىم پۈتۈپ ئەتىسى، سىشى تەيخۇ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ
ھەربىي ۋە مۈلكى ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ، بۇ رەسسام سىزغان چوڭ
ئەسەرنى كۆرگىلى كەپتۇ. ھەرەم خادىمى رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپتۇ. كۆپچىلىك كېلىپ
قاراپتۇ. ئۇنىڭغا خۇددى تىرىكتەك تۇرغان سىمىز بىر ئادەم سىزىلغا ـ
نىكەن. پومپىيىپ تۇرغان قىزىل قورساق، يېشىل ئىشتان، بەدىنى
سىمىز، يۈزى قىزىل توخۇمدەك ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، كۆزلىرى
يوغان، بىر دانە ھەم قىزىل، ھەم يوغان ئۈمۈر تىلەش شاپتۇلىنى
كۆتۈرۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىپ ھەر ـ
قايسى دۆلەت بايراقلىرىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقى، قوشۇنلارنىڭ
جىددىي قىياپەتتە تۇرغانلىقى، ئەجنەبىيلەر توپ ـ زەمبىرەكلىرىنىڭ
بۇيرۇق كۈتۈپ قاتار ـ قاتار تۇرغانلىقى، ئەجنەبىيلەر قوماندانلىرىنىڭ
ھەيۋەت بىلەن قاراپ تۇرۇشقانلىقىنى سىزغانىكەن. قارىغاندا، ھەقىقە ـ
تەن ھەربىي ئىستىھكام ئىپادىلەنگەن رەسىم بولغانىكەن. ھەربىي،
مۈلكى ئەمەلدار بىردەك ماختىشىپتۇ.
— بۇ ئەۋلىيا بالىنىڭ ئۈمۈر تىلەۋاتقانلىقى بوپتۇ، — دېيىشىپتۇ
بەزىلەر.
— خاندانلىقىمىزغا كۆپ دۆلەت كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپتۇ، —
دەپتۇ يەنە بەزىلەر.
سىشى تەيخۇ ئۇ ياققا ئۆتۈپ كۆرۈپ، بۇ ياققا ئۆتۈپ
كۆرۈپ، دەسلەپتە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، كېيىن بېشىنى چايقاپتۇ ـ دە،
قاتتىق غەزەپلىنىپ، رەسسامنى دەرھال تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
— رەسسام تۇنۇگۈن ئاخشاملا قېچىپتىكەن، نەگە كەتكەنلىكى

مەلۇم ئەمەس، — دەپتۇ ھەرەم خادىمى بىردەمدىن كېيىن بۇ يەرگە كىرىپ.

— بىرھازا قاراپ تۇرۇشۇپ، بۇ رەسىمنىڭ نېمىنى چۈشەندۈردىغانلىقىنى بىلىشمىدىڭمۇ؟ — غەزەپ بىلەن سوراپتۇ سىشى تەيخۇ ھەربىي ۋە مۈلكى ئەمەلدارلاردىن.

ۋەزىرلەر قورققانىنىڭ دەستىدىن گەپ - سۆز قىلىشماي جىم تۇرۇپتۇ.

— بۇنداق رەسىم مەزمۇنداش رەسىم دېيىلىدۇ، — دەپتۇ سىشى تەيخۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ مېنى ئەجنەبىيلەر قوشۇنى ئالدىدا ئۈستىھكامنى تاشلاپ قاچتىڭ دەپ تىللىغىنى.

ئەمەلدارلار بۇنى ئاڭلاپ ئەمدى چۈشەنگەندەك بوپتۇ.

## بېخىل بىلەن ئۈچ قېتىم ئېلىشىش

بۇرۇنىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۆزى تولىمۇ بېخىل ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئارقىسىدا ئۇنى "پىخسىق باي" دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ دېگىنى بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇدىغان، پىتتىن پوستۇما چىقىرىدىغان ئادەم دېگىنى ئىكەن. ئۇ ھەر يىلى ئۆيىدە يىللىقچى تۇرغۇزىدىكەن. ھەر قېتىم يېڭى يىللىقچى كەلگەندە، ئۇ يىللىقچىلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭكىدە ئىشلىسەڭلار قورسىقىڭلار تويىدۇ، ئولتۇرىدىغان ئۆي بېرىمەن، يىل ئاخىرىدا يەنە 30 جىڭ ئاق ئۇن ئالىسىلەر. بىراق، بىر يىلدا ئۈچ شەرتىمنى ئورۇندىشىڭلار كېرەك، شەرتتىن بىرنى ئورۇندىيالمىساڭلار، ئۇن جىڭ ئاق ئۇن تۇتۇپ قالىمەن، ئۈچ

شەرت ئورۇندالمىسا، ئىش ھەققىلىرىنى بېرەلمەيدۇ، ــ دەپتۇ. بۇ ئائىلىگە نۇرغۇن يىللىقچى كېلىپ، ھەممىسى بىر تىيىن ئىش ھەققى ئالالماي كېتىپ قالغانىكەن.

بۇ يۇرتتا ۋاڭ ئېر ئىسىملىك ئەقىللىق، قاۋۇل بىر ياش يىگىت بار ئىكەن. ئۇ "پىخسىق باي"نىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشنى ئويلاپ، يىللىقچىلىققا تۇرۇش ئۈچۈن باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

باھار ئۆتۈپلا يامغۇر پەسلى باشلىنىپتۇ. بىركۈنى ھاۋا ئەمدى ئېچىلىپتىكەن، "پىخسىق باي" ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ۋارقىراپتۇ:

ــ ۋاڭ ئېر، ئۆيۈمنىڭ ئاستىنى ئاپتاپقا سېلىپ چىق!

ئۆي دېگەننىڭ ئۈستى يېپىقلىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئاستىنى قانداقمۇ ئاپتاپقا سالغىلى بولسۇن؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى قىيناشتە!

بۇ ئىش ۋاڭ ئېرنى قورقۇتالماپتۇ، ئۇ "بولىدۇ" دەپتۇ-دە، شوتىنى قويۇپ ئۆگزىگە چىقىپ، ئۆگزىنىڭ كاھىشلىرىنى قومۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

ــ ئۆينىڭ ئاستىنى ئاپتاپقا سال دېسەم، ئۆينىڭ ئۈستىنى ئېچىپ نېمە قىلىسەن؟ بولدى قوي، ئىش ھەققىڭنى تۇتۇپ قالىمەن، ــ دەپتۇ باي.

ــ ئۆگزىنى ئاچمىساق، ــ دەپتۇ ۋاڭ ئېر ئېگىز ئۆگزىدە كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ ئۆينىڭ ئاستىنى قانداق ئاپتاپقا سالغىلى بولىدۇ؟ كېلىڭ، بولمىسا سىز سىناپ كۆرۈڭ، ــ دەپتۇ-دە، قولىدىكى كاھىش قومۇرۇ-ۋاتقان ئەسۋابنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپتۇ.

"پىخسىق باي" ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپتۇ-دە، گەپ-سۆز قىلالماپتۇ.

ئارىدىن بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن "پىخسىق باي" ھويلىدا تۇرغان ئىككى ئىدىشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋاڭ ئېرگە:
— ماڭ، سەن ئاۋۇ تۇرغان چوڭ ئىدىشنى كىچىك ئىدىشنىڭ ئىچىگە سال، — دەپتۇ.
ۋاڭ ئېر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باشقا گەپ قىلمايلا چوڭ ئىدىشنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ سۇنۇقلىرىنى كىچىك ئىدىشنىڭ ئىچىگە سېپتۇ.
— سەن نېمىشقا مېنىڭ چوڭ ئىدىشىمنى سۇندۇرۇۋېتىسەن؟ — دەپتۇ "پىخسىق باي" ئىچى ئېچىشقان ھالدا، — ئەمدى سېنىڭ ئىش ھەققىڭنى تۇتۇۋالىمەن.
— مۇشۇنداق سالمىسام، ئۇنى قانداق سالغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ ۋاڭ ئېر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بولمىسا ئۆزىڭىز سىناپ كۆرۈڭ.
"پىخسىق باي" يەنە ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يىل ئاخىرلىشىپ، ئىش ھەققى تارقىتىدىغان ۋاقىت بولاي دەپ قاپتۇ. بىر كۈنى "پىخسىق باي" ئۆزىنىڭ يوغان كاللىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋاڭ ئېردىن سوراپتۇ:
— ئېيتىپ باققىنا، كاللام قانچە جىڭ كېلەر؟
— ئىككى جىڭ يەتتە سەر كېلىدۇ، — ئىشەنچ بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ ۋاڭ ئېر.
— ياق، ئىككى جىڭ سەككىز سەر كېلىدۇ، — دەپتۇ "پىخسىق باي" بېشىنى چايقاپ.
ۋاڭ ئېر يۈگرەپ ئاشخانىغا كىرىپ، ناھايىتى ئۆتكۈر بىر قىڭراق بىلەن جىڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، "پىخسىق باي"غا قاراپ:
— بولىدۇ، مەن ئىككى جىڭ يەتتە سەر دېدىم، سىز ئىككى جىڭ

سەككىز سەر دېدىڭىز، زادى قانچىلىك كېلىدۇ، تارتىپ كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ - دە، قىڭراقنى كۆتۈرۈپ، كاللىنى ئېلىشقا تەمشىلىپتۇ.

"پىخسىق باي" قورقۇپ تىترەپ، قولى بىلەن كاللىسىنى تۇتۇ-ۋېلىپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئاخىرىدا ۋاڭ ئېرنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇق بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

ۋاڭ ئېر ئاچچىق بىلەن ۋاقىراپ تۇرۇپ:

— مەن ساڭا بىر يىل جاپالىق ئىشلەپ بەرسەم، سەن ئامال قىلىپ مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ، ئىش ھەققىمنى بەرمەسلىك-نىڭ قازىنىنى ئاستىڭ، سەندە ۋىجدان دېگەن يوق! — دەپلا 30 جىڭ ئاق ئۇننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## مەيخانىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان خالتا

جياڭنەندە ئاۋات بىر بازار بولۇپ، بازاردىكى كوۋرۈكنىڭ بېشىدا ھەممە تەرەپتىن ئادەم كېلىپ تۇرىدىغان بىر مەيخانا بار ئىكەن.

بىركۈنى، مەيخانا خوجايىنى قاچا - قومۇشلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، بىر جوزىنىڭ يان ياغىچىدا كەڭلىكى ئۈچ سۇڭ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە سۇڭ كەلگۈدەك بىر خالتىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. خالتىنىڭ ئىچىدە ئىككى دانە ئاق تەڭگە، بىرنەچچە ئۇن ياماق بار ئىكەن، مەيخانا خوجايىنى ئىگىسى كەلگەندە بېرەرمەن دەپ خالتىنى ئېلىپ قويۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ياش بىر خېرىدار مەيخانىغا كېلىپ، مەيخانا

خوجايىنغا:

ــ مېنىڭ بىر خالتام مۇشۇ يەردە ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن، كۆردىڭىز-مىكىن، ــ دەپتۇ.

مەيخانا خوجايىنى ھېلىقى خالتىنى ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

بۇ خېرىدار خالتىنى قولىغا ئېلىپلا ۋاقىراپ كېتىپتۇ:

ــ خالتامدا 40 دانە كۆمۈش تەڭگە، 200 دانە مىس تەڭگە بار ئىدى. قانداق بولۇپ بۇنچىلىك قالدى؟

ــ خالتىنى ئېلىپ قويغان چېغىمدىلا مۇشۇنچىلىك پۇل بار ئىكەن، ــ دەپتۇ مەيخانا خوجايىنى.

ــ ياق، بۇنى چوقۇم سەن تىقۋالدىڭ، ــ دەپتۇ ھېلىقى خېرىدار خوجايىننى تۇتۇۋېلىپ.

بۇ چاغدا، مەيخانىدىكى ئادەملەر ئولىشىپ كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياشانغان بىرەيلەن بار ئىكەن، ئۇ مەيخانا خوجايىنىغا خالتىنى بۇرۇنقىدەك قىلىپ جوزىنىڭ يان ياغىچىغا ئېسىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ، خالتىنى ئېسىپ قويغانىكەن، خالتا ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپتۇ.

ھېلىقى ياشانغان ئادەم خالتىنى مېنىڭ دېگەن ياشتىن سوراپتۇ:

ــ باياتىن سىزنىڭ خالتىڭىز مۇشۇنداق ئېسىلغانمۇ؟

ــ توغرا، مۇشۇنداق ئېسىلغان، ــ دەپتۇ ياش خېرىدار.

ياشانغان ئادەم بۇرۇلۇپ مەيخانا خوجايىنىغا قاراپ:

ــ سىزنىڭ مەيخانا ئىچىپ، خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا چىقىشىڭىز كۆپچىلىكنى كۈتۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. خېرىدارلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ئۇنتۇلۇپ قالسا، ئۇلارغا شۇ پېتى قايتۇرۇپ بېرىشىڭىز كېرەك. بۈگۈن بۇ خېرىدار مەيخانىڭىزدا 40 دانە كۆمۈش تەڭگىنى

ئۈنتۈلۈپ قالسا، نېمە ئۈچۈن ئۈنىڭدىن 38 تەڭگىسىنى يېۋالىسىز؟ ئۇ 200 دانە مىس تەڭگە ئۈنتۈلۈپ قالسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يۇتىۋالسىز؟

— ئى تەڭرى، — دەپتۇ مەيخانا خوجايىنى، — ماڭا ئۇۋال بولدى، مەن بۇ پۇلنىڭ بىر تىيىنىگىمۇ تەگمىدىم.

— بولدى، — دەپتۇ ھېلىقى ياشانغان كىشى، — ئۇۋال بولدى دەپ ۋاقىرىماڭ، مەندە پۇل بار، مەن سىز ئۈچۈن ياش خېرىدارنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەي، دەپلا يېنىدىن 38 دانە كۈمۈش تەڭگە، 200 دانە مىس تەڭگە چىقىرىپ، ھېلىقى خالتىغا سېپتۇ. خالتا لىق تولۇپتۇ، يەنە پۇل سالغۇدەك يېرى قالماپتۇ.

ياش خېرىدار ئىچىدە كۈلۈپ قويۇپ، ھېلىقى خالتىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋېتىپتىكەن، ياشانغان كىشى ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ئالدىرىماڭ، ماڭماي تۇرۇڭ، خالتىنى جوزىنىڭ يان ياغىچىغا ئارتىپ بېقىڭ، كۆپچىلىك كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن مېڭىڭ، — دەپتۇ.

ھېلىقى ياش خېرىدار كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا خالتىنى جوزىنىڭ يان ياغىچىغا ئارتىپتىكەن، خالتا ساڭگىلاش تۈگۈل، يەرگە چۈشۈشكە تاس قاپتۇ.

ھېلىقى ياشانغان ئادەم كۆپچىلىككە:

— مانا قاراپ بېقىڭلار، خالتا دىگەننى مۇشۇنداق ئارتىقان بارمۇ؟

— يوق، ئۇنداق ئارتمايدۇ، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

ياش خېرىدار بىر چەتتە تۇرۇپ، دۇدۇقلاپ گەپ قىلالماي قاپتۇ.

ياشانغان كىشى ياش خېرىدارغا مۇنداق دەپتۇ:

— مۇبادا خالىڭىزدا نۇرغۇن كۈمۈش تەڭگە ۋە مىس تەڭگە بولۇپ، جوزىنىڭ يان ياغىچىغا ئارتقان بولسىڭىز، بەلكى ئۇ چوڭ خالتا بولۇشى كېرەك. بۇ خالتا كىچىك خالتا ئىكەن، باياتىن كۆپ-چىلىك كۆردى، پۇلىنى سالساق ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە تاس قالدى، ئۇنى جوزىنىڭ يان ياغىچىغا ئارتىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ-دىن قارىغاندا، خالتا سىزنىڭ ئەمەس. سىز راستتىن خالتا يوقاتقان بولسىڭىز، باشقا يەردە يوقاتقان بولۇشىڭىز كېرەك. بۇ خالتىنى مەي-خانا خوجايىنىغا قايتۇرۇپ بېرەيلى، ئۇ ئوبدان ساقلاپ قويسۇن. — دەپتۇ-دە، خالتىدىن ئۆزىنىڭ پۇلىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى مەيخانا خوجايىنىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

كۆپچىلىك بۇنىڭغا بىر ئېغىزدىن ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ھېلىقى ياش قىزارغان ھالدا بۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ.

## دەللال بىلەن ئامبال

بىر ئامبالنىڭ كېلىشمىگەن سەت بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئوغلىنىڭ سەت بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا چىرايلىق قىز ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئامبال ئوغلىغا قىز تېپىش ئۈچۈن، يايسلارغا ئېيتىپ بىر دەللال تاپقۇزۇپ كەپتۇ.

دەللالنى ئۆز ۋاقتىدا ئامبال قاقتى-سوقتى قىلغانىكەن، شۇڭا ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆچىنى ئالماقچى بوپتۇ-دە، قەستەنگە بىر باينىڭ پۈتى ئاقساق، بىر كۆزى يوق قىزىنى تېپىپتۇ. ئۇ ئىش-تىن بۇرۇن ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىزغا گۈللۈك كۆينەك كيگۈ-

زۇپ، بەدىنىنى يانتۇ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ، پەردىنىڭ ئارىسىدىن قارىغاندا چانمايدىغان ھالغا كەپتۇ. قىزنى تازا ئۇبدان ياساپ جابدۇتقاندىن كېيىن، ئامبالنىڭ ئوغلى قاراپلا ھەيران قاپتۇ-دە، ئاۋازىنى چىقىرىپ:

— گۈزەل، ناھايىتى گۈزەل ئىكەن، — دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ. ئۆيگە قايتىپ بېرىپ دەرھال دادىسىغا مەلۇم قىلىپ، تويىنى دەرھال قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ئامبال دەللالنىڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، چوقۇم بىر توي كېلىشمى توختىتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ تەكلىپ دەللالنىڭ كۆڭلىگە تازا يېقىپتۇ. دەللال شۇ ھامان ياپىلار ئارىسىدىكى قەلەمكەشكە توختامنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

"قىز ئىنتايىن سەت يوق ساق ئىككى پۇتى ئۈچ كىشىدە ئالتە تەرەپ، قارا كۆز، گۆش قولاق، پاچىقى ئۇزۇن، پۇتى قىسقا، مۇۋاپىق كەلمەي قالسا، تېپىشتۇرغۇچىنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوق." ھەر ئىككى تەرەپ توختامغا قول قويۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي قىز كۆچۈرىدىغان كۈن يېتىپ كەپتۇ. ھەممەيلەن دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپتىكەن، جودىن پۇتى ئاقساق، بىر كۆزى يوق بىر قىز چۈشۈپ كەپتۇ. ئامبال ئادەم ئەۋەتىپ، دەللالنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ نېمە گۈنا ئۆتكۈزگەنلىكىنى سوراپتۇ-دە، 40 دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

— توختىسىلا، — دەپتۇ دەللال، — ئىشتىن بۇرۇن تۈزگەن توختامىمىز بار، ئۇنىڭدا ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان، ئەگەر ئۇرىدىغان بولسىلىرى، ۋالىيغا بېرىپ ئەرز قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئامبال، توختام دېگەن پاكىت، بۇ دەللالنىڭ شېرىن سۆزلىرى

ۋالىينى ئالدىيالمايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋالىينىڭ ئالدىغا بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ.

ۋالىي ئامبالنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جوزىنى ئۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ دەللال، سەن يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ، ھەممە يەردە ئالدام- چىلىق قىلىپ كەلدىڭ، ئەمدى سەن ئالدىمىغان ئامبال قالدىمۇ، بۇنى قاتتىق 40 دەررە ئۇرۇڭلار!

ــ غوجام، ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، بىزگە ئاساس بولىدىغان توي توختامى بار، ئۆزلىرى كۆرۈپ باقسىلا، ــ دەپتۇ دەللال ئالدى- راپ توختامنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ۋالىيغا سۇنۇپ بېرىپتۇ. ۋالىي توخ- تامنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ.

دەللال توختامنى مۇنداق ئوقۇپتۇ:

ــ قىز ئىنتايىن سىدت، يوق ساق ئىككى پۇتى، ئۈچ كىشىدە ئالتە تەرەپ، قارا كۆز، گۆش قولاق، پاچىقى ئۇزۇن، پۇتى قىسقا، مۇۋاپىق كەلمەي قالسا، تېپىشتۇرغۇچىنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوق.

ۋالىي بۇنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ توختامغا قويغان قوللىرىغا قاراپتۇ، بۇ چاغدا ئامبال يەنە ئۆزىنىڭكىنى راست قىلماقچى بولغانىكەن، ۋالىي ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

## بىكارلىق نەرسە يېيىشلىك بولمايدۇ

جياڭسۇنىڭ شىمالىدىكى بىر يەردە شىن خۇگشەن ئىسىملىك بىر ئەقىللىق ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھەقچىلىقنى كۆرسە تۇرالمايدىكەن،

شۇڭا ئەتراپتا نامى چىقىقانىكەن.
بىركۇنى تـۆت ئالىقانات كوچىدا كېتىـۋېتىپ، بىر بالـىنىڭ چوڭ بىر بېلىقنى ساتىمەن دەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپـتۇ ـ دە، گەپ قىلماي كېلىپ، بالىنىڭ قولىدىكى بېلىقنى بۇلاپلا قېچىپتۇ، بالا ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغلاپتۇ.
دەل مۇشۇ چاغدا شېن خۇگشەن كېلىـپ قېلىـپ، ئۇلارنىڭ قاچ ـ قان تەرىپىنى سورىۋېلىپ، بۇ تۆت ئالىقاناتنىڭ ئارقىسىدىن قوغ ـ لاپتۇ. قوغلاپ "شىڭخۇا كەنتى" دىكى بىر ئاشخانىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ تۆت ئالىقاناتنىڭ بېلىقنى خوجايىـن ئايالـنىڭ قورۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
شېن خۇگشەن ھېچ بولمىغاندا بالىنىڭ بېلىقىنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرسەممۇ ھېساب، دەپ ئويلاپـتۇ ـ دە، ئاشـخانىغا كـىرىپ بىر شىشە ھاراق بۇيرۇپ، ھېلىقى تۆت ئالىقاناتىنىڭ يېنىدا ئولتۇ ـ رۇپ، تاماققا تۇتۇش قىپتۇ.
بىردەمدىن كېيىن خوجايىن ئايال پىشۇرۇلـغان بېلىقنى تەخسە بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھېلىقىلارنىڭ ئالدىدا قويۇپـتۇ. بېلىقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇلارنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپـتۇ. ئۇلار بېلىقنى يەپ ئولتۇرۇپ، بىردەمىنىڭ ئىچىدە تالىشىپ كېتىپتۇ.
ــ بېلىقنىڭ بېشى يېيىشلىك بولىدۇ، ــ دەپتۇ بىرىنچىسى.
ــ بېلىقنىڭ قۇيرۇقى يېيىشلىك بولىدۇ، ــ دەپتۇ ئىككىنچىسى.
ــ بېلىقنىڭ دۈمبىسى يېيىشلىك بولىدۇ، ــ دەپتۇ ئۈچىنچىسى.
ــ بېلىقنىڭ ھەممە يېرى يېيىشلىك بولىدۇ، ــ دەپتۇ تۆتىنچىسى.
شېن خۇگشەن ئۇلارنىڭ بارغانچە بەك تالىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا:
— تالاشماڭلار، بېلىقنىڭ قايسى ئەزاسىنىڭ يېيىشلىك بولىدىغانلىقىنى مەن دەپ بەرسەم، ئاندىن سىلەر قايىل بولسىلەر، — دەپتۇ.
— نېمە؟ نېمە؟ بوپتۇ ئانداق بولسا دەپ باق، — دەپتۇ تۆت ئالىقانات قايىل بولمىغان هالدا.
— نېمە بولدۇڭلار؟ مەن تۆتىڭلار بىلەن قوللىشاي، مەن ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن قايىل بولساڭلار، ئۇتتۇرۇپ قويغىنىڭلار ئۇچۇن بىرىڭلار بىردىن تەڭگە بېرىسىلەر، مەن ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاراڭلاردىن بىرەيلەن قايىل بولمىسا، هەربىرىڭلارغا بىردىن تەڭگە بېرىمەن.
تۆت ئالىقانات كۆڭلىدە بۇ راست ياخشى سودا ئىكەن، قوللاشساق قوللاشتۇق دەپ ئويلاپتۇ.
شىن خۇگشەن ئوتتۇرىدا گۇۋاھچى قويۇشنى تەكلىپ قىپتۇ. بۇ چاغدا يولدا كېتىۋاتقانلار بۇلارغا ئولىشىۋالغانىكەن، هە دېگەندە گۇۋاھچى بولۇشقا ئىككى ئادەم تەييار بوپتۇ، شىن خۇگشەن گەپنى باشلاپتۇ:
— باهاردا بېلىقنىڭ بېشى يېيىشلىك بولىدۇ، چۈنكى بېلىق بېشىنى كۆتۈرۈپ هەرىكەت قىلىدۇ؛ يازدا بېلىقنىڭ قۇيرۇقى يېيىشلىك بولىدۇ، چۈنكى بېلىق بېشىنى سۇغا تىقىۋېلىپ، قۇيرۇقىنى چىقىرىپ هەرىكەت قىلىدۇ؛ كۈزدە بېلىق بەدىنىنى تۈز تۇتۇپ ماڭىدۇ، شۇڭا دۈمبىسى يېيىشلىك بولىدۇ. قىش كۈنى بولسا، بېلىقلار سۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرىدۇ، شۇڭا هەممە يېرى يېيىشلىك بولىدۇ، بولمىسا بېلىقچىلار: بېلىق يېسەڭ باهاردا بېشى، يازدا قۇيرۇقى، كۈزدە دۈمبىسى، قىشتا هەممە يېرىنى يە، دەپ بىكار

ئېيتمايدۇ ـ دە.

گەپ تۇگەش بىلەن ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، تۆت ئالىقانات بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قويغانلىقىغا تەن بېرىپتۇ.

شېن خۇگشەن ئۇلاردىن تۆت سەر تەڭگىنى ئېلىپ ھېلىقى بېلىق ساتىدىغان بالىغا بېرىپتۇ. ئاندىن يەنە بۇ تۆت ئالىقانات بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. تۆت ئالىقانات بۇ ئادەمنىڭ شېن خۇگشەن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، لەسسىدە بوششىپ كېتىپتۇ. بۇلاردىن بىرى ئىتتىك كېلىپ، تەزىم بىلەن سالام بېرىپ، شېن خۇگشەندىن سوراپتۇ:

— شېن ئەپەندىم، بېلىقنىڭ قايسى يېرى يېيىشلىك ئەمەس؟

شېن خۇگشەن ئۇلارغا:

— بىكارلىق نەرسە يېيىشلىك بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپلا كېتىپ قاپتۇ.

## كۈمۈش ھالقىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېلىش

رىۋايەت قىلىنىشچە، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چاشاڭ (چايزار) يېزىسىدا جيا شىگشەن دېگەن بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىللىقچىلىرىغا بەكمۇ قاتتىق قول، رەھىمسىز ئىكەن، يىللىقچىلار ئۇنىڭدىن بەكمۇ تويۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھېچكىشى ئۇنىڭغا ئىشلەشنى خالىمايدىكەن. جيا شىگشەننىڭ بۇ ئىشقا تولىمۇ بېشى قېتىپتۇ.

ئۇ بىركۈنى زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنىغا بېرىپ، يەتتىنى بىر تىزىق قىلىپ ئۇلاقسىز كۈمۈش ھالقا ياسىتىپتۇ ـ دە، يىللىقچىلارغا قاراپ:

— كىم ماڭا ئىشلەپ بېرىدىغان بولسا، بىر ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، مۇشۇ بىر تىزىق كۈمۈش ھالقىدىن بىرنى ئالىدۇ. بۇنىڭ شەرتى: بىر ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن بىر ھالقا ئالىدۇ، ئالغاندا پالتا بىلەن چاناپ بىرلا يول چىقىرىپ ئېلىش كېرەك، — دەپتۇ.

يىللىقچىلار ئارىسىدىكى ھوشيار جوگى تيەن بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇپ، خەت توختىتىپتۇ.

— توختامدا "بىرلا يول چىقىرىپ ئالىدۇ...دەپ يېزىلدى، — دەپ كۆرەڭلەپتۇ جيا شىڭشەن، — ھەرقانچە قىلغىنىڭ بىلەن بىرنى ئالالايسەن، قالغان ئالتە ئايدا غىڭ قىلماي ماڭا ئىشلەيسەن.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ، جوگى شيەن پالتا بىلەن ھېلىقى بىر تىزىق كۈمۈش ھالقىنىڭ ئۇچىنچىسىگە ئۇرۇپتۇ-دە، بىرلا يول چىقىرىپ ھالقىدىن بىرنى ئاپتۇ، نەتىجىدە بىر تىزىقتا ئىككى، يەنە بىر تىزىقتا تۆت ھالقا قاپتۇ.

يەنە بىر ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، جوگى تيەن ئالدىنقى ئايدىكى بىر ھالقىنى قويۇپ، ئىككى ھالقىلىق تىزىقنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

جوگى تيەن ئۈچىنچى ئايدا ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى ئايدا قويۇپ قويغان ھېلىقى بىر ھالقىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

تۆتىنچى ئايغا كەلگەندە، جوگى تيەن ئالدىنقى بىر ھالقا بىلەن بىر تىزىقتىكى ئىككى ھالقىنى قويۇپ، بىر تىزىقتىكى تۆت ھالقىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بەشىنچى ئايدا، ئالدىنقى ئايدا قويۇپ قويغان بىر ھالقىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئالتىنچى ئايغا كەلگەندە، بىر ھالقىنى قويۇپ، ھېلىقى بىر تىزىقتىكى ئىككى ھالقىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

يەتتىنچى ئايدا، ھېلىقى بىرلا يول چىقىرىپ كەسكەن بىر ھالقىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

كۇمۇش ھالقىسىنىڭ ھەممىسى ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، جىيا شىڭشەن ئاچچىقىدا ئۆلتۈرالماي قاپتۇ، بىراق نېمە ئامال.

## بىر مىڭ سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى يالغان گەپ

بۇرۇنىسىدا خىزمەتتىن چېكىنىپ، يۇرتىغا قايتقان بىر ۋەزىر ئۆتكەنىكەن. ئۇ "كىمكى ئۇچ ئېغىز يالغان گەپ قىلىپ بېرەلىسە، بىر مىڭ سەر ئالتۇن بېرىمەن" دەپ جاي-جايلارغا ئېلان چىقىرىپتۇ.

ئېلاننى بىرسى ئۇنىغا، ئۇنى يۇزگە تارقىتىپ، بۇنىڭدىن ھەممە ئادەم خەۋەردار بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى گەپدانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ. ئۇلار ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن خۇددى ئەينەن بولغان ئىشتەك سۆزلەپ، ۋەزىرنى خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىراق ۋەزىر بىرئاز ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قاھ-قاھلاپ كۈلۈۋېتىپ، "شۇنداق، راست شۇنداق ئىش بولغان" دەپ قويىدىكەن. ئەتراپتىن كەلگەنلەر شۇنچە گەپ قىلىپ، ئاغزىلىرىنى قۇرۇتۇپمۇ، بىر تىيىن ئالالماپتۇ. كۆنىلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن كىشىلەر ۋەزىرنىڭ قورساقنى تويغۇزۇپ، قىلىدىغان ئىشى يوق، يۇقىرىلارنى مازاق قىلىپ ئوينىغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ.

بىركۈنى پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان بىر يىگىت ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ۋەزىر جانابلىرى، قاراپ باقسىلا، مېنىڭ تۇرمۇشۇم نېمە دېگەن باياشات، ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداقمۇ، ــ دەپتۇ ۋەزىر، ــ بوپتۇ، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر.

ــ مېنىڭ تۇرمۇشۇم نېمىشقا بۇنداق باياشات؟ ــ دەپتۇ يىگىت، ــ سىزگە ئېيتىپ قوياي، مەن كالا بېقىشقا ئۇستا، مەندە كالا بېقىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى بار. مەن چوڭ بىر ئىشكاپ ياساتتىم، ئۇنىڭغا دەل بىر كالا پاتىدۇ. كالا قانچە مىدىرلىيالمىسا، شۇنچە بەك سەمرىيدۇ. ئىشكاپنىڭ ئالدى تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويدۇم، بۇنىڭدىن يەم ـ خەشەك بېرىمەن؛ ئارقا تەرەپتىن بىر كاما قويۇپ قويدۇم، بۇ يەردىن تەرەت قىلىدۇ. سول تەرەپتىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويدۇم، بۇنىڭدىن ماي ئاقىدۇ، ماي ئاققانسېرى كۆپىيىپ بارىدۇ؛ ئوڭ تەرەپتىن بىر كاما قويۇپ قويدۇم، بۇ يەردىن گۆش شىلىۋالىمەن، گۆشى شىلغانسېرى ئۇزىرىدۇ. بۈگۈن ئون جىڭ گۆش ساتسام، ئەتىسى بىر تۇڭ ماي ساتىمەن.

ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ۋەزىر چىداپ تۇرالماپتۇ ـ دە، ــ هەي، بۇنى قانداق ئەپچىل چارە دېگىلى بولسۇن، بۇ دېگەن پۇتتۇنلەي پو گەپ، ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداق، ــ دەپتۇ يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ پو گەپ دېگەن يالغان بولىدۇ.

ۋەزىر گەپ قىلالماي، ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىراق ئۇ كۆڭلىدە، بۇ تېخى يالغان گەپنىڭ بىرسى، ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئىككى ئېغىز يالغان گەپ قىلىشىڭ كېرەك دەپ ئويلاپتۇ.

يىگىت گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ــ كىچىك ۋاقتىم، مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىمدا، هەمىشە

ئىمتىھانىدا بىرىنچىلىكنى ئالاتتىم، ئىسىگىزدە بولسا كېرەك، ئۇ چاغدا سىز بىشىمىنى سىلاپ تۇرۇپ: "سەن بەك ئەقىللىق بالا، چوڭ بولغاندا، ئۈچ قىزىمنى ساڭا بېرىمەن" دەيتتىڭىز، مانا ئەمدى چوڭ بولدۇم، ئۈچ قىزىڭىزنى بېرىشىڭىز كېرەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەزىرنىڭ ئاچچىقى تۇۋىدىن قوپۇپتۇ-دە، ئولتۇرالماي قاپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەبلەخ، مەن ئۈچ قىزىمنى قاچان سەن يالاڭتۆشكە بېرىمەن دېدىم؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق، دېمىگەن بولسىڭىز، بۇمۇ يالغان گەپ.

شۇنداق قىلىپ ۋەزىر يىگىتنىڭ ئىككىنچى يالغان گېپىگىمۇ ماقۇل بوپتۇ.

يىگىت گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن يۇرت ئايلىنىپ تىجارەت قىلاتتىم-دە، يېزا-بازارلارنى ئارىلاپ يۈرەتتىم. بىركۈنى قارىسام يارنىڭ بويىدا بىرنەچچە تۈپ يوغان چىلان دەرىخى تۇرىدۇ. چىلان دېگەن شۇنداق بولۇپ كېتىپتىكى، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، دانىسىمۇ شۇنداق يوغان، بىراق ئۈزۈۋشكە ئامال بولمىدى. ئۈچ خالتا ئۇۋاق لازا تاپتىم-دە، يارنىڭ ئاستىدىكى تاشنىڭ ئارىلىرىغا سەپتىم، لازىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن تاشلار پاك-پۇك قىلىپ يېرىلغىلى تۇردى، ھەممە يەر تىترەپ كەتتى، ھېلىقى چىلان دەرەخلىرىمۇ سىلكىنگەندى، قىپقىزىل چىلانلار تۆكۈلداپ چۈشكىلى تۇردى. مەن ئون سېۋەت چىلان يىغىپ، سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ باردىم، دەل ۋاقتىدا ئېلىپ بارغانىكەنمەن، بازاردا چىلان قىس بولغان ۋاقىت ئىكەن. دورا ياسايدىغانلارنىڭ ئالدىغا بارسام، ئۇلارمۇ چىلان

ئالالىماي تۇرۇپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن تازا باي بولدۇم، بىر سېۋەت چىلان بىر مىڭ سەر ئالتۇنغا چىقتى.

— شۇنداق، — دەپتۇ ۋەزىر كۈلۈپ قويۇپ، — راست شۇنداق ئىش بولغان، مەنمۇ شۇ چاغدا ئاشۇ باھادا چىلان سېتىۋالغان.

ۋەزىر يىگىتنىڭ سۆزىنىڭ داۋامى بارلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرمەپتۇ. يىگىت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— شۇنداق، شۇ چاغدا سىلە مەندىن ئۈچ سېۋەت چىلان ئېلىپ پۇلىنى بەرمىگەنتىلە، ئەمدى بېرىۋەتمىسىلىرى بولمايدۇ.

ۋەزىر قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، راست شۇنداق بولغان دەي دېسە، ئۈچ مىڭ سەر ئالتۇن تۆلەشكە توغرا كېلىدىكەن؛ يوق دەي دېسە، ئۈچ يالغاننى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. ئامال بولماپتۇ، ئۈچ مىڭ سەر ئالتۇن تۆلىگەندىن كۆرە، بىر مىڭ سەر ئالتۇن تۆلىگىنى تۈزۈك، ۋەزىر ئاچچىقلاپ ۋاقىراپتۇ:

— ھوي ئەبلەخ، مەن قاچان سەندىن چىلان ئالغان؟

— يىگىت قولىنى چاۋاكلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ناھايىتى ياخشى، ئۈچ يالغاننىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلدىڭىز، ئۇنداقتا بىر مىڭ سەر ئالتۇننى چىقىرىڭ، — دەپتۇ.

## تيەن شېنگې

تيەن شېنگې (ئىلاھ ئاكا)نىڭ ئەسلى ئىسمى جياڭ تيەنچېڭ ئىكەن، ئۇ بايلار بىلەنلا ئېيتىشىدىكەن.

بىر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاشلىق قەرز ئېلىش ئۈچۈن چيەن فامىلىلىك بىر باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە، بايدىن ئۈچ كۈرە

تېرىق، بەش شىڭ نومى گۈرۈچ قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر يېرىم ئاي مەدىكار ئىشلەپ بەرمەكچى بوپتۇ.

ئۇ دەرھال ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، ئاشلىقنى يۈدۈپ ماڭماقچى بوپتىكەن، باي ئۇنىڭغا:

— جىياڭ تيەنچېڭ، بۈگۈن بىر شېئىر ئېيتىشايلى، سەن ئۇ-تىۋالساڭ، ئاشلىقنى ئالماي، مەن ئۇتىۋالسام، ماڭا ھەقسىز ئىشلەپ بەر، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ شيەن شېنگې، — تېمىنى تېز رەك چىقىرىڭ.

— شېئىرنىڭ ھەر مىسراسى ”سەن“ بىلەن باشلىنىدۇ، شېئىر تۆت مىسرا بولىدۇ، ھەر مىسراسى سەككىز خەت، شېئىرنى توختىماي ئوقۇيىمىز، كىم توختاپ قالسا، شۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ، — دەپتۇ باي ۋە گېپىنى تۈگىتىپلا شېئىرنى باشلاپتۇ:

سەن شۇنداق لەۋاسەنكى،
گادايلىقىڭ لەۋالىقتىن بولغان؛
بۇنداق لەۋا بولمىساڭ ئەگەر،
بولاتتى گادايلىق سېنىڭدە بولمىغان.

تيەن شېنگې بۇ شېئىرنىڭ زىتىغا تېگىش مەقسىتىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلىپتۇ-دە، دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

سېنىڭ بايلىقىڭ شۇنداق بايلىقكى،
شىلىۋېلىشتىن كەلگەن كىشىنىڭ ھەققىنى؛
ئەگەردە شىلمىساڭ كىشىنىڭ ھەققىنى،
كۆرمىگەن بولاتتىڭ بۇنچە بايلىقنى.

— بولدى ماڭ، — دەپتۇ باي ئىلاجسىز قولىنى شىلتىپ، — بىزنىڭ ئۆيگە ئىككىنچى ئاشلىق دەپ كەلگۈچە بولما.

ــ ئىككىنچى دېگەن باشقا گەپ، ــ دەپتۇ تيەن شېنگىي كۈلۈپ
تۇرۇپ، ــ بۇ قېتىم سىز ئۇتتۇردىڭىز، ھۆججەتنى ماڭا قايتۇرۇپ
بېرىڭ، ــ تيەن شېنگىي ھۆججەتنى ئېلىپ يىرتىۋېتىپ، ئاشلىقنى
يۇدۇپ ئۆيىگە بېرىپ، خۇشال ـ خورام بايرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

شۇ قېتىمقى شېئىر ئېيتىشتا ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، باي ھامان
بىر پۇرسەت تېپىپ، تيەن شېنگېدىن ئۆچىنى ئالماقچى بوپتۇ. بىر
كۈنى پۇرسەت ئاخىرى يېتىپ كەپتۇ. باينىڭ يىراقتا بىر تاغىسى
بولۇپ، ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ ـ دە، باي بىلەن مېھماننى قانداق
كۈتۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. باينىڭ بۇ تاغىسى تيەن شېنگىي
بىلەنمۇ تۇغقانىكەن، بىراق ئۇزاقتىن بۇيان باردى ـ كەلدى قىلىش ـ
مايتىكەن. بۇ قېتىم قائىدە بويىچە ئۇنى چاقىرىپ قويۇشقا توغرا
كېلىدىكەن، باي بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن،
جياڭ تيەنچېڭغا باغاق يېزىپتۇ. باغاقنىڭ ئاستى تەرەپكە ئالاھىدە
قىلىپ ئىككى قۇر خەت يېزىپ قويۇپتۇ، خەتتە:

ــ تەكلىپ قىلىشنى مەن قىلدىم، كېلىش، كەلمەسلىك ئۆزىڭىز ـ
دىن. كەلسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئاچكۆزلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ؛ كەلمىسە ـ
ڭىز، بۇ سىزنىڭ گىرى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. كېلىش ـ كەلمە ـ
سلىكىڭىزنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ، ــ دەپ يېزىلغانىكەن.

تيەت شېنگىي بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. توي بولغان كۈنى
باينىڭ كەلگەن سوۋغىلارنى يىغىشقا ياردەملىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ،
قىزىل قەغەزگە بىر بولاق سوۋغىنى ئوراپتۇ. دە، كۆرەڭلەپ مېڭىپ،
توي بولغان ئۆيگە كېلىپ، سوۋغىنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى
ئوتتۇرىغا بېرىپ تاماشا كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. باي تيەن شېنگېنىڭ
كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، باشتا بىرئاز خاپا بوپتۇ، ئېلىپ كەلگەن

سوۋغىسىنى ئېچىپتىكەن، قارىسا بۇنىڭغا بىردانە مىس پۇل ئورالغان ۋە بىر پارچە خەت يېزىلغان ئىكەن. خەتتە: "تاغىمىزغا ۋە سوۋغات قوبۇل قىلغۇچى ئەپەندىمگە. كېچىكىپ قىلغان تويىنىڭ زىياپەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بەك خۇشال بولدۇم. ئەسلىدە جىق نەرسە سوۋغا قىلسام بولاتتى، نامرات بولغاچقا، باشقا ئامال قىلالمىدىم، ئاخىرى بىرلا مىس تەڭگىنى سوۋغا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. قوبۇل قىلسىڭىز، بۇ سىزنىڭ پۇل دېسە جان بېرىدىغان ئاچكۆزلەردىن ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ؛ قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئاز دەپ ياراتمىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. كونىلاردا سوۋغات ئاددىي بولسىمۇ، كۆڭۈل ئىززىتى زور، دېگەن گەپ بار، قوبۇل قىلىش، قىلماسلىقىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ. بۈگۈنكى زىياپەت ھارىقىنى ئىچكىنىم ئىچكەن" دەپ يېزىلغانىكەن.

باي بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى ئاچچىقىنىڭ كەلگىنىدىن يېرىلاي دەپ قاپتۇ. تىيەن شېنگې بولسا زىياپەت جوزىسىدا ئولتۇرۇپ، بولۇشىغا يەپ، ئىچكىلى تۇرۇپتۇ.

# ئاز سانلىق مىللەتلەر ھېكايىلىرى

## ئوتانا

بۇرۇنسىدا موغۇللارنىڭ ئىككى خانى بولغانىكەن، بىرسىنىڭ ئىسمى ئاراچى، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئاۋۇرانچى ئىكەن. ئاراچى ھەمىشە قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئاۋۇرانچىنىڭ دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ تۇرىدىكەن، ئاۋۇرانچى خان 60 ياشتىن ئېشىپتۇ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ ساراڭقېتىش مەتۇ ئىكەن. خان بۇ مەتۇ ئوغلىغا ئەقىللىق، چېۋەر قىزدىن بىرنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشتۇرمەكچى بوپتۇ.

ئاۋۇرانچى خان ئۇقۇشۇپ كۆرۈپ، ئوردا ئەتراپىدا پېشقەدەم بىر چارۋىچىنىڭ ئوتانا ئىسىملىك ئەقىللىق بىر قىزى بارلىقىنى بىلىپتۇ-دە، قىزنى ئالدىغا چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئەتە مەن زىياپەت ئۆتكۈزىمەن، دادىڭىز بىلەن بىللە كېلىپ زىياپەتتە خىزمەت قىلىسىز. بىراق، دادىڭىز ئىككى باشلىق بىر ئات مىنىپ كەلسۇن، سىز سوۋغات ئېلىپ كېلىڭ، لېكىن ئېلىپمۇ كەلمەڭ، ئات مىنىپ كېلىڭ، ھەم مىنمەي كېلىڭ، دېگەنلىرىمنىڭ بىرسى خاتا بولۇپ قالسا، سىزنى سۇ زىندانىغا تاشلايمەن، — دەپتۇ.

ئوتانا بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ-دە، ئۆزى يايلاقتا بېرىپ يوغان قورساق بىر بايتالنى يېتىلەپ كەپتۇ.

پېشقەدەم چارۋىچى بايتالـنىڭ بىر ياشـلىق تۇرغانلىـقىـنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇتانا دادىسىغا:

— سىز ئالدىدا بېرىۋېرىـڭ، قالغىنىـنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.

پېشـقەدەم چارۋىچـى بايـتالـنى مىنـىپ ئوردىـنىڭ دەرۋازىـسىغا كەلگەندە، بايتال تۇساتتىن بىرنەچچە ئايلىنىـپتۇ ـ دە، يەردە يېتىپ باللاشقا باشلاپـتۇ. ئاۋۇرانچـى خان ئاتـنىڭ ئالدىغا كەلـگەنـدە، تايچاقنىڭ بېشى چىققان ۋاقىت ئىكەن، بۇنىڭ بىلەن "ئىككى باشلىق ئات"نىڭ ئىشى پۈتۈپتۇ. پېشقـەدەم چارۋىچـى بۇنى كۆرۈپ خوشال بوپتۇ.

بۇ ئاسماندا ئاي كۆرۈنگەن چاغ ئىكەن، ئۇتانا قېـچىردىن بىرنى مىنىپ كەپتۇ ـ دە، ئوردا دەرۋازىسىغا خېلى يىراق جايدا قېچىردىـن چۈشۈپ، بىر قولىدا قېچىـرنى يېتىلىگەن، يەنە بىر قولىدا بىر داس سۇ كۆتۈرگەن هالدا، ناهايـىتى تەمكىـن مېڭىپ ئاۋۇرانچى خاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ قېچىرنى خانغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، بۇيرۇققا بىـنائەن ئالدىلىرىـغا ئات مىنىپ كەلدىم ھەم ئات مىنمەي كەلدىم، — دەپـتۇ ـ دە، قېچـىرنى قويۇپ بېرىپتۇ. ھېلقى داستىكى سۇنى ئىكـكى قولـلاپ ئاۋۇرانچـى خاننىڭ پۇتـى ئاستىغا قويۇپ:

— بۇ ئـۆزلىرىـگە ئېلىـپ كەلـگەن سوۋغات، مېـنىڭ سوۋغىتىـم سۇدىكى ئاي، — دەپتۇ.

ئاۋۇرانچى خان ئۇزۇن ئۆتـمەي ئوغلىنىڭ تويىنى قىپتۇ. ئۇ توي زىياپىتىدە: مەن ئوۋغا چىقىپ كەتكەن مەزگىلدە، ھاكىمىيەتـنى مەن ئـۈچـۈن ئۇتانا ۋەكالـىتەن باشقۇرـىدۇ، دەپ جاكارلاپتۇ. مېڭىـش

ئالدىدا ئوتاناغا:
— سىز چوقۇم ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك بىر ئىش قىلىڭ، — دەپتۇ.
ئاۋۇرانچى خان كەتكەندىن كېيىن، ئوتانا ئالەمنى زىلزىلىغا كەلتۈرىدىغان بىر بۇيرۇق جاكارلاپتۇ: "پۇقرالارنىڭ ئۈچ يىللىق باج سېلىقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ، خانلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىم چارۋىسى چارۋىسىزلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ." پۈتۈن ئەلدىكى خەلق بۇ ئىشقا بەك خۇشال بوپتۇ. ۋاڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەر:
—ئوتانا بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغان بولسا، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمىز، — دەپ ۋاقىرىشىپتۇ. ئاۋۇرانچى خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ناھايىتى بەك ھودۇقۇپ كېتىپ، دەرھال قايتماقچى بولۇپ، يولغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئاراچى خان ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.
ئاراچى خان ئادەملىرى ئارقىلىق ئوتاناغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ 500 تۆگە، بىر مىڭ ساندۇق ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت ئېلىپ، ئۆزى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئاراچى خان بۇ پىلانى ئارقىلىق ئوتانانى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنى ئىگىلىۋالماقچى بوپتۇ. ئوتانا ئۇنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قارشى چىققان ۋاڭلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى قاماپ قويۇپ، تازا ئوبدان تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 500 تۆگىگە بىر مىڭ دانە ياغاچ ساندۇقنى ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ كېچىلەپ مېڭىپ، ئۈچىنچى كۈنى كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئاراچى خاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ.
ئاراچى خان سۇيىقەستىم ئىشقا ئاشىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتۇ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇتانانىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ تۇرالماي قاپتۇ، شۇڭا ئۇ ئىتتىك بېرىپ ئۇتانانى ئاتتىن تارتىپتۇ. ئۇتانا ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، بىر ئۇشتۇرتقانسكەن، ھېلىقى توڭگە ئارتىلغان مىڭ ساندۇقتىن قولىغا قىلىچ ئالغان 1000 پالۋان سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئاراچى خان دەرھال قېچىپتۇ، ئۇتانا يېرىم جان ھالەتكە كېلىپ قالغان ئاۋۇرانچى خاننى قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

## "ئالتۇن بۇلغۇن"نىڭ قۇيرۇقى

بۇرۇنسىدا، موڭغۇل باي بورولدەي بىر پادىچى بالىغا قەستەنگە چارۋا باقىدىغان ئورنۇمنى بۇزۇۋەتتىڭ دەپ بەدنام چاپلاپ، ئۇنىڭ بىر ئېتىنى ئېلىۋاپتۇ. ئەقىللىق بالگىنساڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بالىغا:

— ئۈچ كۈن ئىچىدە مەن ساڭا ياخشى بىر ئات ئېپكېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

بالگىنساڭ چەت بىر جاينىڭ تاغ ئايلانمىسىدىكى تار يولدا بورولدەينى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

گوگۇم چۈشكەندە، پىخسىق بورولدەي يۈگرەك بىر ئاتقا مىنىپ يېتىپ كەپتۇ. قارىسا بىر ئادەم قولىدا ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرغان يۇمران بىرنەرسىنى تۇتقان پېتى بىر كامانى ساقلاپ ئولتۇرغىدەك. زەڭ سېلىپ قارىسا بالگىنساڭ ئىكەن، ئۇنىڭدىن نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

— بۇ ناھايىتى قىممەت باھالىق ئالتۇن بۇلغۇن، — دەپتۇ بالگىنساڭ، — باي غوجام پادىشاغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، بىر مىڭ سەر كۈمۈشكىمۇ سېتىۋالالمىغانىدى. بۇد ئىلاھىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن،

بۇنىڭدىن ماڭا بىرسى ئۇچراپ قالدى. ئۇ قىچىسپ كاماغا كىرىۋىدى، قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالدىم. تارتاي دېسەم، قۇيرۇقىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىمەن، ئۈزۈلۈپ كەتسە، بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ. سەن ماڭا ياردەم قىلامسەن؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ بورولدەي، — ئەگەر بۇنى كولاپ چىقىرىۋالسام، پۇلنى تەڭ ئالىمىز.

— سەن تازا قارا يۈرەك جۇمۇ، — دەپتۇ بالگىنساڭ، — بولىدۇ، سەن ئېتىڭنى مىنىپ، ئالدىمىزدىكى جايدىن جوتۇ تېپىپ كەل.

بورولدەي كۆڭلىدە: "بالگىنساڭ تازىمۇ ھىيلە-مىكرى كۆپ ئادەم، مېنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئالتۇن بۇلغۇننى كولاپ چىقىرىپ، مىڭ سەر كۈمۈشنى ئۆزى يەپ كەتمىسۇن" دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئۇنىڭغا:

— ئۆزەڭ بارغىن، مەن بۇ يەرنى ساقلاپ تۇراي، — دەپتۇ.

— قويە سېنىڭ گۇمانخورلۇقىڭنى، — دەپتۇ بالگىنساڭ خاپا بولغان ھالدا، — مەن پىيادە تۇرسام، مېڭىپ بېرىپ قاچان كېلىپ بولىمەن.

— مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ بار، — دەپتۇ باي.

— ئۆزەڭ بىلسەن، — دەپتۇ بالگىنساڭ، — مەن كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان ئادەم، ئېتىڭنى مىنىپ بارسام، كەلمەي قالىمەن.

— سېنىڭ مۇشۇ ئالتۇن بۇلغۇنۇڭ ئۈچۈن، — دەپتۇ باي، — يەنە ئۈچ ئات بەرسەم ماقۇل بولامسەن؟

— تازا قېرى تۈلكە-دە سەن، — دەپتۇ بالگىنساڭ، — بولىدۇ، مەن باراي، ھەرگىز قۇيرۇقىنى ئۈزۈۋەتمە، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كولا. — ئۇ شۇنى دەپتۇ-دە، ئاتنى مىنىپ ئۇدۇل ھېلىقى

بالىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

بۇ نەدىـمۇ ئالـتۇن بۇلغۇنـنىڭ قۇيرۇقـى بولـسۇن، ئەسلى بىر چاشقاننىڭ بويالغان قۇيرۇقى ئىكەن!

## مۇلاۋىينىڭ ئازگال قازدۇرۇشى

ناشى مىللىتىدىن بولغان مۇلاۋىيـې يەرلىـك ئەمەلـدار بولغاندا، لىجـياڭ بازىرى تېخـى بىر پاتقاقـلىق ئىكەن. تېرىـغان زىرائەتتىن هوسۇل كۆپ چىقمايدىكەن. بىريىلى، مۇ ئائىلىسىنىڭ بىر ئورتاقچىسى ئىجارە ئالغان ئىككى مو يەرنىڭ ئەتراپىـغا ئازگال قېزىپـتۇ. بۇنىڭ بىلەن يەردىكى يىغىلىپ قالغان سۇلار ئازگالـغا چۈشۈپ، زەيلىكتىكى پاتقاق لايلار ياخشى تۇپراققا ئايلىنىپـتۇ، كومـمە قوناقنىڭ هوسۇلى ئىككى قاتلىنىــپتۇ. ئەتراپتىـكى دېهقانـلارنىڭ هەممىـسى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىـپ، ئېتىـزىنىڭ ئەتـراپىـغا ئازگـال قېزىشىپتىپـتۇ، مۇلاۋىيـمۇ نۇرغۇن ئىجارىكەش دېهقاننى ئەۋەتىـپ، ئۇلارنىڭ ئۆلە ـ تېرىلىشىگە قارىـماي، مۇ ئائىلىســىنىڭ يېـرى ئەتراپىـغا ئازگـال قازدۇرۇپـتۇ، هېيىت ـ ئايەم كۈنلىرىمۇ ئۇلارنى ئائىلىسىگە قايتۇرماپتۇ. چاغان يېقىنـلاشقانسېرى كۆپچىلىكنىڭ بېشى قېتىپ، ئەقىلـلىق ئايدەننىڭ بىرەر ئامال قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئايدەن هاسراپ ـ هۆمۈدەپ يۆگۈرىگەن پېتى مۇ ئائىلىسىگە كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا:

ــ باياتىــن كولاپ تاش بار يەرگە كېلىپ قالدۇق، ئۇقالمىدۇق، نېمە ئىكىن تاڭ، توپىنىڭ ئىچىـدىن "پاڭ" قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، گويا هـاۋا گۈلـدۈرلىگەنـدەك قوللىرىمىز تىترەپ كەتتى. جـوتۈنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ قازماقچى بولغاندۇق، جوتۇ يەرگە چۈشمەستىنلا قولمىزنىڭ بېغىشى پىچاق بىلەن كەسكەندەك قاتتىق ئاغرىپ، ئايلىنىپ يەردە يېتىپ قالدۇق، ئىلاھىدىن بىرەرسى بارمىكىن دەپ قورقتۇق...، — دەپتۇ.

ئايدەن مۇلاۋىيېنى ئېتىز بېشىغا باشلاپ كېلىپ، جوتۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توپىنىڭ ئاستىدىكى تاشقا بىر ئۇرۇپتىكەن، "پاڭ" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جوتۇ قولىدىن چىقىپ، ئۇ تەرەپكە چۈشۈپتۇ. ئايدەن ئازگال ئىچىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. باشقىلارمۇ جوتۇنى يەرگە ئۇرماي تۇرۇپلا "ۋايجان" دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ جوتۇنى تاشلاپ، قولىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ يەردە يېتىپتۇ. مۇلاۋىيېنىڭ قورقۇپ، ئاغزى ئېچىلىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئايدەن ئاستا ئازگالدىن چىقىپ، مۇلاۋىيېگە:

— سىز ئابرۇيلۇق، ئەۋلىيادەك ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسىپىڭىز بار ئېسىلزادە، ئىلاھنىڭ بۇ ئىشنى سىزلا بىر تەرەپ قىلالايسىز، سىناق ئۈچۈن بىرنەچچە جوتۇ چېپىپ باقسىڭىز قانداق؟ بەلكى قانداقتۇ بىرەر ئېسىل گۆھەر سىزنىڭ قېزىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

بۇ گەپ مۇلاۋىيېنىڭ قۇلىقىغا تازا يېقىپتۇ-دە، ئۇزۇن كۆينەكنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ، ئىشتاننى تۈرۈپ، ئازگالغا چۈشۈپ قېزىشقا باشلاپتۇ. بىرىنچى جوتۇدا قولىمۇ، بىلىكىمۇ ئاغرىماپتۇ، ئىككىنچى جوتۇدا قولى ئۇيۇشماپتۇ، بىلىكىمۇ ئاغرىماپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە ئىلاھ مېنى كۆرۈپ جىم بولدى، دەپ ئويلاپتۇ-دە، خۇشاللىقىدا پۈتۈن كۈچ بىلەن قېزىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. قازا-قازا چوڭ بىر تاشقا ئۇچراپ قاپتىكەن، ھېرىپ ھاسىراپ كېتىپ، جوتۇنى ئەمدى

قويۇپ، بىردەم ئارام ئالاي دەپ تۇرۇشىغا ئايىدەن كېلىپ، تاشنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— لاۋيې، قاراڭ، تاشنىڭ ئارقىسىدا قىزىل بىر نۇر تۇرىدۇ، بەلكى گۆھەر بولۇشى مۇمكىن، تېزرەك قېزىڭ، — دەپتۇ.

مۇلاۋيې يېرىم كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت قېزىپ، ئاران دېگەندە ھېلقى چوڭ تاشنى كولاپ چىقىرىپتۇ. ئايىدەن تاشنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپتىكەن، قارىسا ساپسېرىق بىر نەرسە تۇرۇپتۇ. مۇلاۋيې ئىتتىك بېرىپ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ، لايلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ قارىسا، ئىككى قۇر خەت تۇرغان، خەتنى ئوقۇپتۇ:

— يېرىلىپ كەتكەن يالڭاچ يۇت، يىرتىق كىيىملەر بىلەن كېلىپ ئازگال قېزىش مەن ئىلاھقا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. 12 - ئاي، 1 - ئايلاردا بۇ يەرگە كېلىپ ئازگال قېزىشقا بولمايدۇ. ئون چوشقا، ئون قوينى يەپ قورساقنى تويغۇزۇپ، يېڭى كىيىم، يېڭى ئاياغلارنى كىيىپ كېلىپ، ئازگال قازساڭلار، ئىلاھ بۇنىڭغا خۇرسەن بولىدۇ. مۇلاۋيې تېخىمۇ روناق تاپىدۇ، مۇلاۋيې ئىلاھنىڭ ئەمرىنى كۈتسۇن.

— ئىلاھ مۇلاۋيېغا سۆزلەۋېتىپتۇ، — دەپتۇ ئايىدەن بىرىنچى بولۇپ، — بۇ خەتتە دېيىلىشىچە، بىزنىڭ يېرىق پۇت، يىرتىق كىيىملەر بىلەن كېلىپ ئازگال قېزىشىمىز ئىلاھقا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، 12 - ئاي، 1 - ئايلاردا ئازگال قېزىشقا بولمايدۇ، بىز شۇنى بىلدۇقكى، ئىلاھ پۈتۈن گۇناھنى بىزگە ئارتىپ، قولىمىزنىڭ بېغىشدىن ئالدى. ئۇ بىزنى ئون چوشقا، ئون قوي يەپ، يېڭى كىيىم، يېڭى ئاياغ كىيىپ كېلىپ ئاندىن قېزىڭلار دەۋاتىدۇ. شۇنداق قىلساق ئىلاھ خۇرسەن بولىدىكەن، مۇلاۋيې روناق تاپىدىكەن. ئىلاھ مۇلاۋيېنى "ئەمرىمنى كۈتسۇن" دەۋاتىدۇ.

مۇلاۋىيې "مۇلاۋىيې روناق تاپىدۇ" دېگەن خەتكە قاراپ تۇرۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن:

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، ئۇن چوشقا، ئۇن قوي يەڭلار، بىر پاردىن يېڭى ئاياغ، بىر قۇردىن يېڭى كىيىم كىيىڭلار، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاڭ يورۇماستىلا بۇ يەرگە كېلىپ، ئازگال قېزىشنى باشلىۋېتىڭلار، كىمكى بىرقەدەم كېچىكىپ قالسا، قامچامدىن قوتۇلدىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، — دەپتۇ - دە، ھېلىقى خەتنى تۇتقان پېتى بۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ.

مۇلاۋىيېنىڭ ھازىرقى كۆرەڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ ئايىدەن ۋە باشقا ئورتاقچىلارنىڭ كۆلۈپ قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئەسلى ھېلىقى خەت يېزىلغان نەرسە سۇيىدۇكتە رەڭگى ساغرىپ كەتكەن بىر تاختاي ئىكەن. ئايىدەن بىر ئادەمگە ھېلىقى خەتلەرنى يازدۇرۇپ، ئۇنى تاشنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويغانىكەن.

## ياسىرنىڭ ئات سېتىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، ئەر - خوتۇن ئىككى قېرى خۇيزۇ ئۆتكەنىكەن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن تېرىلغۇ يېرى، بىرەر يۈزدەك خىل ئېتى بار ئىكەن، بىراق بىرلا دەلدۈش ئوغلى بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئۇقمايدىكەن، ئائىلىنى باشقۇرالمايدىكەن. كەلگۈسىدە بۇ ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى كىمگە تاپشۇرۇش كېرەك؟ بوۋاي بالىسىغا ئەقىل ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئىلاجى قىلىپ ئوغلىغا ئەقىللىق، چېچەن قىزدىن بىرنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا سودا قىلىشنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ.

بىركۈنى بوۋاي ئوغلى ياسىرغا:

— سەن ئاتلارنىڭ ئارىسىدىن ياخشى بىر ئاتنى تاللاپ، بازارغا ئېلىپ بېرىپ سات، شۇنىڭدىن كېيىن تىجارەت قىلىشنى ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ قالىسەن، — دەپتۇ.

ياسىر ئاتلارنىڭ ئارىسىدىن ياخشى بىر ئاتنى تاللاپ، خوتۇنىدىن قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— بۇ ئاتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق باھاسى ئىككى مىڭ كۈمۈش تەڭگە بولسا بولىدۇ، — دەپتۇ.

ياسىر ئاتنى يېتىلەپ بازارغا ئېلىپ چىقىشىغا، بىر باي سودىگەرنىڭ ئاتقا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن باھاسىنى سوراپتۇ.

— خوتۇنۇم ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگىگە ساتساڭ بولىدۇ دېگەن، — دەپتۇ ياسىر.

باي سودىگەر بۇ يىگىتنىڭ ساراڭغېتىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا:

— بۈگۈن پۇل ئېلىپ كەلمەپتىمەن، ئاتنىڭ تۇۋىقى يۇمىلاق بولغاندا بەرسەم بولامدۇ؟ ئۆيۈم غەربىي كوچىنىڭ شىمال تەرىپىدە، ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ پىچاق كۆلكىسى دەرىخى، بىر دانە شال ئاقلىغۇچ بار، — دەپتۇ. ياسىر بۇ گەپنى ئاڭلاپلا خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئۆيگە كىرىشىگىلا دادىسى ئەھۋالنى بىلىپ ئوغلىنى تىللاپ:

— ئات تۇۋىقى دېگەن دائىم يۇمىلاق بولىدۇ، سەن ئەبلەخ ئاتنى بىكارلا بېرىۋېتىپسەن، سەنزە... ئەخمەق، — دەپتۇ.

كەچ بولغاندا خوتۇنى ئېرىگە:

— ئاي 15 كۈنلۈك بولغاندا پۇلنى ئېلىشقا بېرىڭ. ئۇنىڭ

پىچاق كۆلكىسى دەرىخى دېگىنى سوپۇن دەرىخى، يەنە بىرسى شال ئاقلىغۇچ.

بىردەمدىلا ئاي 15 بولۇپ قاپتۇ، ياسىر غەربىي كوچىنىڭ شىمال تەرىپىگە بېرىپ، ئىشىك ئالدىدا بىر تۈپ سوپۇن دەرىخى بار، شال ئاقلىغۇچ قويۇلغان بىر ئۆيىنى تېپىپتۇ. هويلىغا كىرىپلا ئاتقا كۆزى چۈشۈپتۇ، ئات ئوقۇردىن بىرنەرسىلەرنى چىشلەپ ئېلىپ يەۋېتىپتۇ، باي سودىگەر بولسا بىرمۇنچە پۇلدار، تەسىرى بار ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقىلى تۇرۇپتۇ.

— هەي، ئاتىنىڭ پۇلى قېنى؟ — سوراپتۇ ياسىر ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

ياسىرنى كۆرۈپ باي سودىگەرنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ياسىرغا:

— مەن ساڭا ئات تۇۋىقى يومۇلاق بولغاندا كەل دېگەنىدىمغۇ، نېمە دەپ بۈگۈن كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئاي يۇمۇلاق بولغاندا، ئات تۇۋىقىمۇ يومۇلاق بولىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز، ئابىنى يۇلۇۋېلىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ ياسىر ھەقلىق يوسۇندا.

كۆپچىلىك ئالدىدا باي سودىگەرنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ، ياسىرنى تىللاپتۇ:

— هوي دۆت، مەن بۇلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتسام، سەن كېلىپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتىڭ. يوقال كۆزۈمدىن...

ياسىر خاپا بولغان هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ-دە، بولغان ئەھۋالنى قالدۇرماي خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ كېتىپ، ئېرىگە گەپ ئۆگىتىپ

قويۇپتۇ.

ياسىر ئەتىسى خوتۇنى ئېيتىپ بەرگەن گەپ بويىچە جوتۇنى كۆتۈرۈپ بېرىپ باي سودىگەرنىڭ مورىسىنى كولىغىلى تۇرۇپتۇ.

— مېنىڭ مورامنى كولاپ نېمە قىلسەن؟ — دەپتۇ باي سودىگەر ئالدىراپ.

— تۇتۇننىڭ يىلتىزىنى قازىمەن، — دەپتۇ ياسىر.

— تۇتۇننىڭمۇ يىلتىزى بولامدىكەن؟

— تۇتۇننىڭ يىلتىزى بولمىغانىكەن، گەپ دېگەننىڭمۇ بېشى بولمايدۇ. سەن ئېتىمنىڭ پۇلىنى بەرمەي يەنە تېخى نېمە يوغانلىق قىلسەن؟

باي سودىگەر بۇ يىگىتنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىنى ھېس قىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىتنىڭ مورىنى قېزىۋېتىشىدىن قورقۇپتۇ، شۇڭا ئاتنىڭ پۇلىنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

## ئاتا-بوۋامدىن قالغان ئېسىل نەرسە

خانى مىللىتىدە ئاجۇنى دېگەن بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ سۇك مېن دېگەن باينىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي ئىشلەپ بىر تىيىن ئالالماپتۇ. ئاجۇنى كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: قان-تەر بىكار ئاقسا بولمايدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئىش ھەققىمنى ئۇندۇرۇۋېلىشىم كېرەك.

بىر كۈنى سۇك مېن ئائىلىسىدىكىلەر جوزىنىڭ ئەتراپىدا ئولىشىپ ئولتۇرۇپ تازا يەپ، ئىچكىلى تۇرۇپتىكەن، ئاجۇنى جوزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— غوجام، جوزىغا قويۇلغان گۆش بەك جىق ئىكەن، ئاز-تولا

ئېتىپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— گۆشنى يېسەڭ بولىدۇ، بىراق پۇلىنى تۆلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ سۇڭ مېن ۋە قولىنى ئۇزىتىپ ئاجۇلىدىن پۇل تەلەپ قىپتۇ.

— پۇل، مېنىڭدە پۇل يوق، بىراق ئاتا-بوۋامدىن قالغان ئېسىل بىر نەرسە بار، نەچچە ئون مىڭ كويغا يارايدۇ، — دەپتۇ ئاجۇنى خۇددى راستتەك سۆزلەپ.

— بېرى كەل، ئاۋۋەل ئولتۇرۇپ گۆش يە، هاراق ئىچ، ئۇ نەرسىنى قورساقنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئالايلى، — دەپتۇ دۇڭ مېن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاجۇنى قورساقنى تازا تويغۇزۇپ، هاراقنى قانغىچە ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، سۇڭ مېن ئۇنى هېلىقى ئېسىل نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە قىستاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، ئاجۇنى قىزىل لاتىغا ئورالغان بارماق چوڭلۇقىدىكى بىر مونەك ئاپئاق گۇرۇچ موممىسىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ-دە، بايغا قاراپ:

— غوجام، ئالدىراپ قول ئۇزارتمىسىلا، يوقىتىپ قويسىلىرى تۆلەيلا، — دەپلا قىزىل لاتىنى ئاستا ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاپئاق گۇرۇچ موممىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

سۇڭ مېن هېلىقى ئاپئاق يۇمۇلاق مارجاندەك تۇرغان نەرسىنى ھەقىقەتەن باھاسىغا يەتكىلى بولمايدىغان ئېسىل نەرسە ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، ئالاي دەپ ئەمدى قولىنى ئۇزىتىشىغا، ئۇنىڭ ئاق خورىزى كېلىپ بىر چوقۇپلا يەۋېتىپتۇ.

— غوجام، — دەپتۇ ئاجۇنى يالغاندىن جىله بولغان ۋە ئاچچىقلانغان قىياپەتتە، — ئائىلىمىزدىكى ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئېسىل

نەرسىنى يوقاتتىڭىز، ئەمدى تۆلەپ بېرىشىڭىز كېرەك.

— ئۇ ئېسىل نەرسە توخۇنىڭ قورسىقىدا، يوقاپ كەتمەيدۇ، — دەپتۇ سۇك مېن.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ توخۇلار كاتەككە كىرىشكە باشلاپ-تىكەن، سۇك مېن ھېلىقى "ئېسىل نەرسە"نى يېۋالغان ئاق خورازنى كاتەكنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ، باشقا بىر ئاق خورازنى تۇتۇپ ئاچۇننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ-دە، ئۇنىڭغا:

— ھېلىقى "ئېسىل نەرسە"نى مۇشۇ خوراز يېۋالغان، ئال، مۇشۇ خوراز بىلەن قوشۇپ بېرىۋېتەي، — دەپتۇ.

— ماڭا ئاتا-بوۋامدىن قالغان ئېسىل نەرسە كېرەك، — دەپتۇ ئاچۇنى، — توخۇيىڭىزنىڭ كېرىكى يوق.

— ئېسىل نەرسەڭنى تۇتۇپ تاشلىغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭدىمۇ مەسئۇلىيەت بار، — دەپتۇ سۇك مېن، — بولمىسا مۇنداق قىلايلى، توخۇنىمۇ ئېلىپ كەت، ئۈستىدىن ساڭا يەنە 30 دانە كۈمۈش تەڭگە بېرەي. باي كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: ئېسىل نەرسىنى يېۋالغان توخۇ كاتىكىمدە تۇرۇپتۇ، ئېسىل نەرسىنى 30 سەر كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالسام، بۇ ماڭا تازىمۇ ئەرزان چۈشىدىغان بولدى.

ئۇچ ئايلىق ئىش ھەققىمنى ئۇنىدۇرۇۋالدىم، دەپ ئويلاپتۇ ئاچۇنى 30 سەر كۈمۈش تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ توخۇنى كۆتۈرۈپ ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— غوجام، پۇل بىلەن توخۇنى ئېلىپ كەتتىم، بىراق گەپنى ئالدىن دەپ قوياي، ئەگەر توخۇ ئېسىل نەرسىنى چىچىپ بېرىدىغان بولسا، بۇ 30 سەر كۈمۈش تەڭگىنىڭ بىرسىنىمۇ ئالمايمەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقماي قالسا، مال-مۈلكىڭىز ئارقىلىق ئېسىل نەرسەمنى

تۆلەپ بېرىسىز، ــ دەپتۇ.

سۇڭ مىن يېنىدىن يەنە 20 سەر كۆمۈش چىقىرىپ، ئاجۇنغا:

ــ گېپىمىز گەپ بولسۇن، بۇ 50 سەر كۆمۈش تەڭگە مېنىڭ ساڭا بەرگەن تۆلىمىم، ئېسىل نەرسىنى توخۇدىن ئالسەن، توخۇدىن چىقماي قالسىمۇ، مەن بۇنىڭغا مەسئۇل بولمايمەن، ــ دەپتۇ.

ئاجۇنى توخۇنى قولتۇقلاپ، كۆمۈش تەڭگىنى يانچۇقىغا سېلىپ، خۇشال هالدا سۇڭ مىنىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## نەرسىلەر قانداق بولغاندا پاكىز هېسابلىنىدۇ

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، دۇڭىزۇ مىللىتىدىن باۋلەي ئىش هەققىنى ئالغىلى باي يىن فۇنىڭكىگە بېرىپتۇ. يىن فۇ:

ــ باۋلەي، هەممە ئادەم سېنى ئەقىللىق دېيىدىكەن، مەن بۇگۈن سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، توغرا جاۋاب بېرەلىسەڭ، 100 سەر كۆمۈش بېرىمەن، جاۋاب بېرەلمىسەڭ، ئىش هەققىڭ...، ــ دەپتۇ.

ــ بولىدۇ، ئېيتىپ بېقىڭ، جاۋاب بېرىمەن، ــ دەپتۇ باۋلەي چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

يىن فۇ ئۈچ ئادىمىنى ئۈستىدە قويۇپ، توختام تۈزدۈرۈپتۇ، يەنە پاقىراپ تۇرغان بىر تەلەڭگە ئاق كۆمۈش تەڭگىنى بىر تەرەپتە قويۇپ قويۇپتۇ.

يىن فۇ سوراپتۇ:

ــ باۋلەي، دۇنيادىكى نەرسىلەر قانداق بولغاندا پاكىز هېسابلىنىدۇ؟

— كۆرمىگەن نەرسە پاكىز ھېسابلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باۋلەي.

— خاتالاشتىڭ، — دەپتۇ يىن فۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سۇ بىلەن يۇغان نەرسە پاكىز ھېسابلىنىدۇ.

— توغرا، سۇ بىلەن يۇغان نەرسە پاكىز ھېسابلىنىدۇ، — دېيىشىپتۇ يىن فۇنىڭ ھېلىقى ئۈچ ئادىمى.

— كۆرمىگەن نەرسە پاكىز بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ باۋلەي ۋاقىراپ تۇرۇپ، — ئىشەنمىسىڭىز قاراپ تۇرۇڭ.

يىن فۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىن ئىچى قۇرۇق بىر سۇدۇك تۇڭىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، باۋلەيدىن سوراپتۇ:

— قارا، بۇنىڭ ئىچىدە سۇدۇك بارمۇ؟

— قارىدىم، يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باۋلەي.

— سەن كۆرمىگەن نەرسە پاكىز بولىدۇ دېگەنىدىڭ، بۇ سۇدۇك تۇڭى پاكىزمۇ؟ — يىن فۇ يەنە سوراپتۇ باۋلەيدىن.

— پاكىز ئەمەس، — دەپتۇ باۋلەي.

— ناھايىتى ياخشى، سەن بۇنى پاكىز ئەمەس دېدىڭ، ئۇنداقتا سەن ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ، — دەپتۇ يىن فۇ.

باۋلەي باينىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇقماي قاپتۇ-دە، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئوبدان بىر ئامال ئويلاپتۇ:

— باي غوجا، بۇنى قانداق ئۇتتۇرۇپ قويۇش دېگىلى بولىدۇ؟ سىز سۇدا يۇيسا پاكىز بولىدۇ دېگەنتىڭىز، ئۇنداق بولسا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يۇيۇپ كۆرسىتىپ بېرىڭ.

يىن فۇ سۇدۇك تۇڭىنى ئېرىقنىڭ بويىغا ئېلىپ چىقىپ، سۇ بىلەن تازا يۇيۇپتۇ. سۇدۇكنىڭ سېسىق پۇرىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر

قىسما قىلىۋېتىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ، بېشىنى چۆكۈرۈپ ئۆزى پاكىز بولدى دېگىچە يۇيۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ قويۇپ:

— مانا قاراڭلار، پاكىز بولدىمۇ؟ — دەپتىكەن، ھېلىقى ئۈچ ئادىمى تەڭلا "پاكىز بولدى" دەپ ۋاقىراپتۇ.

— باۋلەي، ئەمدى ئۇتتۇرغانسەن، — دەپتۇ يىن فۇ.

— ئالدىرىماڭ، — دەپلا باۋلەي توڭنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ يۈگرەپتۇ. باي ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ ئارقىسىدىن قالماي چىقىپتۇ. باۋلەي ئۇدۇل قۇدۇققا بېرىپ، سۇدۇك توڭغا يېرىم توڭ قۇدۇق سۈيىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويۇپ:

— غوجىلىرىم، سۇ ئىچىشسىلە، — دەپتۇ.

— ئەبلەخ، سۇدۇك توڭى دېگەنىمۇ پاكىز بولامدۇ؟ سەن قەستەن ئائىلىمىزنىڭ سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقىنى بۇلغىدىڭ، — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ يىن فۇ.

— غوجام، بىز سىلە بىلەن قوللاشقان ئەمەسمۇ؟ سىلە سۇ بىلەن يۇغان نەرسە پاكىز بولىدۇ دېگەنتىسىلە، بۇنى ئۆز قوللىرى بىلەن يۇدىلا، بۇنى قانداقمۇ پاكىز ئەمەس دېگىلى بولسۇن؟ قارىغاندا، سىلە ئۇتتۇرۇپ قويدىلا، — دەپتۇ باۋلەي.

— شۇنداق، شۇنداق، پاكىز، پاكىز، — دەپتۇ يىن فۇ.

ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ "پاكىز، پاكىز" دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداقتا ھەربىرلىرى ئىككى يۇتۇمدىن سۇ ئىچىشسىلە، — دەپتۇ باۋلەي ئۇلارنىڭ سۆزىدىن كېيىنلا.

يىن فۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قورقۇپ كېتىپ، دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپتۇ:

— توغرا، توغرا، پاكىز ئەمەس، پاكىز ئەمەس.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دەپتۇ باۋلەي، — ئەگەردە مېنىڭ سۇدۇك تۇڭىمدا سۇ ئېلىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرمىگەن بولساڭلار، بۇ سۇنى چوقۇم پاكىز دەيتتىڭلار، بەلكى بىرنەچچە يۇتۇمدىن ئىچىشىڭلارمۇ تۇرغان گەپ ئىدى، شۇنداقمۇ؟

يىن فۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى سۇدۇك تۇڭىدىكى سۇنى ئىچىپ قېلىشتىن قورقۇپ:

— شۇنداق، شۇنداق، — دېيىشىپتۇ.

— كۆرمىگەن نەرسىنىڭ پاكىز بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭلار، — دەپتۇ باۋلەي، ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، جوزىنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش تەڭگىنى ئاپتۇ-دە، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، چاغاننى خۇشال-خورام ئۆتكۈزۈپتۇ.

## ئوۋ مىلتىقىنى كىمگە بېرىش كېرەك

ئۆمۈر بويى ئوۋچىلىق قىلغان بىر داغۇر ئوۋچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئېسىل نەرسىسى زادىلا يېنىدىن ئايرىپ باقمىغان ئوۋ مىلتىقى ئىكەن. ئوۋچى بوۋاي جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئوۋ مىلتىقىنى ئەقىللىق بىر ئادەمگە بېرىشنى ئويلايدىكەن.

بىركۈنى، ئوۋچى بوۋاي راست دېگەندەك كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا، سىرتتىن تۆت يىگىت كىرىپ كەپتىكەن، ئوۋچى بوۋاي كۆڭلىدىكى ئىشنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلارنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ.

ئۇۋچى بوۋاي گەپ باشلاپتۇ:

— چوڭ بىر كالا بار ئىكەندە، قورسىقىغا ئۈچ يېزا پاتىدىكەن. بىر يىلى كالا ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇشتۇمتۇت جەنۇب تەرەپتىن بىر قاغا ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، كالىنىڭ بىر پاچىقىنى چىشلەپ ئۇچۇپ بېرىپ، تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتقان ئۆچكىنىڭ مۆڭگۈزىگە قونۇپتۇ. بۇ چاغدا، ئۆچكىنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم ئولتۇرغانىكەن، چۈچۈپ كېتىپ كۆزىنى يوغان ئېچىپتۇ، ئۆچكە ئېچىلغان كۆزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئېيتىپ بېقىڭلار، بۇلارنىڭ ئىچىدە زادى قايسى چوڭ؟

— كالا چوڭ، — دەپتۇ بىرىنچىسى، — چۈنكى، ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۈچ يېزا پاتىدىكەن.

— قاغا چوڭ، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، چۈنكى، ئۇ قورسىقىغا ئۈچ يېزا پاتىدىغان چوڭ كالىنىڭ بىر پاچىقىنى چوقۇپ ئۇچالىدى.

— ئۆچكە چوڭ، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى، — چۈنكى، ئۇنىڭ مۆڭگۈزىگە كالىنىڭ پاچىقىنى چىشلەپ ئېلىپ كەلگەن قاغىنى قوندۇرالىدى.

ئەڭ ئاخىرىدىكىسى ياش بىر ئات باقار بالا ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئادەمنىڭ كۆزى چوڭ. چۈنكى، ئادەمنىڭ كۆزى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدۇ. كالىنىڭ پاچىقى بولسۇن، قاغا بولسۇن ياكى قوي بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرى بېرىپ كۆزگە كىرىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

— سەن ھەممىدىن بەك ئەقىللىق ئىكەنسەن، — دەپتۇ ئۇۋچى بوۋاي، — ئادەمنىڭ كۆزى ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدۇ. ئەپسۇسكى،

بۇ ئۈچەيلەننىڭ كۆزى يىراقنى كۆرەلمەيدىكەن، ئۇۋ مىلتىقىمنى ئېلىشقا لايىق ئەمەسكەن.

ئۈۋچى بوۋاي ئۇۋ مىلتىقىنى ھېلىقى ئات باقار ياشقا بېرىپتۇ.

## سېھىرگەرنى ئىزدەش

بىركۈنى كىشىلەر چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ سېۋەت توقۇۋاتسا، ئۆزىنى ھەممىنى بىلىمەن، بىلمەيدىغىنىم يوق دەپ ئاتىۋالغان بىر سېھىرگەر كېلىپ، خۇددى شامالدەك ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتەلەيمەن، بىر پەيدا بولۇپ، بىر غايىب بولالايمەن، ئەتراپتىكى بىرەر جايغا مۆكۈنىۋالسام، ھەرقانداق ئەقىللىق ئادەممۇ تاپالمايدۇ، دەپتۇ.

بىر بوۋاي سېۋەت توقۇپ ئولتۇرغانلار ئىچىدىكى ئەي شىنى كۆرسىتىپ:

ــ بولدى سەن مۆكۈپ باق، ئەي شى سېنى تاپسۇن، ــ دەپتۇ.

ــ ئەي شى، ــ دەپتۇ سېھىرگەر، ــ بۈگۈن مەن سېنىڭ ھۈنىرىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مۇشۇ چوڭ دەرەخنىڭ ئەتراپىغا مۆكىمەن، قېنى تاپالامسەن، يوق؟

ئەي شى ماقۇل بوپتۇ. سېھىرگەر ئۈنىڭغا دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، بۇ ياققا قارىماي، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. بۇ چاغدا، قۇۋ سېھىرگەر چوڭ دەرەخنىڭ ئەتراپىغا مۆكۈنمەي، چوڭ يولنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بېرىپ، قېلىن قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەي شى ئىزدەشنى باشلاپتۇ. قارىسا دەرەخنىڭ ئەتراپىدا ئادەم

يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، سېھىرگەر چوقۇم قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى، دەپ پەرەز قىپتۇ-دە، ناھايىتى ئۇزۇن بىر تال قومۇش ياغىچىنى ئەكەلدۇرۇپ، بىرنەچچە تال كولدۇرمىنى ئۇنىڭغا باغلاپتۇ. ئاندىن ھېلىقى قومۇش ياغىچىنى توغرىسىغا تۇتۇپ، قومۇشلۇق ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن قومۇش ياغىچى قومۇشلارنى ياتقۇزۇپ مېڭىپتىكەن، بۇنىڭدىن "كولدۇر-كولدۇر" قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ. قومۇشلارمۇ شالدىرلاپ بىر تەرەپكە يېتىپتۇ-دە، گويا بىرقانچە ئون سۇ كالىسى قومۇشلۇقتىن ئۆتۈۋاتقاندەك بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.

سېھىرگەر كولدۇرلىغان ئاۋازنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىغا قاراپ، بىر توپ كالا كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ھېسابلاپتۇ-دە، سۇ كالىسىنىڭ قورسىقىغا دەسسىۋېتىشىدىن قورقۇپ، كالىلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، كۈچىنىڭ بېرىچە "ھۇشت — ھۇشت" دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەي شى ئۇنىڭ بۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قاپىقىغاي بىر جايغا مۆكۈنۈۋالغانلىقىنى بىلىپ، قومۇش ياغىچىنى كۈچىنىڭ بېرىچە سىلكىپتىكەن، كولدۇرما تېخىمۇ بەك كولدۇرلاپتۇ، ئەي شى ئۆزىمۇ چوڭ-چوڭ قەدەم ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. سېھىرگەر قورققىنىدىن كەينىگە داجىپ، پەس ئاۋاز بىلەن: "ھۇشت، ھۇشت... ئۆلگۈر سۇ كالىسى، مېنى دەسسىۋەتمىگىن يەنە، — دەپتۇ.

سېھىرگەر كالىنى تىللاپ بولۇشىغىلا ئەيى شى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ سېھىرگەرنى مازاق قىلغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— كارامەتلىك سېھىرگەر تەخسىر، بۈگۈن سېھىرىڭىز ئاقماي قالدىمۇ؟ ئادەم بىلەن كالىنىمۇ پەرق قىلالمىدىڭىز. قوپۇڭ، تېز ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. زۇلۇكلەرمۇ كولدۇرما ئاۋازىنى ئاڭلاپ،

يۇگرىشىپ چىقىپ بەدىنىڭىزگە ئۇلاشقىلى تۇردى.

— بۇ گەپنى ئاڭلاپ سېھرگەر ئۆلۈش - تىرىلىشكە قارىماي قومۇشلۇقتىن قېچىپ چىقىپتۇ.

سېھرگەر يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، يەنە بىر قېتىم مۆكۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ ئەي شىنىڭ كۆزىنى تاڭدۇرۇپ چۆپلۈكتە دۈم ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى يېزا ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەي شى ئورنىدىن تۇرۇپ بىرقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، يېزا تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. يېزىغا كىرىشى بىلەنلا بىرسىنىڭ يىغلىغىنىنى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا بىر موماي ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقىدەك. ئەي شى ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سوراپتىكەن، موماي مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم بۈگۈن تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىققانىدى، پۇتىنى تىكەن تىلىۋېتىپتىكەن، ئۆيگە كېلىپلا ئۆلۈپ قالدى.

ئەي شى ئويلاپ تۇرۇپ، ئادەملەر ئىچىدە تىكەن تىلىۋېتىپ، شۇ كۈنىلا ئۆلۈپ قالغان ئىشنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. مومايىنىڭ قايغۇسى چىرايىدىن قارىغاندا سۈنئىيراق تۇرىدۇ، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ بىردىنىلا مومايىنىڭ يېنىدا يىپ - يىڭنە خالتىسى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئويلاپتۇ: ئوغلى ئۆلگەن ئادەمنىڭ نەدىمۇ يىڭنە ئىشى قىلىشقا كۆڭلى بارسۇن، بەلكى سېھرگەر بۇ ئايالغا پۇل بېرىپ مۇشۇنداق قىلدۇرغان بولسا كېرەك. ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپتىكەن، بىر "جەسەت"نىڭ تۈپتۈز ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇستى تەرىپى ئاق رەخت بىلەن ئورالغان، پۇتى چىقىپ قالغانىكەن.

ئەي شى ئېچىنغان هالدا ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئاپلا، مېنىڭ سول پۇتۇمغىمۇ تىكەن كىرگەن، قاراڭ تىكەننىڭ ئۇچى تېخى تۇرۇپتۇ. ماڭا بىر يىڭنە بېرىڭ، ئۇنى ئېلىۋېتەي.

موماي ئۇنىڭغا بىر يىڭنە بېرىپتۇ. ئەي شى ئوڭ پۇتىدا دەسسەپ، سول پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىكەننى ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ قەستەنگە يەرگە چىڭ دەسسەپ تۇرالماي، تىكەننى ئالالمىغان بولۇۋېلىپ، بىر سەكرەپ، ئىككى سەكرەپ، كارىۋاتقا يېقىنلىشىپتۇ-دە، يىڭنىنى چىقىرىپ، تۇيۇقسىز ماستىن "ئۆلۈك"نىڭ پۇتىغا سانجىپتىكەن، "ۋايجان!" دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ھېلىقى "ئۆلۈك" كارىۋاتتىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ تىرىلىپ قاپتۇ. بۇ ھېلىقى سېھىرگەرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ سېھىرگەر بۇ يەرگە زادىلا كەلمەس بوپتۇ.

## ماخاساتا بىلەن جاۋمېڭ

بىر كۈنى، دەيزۇ مىللىتىنىڭ مەلۇم بىر قەبىلىسىدىكى جاۋمېڭ (قەبىلە باشلىقى) يۇرت ئاقساقاللىرى ئارقىلىق، پۇقرالارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چۈشۈمدە قۇم توغانىغا ئوت كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، پۇقرالار بېرىپ ئوت كەتكەن قۇم توغىنىنى تېپىپ كەلسۇن، ئەگەردە قۇم توغاننى تېپىپ كېلەلمىسە، ئائىلە بېشىغا يۈز بەنكەي (دەيزۇلارنىڭ پۇل بىرلىكى)دىن جەرىمانە تۆلەيدۇ، دەپتۇ.

ئەقىللىق ماخاساتا جاۋمېڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— جاۋمېڭ، ئوت كەتكەن قۇم توغاننى تاپتىم، — دەپتۇ.

جاۋمېڭ ئوت كەتكەن قۇم توغان دېگەن نەرسىنىڭ يوقلىقىنى ئېنىق بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— ماخاساتا، سەن يالغان ئېيتتىڭ، تىلىڭنى كېسىپ تاشلاي-مەن، — دەپتۇ.

— جاۋ مېڭ، — دەپتۇ ماخاساتا ئالدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن، — تۈنۈگۈن دەريانىڭ قۇم توغىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندىم، قارىسام دەريانىڭ قۇم توغانلىرى كۆيۈپ قىپقىزىل ئوت بولۇپ كېتىپتۇ، دەريا سۈيى قايناپ كېتىپتۇ. دەريادىكى بىچارە بېلىقلار دەريا ئىچىدە تۇرالماي، جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن، بىر-بىرىدىن قېلىشماي دەرەخكە چىقىۋالغىلى تۇرۇپتۇ.

جاۋ مېڭ بېلىق دەرەخكە چىقىپتۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن، ماخاساتانىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ:

— كېلىڭلار، بۇ يالغانچىنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلاڭلار، — دەپتۇ.

— جاۋ مېڭ، — دەپتۇ ماخاساتا كۈلۈپ كېتىپ، — سىز باياتىن بېلىقنىڭ دەرەخكە چىققانلىقىنى كۆرگەن ئادەم يوق، دېدىڭىز، ئۇنداقتا قۇم توغانغا ئوت كەتكەنلىكىنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ تىلىنى كېسىش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن جاۋ مېڭنىڭ تىلىنى كېسىش كېرەك.

جاۋ مېڭ گەپ قىلالماي قاپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، جاۋ مېڭ قەستەنگە:

— چۈشۈمدە ئەۋلىيالار ماڭا ئىلاھنىڭ سۈتىنى ئىچسەڭ بېشىڭ ساقىيىدۇ، دېدى. سەن بېرىپ ئايال ئىلاھنىڭ سۈتىنى تېپىپ كەل. مۇشۇ ئىشنى ئورۇنداپ كېلەلىسەڭ، ساڭا ئەمەل بېرىمەن، ئورۇنداپ كېلەلمىسەڭ، يۇۋاشلىق بىلەن ئۆيۈمدە ئىشلەمچى بولۇپ ئىشلەيسەن، — دەپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ماخاساتا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يۈگرىگەن

پېتى جاۋمېڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ھۆرمەتلىك جاۋمېڭ، ئۈچ كۈن ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە بىر ئايال ئىلاھىنى ئۇچراتتىم، ئۇ ماڭا: "سۈت بېرىش بىز ئىلاھلار قىلىدىغان ئىش، بىراق سۈتنى سەن ئېلىپ كەتسەڭ بولمايدۇ، چاققان بېرىپ جاۋمېڭغا ئېيت، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىلاھ ئېلىپ كەتسۇن" دېدى. ھۆرمەتلىك جاۋمېڭ، ئائىلىڭىزدىكى ئىلاھىنى تېزرەك چاقىرىۋېتىڭ، مەن ئۇنى باشلاپ باراي، ھېلىقى ئىلاھنى تېپىپ سۈتنى ئېلىپ كېلەيلى، — دەپتۇ.

جاۋمېڭ يۈزى قىزارغان ھالدا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا گەپ-سۆز قىلالماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

— ھۆرمەتلىك جاۋمېڭ، — دەپتۇ ماخاساتا، — ئىلاھقا چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ. ئائىلىڭىزدىكى ئىلاھنى تېز چاقىرىڭ، مەن بىلەن بېرىپ سۈتنى ئېلىپ كەلسۇن، بولمىسا، ئىلاھ سىزنى ئەدەپلەيدۇ.

بۇ گەپ جاۋمېڭنى تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

## جۇلاپوتىنىڭ قىيىن سوئالغا جاۋاب بېرىشى

بىر كۈنى پادىشا ئوردىدىكى بارلىق ھەربىي ۋە مۇلكى ئەمەلدارلارنى يىغىپ، ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— ياخشىنىڭ ياخشىسى نېمە؟ ئەسكىنىڭ ئەسكىسى نېمە؟ يورۇقنىڭ يورۇقى نېمە؟ قارىنىڭ قارىسى نېمە؟ ئۇزۇننىڭ ئۇزۇنى نېمە؟ قىسقىنىڭ قىسقىسى نېمە؟ كەڭنىڭ كېڭى نېمە؟ تارنىڭ تارى نېمە؟ تۈزنىڭ تۈزى نېمە؟ ئەگرىنىڭ ئەگرىسى نېمە؟

ۋەزىرلەر ۋە ئۆلىمالار بىر-بىرىدىن قېلىشماي تالىشىپ جاۋاب

بېرىپتۇ:
— ياخشىنىڭ ياخشىسى ئالتۇن، ئەسكىنىڭ ئەسكىسى شاكال، يورۇقنىڭ يورۇقى قوياش، قارىنىڭ قارىسى چاچ، قىسقىنىڭ قىسقىسى تومۇزغىنىڭ ئۆمرى، كەڭنىڭ كېڭى ئالەم بوشلۇقى، تارنىڭ تارى يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك، تۈزنىڭ تۈزى شام، ئەگرىنىڭ ئەگرىسى سۇ كالىسىنىڭ مۈڭگۈزى.
پادىشاھ كۈلۈپ قويۇپ باش لىڭشىتىپتۇ ۋە يەنە بىر سوئال سوراپتۇ:
— كىچىك چاغدا ئىككى مۈڭگۈز، 14، 15 ياشقا كىرگەندە ھېچنېمە يوق، ئەمما سىمىز ھەم يۇمۇلاق بولۇپ، شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ. 18، 19 ياشلارغا كەلگەندە، كىچىكلىشىپ، سەت ۋە ئورۇق بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ھەم مۈڭگۈز پەيدا بولىدۇ، 30 ياشقا كەلگەندە ئۆمرى ئاخىرلىشىدۇ. — بۇ سوئال ۋەزىر ۋە ئۆلىمالارنى تەمتىرىتىپ قويۇپتۇ، ئۇلار بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ.
شۇ كۈنى دەيزۇلاردىن چىققان ئەقىللىق يىگىت جۇلاپوت بازارغا چىققانىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرىنى سىناۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوردىغا كەپتۇ.
— يىگىت، بۇ قىيىن سوئاللارغا سەن جاۋاب بەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ جۇلاپوتقا.
جۇلاپوت پادىشاھقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:
— شاھ ئالىيلىرى، ئۇلار بىرىنچى سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەسكى نەرسە ئادەمنىڭ قەلبى؛ ئەڭ يورۇق، ئەڭ قارا نەرسە ئادەمنىڭ قەلبى؛ ئەڭ

ئۆزۈن، ئەڭ قىسقا نەرسە ئادەمنىڭ قەلبى: ئەڭ كەڭ، ئەڭ تار نەرسە ئادەمنىڭ قەلبى؛ ئەڭ تۈز، ئەڭ ئەگرى نەرسىمۇ ئادەمنىڭ قەلبى. ئادەمنىڭ قەلبى بارلىق ياخشىلىقنىڭ بۇلىقى، ھەممە ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسى. ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىدىن كېچىدىغانمۇ ئادەمنىڭ قەلبى، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغانمۇ ئادەمنىڭ قەلبى، سەمىمىي، سادىق بولۇشمۇ ئادەمنىڭ قەلبى، ساختىلىق، يالغانچىلىقمۇ ئادەمنىڭ قەلبى، كۆڭۈلدە نېمە بولسا شۇنى دېيىشمۇ ئادەمنىڭ قەلبى، تەخسكەشلىك قىلىشمۇ ئادەمنىڭ قەلبى.

جۇلاپوتىنىڭ خۇددى ئۆتكۈر خەنجەر ئۇرۇلغاندەك ئېيتىلغان بۇ سۆزلىرى ئاخىرلىشىش بىلەن پۈتۈن زالنىڭ ئىچى تەۋرەپ كېتىپتۇ، ۋەزىر، ئۆلىمالار ئىزا تارتقىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ، بىراق قەلبى ئۆچمەنلىككە تولۇپتۇ.

— ياش يىگىت جۇلاپوت، ئەمدى ئىككىنچى سوئالغا جاۋاب بەر، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇ پادىشاھقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ تېپىشماقنىڭ سىرى ئاسماندا، ئۈستىمىزدىكى ئايغا قاراڭ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاڭ. ئۇ باشتا ئالاھىدە ئىنچىكە مۈڭگۈزلۈك بولىدۇ. 14، 15 كۈنلۈك بولغاندا، مۈڭگۈزىنى يوقىتىپ، يۇمىلاق ۋە سۆيۈملۈك، يورۇق ۋە گۈزەل بىرنەرسىگە ئايلىنىدۇ. 18، 19 كۈنلۈك بولغاندا، ئورۇقلاپ سەت بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، ئاستا-ئاستا يورۇقلۇقىنى يوقىتىدۇ، 30 كۈنلۈك بولغاندا، ئۆمرى ئاخىرلىشىدۇ. قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىپ، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەم

ئالەمنىڭ سىرىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن! — جۇلاپوتنىڭ بۇ گېپى ۋەزىر، ئۆلىمالارنى يەنە بىر قېتىم دەككە-دۈككىگە سالىپتۇ.

## ئايشا

بۇرۇنسىدا، ئايشا ئىسىملىك بىر قازاق قىز بولۇپ، بەكمۇ كەمبەغەل ئىكەن. بىركۈنى ئۇ بازاردا سېتىش ئۈچۈن بىر چانا ئوتۇن ئېلىپ كەپتۇ.

— قانچە پۇلغا ساتىسىز؟ — بىر سودىگەر سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

— بەش كويغا ساتىمەن، — جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

— ھەممىنىمۇ؟

— ھەممىنى.

سودىگەر ئەتراپىدىكى سودىگەرلەرگە قاراپ:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بىلىپ قويۇڭلار، ئۇ ئوتۇننى كالا، چانا-پانىلىرىنى قوشۇپ ساتىدىغان بولدى. ھەممە پۇلى بەش كوي، — دەپتۇ.

ئايشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سودىگەرنىڭ ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ سودىگەردىن سوراپتۇ:

— بەش كويىنى قولىڭىز بىلەن بېرەمسىز؟

سودىگەر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەپتۇ-دە، دەرھاللا، — قولۇم بىلەن بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئايشامۇ ئەتراپتا تاماشا كۆرۈۋاتقانلارغا قاراپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— سودىگەر پۇلنى قولى بىلەن بېرىدىغان بولدى، ئاڭلىدىڭ-لارمۇ؟ — دەپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي، بىر ئېغىزدىن "ئاڭلىدۇق" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كالىنى ھەيدەپ سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا كىرىشىپتۇ. خەقلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپتۇ. بۇ چاغدا سودىگەر بەش كويىنى چىقىرىپ قولى بىلەن ئايشاغا تەڭلەپتىكەن، ئايشا قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ، پالتا بىلەن كەسمەكچى بوپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — سوراپتۇ سودىگەر چىرايى ئۆزگەرگەن ھالدا.

— پۇلنى قولىڭىز بىلەن بەرمەكچى بولغان ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ئايشا، — شۇنداق كېلىشكەن ئىكەنمىز، مەيلى زىيان تارتسامۇ بىر چانا ئوتۇننىڭ ھەممىسىنى سىزنىڭ مۇشۇ پاسكىنا قولىڭىز بىلەن تېگىشىپ قوياي.

بىردەمنىڭ ئىچىدە بولغان بۇ ۋەقەدە، گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بولغاچقا، سودىگەر چىشىنى چىشلەپ، بىر قولىنى 1000 تىللاغا سېتىۋاپتۇ.

ئوتۇن سېتىۋالغان سودىگەر كۈن بويى ئايشادىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلاپ يۈرىدىكەن. بۈگۈن ئۇ ئايشانى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا:

— سوتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالغان ئېيتىشايلى، كىمكى قارشى تەرەپنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھەقىقەتەن يالغان دەپ ھېسابلىسا، 1000 تىللا ئۇتتۇرىدۇ؛ كىمكى قارشى تەرەپنىڭ ئېيتقانلىرىنى يالغان ئەمەس دەپ قارىسا، پاكىت ئارقىلىق ئۇنى ئىسپاتلايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇلار ئەتىسى سوتچىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. سودىگەر ئالدىن ئويلاپ

قويغان يالغانلىرى بويىچە سۆز باشلاپتۇ:

— بۇ يىل مەن 10 جىڭ بوغداي تېرىدىم. تېرىشتىن بۇرۇن بۇغداينى ئوبدان تاللىغانىدىم، بۇغداينىڭ ئۈنۈشىمۇ ناھايىتى ساپ بولدى. ئورىدىغان چاغدىمۇ ئېتىزدا بۇغدايدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەدى. بىراق ئورالغان بۇغدايلارنى باغلايدىغان چاغدا، ھەربىر باغلاقتا بىردىن ئوغلاق چىقتى، بۇغداينى خامانغا ئېلىپ بېرىپ تەپكەندە، ھەربىر تال بۇغداينىڭ ئىچىدىن يەنە بىردىن ئوغلاق چىقتى. سوروپ تەييار قىلىنغان بۇغداينى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتقاندا، ئوغلاقلار ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىن مەرىشىپ چىقىشتى.

— ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا، — دەپتۇ ئايشا، — بۇغداي ئۇرۇقى ياخشى تاللانغان، بۇغداينىڭ ئۈنۈپ چىقىشىمۇ ساپ بولغان، كۆزدە بۇغداينى ئورىدىغاندا، ئوراپ قويۇلغان بۇغداي ئەنجۈلىرى سېمىز ئوغلاقنىڭ ئۆزى ئىدى، سورۇلغان بۇغداي دانچىلىرىنى سان - ساناقسىز ئوغلاق دېيىشكە بولاتتى، بۇغدايلارنى ئۇن قىلىپ تارتقاندا، ئوغلاقلار قانداقمۇ مەرەشمەي تۇرالسۇن؟

سودىگەر بىلەن سوتچى گەپ قىلالماي قاپتۇ.

ئەمدى نۆۋەت ئايشاغا كەپتۇ. ئۇ مۇنداق گەپ باشلاپتۇ:

— تاغام بىر كۈنى سودىگەرلەرگە يول باشلىغۇچى بوپتۇ. ئۇ بىر قېتىم 600 تۆگىلىك سودا كارۋىنىنى باشلاپ، چۆلدە كېتىۋاتقاندا، بىر توپ ياۋۇز قاراقچىغا ئۇچراپ قاپتۇ. قاراقچىلار سودىگەرلەرنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى بۇلىۋاپتۇ، يەنە تېخى يولۇچىلاردىن بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تۈنۈگۈن تاغامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھېلىقى يولۇچىلارنى ئۆلتۈرگەن قاراقچىلارنىڭ باشلىقى سىز ئىكەنسىز، ئېيتىپ بېقىڭا، دېگەنلىرىم راستمۇ، يالغان؟

شۇنىسى سودىگەرگە ئېنىقكى، راست دېسە، 600 تۆگىلىك مال ـ مۈلۈكنى تۆلىگەنىنىڭ ئۈستىگە، قان قەرزنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. يالغان دېسە، مىسىڭ تىللا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكى جامائەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاخىرى "ئۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان" دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئايشا سودىگەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇتتۇۋاپتۇ.

## بىر تاۋاق ئالتۇن

بۇرۇنىسىدا، شىنجاڭنىڭ چەت بىر يېزىسىدا بىر ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئازغىنە يېرى بولۇپ، تۇرمۇشى بەك نامرات ئىكەن.

بىر يىلى ئۇ يېرىگە بالدۇرلا ئىشلەپ، 60 كۈندە پىشىدىغان چىلگە قوغۇن تېرىپتۇ. يەرگە ئوبدان ئىشلەپ، ياخشى پەرۋىش قىلغاچقا، قوغۇنمۇ بالدۇرلا پىشىپتۇ. بازاردا بۇنداق قوغۇننى سېتىۋالىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. دېھقان: پادىشاھ مۇشۇنداق قوغۇنغا ئامراق، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىر سېۋەت قوغۇننى يۈدۈپ ئاپىرىپ، ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ.

— مۇشۇنداق بالدۇر پىشىدىغان قوغۇنمۇ بار ئىكەن ـ ھە؟ — دەپتۇ پادىشاھ ۋە بۇنى يەپ كۆرۈپ بېقىپ، بۇنى يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەلا بىلىپ، دېھقانغا بىر تاۋاق ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ.

دېھقان ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋەزىرلەردىن بىرسى پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— خان ئالیلری، ئۇ قوغۇنغا ئۇنچلا كۆپ پۇل بېرشنڭ هاجتی یوق ئدی، نېمه ئۇچۇن ئۇنڭغا شۇنچه كۆپ ئالتۇن بېرسز؟

بۇ چاغدا پادشاهمۇ برئاز پۇشایمان قلغاندەك بوپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇغۇ شۇنداق، براق قوغلاپ بېرپ ئۇنڭدن ئالتۇننی قایتۇرۇۋېلشنڭ ئورنی یوق.

— بېرپ ئالتۇننی قایتۇرۇۋېلشنی ئۆزۈم توغرلایمەن، — دەپتۇ ۋەزر.

ۋەزر ئوردا كیمنی كېیپ، ئاغماق ئېتغا منپ، بردەمدلا دېهقاننڭ ئارقسدن قوغلاپ یېتپتۇ.

— هەي، توختا! — دەپتۇ ۋەزر دېهقانغا قاراپ ۋە بر قامچا ئۇرۇپ دېهقاننڭ چاپنننی یرتۋېتپتۇ.

دېهقان ئارقسغا بۇرۇلۇپ، غەزەپ بلەن ۋاقراپتۇ:

— نېمه دەپ ئادەم ئۇرسەن؟

— سەن نېمه دەپ پادشاهنڭ ئالتۇننی ئېلپ ماڭسەن؟

— ئالتۇننی بكارغا ئېلپ ماڭغننم یوق، — دەپتۇ دېهقان، — بر سېۋەت قوغۇنغا تېگشتم.

— تازا كاللاڭ ئشلەیدكەن، — دەپتۇ ۋەزر سوغۇق كۈلۈپ قویۇپ، — بوپتۇ، مەن سەندن بر سوئال سورایمەن، جاۋاب بېرەلسەڭ، ئالتۇن سېنڭ بولسۇن؛ جاۋاب بېرەلمسەڭ، ئالتۇننی قویۇپ، كۆتۈڭنی قسپ یولۇڭغا ماڭ.

— بولدۇ، سوراڭ، — دەپتۇ دېهقان.

ۋەزر سوراپتۇ:

— هازىر، دەل مۇشۇ مىنۇتتا خۇدايىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— بۇ ناھايىتى قىيىن سوئال، — دەپتۇ دېھقان ۋە كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ: — خۇدانى ئېغىزغا ئالغان ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە خۇداغا چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرشىمىز كېرەك، روزىمساقتىن بۇيانقى قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن تۈزۈلگەن، ئېيتىپ بېقىڭا، راستمۇ؟

— راست، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىراق گەپنى بەك يىراققا ئېپكېتىپ قالما، سوئالىمغا تېزرەك جاۋاب بەر.

— ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە، — دەپتۇ دېھقان، — سوئال سورىغۇچى پەستە، جاۋاب بەرگۈچى ئۈستىدە تۇرىدۇ. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن ئالدى بىلەن ئورنىمىزنى ئالماشتۇرۇۋالايلى، سوئالىڭىزغا ئاندىن جاۋاب بېرەي.

بۇ سوئالغا بەرىبىر جاۋاب بېرەلمەيسەن، سەن نېمە دېسەڭ، مەن "ئەمەس" دەپ تۇرىۋېرىمەن دەپ ئويلاپتۇ ۋەزىر. ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، دېھقاننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

دېھقان ۋەزىرنىڭ ئوردا كىيىمىنى كىيىپ، قولىغا قامچا ئېلىپ، ئاتقا مىنىپتۇ-دە، مۇنداق دەپتۇ:

— بولدى، سوئالىڭىزنى ئەمدى سوراڭ.

— ھازىر، دەل مۇشۇ مىنۇتتا خۇدايىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوئالنى تەكرارلاپتۇ ۋەزىر.

دېھقاننىڭ كۆزىدىن نۇر چاقناپتۇ، ئۇ تەنتەنە بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— خۇدايىم ھازىر، دەل مۇشۇ مىنۇتتا، زادىلا كۆرۈلۈپ

باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بىر ئىشنى قىلىۋېتىدۇ، يەنى ھېچقانداق شەرت قويماستىن ۋەزىرنى كەمبەغەل قىلدى، كەمبەغەلنى ۋەزىر قىلدى؛ ئاتلىقنى پىيادە ماڭغۇزۇپ، پىيادىنى ئاتقا مىندۈردى؛ مېنى، يەنى سىزنىڭ قامچىڭىزنى يېگەن ئادەمنى سىزنى 171 قامچا ئۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. — دېھقان سۆزىنى تۈگىتىپتۇ-دە، ۋەزىرنىڭ نەرى كەلسە شۇ يېرىنى قامچىلاشقا باشلاپتۇ...

## ئەپەندى بىلەن ئاخۇن

نەسىردىن ئەپەندى گەپدان، ئەقىللىق ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولۇپ، ساتىراشلىق، بوياقچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئۇ ئۆزى ئەمگەك قىلماي، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولىۋالىدىغان ھارامتاماق ئاخۇن، باي ۋە تۆرىلەرگە بەكمۇ ئۆچ ئىكەن، ئامال تاپسىلا ئۇلارنى ئەخمەق قىلىپ، كەمبەغەللەرنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدىكەن.

ئاخۇن توغرىسىدا گەپ بولىۋاتقاندا، ئاخۇن ئۆزى كېلىپ قاپتۇ. ئاخۇن ئەپەندىگە چېچىنى ئېلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

بۇ ئاخۇن نەگىلا بارسا، پۇل تۆلىمەي بىكارغا يەپ-ئىچىپ، ئويۇن-تاماشا قىلىپ يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، چاچ ئالدۇرسىمۇ پۇل بەرمەيدىكەن. ئەپەندى بۈگۈن ئۇنى راسا بىر باپلىماقچى بوپتۇ.

ئەپەندى ئاخۇننىڭ بېشىنى ئاپئاق پوستۇمىدەك ئاقلىۋېتىپ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئاخۇندىن سوراپتۇ:

— ھۆرمەتلىك ئاخۇنۇم، سىلىگە قاش كېرەكمۇ؟

— ئەلۋەتتە كېرەك، — دەپتۇ ئاخۇنۇم.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى، — سىلىگە قاش لازىم بولسا، ھازىرلا بېرىمەن. ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا ئۈستۈرىنى "كارت، كارت" ئىككى سۈركەپتۇ - دە، ئاخۇنۇمنىڭ ئىككى قېشىنى چۈشۈرۈپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

— سەن،... سەن...، — ئاخۇنۇم يەرنى تېپىپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئەپەندى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ ئاخۇنۇمدىن سوراپتۇ:

— ئاخۇنۇم، سىلىگە ساقال كېرەكمۇ؟

— ياق، كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ ئاخۇنۇم كەينى - كەينىدىن بېشىنى سىلكىپ.

— بولىدۇ، كېرەك قىلمىسىلىرى بوپتۇ.

ئەپەندى ئۇستۇرا بىلەن ئاخۇنۇمنىڭ ساقىلىنى قويماي ئېلىۋېتىپ، يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

ئاخۇنۇم ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى كۆرۈپتىكەن، ئاجايىپ بىرنېمىگە ئوخشاپ قاپتۇ. قارىماققا خۇددى سېپ سىلىق ئۆدەك تۇخۇمىنىڭ ئۆزى.

ئۇ ئەپەندىگە قاراپ:

— ھەي ئەپەندى، مېنى مۇشۇنچىۋالا ھاقارەتلىمەسەن، مەن ئەمدى بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىمەن؟ — دەپتۇ.

— ئالدىرىمىسىلا ئاخۇنۇم، مەن پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلدىم. مېنىڭچە بولسا، سىلىنىڭ قاشلىرى بىلەن ساقاللىرىنى ئەمەس، چاچلىرىنىمۇ ئالمايتتىم.

ئاخۇنۇم ئەپەندىگە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، پاقىراپ تۇرغان بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاخۇنۇم بىر ئىشنى ئاسان ئۇنتۇپ قالىسا كېرەك، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يەنە كەپتۇ.

بۇ كۈنى ئەپەندى ئاياغ ياماۋاتقانىكەن.

ئاخۇنۇم بىر پاي ئۆتۈكنى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندى، ئۆتۈكۈمنىڭ چەمى ھازىرلا ئاجراپ كەتتى. بۇنى بىر ياماپ بەرگىن، خۇدا يولىدا ساڭا ئوبدان بىر دۇئا قىلىپ قوياي، خۇدايىم تېنىڭنى ساق، ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن، پۇلۇڭنى مول، تۇرمۇشۇڭنى كۆڭۈللۈك قىلسۇن.

ئەپەندى بېشىنمۇ كۆتۈرمەي، سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر ئىشىم يۇرۇشۇپ، پۇللىرىم كۆپىيىپ كەتتى، باشقا ئادەمگە يامىتىڭ.

— خۇداغا دۇئا قىلىپ، يامان بىر ئىش قىلىشىمدىن قورقامسەن؟ ئۇ چاغدا خۇدا جازاڭنى بېرىدۇ، ئۆي-مۈلۈكىڭدىن ئايرىلىسەن، بەخت يۈزى كۆرمەيسەن، ئۆمرۈڭ ئۇزاققا بارمايدۇ، سەن بۇنىڭغا پۇشايمان قىلمامسەن؟

ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ:

— ئەگەردە دۇئايىڭىز ئىجابەت بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن دۇئايىڭىزدا خۇدادىن ئۆتۈكىڭىزنىڭ چەمىنىڭ تېشىلمەسلىكىنى تىلىمىدىڭىز؟

ئاخۇنۇم ئەپەندىدىن ئىككى قېتىم ئەلەم تارتقاندىن كېيىن،

ئۇنىڭغا ئىچىدە قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپتۇ. بۇ كۈنى ئەپەندى ئەتراپىدىكى يۇرتداشلارنىڭ رەختلىرىنى بوياپ بېرىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئاخۇنۇمنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ-دە، بىر توپ ئاق رەخت ئېلىپ، بويىتىش ئۈچۈن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

ئەپەندى ئۇنىڭدىن قانداق رەڭدە بوياشنى سوراپتىكەن، ئاخۇنۇم مەنمەنلىك بىلەن:

— مەن بويىتىدىغان رەڭ قىزىل ئەمەس، كۆك ئەمەس، يېشىلمۇ ئەمەس، سېرىقمۇ، قارىمۇ، كۈل رەڭمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ، بۇنداق رەڭ دۇنيادا يوق، بىراق، ئەقىللىق ئەپەندى، سىز چوقۇم مۇشۇنداق رەڭدە بوياپ چىقالايسىز، — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دەپتۇ ئەپەندى ئاخۇنۇمنىڭ قولىدىن رەختنى ئېلىپ جاۋەنگە سېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئالدىرىماستىن، — چوقۇم ئاخۇنۇمنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، رەختنى قاچان ئالىمەن؟

— مېنىڭ دېگىنىم بويىچە، مەن دېگەن كۈنى ئالىسىز، يەنى: ئۇ دۈشەنبە كۈنى ئەمەس، سەيشەنبە كۈنىمۇ ئەمەس، چاشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە كۈنىمۇ ئەمەس، شەنبە كۈنى، يەكشەنبە كۈنىمۇ ئەمەس. ئاخۇنۇم، سىز شۇ كۈنى كېلىڭ، مەن سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن.

ئاخۇنۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشنى ئۇقماي تۇرۇپلا قاپتۇ.

## ئەپەندىنىڭ ئېشكى

بىر كۈنى ئەپەندى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىققاندا، ئېشكىنى

تاغ باغرىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە باغلاپ قويۇپتىكەن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاخۇنۇم ئەپەندىنىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلىۋاپتۇ.

ئەپەندى تاغدىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېزىدىكىلەرنى ئېشىكىنى تېپىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— ئېشىكىڭىزنى زەنجىردە باغلاپ، ئۇنىڭغا بىر قۇلۇپ سېلىپ قويغان بولسىڭىز، ئۇنى ھېچكىم ئوغرىلىيالمايتتى، — دەپتۇ بەزىلەر.

— ئەگەردە ئۇتۇن كەسلەيمەن دەپ يىراققا كېتىپ قالمىغان بولسىڭىز، ھېچكىشى ئېشىكىڭىزنى ئوغرىلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

— ئەپەندى، سىز ئەقىللىق ئادەم ئىدىڭىز، بۇ ئىشقا كەلگەندە، نېمىشقا ئۇنداق بىخەستەلىك قىلدىڭىز؟ — دەپتۇ يەنە بەزىلەر.

— ھەي، بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ئەپەندى، — مېنىڭ قىلغىنىملا خاتا بولۇپ، ئوغرىدا زادىلا گۇناھ يوقمۇ؟

كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ گەپ-سۆز قىلالماپتۇ.

— بولدى، — دەپتۇ ئەپەندى، — تالاشمايلى قويايلى، ھەممەيلەن بىردەك ئىزدەپ بېقىپ، تېپىلىپ قالسا، بىر تەڭگىگە سېتىۋەتمەيمىزمۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، بىرەيلەن يۈگرەپ كېلىپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئۇچراتقانلىقىنى، يەنى ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلىدە ئىككى ئېشىكى بولۇپ، بۈگۈن ھويلىسىدا ئۈچ ئېشەك باغلاغلىق تۇرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەپەندى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاخۇنۇم ئۆيلىرىدە بۇرۇن قانچە ئېشەك بار ئىدى؟

— ئۈچ ئېشەك، بۇرۇندىنلا ئۈچ ئېشىكىم بار ئىدى، — دەپتۇ ئاخۇنۇم.

ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەپەندىنىڭ ئېشىكى سەكرەپ تۇرالماي، ئاغامچىنى ئۈزۈشكە ھەرىكەت قىپتۇ. ئەپەندى ئېشىكىنى تونۇۋالغاندىن كېيىن، ئاغامچىسىنى يېشىپ، ئېشەككە مىنىپ تۇرۇپ ئاخۇنۇمغا:

— راست، ھويلىڭىزدا ئۈچ ئېشەك بار ئىكەن، ئىككىسى سىرتنىڭ ئېشىكى، بىرسى مۇشۇ يەرنىڭ دۆت، كالۋا ئېشىكى ئىكەن، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىدىن چىققاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇنى ئورىۋېلىپ، كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، ئەتە بازار، ئېشەكنى ئاپىرىپ بىر تەڭگىگە ساتايلى، — دېيىشىپتۇ.

— گېپىم گەپ، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئەتە بازاردا كۆرۈشەيلى.

ئاخۇنۇم ھويلىسىدا تۇرۇپ، قىلىشقان گەپلەرنى ئاڭلىۋاپتۇ-دە، قورسىقىغا بىرنەرسىنى پۈكۈپتۇ.

ئەتىسى، ئاخۇنۇم پۈزۈر كىيىنىپ بالدۇرلا بازارغا كەپتۇ. ئۇ ئېشەك بازىرىغا كېلىپ قاراپتىكەن، بازارنىڭ ھەممە يېرى دېھقان بىلەن ئېشەككە تولۇپ كېتىپتۇ.

ئاخۇنۇم بازارنى ئايلىنىپ يۈرسە، ئەپەندىم ئاخىرى ئېشىكىنى يېتىلەپ بازارغا كىرىپ كەپتۇ. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تونۇغۇن ئەپەندىم بىلەن چاقچاق قىلىشقانلار ئىكەن.

ئاخۇنۇم قىستاپ ئالدىغا ئۆتۈپ گەپ باشلاپتۇ:

— بۇ يەر بەك قىستا-قىستاڭ ئىكەن، ئېشەك بىلەن دېھقاندىن

باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن.

— ھەي بۇرادەر، سىز دېھقانمۇ؟ — سوراپتۇ ئەپەندى.

— ياق، مەن دېھقان ئەمەس، — دەپتۇ ئاخۇنۇم.

— سىز باياتىن، — دەپتۇ ئەپەندى، — بۇ يەردە ئېشەك بىلەن دېھقاندىن باشقا نەرسە يوقكەن دېگەنتىڭىز، شۇ گەپ بويىچە بولغاندا، سىز دېھقان بولمىغاندىن كېيىن، ئېشەك ئىكەنسىز ـ دە!

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

يۈزى ئابدىخالىقنىڭ چەمىدىنىمۇ قىلىن بولغان بۇ ئاخۇنۇم قىزىرىپمۇ قويماپتۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم، تۈنۈگۈن يوقتىپ قويغان ئېشىكىڭىزنى يولدىن تېپىۋېلىپ، ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بەردىم. ئاڭلىسام ئېشىكىڭىزنى ساتىدىغان ئوخشايسىز، باھاسى بىر تەڭگە توختالغان بولسا كېرەك، بولدى باھامۇ تالاشمايمەن، ئېشىكىڭىزنى بىر تەڭگىگە ماڭا بېرىڭ، — دەپتۇ.

— ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئادەم، — دەپتۇ ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ، — خۇدانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا قىلغان گېپىمدە چوقۇم تۇرىمەن، بىراق...، — ئۇ ئارقا تەرەپتىكى قومۇشلۇقتىن تانىغا باغلانغان بىر مۈشۈكنى سۆرەپ چىقىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مېنىڭ بۇ كالۋا ئېشىكىم ئاران بىر تەڭگىگە يارايدۇ، بۇ ئەقىللىق مۈشۈكۈم بولسا 100 تەڭگىگە يارايدۇ. بازاردا ياخشى مالغا ئەسكى مال قوشۇپ سېتىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ مېلىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئالىدىغان بولسىڭىز، ئېشىكىم بىلەن مۈشۈكۈمنى قوشۇپ ئېلىڭ.

ئاخۇنۇم چىقارغان قولىنى تارتىۋاپتۇ.

ــ بوپتۇ، ئالغىڭىز كەلمىسە، ئالمايلا قويۇڭ. ئەپەندى ئۆزى بازار ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئاخۇنۇم ئۆيگە قايتىپ كەپتىكەن، بىرنەچچە ئۆكتەم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مېھمان قىلىسەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخۇنۇم بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن ئۇلارغا:

ــ مۇنداق بولسۇن، ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ كالىسىنى ئۆلتۈرۈپ يەيلى، ــ دەپتۇ.

ــ ئەپەندىم ماقۇل كۆرەرمۇ؟ ــ دېيىشىپتۇ ھېلىقى ئۆكتەملەر.

ــ بۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، ــ دەپتۇ ئاخۇنۇم.

ئاخۇنۇم ئۆكتەملەرنى باشلاپ، ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بولۇشىغا ۋارقىراپتۇ:

ــ ئەپەندىم، بولمىدى، ئىش تۈگىدى، ئەتە قىيامەت بولىدىكەن.

ئۆكتەملەرمۇ ئاخۇنۇمغا قوشۇلۇپ ۋارقىراپتۇ:

ــ راست، ئەتە قىيامەت بولىدىكەن، كالىڭىزنى ساقلاپ نېمە قىلىسىز، بىز سىزگە سويۇشۇپ بېرەيلى، ئۇنى يەۋەتمەيمىزمۇ. ــ ئۇلار شۇنداق دەپلا كالىغا ئېتىلىپتۇ.

ئەپەندى كالىنى يېشىۋېتىپتىكەن، كالا قېچىپتۇ. ئاخۇنۇم بىلەن ئۆكتەملەر كالىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئۇلار كالىغا يېتەشۋالاي دېگەندە چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپتۇ. ئۇلار كالىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇچىسىدىكى تونلىرى ۋە كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ، بىر قىسمى ئوت قالىغىلى، بىر قىسمى سۇ توشۇغىلى تۇرۇپتۇ. كالىنى بوغۇزلاشقا تۇرغىنى پىچاقىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ كالىنىڭ بوغۇزىغا ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆكتەملەردىن بىرسى كېلىپ:

ــ ئاخۇنۇم، ئەپەندى كىيىملىرىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ــ دەپتۇ.

ئاخۇنۇم ئەپەندىنىڭ كىيىملەرنى ئوتقا تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى توسۇپ:

— ئەپەندىم، نېمە ئۈچۈن كىيىملىرىمىزنى كۆيدۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزىڭىز ئەتە قىيامەت بولىدۇ دېمىدىڭىزمۇ؟ ئەتە قىيامەت بولسا، كىيىمنىڭ نېمە كېرىكى؟

ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ئازادە تونىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەپەندىنىڭ كالىسىنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

本书根据上海少年儿童出版社 1991 年第一版第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب شاڭخەي بالىلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشر قىلغان 1 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كورېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

# ئەقىل - پاراسەتكە دائىر ھېكايىلەر
# (جۇڭگو ۋە چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن تاللانما)

تۈزگۈچىلەر: تاڭ چى، ۋېن يا
تەرجىمە قىلغۇچى: ئېلى ئابىت
تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇللا ئابلىز
نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1993 - يىل 10 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1993 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 7.20 يۈەن

（京）新登字154号


**中外智慧故事大观**

（维吾尔文）

唐麒，文雅编著

艾力阿比提译　阿布都拉校订

民族出版社出版发行

（北京和平里北街14号　邮政编码：100013）

各地新华书店经销

民族印刷厂印刷

开本：850×1168 毫米 1/32　印张：18 7/8

1993年10月第1版

1993年10月北京第1次印刷

印数：0001—2,000册

ISBN 7—105—01881—X/I·427

民文　（维 72）　定价：7.20元

ISBN 7—105—01881—X/I·427
民 文 (维 72) 定价：7.20元